# گۈلستان

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

(7)



www.uyghurkitap.com

# گۇلستان

(ئەدبىي تەرجىملەر مەجمۇئەسى)

(7)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن


پىروزا ئىجادىيىتىدىن پارالاڭ ..........................ۋاڭ مېڭ ( 1 )
ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى توغرىسىدا...............ۋاڭ چاۋۋېن ( 29 )
تاپانچا ..........................................لى گوۋېن ( 37 )
تۇخۇم تۇغىدىغان خوراز ..........................گوجىن ( 58 )
قۇيرۇق ...........................................ۋاڭ زېڭچى ( 62 )
تىپىك ئوبراز ......................................جىن خې ( 65 )
"ئەڭ ناچار كىنو فىلىمىدىكى ئەڭ ياخشى قوشۇمچە رول
ئالغۇچى" ......................................لى دۇڭ (135)


## سوۋېت ئەدەبىياتىدىن


غەلىتە ئادەم.............................. ۋاسلى شۇكشىن (182)
بىر پاي كالاچ ..................................زوشچېنكو (203)
قاقىرلار قايتقاندا.............................تۇرغان توختەموۋ (211)
يۈرەك-باغرىم مۇجۇلىدى ...................................... (258)
ئېسىدىن كەتمەس ھامان...........................ر. يېرمولېۋا (264)
ئون ئۇچىنچى مۇشتەك.......................ئېلىيا ئېرىنبورگ (274)
تۇرگېنېۋنىڭ نەسرىي شېئىرلىرىدىن........................... (296)

ئالدىنقى ئايال.............................................كراۋشېنكو (305)
يىگىرمە ئالتە ۋە بىر.............................................م. گوركىي (310)
كۆكۆل كۆكۆلىنىڭ قاياشى.............................................ن. كىرىيېنكوۋا (333)
يۇمۇرلار ............................... (36) (202) (210) (257) (273) (295)

www.uyghurkitap.com

# پروزا ئىجادىيىتىدىن پاراڭ

## ۋاڭ مېڭ

پروزا يازىدىغانلارنىڭ پروزا توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ، كۆپىنچە، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە خاس خاھىشى ۋە ئۆز ئالدىغا مۇھىم نۇقتىسى بولىدۇ. ئەمما پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيەتنى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقى ئەۋلاتمۇ-ئەۋلات بىرلىكتە يارىتىدۇ. مەگەر كىم بىراۋ مېنىڭ پروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدىكى قارىشىم ھەممىدىن مۇكەممەل، ھەممىدىن توغرا، باشقىلار مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك، دەيدىغان بولسا، بۇ گەپ ئاقمايدۇ. ھەممە خەق سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە يازسا، يازغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىنىڭ ئوخشاشلا بولۇپ چىقمامدۇ؟ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىجادىيەت ھەققىدە پاراڭ قىلغاندا: "ۋاڭ تاغام تاۋۇز ساتار، ئۆزىنىڭكىنىلا ماختار" دېگەندەك بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش تەس، ئەلۋەتتە؛ لېكىن "ۋاڭ چوقۇرنىڭ قايچىسى، ئالەمدە يوق تەگدىشى" دېيىلسە بولماي قالار. مەن ئۆتۈپ كەتتى دېگەندىمۇ "ۋاڭ تاغام" بولسىمەنكى، ھەرگىز "ۋاڭ چوقۇر" بولۇۋالمايمەن.

جاھاندا ئادەم جىق ـ دە، باشقىلارنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى توغرىسىـ
دىكى قاراشلىرى سىزنىڭكى بىلەن مۇتلەق ئوخشىماي قالسا قانداق
قىلغۇلۇق؟ بۇ ياخشى ئەھـۋال. بۇ جەھەتتە ”ئوخشاش پىكىردىكىلەر
بىلەن بىرلىشىش“كە بولىدۇكى، ”ئۆزگىچە پىكىردىكىلەرنى چەتكە
قېقىش“ توغرا ئەمەس. خەقنىڭ ”ئۆزگىچە پىكرى“نى ”چەتكە
قېقىش“نىڭ نىمە ھاجىتى؟ سەنمۇ ئۆزەڭنىڭكىنى يېزىۋەر، خەقمۇ
ئۆزىنىڭكىنى يېزىۋەرسۇن؛ سەن مۇنداقىسىگە قاراۋەر، ئۇ ئۇنداقىسىگە
قاراۋەرسۇن، ھەركىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاساس قىلغان تەرىپى
بولىۋەرسۇن. ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇش مەسىلىسى ئالدىمىزغا
قويۇلدى، مېنىڭچە، سەنئەت جەھەتتىمۇ جانلاندۇرۇش مەسىلىسى بار.

بىرىنچى، پىروزىدىكى ”چىنلىق“ ۋە ”توقۇلما“لىق ئۈستىدە
توختىلىپ ئۆتكۈم بار. ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە
ئەدىبىي ئەسەرلەر تولىمۇ يالغان ـ توقۇلما بولۇپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە چىنلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىـ
دۇق. بۇنداق قىلىشىمىز پۈتۈنلەي توغرا بولدى، يالغان گەپ بىلەن
تولغان ئەدەبىياتنىڭ ھېچكىمگىمۇ لازىمى يوق. لېكىن بىز شۇنى
تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىز لازىمكى، پىروزىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى
نىمە؟ ئۇنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى چىنلىقىمۇ؟ خەۋەر ـ ئاخباراتمۇ
ناھايىتى چىن بولىدىكەنغۇ؟ ئۇنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى
ئوبرازلىق بولۇشىمۇ؟ ھۆججەتلىك فىلىملارمۇ ناھايىتى ئوبرازلىققۇ
ئەمەسە؟ ئاسما خەرىتىمۇ ناھايىتى ئوبرازلىققۇ؟ خەۋەر ئەدەبىياتىـ
نىمۇ بىرمۇنچە تەپسىلاتلارنى كىرگۈزۈپ ناھايىتى ئىنچىكە يېزىشقا
بولۇۋېرىدۇ. ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن ھىكايە دىگەن ھىكايە بولىدۇ
دەۋېرىمىز؟ توقۇش ھىكايىنى ھاسىل قىلغۇچى تۈپ ۋاستە ھىساپلىنىدۇ.



www.uyghurkitap.com

توقۇپ چىقىش دىگەن سۆزنى ئۇنچە ياقتۇرۇپ كەتمەيمەن، ئوخشى-
تىپ توقۇش دىگەن سۆزنى ئىنتايىن بەك ياقتۇرىمەن. ھىكايە ئوخشىتىپ
توقۇلغان تۇرمۇشتۇر. بۇ يەردىكى "توقۇش" دىگىنىمىز ياساش دىگەن-
لىك بولىدۇ. "ئوخشىتىش" دىگىنىمىز "دوراش" دىگەنلىك بولىدۇ، يەنى
تۇرمۇشنى دوراش دىگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا،
"يالغانلىقى" دەل ھىكايىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ھىساپلىنىدۇ.
«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى لىن
دەييۇ بىلەن جيا باۋيۈنىڭ ئارخىپ ماتىرىيالىنى تېپىپ چىقىمەن دەپ
يۈرۈش مىڭىسى قېتىپ قالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. «ئاQنىڭ
تەرجىمىھالى»نى كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدا كىمنى دىمەكچى بولغانلى-
غىنى سۈرۈشتە قىلىپ چىقىمەن دەپ يۈرۈپ، لۇشۈن مېنى تىللاۋا-
تامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، ئاخىرى سوراپ، ئۇنداق ئەمەسلىكىنى
ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن: ھە! لۇشۈن مېنى تونۇمايدىكەنغۇ تېخى!
دەپ خاتىرجەم بولۇش — مانا بۇ قاپاق باشلىق دىيىلىدۇ. پىروزا
تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا يارىتىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى يالغان
بولىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئەڭ زور خۇسۇسىيىتى، ئىنگلىزچە پىروزا
"fiction" دىيىلىدۇ، "fiction"نىڭ مەنىسى يالغان دىگەنلىكتۇر.
بۇ "يالغان" ئىنتايىن جىددى مەنىدىكى يالغاندۇر، يەنە كېلىپ
تۇرمۇشتىن كەلگەن، ھەقىقى نەرسىلەر ئاساسىدا ئۆزگەرگەن
يالغاندۇر. لېكىن ئۇ ئۆزگىرىدۇ، ئۆزگىرىشىنىڭ شەكلى ئوخشىتىپ
توقۇش ئارقىلىق بولىدۇ. مۇنداق بىر تەمسىل قىلىشقا بولىدۇكى،
تۇرمۇش چىنلىقىنى ئايرودورومدىكى ئۇچۇش يولى دىسەك، ئەينەن
خاتىرىلەش ۋە تەسۋىرلەشنى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش-چۈشۈش
جازىسىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئوخشىتىپ توقۇش ئۇنىڭ قانىتىغا

ئوخشايدۇ. قانتى بولسا، ئايرۇپىلان ئۇچالايدۇ. پىروزنىڭ "چىن" بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ "يالغان" بولۇشى بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ؛ چىن بولمىسا، پىروزا بولمىغىنىدەك، يالغان بولمىسىمۇ پىروزا بولمايدۇ. يالغان بولمىسا، خاتىرىلەشلا بولىدۇ. بۇنىڭدا مۇستەسنا-لىقمۇ بار: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يازغۇچىسى بورىس پولىۋوي ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى تامامەن راست ئادەم، راست ئىشلار دەپ ئېيتقان ئىدى.

بەزىلەر: "مەن دىگەن چىنلىقنى يازىمەن، تەسەۋۋۇرنى راۋاج-لاندۇرۇپمۇ يۈرمەيمەن، پىروزىنى ياخشى يازالامەنمۇ؟" دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇنداق قىلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئۇنداق قىلغاندا، ئايرۇپىلاننى ھەيدىمىسە، ئاسمانغا چىقالمىغاندەكلا، يەردە چېپىشنى مەشق قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ، خالاس. 100 مېترغا يۈگرەشنىڭ چېمپىيونى، 10مىڭ مېترغا يۈگرەشنىڭ چېمپىيونى بولۇشىڭىز مۇمكىن. ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىششىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭ ئايرۇپىلاننى ئۇچۇرۇش بىلەن ئىگىز-پەسلىك جەھەتتە ياكى ئەتىۋارلىق، ئەتىۋارسىزلىق جەھەتتە پەرقى يوق.

مېنىڭ يەنە مۇنداق بىر خىل قارىشىم بار: چىن-ھەقىقى دىگەندە، ئۇنى "چىن" ۋە "ھەقىقى" دەپ سەلغىنە پەرقلەندۇرۇشكە بولىدۇ. پىروزا ئەسەرلەر "چىن" بولۇشى كېرەك، ئەمما بەك "ھەقىقى" بولۇپ كېتىشى ناتايىن. "چىن" دىگەنلىك چىن-ھەقىقى تەسىرات، چىن-ھەقىقى ھىسسىيات دىگەنلىكتۇر. بۇ "چىن" بىلەن يەن جەھەتتىكى "چىن"نىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي دىگۇدەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇ سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى "چىن"نى، يەنى سەن ھىس قىلغان "چىن"نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، بىر تال چوكىنى سۇغا سالساق، ئۇ چوكا ئەگرى كۆرۈنسە، ئەگەر

فىزىكا نۇقتىسىدىن، پەن نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇنى ئەگرى چوكا دەپ ئېتىساق خاتا بولغان بولىدۇ. ئەگەر سەن ھېكايە يازغاندا: بىر تال ئەگرى چوكىنى كۆردۈم، ئۇ چوكا شۇ قەدەر بەك ئەگرى، شۇ قەدەر قىزىقارلىق دەرىجىدە ئەگرىكى، دەپ ئېيتساڭ، خاتا بولغان بولمايدۇ، ئۇنى ناھايىتى "چىن" يازغان ھېساپلىنىسەن. لى بەي شېئىرىدا: "كەلدى ئۈچ مىڭ گەز مېنىڭ ئاپپاق چېچىم" دەيدۇ، ئەگەردە دوختۇر مېدىتسىنا ئىلمىدە كېسەل داۋالاشتىكى ئارخىپتىمۇ شۇنداق يازىدىغان بولسا، خاتا قىلغان بولىدۇ. ئەمما لى بەي شېئىردا شۇنداق يازسا بولۇۋېرىدۇ، ساڭىمۇ ناھايىتى چىن بولۇپ سېزىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەقىقى-چىن ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. ئادەم قېرىغان چاغدا بېشىغا قارىساڭ، چاچلىرى تامامەن ئاقىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆسۈپ كەتكەن! ئاپپاق چاچلىرى ئۈچ مىڭ گەز كەلگۈدەك بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ! لى بەي يەنە بىر شېئىرىدا: "كۆرمىدىڭمۇ ھەم تېخى — چوڭ-ئۇلۇغلار ئەتىگەن ئەينەكتە قاراچاچ تۇرۇپ. كەچتە قار بولارىدىن كەتكەنلىگىن غەمگە پېتىپ؟" دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭمۇ شۇنچىۋالا تېز ئۆزگىرىپ كېتىشى ناتايىن، چىن-ھەقىقى بولۇشىمۇ ناتايىندۇ بەلكىم. لېكىن ئەدەبىياتتا بولسا چىن بولغان بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ تەسىراتى بولۇپ، ياشلىق باھارىنىڭ تولىمۇ قىسقا بولغانلىغىنى، ۋاقىتنىڭ بەكمۇ چاپسان ئۆتۈپ كەتكەنلىگىنى ھېس قىلغانلىغى ئۈچۈندۇر. شۇڭلاشقا، پىروزا ئەسەر "چىن" بولۇشى كېرەك، ئەمما "بەك" ھەقىقى بولۇپ كەتمەسلىگى كېرەك، ئۇنچىۋالا "ھەقىقى" بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن ياكى ئۇنچىۋالا ھەقىقى بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ "ھەقىقى" بولسۇن ياكى "ھەقىقى" بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ دىگەنلىك ئەمەس. بەزىلەر

ئەگەر تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ھەقىقى قىلىپ يازسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ پىروزا ئەسەردە پالانى، پۇستانىنىڭ ئەتىگەندە نىمىلەرنى يىگەنلىگىنى، قانداق مەسىلىگە يولۇققانلىغىنى، ئۆي مەسىلىسىنى ياكى ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى، ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى يازغان بولسىمۇ ئوبدان بولۇۋېرىدۇ. لېكىن مەن ئۇنداق دەرىجىدە ھەقىقى قىلىپ يازمىسام بولامدۇ-بولمامدۇ؟ مېنىڭچە، بۇمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى پىروزا ئەسەرنىڭ رولى دەل ھەقىقى بولۇشتا ئەمەس. مەسىلەن، ئۆي ئىشلىرىدا مەسىلە بولغان بولسا، پىروزا ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئەمما ئۆي مەسىلىسىنى پىروزا ئەسەر يېزىش يولى بىلەن ھەل قىلىش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. كۆپ ھاللاردا كىتاپخانلارنىڭ ھىسسىياتىغا، يۈرەك-قەلبىگە، ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىشتە رول ئوينايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ يەنە ئەمىلىي خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تۈرتكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە، پىروزىنىڭ "چىن" ۋە "ھەقىقى" بولۇشىنى ئايرىپ تىلغا ئالسا بولىدۇغۇ دەيمەن. ھىكايە-پىروزا توقۇلما بولغاندا جانلىق يېزىلىدۇ.

يۇقۇرىدا ئايروپىلاننى مىسالغا ئېلىپ ئۆتتۇم، ئۇنداق بولسا، ئايروپىلاننىڭ موتورى نىمە؟ ئۇنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچىسى نىمە؟ ئۇنىڭدا نىمە سەۋەپتىن تەسەۋۋۇر قىلىشقا، ئوخشىتىپ توقۇشقا توغرا كېلىدۇ؟ نىمە ئۈچۈن بىرەر ھىكايىنى توقۇپ چىقىش كېرەك؟ كىشىلەر نىمە ئۈچۈن رىيال تۇرمۇشنىڭ خاتىرىسىگە قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ؟ ئۇنىڭ مۇددىئاسى ۋە ھەركەتلەندۈرگۈچىسى نىمە؟ بۇ يەردە خىلمۇ-خىل ئەھۋاللار بولىدۇ. بىرى، باشقىلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن بولىدۇ. بىرى، دۇنيانى بىلىش ئۈچۈن بولىدۇ، ئەمما بۇنداق

مۇددىئا بولغان بىلەنمۇ، سەن ئوخشىتىپ توقۇشىڭنىڭ بىر خىل سەنئەت بولۇپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلالمايسەن. مۇنداق نوقۇل مۇددىئانى تەشۋىقات ماتېرىيالى قىلىشقا، شوئار ـ لوزۇنكا قىلىشقا بولىدۇ، ئاسما خەرىتە قىلىشقىمۇ بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا رولى بولىدۇ، مەن تەشۋىقات ماتېرىيالى بىلەن ئاسما خەرىتىنى ئىنكار قىلمايمەن. ئەمما شوئارلارنىڭ تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ ئاسما خەرىتىنىڭ سەنئەت بولالىشى، پىروزا ئەسەر بولالىشى ناتايىن. ئۇنى پىروزا ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ چىقالايدىغان ئاشۇنداق "مۇددىئا" بىلەن "ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ" زادى نېمە ئەمىسە؟ ئۇنىڭدا تەربىيىلەش نىيىتى، ماھىيەتنى تۇتۇش نىيىتى، ئىچ باغرىنى يېرىپ كۆرۈش نىيىتى بولۇشتىن تاشقىرى، مېنىڭ قارىشىمچە، كۆپ ھاللاردا ئۇ بىر كىشىنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى تەلپۈنۈشچانلىقى، ھېسسىيات جەھەتتىكى ئېھتىياجى ۋە ئىزدىنىش يولىدىكى ئارزۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئالدى بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىكى ئارزۇ ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ئېھتىياج ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى. ئىنسانلار بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەن، بىرقانچە يۈز يىلدىن كېيىنمۇ، دۇنيا ئومۇمى جەھەتتىن بىرلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ زىددىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى تەلەپ ـ ئېھتىياج، نەزىرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، چەكسىز بولىدۇ. تۇرمۇش ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ماددى جەھەتتىكى تەلەپلا بولۇپ قالماستىن؛ مەنىۋى جەھەتتىكى تەلەپمۇ" بولىدۇ. ئادەمدە تۇرمۇشنى ئۆگىنىشكە بولغان ئارزۇدىن ئىبارەت يەنە ناھايىتى زور بىر ئارزۇ بولىدۇ. مەسىلەن،

مەن ھازىر بېيجىڭدا تۇرىۋاتىمەن، ئەمما چېگرا جايلاردىكى ئىشلارنى بىلگۈم بار؛ چېگرا رايونلارنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىشنى ئىنتايىن بەك ئويلايمەن؛ مەن ھازىر جۇڭگودا تۇرىۋاتىمەن، چەتئەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىشنى ناھايىتى بەك ئارزۇ قىلىمەن. بىر كىشىنىڭ شەرت-شارائىتى ھەرقانچە ياخشى بولغىنى بىلەنمۇ، ئۇ ھەرقانچە ئەقىللىق، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، كۆپنى كۆرگەن، بىلىمدار بولغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ جىمىكى تۇرمۇشنى بىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. نېمە ئۈچۈن ساياھەت قىلىنىدۇ؟ تۇرمۇشنى تېخىمۇ كۆپرەك بىلىش ئۈچۈن ساياھەت قىلىنىدۇ. ساياھەتمۇ چەكلىك بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىگە بولغان تەجرىبىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى تېخى بېشىدىن كەچۈرمىگەن-ئۆگەنمىگەن نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن ھايۋاناتلار باغچىسىنى، ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىنى ئالىدىغان بولساق، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي كىشى بولىدىغان بولسا، ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىكى تۇرمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقالايدۇ، بۇمۇ بىر خىل توقۇلما بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇردىن ئايرىلغاندا، تىلنىڭ بولۇشىمۇ، يېزىقنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئالاقىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. پىرروزا ئەسەردىكى تەسەۋۋۇر تېخىمۇ ئاڭلىق يوسۇندا بولىدۇ. بىز، كۆپ ھاللاردا، تۇرمۇشنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىنمۇ ياخشىراق، يارقىنراق قىلىپ ئويلايمىز-دە، شۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ جەھەتتە تولۇق يېتەلمەي قالغان يېرىنى تولۇقلاپ كېتىمىز. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتە تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان نەرسىنى ئوخشىتىپ توقۇپ چىقىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەن مانا شۇ. مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى ئالساق، ئۇنداق شېئىرلارنى

ئازا قاملاشتۇرۇپ يازالىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇھەببەتتە مەغلۇبە-
بەتكە ئۇچراپ مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەر بولۇپ، ياكى قېرى بويتاقلار،
ياكى مۇھەببەت-ئىشتىياقى ئەمدىلا تىنىپ سوۋۇپ چىقىپ
ئىككىنچى تەرەپ تېخى جاۋاپ قايتۇرمىغان چاغلاردا، ياكى ئىككى
جايدا ئۆتتۈپ ۋىسال تاپالمىغان، ياكى بىرەرسى بالا-قازاغا گىرىپتار
ولغان چاغلاردا يازىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر كىشى مۇھەببەتتە
ىنتايىن قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك دەرىجىدە مۇرادىغا يېتىپ، يېڭى
تۇرمۇش قۇرۇپ ۋىسال تېپىشقان بەختلىك كېچىلىرى شېئىر يېزىپ
ۇرمەسلىگىمۇ مۇمكىن بومۇ مۇتلەق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ھەممىمىز جەمىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ
ياخشىلىنىپ كېتىشىنى ئۈمىت قىلىمىز. ئەمەلىي تۇرمۇشتا گۈزەل
ەرسىلەرمۇ، رەزىل-يىرگىنچلىك نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. بىز ھەمىشە
گۈزەل نەرسىلەرنى مەركەزلىگۈدەك قىلىپ يېزىپ، كىشىلەرگە تۇرمۇش-
ىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىگىنى، گۈزەل ۋە جەلىپ قىلارلىق ئىكەنلىگىنى
ونۇتۇشنى خالايمىز. بەزى چاغلاردا كىتاپخانلارنىڭ ھەم يازغۇچىغا
ئاپىرىن ئېيتىشىنىڭ، ھەم يازغۇچىنى "تىللاپ" كېتىشىنىڭ سەۋەۋىمۇ
ۇشۇ يەردە. بىر يازغۇچى تەيشەن تېغىغا بارغان دەيلى، ئۇ قايتىپ
كېلىپ يازغان نەرسىسى گۈزەللىك جەھەتتە سېنى مەستانە قىلىۋەت-
سۇن. سەنمۇ بارغىن، ئەمما بارغان كىشىلەردە ئەھۋال ھەر خىل
ولىدۇ، بەزىسى تەيشەن تېغىنى تولىمۇ ياخشى ئىكەن، يازغۇچىلار
ۇنى يېزىپ چىقماپتۇ دەپ ھېس قىلىدۇ؛ لېكىن ھەر ھالدا خېلى
ىر قىسىم كىشىلەر ئەھۋال ئۇنچىۋالا ئەمەس ئىكەن، يازغۇچى
ۇنى بەك "سىرلىق" لاشتۇرۇۋېتىپتۇ دەپ قالىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى
سەۋەپ، گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇشمۇ تەسەۋۋۇر كۈچى بولۇشنى،

ئىشتىياق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، سەندە ئىشتىياق ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى بولمىسا، گۈزەللىكنىڭ يېنىدا تۇرغىنىڭ بىلەنمۇ ساڭا يات تۇيۇلىدۇ. ئاپتورنىڭ يازغان نەرسىسىگە ئۇنىڭ ھىسسىياتى ۋە ئارزۇسى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېزىپ چىقالىشىدا رىيال ئاساسى بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق بىر تەيشەن تېغى بولمىسا، ئۇنىڭ تەيشەن تېغىنى تەسۋىرلىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

كىشىنىڭ پانتازىيىلىك خىياللىرىنى ئىپادىلەيدىغان تېخىمۇ ئۇخشىتىپ توقۇلغان بەزى نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. كىشىلەر ئالەم كېمىسىنى ئىجات قىلىشتىن ئىلگىرىلا قانچىلىغان مىللەتلەر پەرىشتىلەر ھەققىدە يېزىپ يۈرۈشكەن ئىدى. ئاسمان قەرىدە بۇلۇت-تۇمانلار ئىچىدە موللاق ئېتىپ يۈرگەن سۇن ۋۇكۇڭ، ئەمەلىيەتتە مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇشقا، ئالەمگە ساياھەت قىلىشقا بولغان ئارزۇسىنىڭ ئۇخشىتىپ توقۇلغان ھالدىكى ئەمەلگە ئىشىشىدۇر.

تۆگەلمىسى ئوبدان ئاياقلاشقان تىياتىرنى كىشىلەر كۆرۈشكە خۇشتار بولىدۇ، ئەمما كىشىلەر نېمە ئۈچۈن تىراگېدىيىنىمۇ كۆرۈشكە ئامراق كېلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ھەجۋى تىياتىرنىمۇ ياخشى كۆرىمىز؟ چۈنكى ئۇلاردا تۇرمۇشتىكى جاپا-مۇشەققەت ۋە رەزىللىكلەر يىغىنچاقلانغان بولىدۇ. بىزنىڭ تەبىئىتىمىز ئىنتايىن بەك رەھىمسىزمۇ قانداق؟ سەھنىدە كىشىلەرنىڭ ئۆلۈۋاتقان، ئېزىلغانلىرى ئېزىلىۋاتقان ئەھۋاللارنى بەك كۆرگىمىز كېلىپ كېتەمدۇ-يە؟ مېنىڭچە، ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ھامان كەمتۈك، كىشىلەر قانائەت ھاسىل قىلالمايدىغان نەرسىلەر بولىدۇ. ياكى تۇرمۇشتا پاجىئەلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ پاجىئەلىك نەرسىلەر بىزنىڭ كۆڭلىمىزدە يىغىلىپ قالىدۇ، بىز تىراگېدىيىنى كۆرگەن چېغىمىزدا

قول ياغلىغىمىزنى چىقىرىپ كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتىمىز ـ دە، ئىنتايىن كۆڭۈللۈك بىر تۇيغۇغا ئورىلىمىز. بۇمۇ روھىي جەھەتتىن قانائەت ھاسىل قىلىش بولىدۇ، دېمەك، قايغۇلۇق ئازاپلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش، ئوخشىتىپ توقۇپ چىقىش ئارقىلىق، سېنىڭ ھېسسىياتىڭ شۇ يەردە ئىزھار قىلىنغان بولىدۇ.

"ئىزدىنىش" ۋە "قىزىقىش"مۇ بولىدۇ. قىزىقىشمۇ يۈكسەكلىك ۋە تۆۋەنلىك جەھەتتىن ئوخشاش بولمايدۇ، ئىنتايىن پەسكەش قىزىقىشلارمۇ بولىدۇ، يەنى باشقىلارنىڭ سىرىنى تىڭ ـ تىڭلاشقا ئامراق بولىدىغانلارمۇ بار، بۇ ئەخلاقسىزلىق ئەلۋەتتە. لېكىن يەنە بىر خىل قىزىقىشمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ سەن تېخى ئۇقمايدىغان، ياكى تېخى چورتلا روي بەرمىگەن ئىشلارنى بىلىشكە قىزىقىش. بۇ يەنە بىر خىل ئوخشىتىپ توقۇش بولۇپ، تۇرمۇشتىكى ئىمكانىيەتنى ئىزدىنىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىتالىيىنىڭ بىر ھېكايىسىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇنىڭدا مۇنداق ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدۇ: بىر ئادەم ئۆلۈپ قالىدۇ، ئەتىگەندە دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە ئۆلگۈچىنىڭ ئاغىنىلىرى زار ـ زار يىغلاپ كېتىدۇ ۋە: "سېنىڭ قايتىدىن تىرىلىپ قېلىشىڭنى نىمە دېگەن بەك ئارزۇ قىلىمىز ـ ھە!" دېيىشىدۇ. ئۇ ئادەم ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسسىياتىنىڭ كارامەت چوڭقۇرلۇغىنى، تولىمۇ تەسىرلەندۈرەرلىك ئىكەنلىگىنى ئاڭلاپ قالىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن بىر تەسىرلىنىش بىلەنلا تىرىلىپ قالىدۇ. ئۇ مەن ئەمدى دوستلىرىم بىلەن يەنە بىر ئاخشامنى ئۆتكۈزۈۋالاي دەپ ئويلاپ قالىدۇ ـ دە، ئۇ ئاغىنىلىرىنى يوقلاپ بارىدۇ. ئاۋال بىر ئىشىكنى چېكىپ كىرىدۇ، ھىلىقى ئاغىنىسى: "ۋاي ـ ۋۇي، راستىنلا تىرىلىپ قاپسەنغۇ، بىز تازا بىر ئوبدان تاماق ئېتىپ

تۇرۇشمىزغا كەپسەن، تاماق يېيىشكىلا كەلگەن ئوخشايسەنغۇ“ دەپ، ناھايىتى سوغاق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنى ئامال قىلىپ چىقىرىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئىككىنچى ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاپتۇ، ئۈچىنچى ئاغىنىسى بولسا ئۇنىڭ چاتاق چىقىرىشىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ... ئاخىردا، ئەتىگەندە ئۇنىڭغا يىغلاشقان ئاغىنىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى قارشى ئالمايدۇ. ئۇنىڭدا ئىتالىيە جەمئىيىتىدىكى كىشىلەرنىڭ ساختىپەز، شەخسىيەتچىل، سوغاق ۋە رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى پاش قىلىدۇ...، ئەلۋەتتە. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەم بىمەنە، ھەم چىن ـ ھەقىقى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ قالدىم، چۈنكى ئۇنىڭدا: ئەگەر ئۇ ئۆلۈك كىشى راستىنلا تىرىلسە، قانداق ئەھۋال بولغان بولاتتى؟ دىگەن بىر ئىمكانىيەت ــ شۇنداقلا ”ئىمكانىيەتسىزلىك“ ئۈستىدە ئىزدىنىش بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر ھېكايە بولۇپ چىققان. لېكىن، ئەگەر بىز بىر ئادەمنى ئۆلدى دىسەك، ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ ھەنىۋاسى زار ـ زار قاخشاپ يىغلىغان بولسۇن، شۇنچىۋالا يىغلىسىمۇ، ئۆلۈك تىرىلمىسە، ئۇنى ئوبدان ھېكايە دىگىلى بولمايدىغۇ دەيمەن.

ئىككىنچى، يازغۇچى ئۈچۈن ئالغاندا، تۇرمۇش ئۈستىدە ئىزدىنىشتە ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، پەننى مەدىنىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، تۇرمۇشمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ، ئۆزگىرىشمۇ بارغانسېرى كۆپ خىل بولىدۇ، ئىلگىرىلەشمۇ بارغانسېرى تېزلىشىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى، مەنىۋى تۇرمۇشى، مەنىۋى دۇنياسى زور

دەرىجىدە تەرەققى قىلىدۇ، يۈكسىلىدۇ، مۇرەككەپلىشىدۇ. ماددى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىنى هازىرقى زامان پەننى ۋاستىلىرى ئارقىلىق بىلىۋالغىلى ۋە خاتىرىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئايرۇپىلان ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭدىكى خىلمۇ-خىل ئۆلچىگۈچ ئەسۋاپلار ئىگىز-لىكنى، يۆنىلىشنى، هارارەتنى، هۆللۈكنى، شامال كۈچىنى تامامەن كۆرسىتىپ تۇرالايدۇ. كىشىلەرنىڭ روھىي پائالىيەتلىرىنى ئىزدەپ بىلىشكە، خاتىرىلىۋېلىشقا، ئىگەللەشكە زۆرۈرىيەت تۇغۇلامدۇ، قانداق؟ زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ. پسىخولوگىيە بۇ جەھەتتە يىغىنچاق-لاش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. ئەمما، ناھايىتى مۇھىم بىر يول كىشى-لەرنىڭ روھىي پائالىيەتلىرىنى ئەدەبىياتقا بولۇپمۇ پىروزىغا تايىنىش ئارقىلىق ئىزدەپ بىلىش ۋە خاتىرىلىۋېلىشتىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ روھىي پائالىيىتى ناھايىتى مول بولىدۇ. ئادەمنىڭ خىزمىتىنى، ئۆگىنىشىنى، كۆرۈشىنى چۆرىدىگەن هالدا روھىي پائالىيىتى ۋە شەخسى تۇرمۇشى بولىدۇ. تۇرمۇش بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ هىساپلىنىدۇ، تۇرمۇشتا هەرخىل تاسادىپىلىقمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. روھىي پائالىيەتتىمۇ ئوخشاشلا تاسادىپىلىق بولىدۇ، ئىلهام، ئاجايىپ خىياللار، تەسەۋۋۇر-لار، ئويلىمىغان ئىشلار بولىدۇ، نورمال پىكىر-تەپەككۇر، هۆكۈم، پىلان، ئويلاپ يەتكەن ئىشلارمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدىنىش پىروزىنىڭ مۇهىم بىر مەزمۇنى بولۇشى لازىم. ئۇنىداق بولمىسا، قانداقمۇ “كىشىلەر روھىنىڭ ئىنژېنېرى” بولغىلى بولىدۇ؟

ئادەم دۇنيانى ئالدى بىلەن سەزگۈ ئارقىلىق بىلىدۇ. ئادەمنىڭ سەزگۈسى ناھايىتى مەنىلىك-قىزىق بولىدۇ. بىز دۇنيانىڭ بىر ئۆسمۈر بالىغا، بىر ياشقا، بىر شائىرغا قالدۇرغان تەسىراتىنى قىياس

www.uyghurkitap.com

قىلىپ كۆرەيلى! ئاۋاز، نۇر، رەڭ، سادا، ھەركەت، سىيلىشتۇرۇش... بۇلار نىمە دېگەن يېڭى-ساپ، نىمە دېگەن خىسلەتلىك، قىزىقارلىق-ھە! ئادەمنى بىر رايالغا تەخلىت قىلساق، بۇ سەزگۈ خۇددى رايالغا ئۆرۈلگەن بارماق بولىدۇ. «تېچ دون» رومانىدا گرىگورى ئاكسىنيانىڭ جەسىدىنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ، شۇنداق بېشىنى كۆتىرىشكە ئۇنىڭ كۆزىگە قاپ-قارا بىر قۇياش كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. قۇياشنىڭ قارا رەڭدە بولۇپ قېلىشى ئۇنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق، ئۈمىتسىزلىك ئىچىگە چۆمگەن، سەۋدايى بولاي دەپ قالغان كىشىنىڭ سەزگۈسىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئۇنداق بولمىسا، قۇياش قاپ-قارا كۆرۈنمەيدۇ. مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇق سەزگۈسى بىزنى باش قەھرىماننىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ھېس قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ.

بۇ سەزگۈ ساقلىنىپ قالسا تەسىرات تۇغۇلىدۇ-دە، ھەر خىل تەسىراتلار بىر بىرى بىلەن ئۇلىنىپ قىياسلارنى ھاسىل قىلىدۇ. بەزىدە بىزنىڭ پسىخىك پائالىيتىمىزنىڭ ھەممىسى مەنتىقىلىق ئەقلىي خۇلاسە بولۇشى ناتايىن، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە قىياسلاردىن ئىبارەت بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. بىرەر نەرسىنى كۆرگەندە بىردىنلا ئىككىنچى يەنە بىر نەرسىنى ئويلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، لى بەينىڭ: "كۆكتىكى تولۇن ئايغا باققاندا، بېشىم چۈشتى پەس يۇرتۇمنى ئەسلەپ" دەپ يازغانلىرى مەنتىقىلىق ئەقلىي خۇلاسىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. ئۇ ئاينىڭ سېنىڭ ئانا يۇرتۇڭ بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟ سېنىڭ يۇرتۇڭ ئايدىمۇ؟ ياق، لى بەينىڭ يۇرتى ئايدا ئەمەس. ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئاي ئالاھىدە ئوبدان كۆرۈنەمدۇ؟ ياكى ئۇ يەردىكى ئاي باشقىچىمۇ؟ ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن. نىمە ئۈچۈن

بېشىنى كۆتىرىپ ئايغا قارىغان ھامان بېشىنى سىلىپ يۇرتىنى ئويلايدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى قىياسلاردۇر. قىياس دىگەننى چۈشەندۈرۈپ - ئىزاھلاشقا بولۇۋېرىدۇ، ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈشلەر ناھايىتى بەك مول، جانلىق بولىدۇ، ئىجادىيەتنىڭ ۋە بەھرىمەنلىكنىڭ لەززىتى دەل مۇشۇنىڭدا بولىدۇ. قىياستا ئومۇمى بىر يۈزلىنىش بولىدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇ مۇتلەق بولمايدۇ، بەزىدە قىياس تەمسىل قىلىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مول، تېخىمۇ تەبىئى بولىدۇ. بىز كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، ئۇنىڭ مۇددىئاسى، دۇنيا-قارىشى، ئېتىقادى، مەقسىدى، مەسئۇلىيەتچانلىغى، ئۇنىڭ ئىجتىمائى سىياسى نۇقتىئىنەزىرى ئۈستىدە، جۈملىدىن ئۇنىڭ تۇيغۇ - سەزگۈلىرى، تەسىراتلىرى، قىياسلىرى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىمىز، ئەلۋەتتە. بەزى چاغلاردا، دەل مۇشۇ سەزگۇ - تۇيغۇلار، تەسىراتلار، قىياسلار بىر كىشىنىڭ مىجەز - تەبىئىتىنى، كۆڭۈل مەنزىللىرىنى ۋە قەلبىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

مانا ئەمدى ئاڭ ئېقىمى مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. مەن ئاڭ ئېقىمى مەسىلىسى ئۈستىدە ئوبدان تەتقىق قىلىپ باققان ئەمەس. ئۇنىڭ تەخمىنى مەنىسى ئادەمدە نۇرغۇنلىغان ئاڭدىن تاشقىرى نەرسە بولىدۇ، ئىنتايىن ئاڭلىق بولۇشىمۇ ناتايىن بولغان بىرمۇنچە نەرسىلەر بولىدۇ، بۇ ئاڭ بولسا ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ، دىگەنلىك بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. مېنىڭچە، بۇمۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدىغان بىر بۆلىگى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. چۈنكى، بەزىدە ئادەمنىڭ ئاڭسىزلىغىنىڭ ئىچىدە شۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتى، روھىي دۇنياسى، قىزىقىشى ۋە كۆڭۈل مەنزىللىرى ئىن-

تايىن چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدۇ. ئەمما ئۇ كۆپتۈرۈپ ئاساسلىق، ئالدىنقى ئورۇندىكى، ھەتتا بىردىن-بىر چىن نەرسە قىلىپ قويۇلسا ھەمدە ئادەمنىڭ نورمال تەپەككۇر ھۆكۈمى ئەكسىچە ھېچنىمىگە يارىمايدۇ، ئاساسىي مەنە بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا، ئۇ جاھالەتپەرەسلىك، سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش، غەيرى ئەقلىچىلىك بولۇپ قالىدۇ، ئاڭ ئېقىمى دېگەن بۇ نەرسىنى تاغ كەلكۈنىدەك، يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك قورقۇنچلۇق دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمەسلىك كېرەك؛ ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭدا ئاجايىپ يېڭىلىق، كارامەت بار دەپ، ئۇنى يازمىسا قاتاردىن قېپقالىمىز دەپمۇ كەتمەسلىك كېرەك؛ ئۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى تازىمۇ بىلىمسىزلىك بولىدۇ. ئەكسىچە، ئاڭ ئېقىمىنىڭ يېنىغا يولاپ قالغاننى كۆرگەن ھامان خاپا بولۇش، دارىتىپ تىللاپ كېتىشمۇ بىھاجەت، ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرمۇ ھەر تەرەپلىمە بولۇشى كېرەك، ئۇنداق ئىزدىنىشلەر ئىجتىمائى تۇرمۇش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەردىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئۇ ئىككىسى بىر بىرىگە زىت ۋە بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ، ئۆزئارا ماسلىشىشى بىلەن تېخىمۇ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنى پەقەت ئىدىيالىزىمچىلار ۋە مېتافىزىكچىلارلا تۈپتىن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدۇ. بىز خۇددى ئىنفىرا قىزىل نۇر، رادىياكتىپلىق نۇر بىلەن ئىز قوغلاشقاندەك بولۇپ، ئۇنى كۆزىتىشىمىز، ئۇنى ئوخشىتىپ دورىشىمىز لازىم، دەسلەپتىن تارتىپ ئاخىرغىچە بولغان پۈتكۈل جەريان، تۇرمۇشتىن تارتىپ سەزگۈ، تەسىرات، قىياس، ھۆكۈم، تەدبىر، ھەركەتلەرنىڭ ھەننىۋاسى پىروزا ئەسەردە تەسۋىرلەشنىڭ ئوبيېكتى بولالايدۇ. مەن

www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنى پىكىر قىلماسلىققا، ئادەمنىڭ ھەركىتى، مەقسىدى، مۇددى-ئاسى بىلەن كارى بولماسلىققا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ سىرلىق، ھەيران قالارلىق، چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش قىيىن، چۈشىنىكسىز بولغان، ئاڭدىن تاشقىرى نەرسىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىپلا قويماقچىمەن. ئەمما بىز ئاڭ ئىقىمىنىڭ ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلماسلىغىمىز، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى چەتكە ئالماسلىغىمىز ياكى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلماسلىغىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، پىروزىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ بېيىتىپ، پىروزا ئەسەرنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم ئامىللارنى كېڭەيتىش دىگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمىز. پىروزا بىر خىل بايانى ئەدىبىيات بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن ئىپتىقاندا، ئادەم ۋە ۋەقەلىك بولۇشى كېرەك. شۇڭا، پىروزىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋەقەنى بايان قىلىشتىن ئىبارەت. لېكىن، مېنىڭچە پىروزا ئەسەرنى تەشكىل قىلغۇچى شۇ ئامىللارنى كېڭەيتىشكە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، مول تۇرمۇشنى يېزىش كېرەك. ئىلگىرى يازغان پىروزىلىرىمىزدا ئەلۋەتتە تۇرمۇش يېزىلغان. لېكىن، ئۇ تۇرمۇشنى يېزىش، كۆپ ھاللاردا، پىرسوناژلار بىلەن ۋەقەلىككە بوي سۇنۇپ كەلگەن. ئۇ پىرسوناژ بىلەن ۋەقەلىك گويا بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشىسا، بىز يازغان تۇر-مۇش ئاشۇ دەرەختىكى شاخقا ۋە چاتاقىقا، ياپراقلارغا ئوخشايدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئاخىرقى ھىساپتا كىتاپخانلارنىڭ ئالدىغا قويىغىنىمىز بىر تۈپ دەرەخلا بولۇپ، بىزنىڭ مەقسىدىمىز كىشىگە شۇ دەرەخنى چۈشەندۈرۈش بولىدۇ. ئەگەر ئۇ دەرەخ بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىسا، ئۇنى كېسىپ تاشلايمىز. ئەگەر شاخ-چاتاقلىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، تەھرىر يولداش بىلەن تەقرىزچىلەر تولىمۇ شاخلاپ-چاتاقلاپ

كېتىپتۇ، دەپ ئۇنى كېسىپ تاشلايدۇ. مانا بۇ پىروزا ئەسەرنى قۇراشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى. ئەمما، پىروزا ئەسەرنىڭ يەنە بىر خىل قۇراشتۇرۇلۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولامدۇ-بولمامدۇ؟ يەنى، بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدا يەنە بىرقانچە تۈپ كىچىك دەرەخ بولسۇن، ئۇنىڭ تۈۋىدە ئوت-چۆپلەر، ئارقا تەرەپتە بۇلۇتلار كۆرۈنۈپ تۇرسۇن دەيلى. مەن بىر تۈپ دەرەخنىلا يېزىشنى تۆۋەن چاغلىمايمەن، لېكىن، مېنىڭچە بولغاندا، دەرەخنىڭ يېنىدا يەنە ئىككى تۈپ كىچىك دەرەخ بولغان، يېنىدا ئاز-تولا ئوت-چۆپمۇ ئۆسكەن، ئارقا تەرىپىدە بۇلۇتمۇ بولغان قىلىپ يېزىش ئۇسۇلىنىمۇ يوققا چىقىرىۋەتمەسلىگىمىز لازىم. چۈنكى، تۇرمۇشتا كۆپ ھاللاردا ئاساسىي ئېقىممۇ، تارماق ئېقىممۇ بولىدۇ، بىرىنچى تۈپ دەرەخمۇ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى تۈپ دەرەخمۇ بولىدۇ. مۇقەررەرمۇ، تاسادىپىمۇ بولىدۇ. مەقسەتلىك نەرسىلەرمۇ، مەخسەتسىز نەرسىلەرمۇ بولىدۇ. سىنىڭ تۇرمۇشىڭىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز پىلانىڭ بويىچە، ئۆزەڭنىڭ سىزغان ئاساسلىق سىزىقى بويىچە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايدۇ؟ بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى گويا ئۇپراپ كەتكەن، سومەل بولۇپ قالغان بىر تال پولات مىققا ئوخشايدۇ. بىرقانچە تۈپ دەرەخ ياكى ئۇنىڭ يېنىدا كىچىك دەرەخلەرمۇ، ئۇششاق ئوت-چۆپلەرمۇ بار قىلىپ يېزىش ئۇسۇلى خۇددى قوپال بىر پارچە تۆمۈرگە ئوخشايدۇ. ئۇنى سەن يېقىملىق ئەمەس دەپ ئېيتالمايسەن. ھەرقايسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقىمۇ بار، يېتەرسىزلىكىمۇ بار. دېمەك، پىروزا ئەسەر ئارقىلىق كىشىلەرگە باش تېمىنى، ئاساسلىق لىنىيىنى، ئاساسلىق ۋەقەلىكنى ۋە پېرسوناژنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، يەنە ئىنتايىن يېقىملىق، ئىنتايىن مول ۋە خىلمۇ-خىل، ياسالمىلىقتىن

خالى ئەينەن تۇرمۇشىنىمۇ كۆرستىپ بېرىدۇ. دېمەك، پىروزا ئەسەردە ئىپتىلغان لىنىيە تاق بولسىمۇ بولىدۇ، مۇرەككەپرەك بولسىمۇ بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا يەنىلا ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە تەرەپلەر بولىدۇ. مەن مۇشۇ مول تۇرمۇشمۇ پىروزا ئەسەرنى ھاسىل قىلغۇچى بىر ئامىل بولۇشى لازىم، دەپ ئويلايمەن. بەزى پىروزا ئەسەرنىڭ ئالاھىدە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشى دەل مۇشۇنداق تۇرمۇشنىڭ مولluغى، جانلىقلىغى ۋە ھەركەتچانلىغىدا. پىروزا ئەسەردە يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ پىروزا ئەسەردىكى تۈس ۋە كەيپىياتتۇر. ھەرقانداق بىر پارچە پىروزا ئەسەر بىرەر ناخشىغا، بىرەر رەسىمگە ئوخشاشلا ئۆز ئالدىغا تۈس ۋە كەيپىياتقا ئىگە بولغان بولىدۇ. ھازىر بىزدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئىلىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىكى پىروزا ئەسەرلەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى مۇنداق ئىككى خىل تۈس-كەيپىيات: بىرى، مەردانە قەھرىمانلىق بولۇپ، يېڭى ئادەملەر، يېڭى ئىشلار، كۈرەش قەھرىمانلىرى، ئۇلۇغۋار ئەخلاقىي-پەزىلەت تەسۋىرلىنىدۇ. يەنە بىر خىلى، بىرقانچە يىل مابەينىدە تازا ئەۋج ئېلىپ كېلىۋاتقان ھەسرەتلىنىش كەيپىياتى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نى يېڭىش ئارقىلىق، نىمىنى يازسا، ئۇنىڭغا ھەسرەتلىنىش كەيپىياتى كىرگۈزۈلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن مۇشۇنداق ئىككى خىللا كەيپىيات بولسا، ياكى تالاي-تالاي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ ئىككى خىل كەيپىياتلا ئىپادىلىنىۋەرسە، تولىمۇ گادايلىق بولۇپ قالىدۇ. پىروزا ئەسەردە يەنە بىرمۇنچىلىغان تۈس-كەيپىيات بولسا بولۇۋېرىدۇ، مەن مۇنداق ئۈچ خىل كەيپىياتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈم بار، بۇنىڭغا ئۆزەممۇ قىزىقىدىغاندەك قىلىمەن. ئۇنىڭ بىرى يۇمۇرلۇق بولۇش. يۇمۇرلۇق بولۇش

ئادەمنى كۈلدۈرۈۋەتسىلە تۈگىگەن بولمايدۇ. يۇمۇر تۇرمۇشتىكى بىر خىل، ئەقىل ـ پاراسەت شۇنداقلا تۇرمۇشنى كۆزىتىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يۇمۇرلۇق سەزگۈسى ئەقىل كۈچىنىڭ ئەۋزەللىك تۈيغۇسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى ئاجايىپ ـ غەلىتە نەرسىلەرنى، قارىماققا سەلتەنەتلىك ئەمما ئەمەلىيەتتە مەسىلە بار نەرسىلەرنى بىر قاراشتىلا تېگىگە يېتىپ بىلىۋالالايدۇ. ئەگەر دەرھاللا ئۆتكۈر سۆز بىلەن ئەيىپلەش توغرا كەلسە، ھەممە نەرسىنى ئەيىپلەۋېرىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداق قىلىش ئوبدان ئۇسۇل بولمىسا كېرەك، ئەمەلىيەتتە مۇمكىنمۇ ئەمەس. ئۇ ھالدا، بىز يۇمۇر ئۇسۇلىنى قوللانساق، ھەم كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى، ھەم بىر خىل كەچۈرۈم قىلىش كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن بولىمىز. بۇنداق قىلىش پۈتكۈل ياغىدىن ئالغاندا ساغلام بولغان بىر خىل پوزىتسىيە. ئەگەر تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئىشلارنى مەخسۇس توپلاپ چىقساڭ، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان بىرمۇنچە ئىشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ دۆۋىلەنسە، بۇ ئىشلارنى جۇغلىغان پىروزا ئەسەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن: ۋاي ـ ۋۇي، ئەمدى بۇ جاھاندا ياشىغۇچىلىك يەر قالماپتۇ، دېگەن خۇلاسە چىقىرىسەن ـ دە، ھەممە نەرسىگە يۈرىكىڭ سىقىلىدۇ، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالامسەن؟ تۇرمۇشتىكى يۇمۇرلۇق خاراكتېرغا ئىگە بولغان يەرگە بىزمۇ يۇمۇرلۇق قىلساق بولىدۇ، بۇ بىر خىل كەيپىيات بولىدۇ. يۇمۇرلۇق نەرسىگە كىشىلەر ئامراق كېلىدۇ. يۇمۇرلۇق نەرسىدىمۇ ھەق ـ ناھەقلىق تۈيغۇسى بولىدۇ، ئۇنىڭدا چىن، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ۋە ساختا، رەزىل، سەت نەرسىلەر مەسخىرە قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئېغىر ـ بېسىق ياكى سوغاقان بولۇش. ئېغىر ـ بېسىق بولۇش ھېسسىياتلىق

بولماسلىق ئەمەس، دەل ھىسسىيات ناھايىتى چوڭقۇر بولغانلىقى، تۇرمۇشنى، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى، جەمىيەتنى چۈشىنىش ناھايىتى چوڭقۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىپادە بىلدۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەيدىغانلىراق بىر خىل پوزىتسىيە بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈش بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ھىسسىياتنىڭ يوشۇرۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كىشىلەرنى پىكىر قىلىشقا كۆپرەك ئۈندەيدىغانلىقىنى ھىس قىلىسەن. بۇنداق ئەسەردە تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپلىك، مۇشەققەتلىك ۋە ئارزۇ-ئۈمىت ئېغىر-بېسىق كەيپىيات، چوڭقۇر تەپەككۇر، ئوبيېكتىپ ھەم پۇختا پوزىتسىيە بىلەن تۇرمۇشقا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچە ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ. ئۈچىنچى ئىللىق بولۇش، بۇنىڭدا تەلۋە بولماي، بەلكى مۆتىدىل، ئىللىق بولۇپ، كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ ئىللىق ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدۇرۇش، ئەمما تەلۋە بولماسلىق. بىز تېخى يېقىندىلا بىرمۇنچىلىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچار بولدۇق، رىيال ئەمىلىيەتنى نەزەردە تۇتىدىغان بولساق، تۇرمۇشتا يەنە بىرمۇنچە گۈزەل نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىۋالالايمىز. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئىللىتىدىغان، كىشىنى ئۈمىتۋار قىلىدىغان نەرسە بىر خىل يوشۇرۇن قىزغىنلىق بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەردانە نەرسىلەر، ۋاقىراپ-جاقىرايدىغان نەرسىلەر، شوئارلار مۇ لازىم، ئەلۋەتتە.

پىروزا ئەسەرلەرنىڭ تۈس-كەيپىياتى كۆپ خىل بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاھاڭدارلىقى ۋە رېتىمى بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ تۇرمۇشنى يېزىشىمىز تېز، ئاستا، كۈچلۈك، ئاجىز، ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە ھالەتتە، ئۇدا ۋە ئۈزۈك ھالەتتە بولىدۇ. بەزى چاغلاردا يېزىپ مەلۇم جايغا كەلگەندە، بىرەر چاتاق

(ئاچا) چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ رېتىمى ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۇنداق قىلىش جەلپ قىلارلىق بولىدۇ، نىمە سەۋەپتىن ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، جەلپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بەزىدە ئۆزەڭمۇ ئېيتىپ بېرەلمەي قالىدىغان چاغلار بولىدۇ، ئاشۇنداق بولسا لايىق بولىدىغانلىقىنى ئۆزەڭمۇ بايقاپ ئالالايسەن. مۇشۇنداق رېتىم تۇيغۇسى ئۇچۇن بىردە بىر ئۇقۇم بولۇشى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ بەدىئىي بىۋاستە سەزگۇ. بۇ تۇرمۇشتا بولغان بەدىئىي سەزگۇنىمۇ، شۇنداقلا بەدىئىي ئەسەرگە بولغان سەزگۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىدە بەزى كىشىلەر پىروزا ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى قانداق بولۇشى كېرەك؟ دەپ سورايدۇ. بۇنى كېسىپلا ئېيتىش تەس. بۇنى نىمە دىسەڭ بولىدۇ، بىر پارچە ئەسەر باشقا ئەسەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ سىنىڭ ھىس قىلىشىڭغا باغلىق بولىدۇ، سەن يېزىپ-يېزىپ مەلۇم جايغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ئاچىماق چىقارمىسا بولمايدىغانلىقىنى، بىر خىل قېلىپتا يېزىۋەرگەن بىلەن دېمى سىقىلىدىغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۇپ، يازماقچى بولغان نەرسىنىمۇ ئىپادىلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىسەن. يېزىپ يەنە بىر يەرلەرگە بارغاندا، ئۇنى يىغىۋېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھىس قىلىسەن. كۈچلۈك ۋە ئاجىز، قويۇق ۋە سۇس، شالاڭ ۋە زىچ بولۇشىمۇ شۇنداق، باشتىن-ئاياق ھە دەپ كۈچلۈك قىلىۋېرىسەن دىگەن بىلەنمۇ، ئۇ كۈچلۈك بولماي قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېز ۋە ئاستا، ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە ئورۇندا بولۇشىنىمۇ ئوبدان ئىگەللەپ بېرىپ، كۆڭۈلدە ياخشى سېزىم ھاسىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئەسەر ياخشى ئەسەر بولۇپ چىقىدۇ. بەدىئىي جەھەتتىكى بىۋاستە سېزىم توغما بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىدىيىۋى سەۋىيىسى، بىلىم-ساۋادى، بەدىئىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى،

ئىجادىيەت جەھەتتىكى چىنىقىش ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش تارىخىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ.

مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ بەزىلىرى شېئىرغا، نەسىرگە قويۇلغان تەلەپ بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مېنىڭچە بولغاندا، پىروزا ئەسەردە شېئىرمۇ، نەسىرمۇ بولسا، بۇمۇ، ئۇمۇ بولسا يامىنى بولمايدۇغۇ دەيمەن. كونكرېت مەلۇم بىرەر ئەسەردە ئۆزىگە لايىق ئېتىۋار بېرىدىغان نۇقتىسى بولسا بولۇۋېرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئەسەردە ئادەمنىڭ خاراكتېرىسكىسى ناھايىتى يارقىن ئېچىپ تەسۋىرلەنگەن بولسا، يەنە بىر ئەسەردە خاراكتېرىسكا ئانچە يارقىن چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي تەسىرات، ئەينەن تۇرمۇش ئالاھىدە جانلىق ۋە روشەن ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. يەنە بىر ئەسەردىچۇ، ئۇنىڭدا رىتىمدارلىق، ئاھاڭدارلىق ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. ئۆتكەن يىلى، گويا مەن پىروزا ئەسەردە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشكە قارشى چىققاندەك بىر خىل ئۇقۇشماسلىق پەيدا بولدى، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭ قايسى ئەسىرىمدە پېرسوناژ يوقكەن؟ دىمەكچىمەنكى، ھەر بىر ھىكايىدە ھەممىدىن نۇقتىلىق ھالدا پېرسوناژنى تەسۋىرلەپ كېتىش ناتايىن، مۇستەسنالىقنىڭ بولۇشىغا يول قويۇش كېرەك. ئەدەبىي ھادىسىنىڭ تەبئىي ھادىسىگە ئوخشىمايدىغان ئەڭ چوڭ بىر يېرى ئۇنىڭدا مۇستەسنالىققا يول قويىدىغانلىقى. ئەڭ ياخشى، جامائەت ھەممىدىن بەك ئېتىراپ قىلىدىغان ئەدەبىيات قانۇنىيىتىدىمۇ مۇستەسنالىق بولىدۇ، پىروزىدا پېرسوناژ بولۇشى، ۋەقەلىك بولۇشى كېرەك، بۇ بەلكىم قانۇنىيەت بولۇشى مۇمكىن، لېكىن پىروزىدا پېرسوناژ بىلەن ۋەقەلىك نۇقتىلىق ھالدا يېزىلماسلىقى مۇستەسنالىق ھىساپلى-

نىدۇ. شۇنداق ئويلايمەنكى، پىروزىنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىللار ناھايىتى جىق، ھەر بىر ئەسەردە ئىپتىۋار بېرىلىدىغان مەلۇم تەرەپ بولسا بولۇۋېرىدۇ، ئۇنىڭدا پىرسوناژ بىلەن ۋەقەلىكنىڭ ئاساس بولىدىغانلىقى ئادەتتىكى قانۇنىيەت ھېساپلىنىدۇ؛ ئەمما ئۇنىڭدا مۇستەسنالىقمۇ بولۇۋېرىدۇ، شۇنداق بولغاندا، پىروزا ئەسەرنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ كۆپ خىل قىلىپ يازغىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، پىروزا ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى توغرىسىدا. بۇ يەردىكى كۆپ خىل بولۇش ئىككى مەزمۇننى يەنى بىرىنچىدىن جەددى بولۇش، ئىككىنچىدىن كەڭ قوساق بولۇش كېرەك، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. نېمە ئۈچۈن جەددى بولۇش كېرەك؟ چۈنكى جانلىق بولغانسېرى قىيىن بولىدۇ، كۆپ خىل بولغانسېرى ئىگىللەش قىيىن بولىدۇ. پىروزىنى جانلاندۇرغاندا، قانداق يازسىمۇ پىروزا ئەسەر بولۇۋېرىدۇ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈسىمۇ بولىدۇ، دەيدىغان بىر خىل خاتا چۈشەنچە بار، بۇ جەددىيلىك ئەمەس. پىروزا ئەسەردە كۆڭلىدە خالىغانلىكى نەرسىنى بىخارامان يېزىۋېرىشكە بولغان ئىكەن، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋەرسە بولىدۇ، كەلسە-كەلمەس قۇراشتۇرۇپ چىقسىمۇ ئاسان دەپ ھېساپلايدىغان بولسا، بولمىغىنى-دە! ئۇنىڭ قىيىنلىقى كۆڭلىدە خالىغانلىكى نەرسىنى يېزىشتا بولۇپ، ئىشلەشنىڭ قاتتىق قائىدىسى، فورمىسى، رىئايە قىلىدىغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلى بولمىغان ئەھۋالدا يەنە ئۇنى ھەم چىن-ھەقىقى، ھەم يېڭى، ھەم جانلىق، ھەم يۈكسەك قىلىپ يېزىپ چىقىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن يازغاندىمۇ تەبىئى ۋە ھەم ھالەتتە قاملاشتۇرۇپ يېزىپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ! پىروزا يازىدىغانلارنىڭ ناھايىتى سىرلىق

قىلىپ يازغانلىقىغا قاراڭ، ئۇنىڭغا ئوچۇقلا سىرلىق يېزىشلىرى ئاساسسىز ئەمەس، ئۇنىڭ ھەم تۇرمۇش ئاساسى بولغان بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ كىشىنىڭ پۈتمەس مەنىۋى ھەركىتىنىڭ بارلىققا كېلىش ئېھتىماللىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

مەن بۇ يەردە ئاق ئېقىمى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتمەكچى، ياشلار ئۇنىڭغا ناھايىتى بەك قىزىقىدىكەن. بىر ياش ماڭا: ئاق ئېقىمنى يېزىش تولىمۇ ئاسان ئىكەن، ناھايىتى يېنىك ئىش ئىكەن، قانداق يازىمەن دىسە، شۇنداق يېزىشقا بولۇۋېرىدىكەن، دەيدۇ. مەن بۇ گەپتىن ئاجايىپ قايغۇرۇپ كەتتىم. گەپ سېنىڭ ئەسىرىڭنىڭ "ئاق ئېقىمى" ھېساپلىنىدىغان ـ ھېساپلانمايدىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قىلچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئاغزىڭغا كەلگىنىچە جۆيلۈش ـ لىرىڭدىن ۋاي دىگۈدەك بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ مەيدانغا چىقمايدى ـ غانلىقىڭدا. بۇنداق ئاسانغا چۈشىدىغان "جۆيلۈش ئېقىمى" ھە ـ ھۇ دەپلا ۋەزىيەت دولقۇنىغا ئەگىشىپلا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، خالاس. ئاڭلىشىمچە، بەزى تەھرىر بۆلۈملىرىگە كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ يېرىمى، ئۈچتىن بىرى پۈتۈنلەي ئاق ئېقىمغا ياتىدىغان ئەسەرلەر ئىكەن. بەزىلەر تېخى مېنىڭ تەسىرىمگە ئۇچرىغانلىقىنى دەپ يۈرۈ ـ مىش، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن خىجالەتچىلىكتە قالدىم. بۇنىڭغا مېنىڭمۇ جاۋاپكارلىقىنى ئۈستۈمگە ئېلىشىم قىيىن، چۈنكى بىرىنچىدىن، مېنىڭ يازغانلىرىم ئاق ئېقىممۇ ـ ئەمەسمۇ، ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن تېخى. ئىككىنچىدىن، مەندىن ئۆگەنگىنىڭ ئامان قالسەن، مېنى دورىغىنىڭ ھالاك بولىسەن، دىگەن سۆزمۇ يەنە بىر ئەقلىيە سۆز. ئۈچىنچىدىن، سەن راستىنلا ئاق ئېقىمى يازماقچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ئىككى نەرسە زۆرۈر، ــ بىرىنچىدىن توغرا بولۇش، ئىككىن ـ

چېدىن ماھىرلىق بولۇش كېرەك، ۋاھالەنكى بۇلارنى ئورۇنلاپ
كېتىش ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ. قارايدىغان بولساق، ئۇ تاغدىن-
باغدىن قۇراشتۇرۇپ چىققاندەكلا بىلىنىدۇ، ئەمما چوڭقۇر مەزمۇنلۇق،
ئىچكى باغلىنىشلىقى بار، كىشىگە لەززەت بېغىشلايدىغان، ئاجايىپ
گۈزەل، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان قىلىش ئاسانغا چۈشەمدۇ؟ ئۇ
چۈشەكەپ سۆزلەپ قويۇش ئەمەس-تە! ئەگەر چۈشەكەپ سۆزلەش
ساپ ئاڭ ئېقىمى ھېساپلىنىدىغان بولسا، ساراڭلار دوختۇرخانىسىنىڭ
كېسەللىرى تېخىمۇ ساپ ھالەتتە تارالمامدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئاغزىغا
كەلگەننى جۆيلۈشكە بولمايدۇ، يازغان نەرسەڭنى پسىخولوگىك پائا-
لىيەتنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان قىلىشىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە
پسىخولوگىك پائالىيەت ئارقىلىق دۇنيانى، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈ-
رۈشۈڭ، يەنە كېلىپ كىشىنىڭ ئىستېتىك زوق-ھەۋىسىنى ئۆستۈرەلەي-
دىغان، كىشىنى بارىكاللا دېگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرەلىشىڭ كېرەك،
بۇنداق تەلەپلەرنى ئورۇنلاشنىڭ ئەمەل قىلغۇدەك مۇقىم بىرەر
قانۇنىيىتى يوق، تېخى. مېنىڭچە، ئىشقىلىپ ئاسان ئەمەس. كىشىنىڭ
روھىي دۇنياسىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش جىددى بىر ئىش،
ئۇ بولسا ئادەمنىڭ سەزگۈرلۈكىگە، ئادەمنىڭ تەجرىبىلىرىگە،
ئوقۇش تارىخىغا، تەسەۋۋۇرىغا، بىلىم-ساۋادىغا، ھېسسىيات-ئىشتىياقىغا
باغلىق، مول كەچۈرمىشلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ نەرسىلەر
ئاسانلا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. جىددى بىر ئىزدىنىش.

ئىككىنچى، كەڭ قوساق بولۇش، ھەر تەرەپلىمە قوبۇل قىلىش كېرەك.
"ۋاڭ تاغام تاۋۇز ساتار، ئۆزىنىڭكىنىلا ماختار" دېگەندەك بولسىغۇ مەي-
لىغۇ. "ۋاڭ چوقۇرنىڭ قايچىسى، ئالەمدە يوق تەڭدىشى" دەپ تۇرۇ-
ۋېلىش توغرا ئەمەس. بۈگۈن مەن بۇ يەردە "ۋاڭ تاغام تاۋۇز ساتار"

دىگەن كەمتەر پوزىتسىيىدىلا بولىمەن، ئەمما ھەرگىز "ۋاڭ چوقۇر" بولۇۋالمايمەن. ئەگەر بۇ سورۇندىكىلەرنىڭ قايسىبىرى: سېنىڭ سۆز-لىگەنلىرىڭنىڭ ھەننىۋاسىغا ئىشەنمەيمەن، مېنىڭ يازغانلىرىمنىڭ ھەننىۋاسى شامال كىرمەيدىغان نەرسىلەر، ھەر بىر ئادەمنىڭ مودېلى بار، ھەر بىر ئىشنىڭ ئەسلى ئاساسى بار، قىلغان گەپلەرنىڭ بىرىمۇ ئاساسسىز ئەمەس، ئاشۇلارنى يېزىپ چىقسام ناھايىتى چىن-ھەقىقى بولىدۇ، بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ دەر بەلكىم. ئۇنداق بولسا ناھايىتى ئوبدان ئىكەن! سىزگە سالام بېرەي! مەن جەزمەن سىزنىڭ قىزغىن كىتابخانىڭىز بولىمەن، گەپچى مەن لازا تىكمەي، سامساقلا تىكىدى-غان بولسامۇ لېكىن كۆكتات يېگەن چاغدا ھەممىنى ئالغىنىمدەك بىر ئىش قىلىۋېرىمەن.

شۇڭا مېنىڭ پوزىتسىيەم "ئوخشاش پېكىردىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئوخشىمايدىغان پېكىردىكىلەرنىمۇ ياقتۇرۇش"، "ئوخشاش پېكىردىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ" "ئوخشىمايدىغان پېكىردىكىلەر بىلەنمۇ ياخشى ئۆتۈش" دەپ ئاتىلىدۇ، بەدىئى ۋاستە جەھەتتە ھەممە تەرەپلەپ قوبۇل قىلىپ "ئوخشىمايدىغان" نەرسىلەردىن ئوزۇقلۇق ئېلىش كېرەك. نىمە ئۈچۈن خەقنىڭ ۋاستىلىرىنى خۇنۇك ھالدا چۆكۈرۈش كېرەك ئىكەن؟ بەزىلەر نىمە سەۋەپتىن "ئاق ئېقىمى" ۋە "ياڭيۇ"دىن قايسى ياخشى، قايسى ناچار دەپ مۇزاكىرە قىلغان چاغدا، بۇ ئىككىسىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدۇ؟ "ياڭيۇ"نى كىم ناچار دەپتۇ؟ ناھايىتى ياخشىغۇ! ناھايىتى يېقىملىققۇ، ياڭيۇنى يېيىشكە شۇنداق ئامراقمەن! مەن مودا قوغلىشىشنى، ئۆتكۈنچى شامال بولۇشنى قوللىمايمەن، "ئۆزۈم ئاچچىقكەن" دەيدى-غان بولۇشنىمۇ ياقتۇرمايمەن. تىك-تاك توپ ئويناشنى ئالساق، بەزى-لەر پالاقنى توغرىسىغا تۇتۇپ ئوينىسا، بەزىلەر پالاقنى تۈزلا تۇتۇپ

ئۇينايدۇ، ئۇنىڭ قايسىسىنى ياخشى دەيسەن؟ ئۇتتۇۋالغىنى ياخشى ـ دە.

مەن بەدىئى ۋاستە جەھەتتە خىلمۇ ـ خىللىقنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى، ئەركىن مۇسابىقىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. بەزى كىشى پىروزا ئەسەرنى تېخىمۇ ياخشى يازالايدىكەن، كىشى تېخىمۇ كۆپ كىتاپخانىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىكەن، كىشى كىتاپخانلارغا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەقدىم قىلالايدىكەن، كىشىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۇس-كەيپىياتى تېخىمۇ كۆپ بولالايدىكەن. ھەر خىل ۋاستىلەر بىر بىرىنى چەتكە قاقىدۇ ۋە بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ، بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىر بىرىگە سىڭىپ بارىدۇ ۋە يەنە پارچىلىنىپ چىقىدۇ، بىر بىرىدىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ يېتەر-سىز يەرلىرىنى تولۇقلاپ بارىدۇ، شۇنداق قىلىپ پىروزا ئىجادىيىتى-نىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىز كۆن بويى بىزگە خىلمۇ-خىل ئېقىملار كېرەك دىگەن ئەمەسمىدۇق؟ مانا ئەمدى نىمە سەۋەپتىن ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى، مەنلا ئەتىۋار، مەنلا ئىنقىلاپچى دەپ دىيىشكە بولىدىكەن؟

1981 ـ يىل ئىيۇن.

(ۋاڭ مېڭ: «پىروزا ئىجادىيىتىدىن پاراڭ»دىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن ھاۋازى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غوپۇرجان ئابدۇرەھىم.**



www.uyghurkitap.com

# ھېكايىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى توغرىسىدا

**ۋاڭ چاۋۋېن**

ھەرقانداق شەيئى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارىدۇ، يازغۇچىلارنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا تۇرىۋەرمەيدۇ. لېكىن ئۆزگىرىشنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنىڭ ئىنقىلاپنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىگە، كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بولغان كۆپ تەرەپلىمە تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراپ بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تۇرمۇش ھالەتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىغا، ئاممىنىڭ سەنئەتكە بولغان ھەۋەس ـ ئارزۇلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىغا، باش سىياسىي ۋەزىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى كونكرېت ۋەزىپىنىڭ كۆپ خىللىقىغا بوي سۇنۇش، مەلۇم يازغۇچىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئۆزگىچە، بىر بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمايدىغان بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشى يامان ئىش بولماستىن، بەلكى ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇسلۇبىنىڭ سىنىپىيلىقى، دەۋرىيلىكى ۋە مىللىيلىكى بولىدۇ. بۇنداق ئورتاقلىق ئەقلىگە مۇۋاپىق ۋە مۇقەررەر ئەھۋال. ئەمما بۇنداق ئورتاقلىق شەخسنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىدىكى خاسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ،

www.uyghurkitap.com

خاسلىق بولمىسا، ئورتاقلىق بولمايدۇ. تېما ئاساسەن ئوخشاش بولغان ھالەتتىمۇ، ئوخشاش بولمىغان خاسلىقتا ئىگە يازغۇچى مەلۇم تەرەپكە بەكرەك ئېتىۋار بېرىش شەرتى ئاساسدا كونكرېت مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە پەرقلەرنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. پىرولېتارىياتنىڭ ھېكايىلىرى بىردەك سىياسى خاھىشقا، ئورتاق تۈرمۈش مەزمۇنىغا ۋە سىياسى مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەنىنۋاسى يازغۇچىنىڭ ۋە ئەسەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئارقىلىقلا گەۋدىلىنىدۇ. ئەگەر باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇپ يوق قىلىۋېتىلسە، «خەلق ئەدىبىياتى» ژورنىلىغا بېسىلغان ھىكايىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر خىللا بولۇۋەرسە، بۇ ژورنالنىڭ نىمە كۆركۈچىلىكى بولىدۇ؟ دىمەك، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تەرغىپ قىلغان گۇرۇھ باگۇسى بويىچە بولۇپ، بۇ ئەسەر بىلەن يەنە بىر ئەسەر، بىر يازغۇچى بىلەن يەنە بىر يازغۇچى ئوتتۇرىسىدا ھىچقانچە پەرق بولمىسا، ئۇلارنى بىر بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكىلى بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ھال كىتاپخانلارنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن "سەن بولساڭ ئارتۇقلۇق قىلمايدىغان، بولمىساڭمۇ كەملىك قىلمايدىغان" ھال شەكىللىنىپ قالىدۇ.

ئاپتورنىڭ دۇنياقارىشى توغرا، ئىنقىلاۋىي بولسىلا، ئاپتور ئىجادىيەتتە ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن، پىرولېتارىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلسا، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، ئۇنىڭ بەدىئى شەكلى جۇڭگو ئىستىلى، جۇڭگو ئادىتىچە، ...بولىدىغان بولسىلا، شەخسنىڭ بەدىئى ئۇسلۇبى قانچىكى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولسا، ئەسەر شۇنچە ئومۇملىقتا ئىگە بولغان

بولىدۇ. ئۇ "ئېچىلىش - سايراش" فاڭجېنىغا خىلاپ بولمايلا قالماستىن، بەلكى پرولېتارىياتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت باغچىسىنى بېيىتىدۇ، يەنە كېلىپ شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قورال بولۇش ئىقتىدارىنى نامايەن قىلالايدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، شەكىل - ئۇسلۇبىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا يول قويۇش ۋە ئۇنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئۇسلۇب مەسىلىسىگە بولغان پوزىتسىيىنى كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېگەن تۈپ پرىنسىپلىق مەسىلىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ كۆزىتىش كېرەك...

"4 كىشىلىك گۇرۇھ" كونتىروللۇغىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىدە زەھەرلىك ئوت - چۆپلەر ئۈنۈپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە، گۇرۇھ باگۇچىلىقمۇ يامراپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھال كىتاپخانلار ئۈچۈن بىر خىل مەنىۋى ئازاپ، يەنى بىر خىل سۇنئى بالايى - ئاپەت ئىدى. پرولېتارىيات ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنىڭ ئاشۇ مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا نەپىسى بوغۇلۇپ جېنى تۇمشۇغىدىلا كېلىپ قالغان ئىدى. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" يىمىرىپ تاشلانغان بۈگۈنكى كۈندە، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ ئالغا بېسىش يۆنۈلۈشىگە، پرولېتارىياتنىڭ ئالغا بېسىش يۆنۈلۈشىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئالتە سىياسى ئۆلچەمگە خىلاپ كەلمەيدىغانلا بولسا، ھېكايە يازغۇچىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەش گۇرۇھ باگۇچىلىقىنىڭ تەسىرىنى ئۆزۈل - كېسىل تازىلاش ئۈچۈن تامامەن زۆرۈر.

ئەدەبىيات - سەنئەت رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇنداقلا رېئاللىقنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەر بىر

يازغۇچىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش تەجرىبىسى بولىدۇ، شۇڭا ھەر بىر يازغۇچى تۇرمۇشنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن قايتا ئىپادىلەپ، يازغۇچىنىڭ ئۆزگىچە تەسىراتىنى ۋە چۈشەنچىسىنى ئوبرازلىق ئۆزگىچىلىك ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بەدىئىي شەكىلنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى، باش تېمىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرسە بولىدۇ ھەمدە شۇنداق قىلىشى لازىم. كونكرېت ئەسەرنىڭ باش تېمىسى يازغۇچىنىڭ ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى، ئالاھىدە تېما ئارقىلىق يورۇتۇلغان ئۆزگىچە بىر خىل چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. كىتابخانلارنىڭ سىنىڭ ئەسىرىڭنى ئوقۇش ـ ئوقۇماسلىقى سىنىڭ تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۆزگىچە تەسىراتىڭ ۋە چۈشەنچەڭنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقىغا باغلىق. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن جىددىي شۇغۇللىنىۋاتقان كىتابخانلار قىلغىلى ئىشى يوق بىكار قالغانلىقىدىن ھېكايە ئوقۇمايدۇ. ئەگەر باش تېما تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىنىڭ ئىچكى مەنىسىنى يورۇتۇپ بېرەلىدىغان تېما بولماستىن، سەن دېمىسەڭمۇ ھەممە ئادەم ئۇچۇن چۈشىنىشلىك بولغان تەييار گەپ ـ سۆزلەر توغرا بولغىنى بىلەنمۇ، ھە دەپ تەكرارلىنىۋەرسە، كىتابخانلار ئۇنىڭدىن تۇرمۇشنى قانداق تونۇش ھەققىدە ئىلھام ئالالمىسا ۋە رىغبەتلىنەلمىسە، سىنىڭ ئەسىرىڭ بىلەن مېنىڭ ئەسىرىمنىڭ ھېچبىر پەرقى بولمىسا، ئۇ چاغدا، سىنىڭ ئەسىرىڭ ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئەسەر ھېساپلانمايدۇ ـ دە، سىنىڭ ئەسىرىڭنى كىتابخانلارنىڭ ئوقۇپ يۈرۈشىنىڭمۇ ھاجىتى بولمايدۇ.

ئەدىبىي ئەسەر ئاما ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ ئۆزگىچىلىككە قانچە كۆپ ئىگە بولسا، شۇنچە ئومۇملىققا ئىگە بولىدۇ. تازا جايىدا بولمە-

غانىراق بىر مىسال كۆرسىتىدىغان بولساق، سىچۇەننىڭ دەندەن چۆپى باشقا جايلاردا، ئۆزگىرىپ سىچۇەنچە تەمى قالمىغان بولسا، ياڭچۇن چۆپى ياكى باشقا چۆپلەر ئۇنىڭ ئورنىنى بېسىۋېرەلەيدۇ. قانچىكى يەرلىك خاراكتېرىغا ئىگە بولغانسېرى شۇنچە مەملىكەت خاراكتېرىغا ئىگە بولغىنىدەك، شەخسلەرنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى چەتكە قېقىشۋېرىشكە بولمايدۇ. ماۋجۇشى بىزدىن كەشىپ قىلىشنى، ئىختىرا قىلىشنى، ئىجات قىلىشنى، ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەگەر بىز ئەمىلىي تۇرمۇشتا كەشىپ قىلالمىساق، ئىختىرا قىلالمىساق، ئىجات قىلالمىساق، ئەسەرنىڭ تۇرمۇشنىڭ ئالغا بېسىشىغا تۇرتكە بولۇشتىن ئىبارەت سىياسى ۋەزىپىسى جەھەتتە تېگىشلىك رولىنى ئوينىيالىشى ناھايىتى تەسكە چۇشىدۇ. يازغۇچىنىڭ بىلىشى ئۇنىڭ سۇبېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، نەتىجىدە ئۆزگىچە ئىپادىلەش شەكلىنى ۋە ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرەلىسە، پىرولېتارىياتنىڭ ئورتاق ئۇسلۇبىنى بۇزۇۋەتكەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنى بېيىتقانلىق بولىدۇ، بۇ يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش ھېساپلىنىدۇ. ۋاڭ يۈەنجيەن بىلەن بەيخۇانىڭ ئەسەرلىرى تېما جەھەتتە بىر بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. مەيلى ماۋجۇشىنى مەدھىيىلەش جەھەتتە بولسۇن، ياكى يولداش خې لۇڭنى مەدھىيىلەش جەھەتتە بولسۇن، يېزىش جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق بولغانلىقى ياخشى ئىش. شياۋ يۈچيەننىڭ ھېكايىلىرى ۋاڭ يۈەنجيەننىڭ ھېكايىلىرىگە قارىغاندا كىنو سىنارىيىسىگە تېخىمۇ بەك يېقىن. ۋاڭ يۈەنجيەننىڭ ھېكايىلىرىنى كىنو سىنارىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتكەندە زورمۇ-زور ئۇزارتىۋەتسە مۇۋاپىق بولماي قالىدۇ. مانا بۇلار بىر بىرىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغان ئىككى خىل يېزىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنداق پەرقلەر كىتاپخانلارنىڭ ئېھتىياجىغا

ئۇيغۇن كېلىدۇ. ۋاڭ يۈەنجيەنىڭ ھېكايىلىرىدە تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق پېرسوناژ — ماۋجۇشى ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما ئەسەرنىڭ سيۇژىتىدا بولسا، ماۋجۇشى غەمخورلۇق قىلغان ۋە تەربىيىلىگەن قىزىل شا كىچىكلەر باش پېرسوناژ قىلىنىدۇ. ئەسەردىكى باش پېرسوناژنى تۇرمۇشتىكى باش پېرسوناژ دەپ ھېساپلاۋېرىشكە بولمايدۇ، بۇنداق يېزىش ئۇسۇلىغا يول قويۇشقا بولىدۇ. بۇنداق يېزىش ئۇسۇلى ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇنداقلا "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ "3 نى گەۋدىلەندۈرۈش" دېگەن نېمىسىگە قارشى بولۇپ، گۇرۇھ باگۇچىلىغىنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشىگە قارشى تۇرۇشتەك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگۈچى شەرتلەر كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئۆزى مول ۋە خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئۆزگىچە شەكىلدىكى ئۇسلۇبنىڭ شەكىللىنىش ئامىللىرىنى تۇرمۇش ھازىرلاپ بېرىدۇ؛ ئاپتور ئۇنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى ئوخشاش بولمىغان تۇرغۇدىن ئەكس ئەتتۈرسە بولۇۋېرىدۇ. ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى مۇۋاپىق يوسۇندا تەكىتلەش مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ تۇرمۇشنى كۆپ تەرەپلىمە قايتا ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى بولىدۇ. ئۇسلۇپ بىر قېلىپتىلا تۇرىۋەرمەيدۇ، ئەمما يولداش رۇجزجۇەن ئېيتقاندەك، بەزى جەھەتلەردە ئۆزگەرمىگىنى تەس — مەلۇم مۇقىملىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى تۇرمۇش ۋە كۆرەشنىڭ بېرىشى ئاددىيسىنە بولماستىن، خۇددى تاغ-دەريالارغا ئوخشاش دولقۇنسىمان ئېگىز-پەس بولىدۇ. ئۇ ھەيۋەتلىك دولقۇندەك بولۇش خۇسۇسىيىتىگىمۇ، كىچىك كۆۋرۈك ئاستىدىن شىرىلداپ سۇ ئۆتكەندەك بولۇش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە. بۇ ئەھۋاللار بىر بىرىنىڭ

ئورنىنى باسالمايدۇ. ھېكايە ئۇسلۇبىنىڭ كۆپ خىل بولۇشى خۇددى تارام-تارام يوللار تيەنئەنمېنگە تۇتاشقانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىزنىڭ مەيدانىمىز، نۇقتىئىنەزىرىمىز، ئۇسۇلىمىز توغرا بولىدىغانلا بولسا، ھەر بىر يازغۇچىنىڭ بوي-تۇرقىنى، ئورۇق-سېمىزلىگىنى، چىراي-كۆلكىلىرىنى ئوپ-ئوخشاشلا قىلىپ قويۇشىنىڭ ھاجىتى يوق...ھېكايىنىڭ ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلغان ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، بەدىئىي ئىندىۋىدۇئاللىقنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم....

يولداش ماۋ دۈن بىرقانچە يىلدىن بۇيان ھېكايىنىڭ بارغانسېرى ئۇزىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇمۇ خۇددى يولداش رۇ جىجۇەننىڭ ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ تەرغىپ قىلغان "يۇكسەك، ئۇلۇغۋار، مۇكەممەل" بولۇش دىگەن نىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مېنىڭچە، ھېكايە دىگەن بۇ بەدىئىي پورمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى كىچىكتىن چوڭىنى كۆرۈش، كىچىك ئارقىلىق چوڭىنى كۆرۈش. ھەرقانداق شەيئىنىڭ مۇكەممەللىگى نىسبىي بولىدۇ. "يۇكسەك، ئۇلۇغۋار، مۇكەممەل" بولۇشنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەلەپ قىلغاندا، بۇ ھال ھېكايىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئېلىپ بېرىپلا قالماستىن، بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىمۇ (ئالاھىدىلىك ئومۇملىقنى گەۋدىلەندۈرىدۇ) ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئالاھىدىلىك بولمىسا، ئومۇملىقمۇ بولمايدۇ، قانچىكى مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلساڭ، ئەسەر شۇنچە كەمتۈك بولۇپ چىقىدۇ. دىمەك، ئەسەرنىڭ مۇكەممەل بولغان-بولمىغانلىقىنى بىلىشتە ئوبيېكتىڭنىڭ تىپىكلىگىنى يېزىپ چىقىش-چىقالماسلىغىڭغا قارىشىڭ كېرەك...

قىسقىسى، شەكىل، ئۇسلۇپ ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا تۇرىۋەرمەيدۇ؛

ئەمما، مەسىلىنى ھەممە گۇللەر تەكشى ئېچىلىش فاكىچىنىدىن قارىغاندا، سىياسى يۆنۈلۈشنىڭ بىردەك بولۇشى ئاساسىدا، شەكىل، ئۇسلۇبنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى تەكىتلەش كېرەك.

(«ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دېگەن كىتاپتىن قىسقارتىپ ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن ھاۋازى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غوپۇرجان ئابدۇرەھىم.**

## بىر كۆز بىلەن كىنو كۆرۈش

كىچىك بالا: بۇ كىنونىڭ بېلىتى قانچە پۇل؟

بېلەت ساتقۇچى: ئىككى روبلى.

كىچىك بالا: ئەپەندىم، يېنىمدا ئاران بىر روبلى پۇل بار ئىكەن. ئۆيۈمگە بېرىپ دادامدىن يەنە بىر روبلى پۇل ئېلىپ كەلگىچە كىنو باشلىنىپ كېتىدۇ، شۇڭا مۇشۇ يېنىمدىكى بىر روبلى پۇلنى ئېلىپ، بىر بېلەت بەرسىلە قانداق؟

بېلەت ساتقۇچى: ئىككى روبلىلىق بېلەتنى بىر روبلىغا بەرسەم قانداق بولىدۇ؟

كىچىك بالا: ھېچقانداق بولمايدۇ. مەن بىر كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، بىر كۆزۈمدە بىر روبلى پۇلغا چۇشلۇق كۆرەي.

# تاپانچا

**لى گوۋېن**



بۇ جىددى تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم.

سائەتكە قارىسام، بۇ قېتىمقى پويىزنىڭ بېيجىڭ ۋوگزالىغا كىرىشىگە يەنە يېرىم سائەت قاپتۇ. تېلېگراممىدا چوقۇم ۋوگزالىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشىم قايتا-قايتا تاپىلانغان. شۇڭا تېزدىن يەر ئاستى پويىز ۋوگزالىغا چاپماي بولمىدى. بۇ بوۋاينى دىمەمسىز! يەنىلا ئاشۇ بۇرۇنقى مىجەزى، يەنە كېلىپ كىشىنى ھەيران قىلىدىغىنى تېلېگراممىنى ئۆلكە مەركىزىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆلكە مەركىزىدىن خېلىلا يىراق بولغان تاغلىق رايوندىن — مېنىڭ يۇرتۇم S ناھىيىسى-دىن بەرگەن. ياپىرەي، ئۆلكىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بۇ مەسئۇلى ئاشۇ چەت جىلغىغا بىرەر ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشقا

بارغان بولغىيمىدى؟

يولداش شياۋلىن مېنىڭ ئۇستازىم ئىدى، چۈنكى ئۇ ماڭا دەرس بېرىپلا قالماي، بىز يەنە نۇرغۇن ساۋاقداشلارنى باشلاپ ئىنقىلابقا قاتناشتۇرغان ئىدى. شۇڭا، ئۇنى بۇرۇن شۇنداق دەپ ئاتىغان بولسام، هازىرمۇ يەنە شۇنداق ئاتايمەن. مەنىلا ئەمەس، قالغان ساۋاقداشلارمۇ هازىرغىچە شۇنداق ئاتىشاتتى. مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئاشۇنداق هۆرمەتلىشى ئۇنىڭ ئىسىل پەزىلىتىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ تاپانچىدەك مىجەزىنى هەممىمىز ئوبدان بىلەتتۇق. توساتتىنلا كەلگەن بۇ جىددى تېلېگرامما مانا شۇنىڭ مىسالى ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ــ بۇ تاپانچىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر-نەچچە كۈنلا مىلتىق دورىسىنىڭ هىدىنى پۇرىغانلار ئۇنى يەنىلا هۆرمەتلەيمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز. ئۇنداق بولمىسا، بېيجىڭ ۋوگ-زالىغا چىقىشقا بۇنچە ئالدىراپ نېمە قىلاتتىم!

بۇلتۇر ئەتىيازدا، گېزىتخانىنىڭ باش مۇھەررىرى ماڭا ئۆلكە-لىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بۇ مۇئاۋىن شۇجىسى هەققىدە خەۋەر يېزىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، مەن ئانچە چاققان مۇخبىرلاردىنمۇ ئەمەس ئىدىم. لېكىن باش مۇ-هەررىرنىڭ چىرايىدىن مېنىڭ بۇ ئىشنى ئېغىر كۆرمەسلىكىمنى ئۆتۈنگەندەك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. چۈنكى مەندىن بۇرۇن بارغان ئىككى مۇخبىر دەككىسىنى يەپ قايتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۆزىنىڭ نەتىجىسىنى سۆزلەپ بەرگىلى ئۇنىمايدىغان بىر بوۋايغا قانداق قىلىپ پارتىيە ئىستىلىنى ۋە پارتىيە ئىنتىزامىنى بۇزغان كىشىلەرگە قارشى هەقىقەتتە، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئاخىرغىچە كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ



www.uyghurkitap.com

بىرىڭ دېيىشىنىڭ ئۆزى قانچىلىك تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى ماڭا ئايان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ماقۇل دېدىم، بوۋاي ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىدىن گەپ ئايىماس، بەلكىم؟

كىشى ياشىنىپ قالغاندا، ئۇششاق سۆز، كوت-كوت بولۇپ قالىدىكەن، گېپىنىڭ مەنتىقىسىمۇ جايىدا بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدىكەن-دە، گېپىنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرۈپ بولغىچە، بېشىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. بىراق، يولداش شياۋلىن 70 ياشقا كىرەي دەپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا قېرىلاردا بولىدىغان مۇجمەللىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، كاللىسى شۇنداق جايىدا، ئىش قىلىشتا شۇنداق ئېغىر-بېسىق ئىدىكى، ئۇ 40 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزى دەرس بەرگەن سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىسمىنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ بەزىسى مېنىڭمۇ ئېسىمدە قالمىغان ئىدى.

— شياۋلىن مۇئەللىم، ئاشۇ قىپ-قىزىل پۆپۈكلۈك تاپانچىڭىز مەندە شۇنداق چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدىكى، ئۇنى ھېچنەرسىگە تەڭ قىلمايمەن!

— قىپ-قىزىل ئەمەس، — دېدى ئۇ گېپىمنى تۈزىتىپ، — يازغۇچى دېگەن ماختاشقا ئۇستا كېلىدۇ!

كىچىك چاغدا بولغان ئىشلار ھەممىدىن ئېنىق ئەستە قالىدىغان بولغاچقا، مەڭگۈ ئۇنتۇلمىسا كېرەك، ئەتىمالىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، رەڭگى قىپ-قىزىل ئىدى، بۇ بەلكىم بىزنىڭ نامرات S ناھىيىمىزدە رەڭنىڭ تولىمۇ كەمچىل بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، ئاشۇ تاپانچا ۋە ئۇنىڭ ئوتتەك ئىتتىك مىجەزى خۇددى بىر رىۋايەت بولۇپ قالغان. ئەگەر مۇمكىن بولسا — كىم بىلىدۇ، باش مۇھەر-

رىر مېنىڭ رومانتىك تۇسكە تولغان بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلىمغا قوشۇلامدۇ يوق! ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ تۆمۈردەك قاتتىق بۇ مۇئاۋىن شۇجىسى توغرىسىدىكى خەۋەرنى مانا ئاشۇ تاپانچىدىن باشلاپ يازسام، قالتىسمۇ جايىدا، قالتىسمۇ ئوبرازلىق بولاتتى، دېگەن ئويلاردا بولدۇم.

مەن ئەلۋەتتە خەۋەر يېزىش ۋەزىپەمنى ئۇنتۇمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپنىڭ توچكىسىنى ئېھتىياجلىق تەرەپكە بۇرايدىغانلىقىم تۇرغان گەپ، بىراق، ئۇنىڭ مېنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىمنى بىلىدىغانلىقىمۇ، ئۇنىڭ گەپنى قەستەنگە ئەگىتىپ نە ـ نەلەرگە ئېلىپ كېتىپ، بىر دەم ئاسماندىن، بىر دەم يەردىن سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ناۋادا مېنىڭ نېمىلەرنى سورىماقچى بولغانلىقىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ تاپانچىدەك مىجەزى مېنى قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. شۇنىمۇ تۇيۇپ تۇراتتىمكى، ئۇ تاپانچام ئېتىلىپ كەتمىسۇن دەپ، مېنىڭ رەسمى گەپ ئۈستىدە ئېغىز ئاچماسلىقىمنى ئۈمىت قىلغاندەك قىلاتتى، قانداقلا بولمىسۇن، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئوقۇغۇچىسى بولمىسامۇ، يىراق يول يۈرۈپ ئۇنى يوقلاپ كەلگەن ئوقۇغۇچىسىمەن ـ دە.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىمىز خۇددى شاخمات ئويناۋاتقاندەك، ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق، گەپنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۆزىچىلا ئاشۇ بۇلۇتلۇق جىلغىدىكى S ناھىيىسىگە مەركەزلىشىپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدا، مەن ئۇقماقچى بولغان ئەھۋاللار ئۈستىدە سۆزلەپ بەرگىلى ئۇنىمايتتى: — بۇ بوۋاي مۇخبىرلار، يازغۇچىلار

ۋە سەنئەتچىلەرنى كۆرگەندە، — سىلەر زىيالىيلار-زە! سىلەر قەلەمكەشلەر-زە!... دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ، خۇددى ئەپەندىلەر ئاشخانىدىن ئۆزىنى تارتقاندەك، ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى.

شۇڭا ئۇ تايانچ بازىنىڭ سۆكلىرىنى، بولۇپمۇ S ناھىيىسىنىڭ جىلغىلىرىدىكى ئاشۇ ساپ-سېرىق چۈجىگىن قوناقلارنى ماختاپ، ئۇنىڭ ئىنقىلاپنى قامداش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئىنقىلاۋىي يارامىلىق كىشلەرنىمۇ يېتىشتۈرگەنلىكى ئۈستىدە توختالغىنىدا، بارمىغى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى، يەنى مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمنى ساناپ: پالانى ئاسمانغا چىقىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، پۇستانى پالانى جايدىكى چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ مەسئۇلى، پالانى دىپلومات بولدى، پۇكۇنى ھەربىي رايوننىڭ سەنمۇجاڭى بولدى... دەپ بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ چىقتى. مەن بىلەن شىياۋگۇ توغرىلىق ھېچنېمە دېمىدى.

بۇ بوۋاي، بىرئاز ئايرىمچىلىق قىلىۋاتىدىغۇ دەيمەن؟ — دۆلەتىمىز تايانچ كۈچلەرگە نىمىدىگەن مۇھتاج-ھە!

بۇ گەپچە، مەندەك بىر مۇخبىرمۇ، گۇ كاڭدەك خېلى نامى چىقىپ قالغان بىر سەنئەتكارمۇ تايانچلار قاتارىغا كىرەلمىدۇق، بۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ قورسىقىمىز ئېسىلدى. مەنغۇ مەيلى، ناھايىتى كەلسە بىر-كالتى-كۆسەي مۇخبىر مەن. بىراق شىياۋگۇنىڭ كۆڭلىگە كەلمەسمۇ دەيمەن. كەسىپ ئەھلىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يازغان خۇشخەت ۋە ئويمىلىرى تاڭسۇق ئەسەرلەر ھېساپلىناتتى. مەن ئۆز ساۋاقدىشىمنى ھەرگىز ماختىمايمەن، ئۇنىڭ خۇشخەتلىرى چەتئەلدە كۆرگەزمە قىلىنغاندا، ھەر كۇۋادىرات سانتىمېتىرى ياپون

پۇلى ۋە ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ھېساپلانغان ئىكەن. دىپلوماتلار بولسۇن، سەنمۇجاڭلار بولسۇن، بۇلارنىڭ داڭقىنى بىلىدىغانلار قانچىلىك چىقار؟ لېكىن گۇ كاڭنىڭ خەتتات ئىكەنلىگىنى بىلىدىغانلار مەملىكەت ئىچىدىمۇ، مەملىكەت سىرتىدىمۇ ناھايىتى كۆپتە! بۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ 4 تەرىپى ئۆيلۈك ئاشۇ كىچىك ھويلىسىنىڭ ئالدى ئۇنچىۋالا ئاۋات بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى.

شياۋگۇ بىلەن ئىككىمىز — ئۇ مەڭگۈ ئاشۇنداق چاقچاق ئۆتىدۇ — بېيجىڭدا ئولتۇرۇشلۇق بولساقمۇ، ئانچە بېرىش - كېلىش قىلىشىپ كەتمەيمىز. ئىككىمىزنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزنى يىراق دېگىلىمۇ، يېقىن دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇ كارامىتىنى كۆرسىتىپ داڭ چىقىرىپ كەتكەندىن كېيىن، مېھماندارچىلىققا بېرىش، زىياپەتكە قاتنىشىش، كۆرگەزمە ئېچىش، چەتئەللىك مېھمانلارغا ھەمرا بولۇش، دەرس سۆزلەشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا، مەن بېرىپ ئۇنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئېلىشتىن تېخىمۇ خىجىل بولىمەن. بىر قېتىم، گېزىتخانا باش مۇھەررىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پەيزى تۇتۇپ، ئۇ كىشىگە بىر تامغا ئويدۇرغۇسى كېلىپ ماڭا ئۆتۈنىدى. مەن بىر نەچچە كۈن تېلېفون بېرىپ يۈرۈپ ئاران تەسلىكتە بۇ قاتلاڭ ئادەمنى تېپىپ گېپىمنى ئېيتتىم، ئۇ گېپىم تۈگىگىچە تاقەت قىلالماي قالدى. ھېلىمۇ ياخشى مەندەك كونا ساۋاقدىشىنىڭ يۈزىنى قىلغان بولسا كېرەك، ياق دېمىدى، ماقۇلمۇ دېمىدى. ماڭا پەقەت:

— ھازىر قولۇمدا بىر چەتئەل مۇئاۋىن زۇڭتۇڭىنىڭ، ئىككى باش ئەلچىنىڭ ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇھاجىرلار تەشكىلاتىنىڭ بىرقانچە رەھبىرىنىڭ تامغىسى بېسىلىپ يېتىپتۇ، ئويۇپ بېرەلمەيۋاتىمەن! — دېگەن گەپلەرنىلا ئېيتتى.

گۈ كاگدەك مۈشۈنداق داگلىق سەنئەتكارنى نەزىرىگە ئىلمايۋاتقان شياۋلىننىڭ ئالدىدا مەندەكلەر قانچىلىك ئادەم ئىدى.

ۋوگزالغا بېرىپ، مۈناردىكى سائەتكە قاراپ چۆچۈپ كەتتىم، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمدى بوۋايدىن دەككەمنى يەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپلا تۇراتتى. دەرھال بېرىپلا ۋوگزال بىلەتىدىن بىرنى ئېلىپ، چىقىش ئىشىگىگە قاراپ چاپتىم. خۇداغا شۈكرى، پويىز يېرىم سائەت كېچىكىپ كېلىدىغان بوپتۇ، مانا شۇ چاغدىلا كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى-دە ئۇھ دەپ بىر تىنىۋېلىپ، خاتىرجەم بولدۇم.

يولداش شياۋلىن ھەممىدىن بۇرۇن S ناھىيىسىگە بېرىپ ئىشلىگەن پىشقەدەملەرنىڭ بىرى، شۇڭا ئۇنىڭ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا ئالاھىدە مۇھەببىتى بار. يۇرتىمىز ھەققىدە گەپ بولسىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئالتۇندەك دەۋرىنى باشقا ياشانغانلارغا ئوخشاش كونا ھېسسىيات بىلەن ئەسلىمەستىن، بەلكى قانداقتۇر يۇرتىمىزغا بىر نەرسىگە قەرزدار بولۇپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئاشۇ قېتىم ئۇنى زىيارەت قىلىپ بارغان چېغىمدا، ئۇ ناھايىتى خىجىل بولغاندەك:

— شۇنچە يىل بوپتۇ، ئۇ يەردىن يېنىپ كەلگەنىمگىزى ھازىرغىچە بېرىپ باقمىدىم. ئاڭلىسام ئاشۇ كونا ئىنقىلاۋىي تايانچ بازىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىلەش بولماپتۇ، ئاساسىي جەھەتتىن ھېلىھەم يەنە شۇ بۇرۇنقى پېتى تۇرۇپتۇ! بەزى خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىشى... — سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، بوۋاينىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، بىر ھازاغىچە جىم بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاران:

— هامان بىر كۈنى ئۆزەم بارىمەن، — دىگەنىدى ئىنىلا دىيەلىدى.

ئۇ S ناھىيىسىگە مۇشۇ ئىشلارنى دەپلا بارامدۇ؟ بىراق، بۇ بوۋاينىڭ مىجەزىنى بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ.

سۆھبىتىمىزدە ئىنقىلاۋىي قۇربانلار ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ كىيىپى بولۇپ قالغانلىغى ئۈچۈن، يولداش شياۋلىن شۇ چاغدىكى ئۇنتۇلغۇسىز جەڭنى ئەسلەپ:

— ھىلىقى تاش تاختا قانداق بولدىكىن، كىيىن ئۇنىڭ دىرىگىنى ئالالمىدىم! — دەپ سوراپ قالدى كۆڭۈل بۆلۈپ.

— ھازىر ئۇ تارىخىي مۇزېيدا ساقلىنىۋېتىپتۇ، بۇنى ماڭا گۇكاڭ دەپ بەردى، بۇ نەرسە خاتىرە قىلىپ ساقلىنىدىغان ئىسىل نەرسىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ!

— ئاشۇ پۇچۇق تاختىنى ياپون ئالۋاستىلىرىنىڭ ئېلىپ كەتمەسلىگى ئۈچۈن، بىزنىڭ بىرقانچە جەڭچىمىز قۇربان بولغانتى، — دىدى ئۇ تەسىرلەنگەن ھالدا. بىراق ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىنى تۆكۈپ بۇ تاختىنى بويىۋەتكەنلىگىنى تىلغا ئالمىدى. ئېسىمدىن چىقمايدۇكى، بىز ئۇنى ۋە دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالغان ئاشۇ تاش تاختىنى جىرغىغا سېلىپ جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ توختىماي ئېقىۋاتقان ئىسسىق قېنى تاختىدىكى ئويۇق خەتلەرگە تامچىلاپ چۈشۈپ، ئۇنىڭدىكى بىر نەچچە خەتنى خۇددى قان بىلەن يازغاندەك قىپ-قىزىل بويىۋەتكەن ئىدى، ھازىر ئەسلىسەممۇ چۆچۈپ كېتىمەن.

بىراق، بۈگۈنكى كۈندە موزېينى ئېكىسكۇرسىيە قىلىۋاتقانلار ئاشۇ قان ئىزلىرىنى كۆرەلمەيدۇ.

— شياۋلىن مۇئەللىم، راستىنى ئېيتسام، مەن گۇكاڭغا، سەن

بىرىپ ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى ساقلاش ئورۇنلىرى بىلەن سۆزلىشىپ باققىن، ھېچ بولمىغاندا، مۇشۇ تاش تاختىنىڭ قانداق ساقلىنىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى تارىخنى بولسىمۇ جامائەتكە ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇن دەپ تەكلىپ بەردىم.

— نىمە قىلماقچىسەن؟ — ئۇ ئىختىيارسىز سوئال قويدى.

— قان ئاققۇزغانلىقىم ئۈچۈن كۆپچىلىك مېنى ھۆرمەتلىشى، ماختىشى، ئالقىشلىشى كېرەكمىكەن؟ ھەي سېنى، قارا سېنى! سەن مېنى جازانىخورغا ئوخشىتىۋاتامسەن! بۇرۇن سالغان دەسمىگە ئەمدى ئۆسۈم ئېلىشىم كېرەكمىكەن؟

ئۇ مەسىلىنى باشقىچىلا ئويلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىندۇردى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا دەرھاللا چۈشەندۈرۈپ:

— ئەمىلىيەتتە بۇ ئادەتتىكىلا ئىشقۇ، — دىدىم.

— قانداقسىگە ئادەتتىكىلا ئىش بولىدۇ؟ — قىلىشقا تېگىشلىك ئىش تۇرسا، ماختاشقا ئەرزىيدىغان نىمىسى بار؟ قىزىق ئىش ـ تە! دىدى ئۇ قولىنى بۇرنىغا جونۇپ تۇرۇپ. دەل شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ھىلقى تاپانچىسى قولىدا تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، تاپانچا ئاغزىدىن ئوت پۇرقۇپ چىققاندا، ئوتقا ئوخشاش يېلىنجاپ كېتىدىغان قىزىل پۆپۈكى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

— ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، قەدىناس دوست بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ساڭا چاي تۇتۇۋاتىمەن، ئەگەر مەن توغرىلىق خەۋەر يازىدىغان دىسەڭ، مەندىن ئاغرىنما، مەن يېنىڭدا تۇرمايمەن! سەن نىمە مەن توغرىلىق خەۋەر يازىمەن دەپ يۈرىسەن؟ ئەجىبا، شۇنچە يوغان جۇڭگودىن، شۇنچە كەڭ ئۆلكە تەۋەسىدىن يېزىشقا ئەرزىيدىغان مەندىن ياخشىراق ئادەم تاپالمىدىڭمۇ؟ سەن نىمىشقا مۇشۇنداق

ئالۋاڭنى ئۈستۈڭگە ئېلىپ يۈرسەن، — قارىغاندا، بۇ بوۋاينىڭ ئەس-ھوشى جايىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كاللىسى چىچەن ئىدى، ئۇ مېنىڭ كېلىشتىكى مەقسىدىمنى بىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، بۇرۇنقى گەپلەرنىڭ بارىنى تەگەپ، ماڭا ئاشۇ تاپانچىنىڭ خۇيىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى بولغاي. بۇ بوۋاينىڭ ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەڭ توۋەن ياكى ئەڭ كىچىك ئورۇندا قويۇش ئەڭ مۇھىم بىر ئەقىدىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىلا بىلىپ، ئۆزىنىڭلا غېمىنى يەپ، ئۆز خۇدىنى يوقاتقان كىشىلەرنى زادىلا ياقتۇرمايتتى، ھەتتا ئۇلارغا نەپرەتلىنەتتى ۋە ئۇلاردىن قاتتىق يىرگىنەتتى. ئۇ بۇرۇن شۇنداق ئىدى، ھازىرمۇ يەنىلا شۇنداق ئىكەن. بىراق، يولداش شىياۋلىن مەندەك بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ يۈزىنى قىلدى بولغاي، مېنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمىدىيۇ، لېكىن قولىنى بىرلا شىلتىپ، مېنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن، مەنمۇ بۇرۇن چىققان ئىككى مۇخبىرغا ئوخشاشلا داۋامنى ئىشتىپ، قۇرۇق قولۇمنى كۆتەرگەن پېتىم گېزىتخانىغا قايتىپ كېلىپ، باش مۇھەررىرگە:

— ھېچقانداق ئامال قىلالماي، بۇرنۇمغا يەپ قايتىپ كەلدىم! — دەپ دوكلات قىلدىم.

— ئۇ بوۋاينىڭ غەلىتە مىجەزى بار، دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن گۇكاڭ!

باش مۇھەررىر مېنىڭ كونا ساۋاقدىشىم بىلەن قاچان كۆرۈشكەن بولغىيتتى؟ مەن تېخى بۇنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغىچىلا ئۇ گەپ باشلىدى:

— بۇرۇن گېزىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت بېتى مۇشۇنداق بىر مەشھۇر

سەنئەتكارغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىدى. ئۇ خۇددى ماڭا ۋە يۇرتىمىز S ناھىيىسىگىمۇ قاتتىق خىجىلچىلىقنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

— تاغ ئىچىگە جايلاشقان كىچىككىنە بىر ناھىيىدىنمۇ سۇمۇرۇغ چىقىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمىز!

شۇ چاغدا، مەن كونا ساۋاقدىشىمنى شەرەپلىك ھېس قىلدىم، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچىمنىڭ كاجلىقىدىن، گويا ۋەزىيەتكە ماسلىشالمايۋاتقان مىجەزىدىن بىرئاز ئەپسۇسلاندىم.

كېچىككەن پويىز ئاخىر بېيجىڭ ۋوگزالىغا كىردى، شىياۋلىن مۇئەللىم پويىزدىن چۈشۈشكىلا، ئۇنىڭدىن گۈپپۈلدەپ چىقىۋاتقان چېچەكگى ھەسلىنىڭ مىزىلىك پۇرىقىدىن، يا كۆمۈر چىقمايدىغان، يا ئوتۇن تېپىلمايدىغان يۇرتۇمدا قالايدىغان قۇرۇق ئوت-چۆپلەرنىڭ پۇرىقىدىن دەرھاللا بۇ بوۋاينىڭ توپ-توغرا S ناھىيىسىدىن كەلگەنلىكىنى بايقىدىم.

— يائاللا، ئۇ جىلغىلارغا بېرىپ نېمىش قىلاتتىڭىز؟

ئۇ كۈلۈپ كەتتى:

— مەن دەم ئېلىشقا چىقتىم. خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئېھتىمال، مېنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆزلىرىمدىن، تەشۋىشلەنگەن چىرايىمدىن دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى چۈشىنىۋالغان بولسا كېرەك، ئىستانسا سۇپىسىدا قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئاۋازىنى قويۇپ بەرگىنىچە مېنى ئەيىبلىگىلى تۇردى:

— ھەي سىلەردەك زىيالىلارنى، قويۇڭلا! ھەمىشە نورمال ئىشلارنى نورمال ئەمەس دەپ، نورمال ئەمەس ئىشلارنى بولسا،... دەپ قارايدىكەنسىلە، — ئۇ ئۇنىڭ قاتتىق چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com

ئىستانسا سۇپىسىدا تۇرغان يولۇچىلار ئاڭلاپ قالسا، ھەممىسى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆزىنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەيران قالدىغانلىقىنى سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. ئارقىدىنلا بۇ مېنىڭ ئارقامدىن خۇددى بىرسىنى ئىزدىگەندەك بىر ئايلىنىپ چىقىپ، مەندىن:

— شياۋگۇ قېنى؟ — دەپ سورىدى.

شياۋلىن مۇئەللىمنىڭ بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلىرى ئاز ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەپداشلىرى، قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەر، بىللە ئىشلىگەنلەر ۋە كونا خوشنىلىرى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى مەشھۇر زاتلار ئىدى. بۇ قېتىم بېيجىڭغا كېلىشىدە، شياۋگۇ بىلەن ئىككىمىزگىلا كۆتۈۋېلىڭلا دەپ تېلېگىرامما بېرىپتۇ، يەنە نىمە سىر باردۇ؟

— نىمىش بۇ؟ گۇكاڭ نىمىشقا چىقمىدى؟ — بوۋاي خوپ كۆرمىدى.

مەن شۇئان ئۇنىڭغا :بۇ سەنئەتكارنىڭ تولىمۇ ئالدىراش ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ قوشۇمچە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرۇق ۋەزىپىلەر ئىكەنلىكىنى، مەسىلەن، گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، خەتتاتلار جەمئىيىتى، جۇڭگو رەسساملىقىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى، ئويۇل تاش جەمئىيىتى دىگەندەك ئوخشاش جەمئىيەتلەرنىڭ لىشىسى ياكى ھەيئەت ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، قاتنىشىدىغان يىغىنلىرىنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى، شۇڭا بىزنىڭ مۇھەررىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خۇشخەت يېزىپ، رەسىم سىزىپ بېرىش، تامغا ئويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ كېلەر يىللىق ۋاقتىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ۋاقتىنىڭ نىمە دىگەن قىم-

مەتلىك ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرگىلى تۇردۇم.
— جۇر، ئالدى بىلەن ئۇنى تاپايلى! ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ماڭا يول قويار، مەن ئاتايىن ئۇنى ئىزدەپ كەلدىم. بىر كىشىنىڭ يېزىق بىلەن شۇنچە داڭ چىقىرىپ كېتىدىغانلىغىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.
تۇرقىدىن قارىغاندا، مېنىڭ ياشانغان بۇ ئۇستازىمىمۇ ئۆزىنىڭ زىيالىلارغا بولغان بۇرۇنقى قارىشىنى ئۆزگەرتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. كىرا پىكاۋنىنىڭ ئىچىدە مەن ئۇنىڭدىن:
— نىمە بولدى؟ سىزمۇ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر رەسساملارنىڭ رەسىمىنى يىغىپ ساقلاۋاتامسىز، نىمە، — دەپ سورىدىم. بۇمۇ بىر خىل كەيپىيات بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، مەسىلەن، بىزنىڭ باش مۇھەررىرىمىز بۇنداق نەرسىلەرنى ئاشىق بولۇپ قالغاندەك يىغىدۇ. گېزىتنىڭ مەدىنىيەت بېتىدە گۇكاڭنىڭ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە ئىككى پارچە ماقالا ئېلان قىلدى، ئۇ ھىلىقى تامغىسىنى تېخىچە قولغا چۈشۈرەلمىگەن ئوخشايدۇ.
— يۇرتداشلار ئۇنى يارىتىپ قاپتۇ، ئىسمىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىكەن، ئۆز يۇرتىمىزدىن چىققان بۇ خەتتاتنىڭ يازغان ھۆسنىخېتىنى قولغا چۈشۈرمەي قالمايمىز دېيىشىۋاتىدۇ.
— نىمە قىلىدىكەن؟
بوۋاي ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ:
— تاش تاختا ئۈچۈن قۇربان بولغان يولداشلار ئېسىڭىزدە باردۇ؟ — دىدى.
— بولمامدىغان!
— ئۇلارنىڭ ئىسىم-پەمىلىسىنى، دەپ بېرەلەمسەن؟

شىياۋلىن مۇئەللىمنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزى ئالدىدا تەمتىرەپ قالدىم. ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ ئىسىم-پەمىلىسى ئۇياقتا تۇرسۇن، رەڭگى-روي ئىمۇ ئېنىق ئېسىمدە قالمىغان ئىدى.

— مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، بىز ئېسىمىزدە ساقلاشقا تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى ئېسىمىزدە ساقلاپ كېلىۋاتىمىز، بىراق، ئۇنتۇپ قېلىشقا تېگىشلىك بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمىز. شۇڭا بەزى شەخسلەر ئۆز تۇرمۇشىنىڭلا غېمىدە يۈرىدىغۇ دەيمەنا؛ ئۇ چېچىلىپ قالدى بولغاي، بېشىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ بىر ھازاغىچە گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇردى.

ئېسىمدە تۇرىدۇكى، ئاشۇ قېتىمقى جەڭدە، ناۋادا تاپانچىنى ئوينىتىپ يۈرگەن يولداش شىياۋلىن قوشۇن ئىچىدىن مېنى ياكى گۇكاڭنى چىقىڭلا دەپ تۇۋلىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولاتتۇق، ئەمدى، بۈگۈنكى كۈندە باشقىلارنىڭ ئېسىدە تازا ئېنىق قالمىغان بىر كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ قالغاندۇ بەلكىم. بولۇپمۇ گۇكاڭنى ئالسام، باشقىلار ئۇنى قوغداپ قالمەن دەپ زەمبىرەك ئوقىنىڭ پارچىسىدا ئۆلمىگەن بولسا، ئۇمۇ ھازىرقىدەك داڭلىق سەنئەتكار بولالمىغان بولاتتى، ھېچ بولمىغاندا مېيىپ بولۇپ قالاتتى. ھايات قالغانلىرىمىزنىڭ بەخت-سائادىتىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز ئۆلگەنلەرنى ۋە ئۆتكەنكى كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئاساسىغىلا قويۇلسا، ئاندىن دەل جايىغا قويۇلغان بولىدۇ.

— يولداشلار تاش تاختىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىغا ئېنىقلاۋىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسى ياساپ، ئۇنىڭغا قۇربان بولغان ئاشۇ يولداشلارنىڭ ئىسمىنى ئويدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ياخشى ئىش،



www.uyghurkitap.com

باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمىسمۇ، يۇگۇر-يېتىم ئىشلار قولۇمدىن كې-
لىدىكەن، شۇڭا ئالدىراش كېلىشىم!

ماشىنا كېلىپ جىمجىت بىر تار كوچىدا توختىدى، سەنئەتكارنىڭ ئىشىگىنى ئاچتۇرۇشمۇ تەسكە چۈشتى، خېلى بىر هازادىن كېيىن، كاتىۋىمكىن يا شاگىرتىمكىن، يا ئايىلىمكىن، بىلەلمىدۇق، بىرسى ئىشىكنى سەللا ئېچىپ ئۆزىنى كۆرسەتتى. نىمىگە كەلگەنلىكىمىزنى سوراپ باقمايلا، بېشىنى تارتىپ:

— گۇكاڭ ئاقساقال هەر هەپتىنىڭ چارشەنبە، جۈمە كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دىن ئۆتكەندىلا مېهمان قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى.

— نىمە دېدىڭىز؟ — يولداش شياۋلىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاۋازى پەلەككە يەتتى، — ئاقساقال دېگۇدەك قانچىلىك ياشقا كىرىپ كەتكەندۇ؟ — سۆزلىگەن پېتى كاتىۋىدەكمۇ تۇرغان، شاگىر-تىدەكمۇ تۇرغان، خوتۇنىدەكمۇ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ توسقىنىغا قارى-ماي، ئىشىكتىن قىستىلىپ كىرىپ، ئۇدۇللا ناهايىتى كۆركەم ۋە پاكىز كىچىك هويلىغا:

— ئەدىۋىنى بەرمىسەملا، شياۋگۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلگىنى! — دەپ غودۇڭشىغان پېتى كىرىپ كەتتى.

گۇكاڭ ئاخىر شىمال تەرەپتىكى ئۆينىڭ قومۇش پەردىسىنى قايرىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ قوش قوللاپ هۆرمەت بىلدۈرگەن پېتى يولداش شياۋلىنغا قاراپ كەلدى ۋە بىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئەدىپلەرچە تۇرقى، سەنئەتكارچە مىجەزى، نامى چىقىپ كەتكەنلىكتىن ۋە هۆرمەتكە ئېرىشىپ كەتكەنلىكتىن كېرىلىۋالغان قىياپىتى S ناهىيىسىنىڭ تاغلىق يېزىسىدىكى چاغدا هەربى يۇرۇش

بولسىلا سەپتىن چۈشۈپ قالىدىغان، قولىدىن ئانچىمۇ ئىش كەلمەيدىغان جەگچى ۋاقتىدىكىگە قىلچىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ ھەدىگەندىلا شياۋلىن مۇئەللىم دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەسلىكى، ئاماكا ۋە چاي تۇتۇشلىرىدىن تولىمۇ كەمتەرلىك قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ مۇئەللىمنى ئەينى يىللاردىكىدەك ھۆرمەتلەپ كەتمەيۋاتقانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندا، ماڭا ئوخشاش قايىللىق بىلەن ھۆرمەت قىلمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇردۇم. بۇنىڭ سەۋىيى مەشھۇر سەنئەتكار بىلەن ئاددى مۇخبىرنىڭ سالاھىيىتىنىڭ ئوخشاش بولۇۋاتقانلىقىدىندۇ.

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ، شياۋلىن مۇئەللىم، بۇيرۇغىڭىزغا بويسۇنماسلىققا ھەققىم يوق! — ئۇ سۆزلەپ تۇرۇپ كاتىۋىمىكى، ئوقۇغۇچىسىمىكى ياكى خوتۇنىمىكى يەنە بىر ئايالنى شياۋلىن مۇئەللىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئالدىن تەييارلاپ قويغان جىددى نەرسىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ھەمدە ماختانغان تەلەپپۇزدا ئېلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىپ:

— ئامال قانچە دەيسىز؟ چەتئەللىك جۇڭگوشۇناس ئىككى مېھمان يېپىشىۋېلىپ، ۋوگزالغا چىقىپ سىزنى كۈتۈۋالالماي قالغانلىقىم ئۈچۈن گۇناھكارمەن... — دېدى.

شياۋلىن مۇئەللىم كۈلۈپ كېتىپ، ئامىدىكى ئەينەك كېشىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— گۇگاڭ، ئەجنەبىلەر ئاۋۇ تاشقا ئويۇلغان خەتلەر بېسىۋېلىنغان قەغەزنى نەدىن ئالدىڭ دەپ سورىمىدىمۇ؟ — دېدى.

شياۋگۇ بىلەن ئىككىمىز بىرىش-كېلىشىمىز قويۇق دوستلاردىن ھېسابلانمىساقمۇ، مۇشۇ ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم كىرگەن ئىدىم،

بىراق، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان رەسىملەر ئارىسىدا تاشقا ئويۇلغان خەتلەر بېسۋېلىنغان بىر پارچە خەتنىڭ بارلىقىغا زادى دىققەت قىلىپ باقماپتىكەنمەن. سەپسېلىپ قارىۋىدىم، ئىسسىق قان بىلەن يېزىلغاندەك ئاشۇ خەتلەر دەرھاللا كۆز ئالدىمغا كەلدى. تۆۋە خۇدايىم! بۇ دەل ئاشۇ ئىسسىق قان تۆكۈش ۋە قۇربان بېرىش بەدىلىگە تارتىۋېلىنغان تاش تاختا ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىدىن بېسۋېلىنغان بۇ خەتنى گۇكاڭ قەيەردىن ئالغاندۇ؟ كۈنىگە قاتتىق قاقلىنىپ كەتكەن، ئالا-چىپار بولۇپ كەتكەن تاش تاختىنى ئۇستىدىن قەغەز قويۇپ ھەر قېتىم بېسۋېلىنسا، ئۇنىڭ بىرنەچچە يىللىق تۇسى تۇگەپ كېتەتتى، ھەتتا نەچچە ئون يىللىق ئۆمرى قىسقىرىپ كېتەتتى. بىرنەچچە يولدىشىمىز ئۇنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلىنىپ كېتەر دەپ ۋە كېيىنكى ئەۋلاتلارغا خۇددى تەيشەن تېغىدىكى لى سىفېڭنىڭ قەۋرە تاختىسىغا ئوخشاش ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان تاشقا ئايلىنىپ كېتەر دەپ ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىپ تارتىۋالغانمىدى؟

شياۋلىن مۇئەللىم قېرىپ قېلىپ، ئىككى قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالغاچقا، گەپ قىلىسلا ئاۋازى ئىختىيارسىز قاتتىق چىقىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزى ھىلىمۇ ئەينى چاغلاردا تاپانچىنى نىشانغا بەللىگەندەك ئۆتكۈر ئىدى. ھازىر بولسا، ئىككى كۆزىدىن خوشاللىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن گۇكاڭ زادىلا پىسەنت قىلمىدى، چۈنكى پىسەنت قىلىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى:

— ئۆتكەن قېتىم ئەينى يىللاردا تاش تاختىنى تارتىۋالغان قەھرىمانلارنى جامائەتكە تونۇشتۇرۇش مەقسىدىدە سۆزلەشكىلى بارسام، كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن، مۇزېيخانا مېنىڭ تارىخىمنى

ۋە بۇ تاش تاختىنىڭ تارىخىنى نەزەردە تۇتتىمۇ، ياكى مېنىڭ كىچىككىنە نامىمنى نەزەردە تۇتتىمۇ، گېپىمنى رەت قىلماي، شۇيەردىلا بىر نۇسخىسىنى بېسىپ بەرگەن ئىدى، — دېدى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ماڭا:

— ئاڭلىسام، شۇ چاغدىن تارتىپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، سۈرەتكە ئېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدىغان بوپتىمىش. مەندىكى بۇ نۇسخىنى دۇنيادا تېپىلمايدىغان ئېسىل نەرسە دېگىلى بولمىسىمۇ، مەملىكەت بويىچە بىرلا نۇسخا دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ! — دېدى.

بۇ چاغدا بوۋاي قەدىمقى پوسۇندىكى كورسىدىن دەس تۇرۇپ تاماكسىنى مجىپ ئۆچەردى. ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان ئىككى كۆزىدىن گۇكاڭنىڭ نەزىرىدە تولىمۇ نورمال دەپ قارىلىۋاتقان بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىشكە ئەمدى تاقىتى قالمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دەل بۇ چاغدا، كاتىۋىدەكمۇ، شاگىرتىدەكمۇ ياكى خوتۇنىدەكمۇ كۆرۈنگەن ھېلىقى ئايال ئىنقىلاۋىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسىنىڭ يېزىپ تەييارلاپ قويغان ئۇيما نۇسخىسىنى كۆتىرىپ كىرىپ قالدى. ئۇ يۈگەكلىك بولسىمۇ، تەتۈر يۈزىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ جەزىبىلىك ۋە كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەن خەتلىرىنى — بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىپ تۇرغان قەدىمقى ئۇسلۇپلۇق خۇشخەتلىرىنى كۆرۈۋالدىم.

— شياۋلىن مۇئەللىم، كۆرسەتمىگىز بولسا بېرەرسىز، — دەپ ئۇنى ئاچماقچى بولدى.

— بولدى! — شياۋلىن مۇئەللىمنىڭ بۇ ئۆيدە كۆپ تۇرغۇسى كەلمەي قالغان ئىدى، ئۇ ھېلىقى يۈگەكلىك قەغەزنى قولتۇغىغا قىستۇرغان پېتى، قومۇش پەردىنى قايرىپ تالاغا قاراپ ماڭدى.

— نىمانچە ئالدىرايسىز؟ ئاران تەستە بىر قېتىم كەلگەن تۇر-

سڭىز ! ــ گۈكاڭ ئانچىكى قىزغىنلىقى بىلەن بوۋاينى بىر دەم تۇتۇۋال-
ماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېرىشنى
زادىلا خالىمىغان شياۋلىن مۇئەللىم ئۇدۇل تالاغا قاراپ ماڭدى.
بىرى تۇتۇۋالماقچى بولۇۋاتقان، بىرى تۇرغىلى ئۇنىمايۋاتقان ئارى-
لىقتا، دەسلەپ بىزگە ئىشىك ئاچقان ئايال مېنى ھويلىنىڭ بىر تەرى-
پىگە چاقىرىپ، ئاغزىدىن چىقىرىش ناھايىتى تەس كېلىۋاتقاندەك
قىلىپ:
ــ ئادەتتە، گۈكاڭ ئاقساقال يازغان خۇشخەتلىرىگە ئۆز تامغى-
سىنى بېسىپ ئاز-تولا قەلەم ھەققى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى
پۇل بەرمەي ئېلىپ كەتكەنلىگىڭلارنى باشقىلار بىلىپ قالسا، ئىشىمىز
چاتاق بولىدۇ-دە، خەت يازدۇرۇشقا كېلىدىغانلار بوسۇغىمىزنى
تېشىۋېتىدۇ! ــ دېدى.
بۇنداق بولىدىغانلىقى ھەققەتەنمۇ خىيالىمغا كەلمەپتىكەن،
ئۇنىڭ ئۇستىگە يولداش شياۋلىن ئاگلاپ قالمىسۇن دەپ:
ــ قانچىلىك پۇل كېتەر؟ ــ دەپ سورىدىم.
ــ تۇنۇگۇن شياڭگاڭلىق بىر سودىگەرنىڭ بوۋىسىنىڭ قەۋرى-
سىگە بىر تاختا يېزىپ بېرىپ 500 يۈەن ئالدى. گۈكاڭ ئاقساقال
بىرىنچىدىن مۇئەللىمنىڭ يۈزى، ئىككىنچىدىن يۇرتىمىزنىڭ مېھرى،
ئالمىغاننىڭ ئورنىدا ئازراق ئالغىن دىگەن ئىدى. 100 يۈەن بەرسەڭلا
ئېغىر كەلمەس؟
ــ مەن يانچۇغۇمدىكى ماكچىيىپ كەتكەن قاپچۇغىمنى تۇتۇپ
بېقىپ، بوش ئاۋاز بىلەن:
ــ قايتىپ بېرىپ ئەۋەتىپ بەرسەم بولامدۇ؟ ــ دىدىم.
كەينىمدە تۇرغان بوۋاينىڭ يېنىمغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي

قاپتىمەن. ئۇ پۇلنىڭ سانىنى سورۇۋېلىپلا، قويىنىدىن 10 كويلۇق پۇلدىن بىر سىقىم چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن 10 نى ساناپ ئۇ ئابالغا بەردى ـ دە، سىلىق پىششىق قىش ياتقۇزۇلغان 4 تەرىپى ئۆي هويلىدىن توختىمايلا چىقىپ كەتتى. گۇكاڭ ئۆينىڭ ئىشىگىدە ھەققەتەن خىجىل بولۇپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ. مەن ھىچنىمىنى ئۇقالماي، بۇ پىشقەدەمنىڭ ئىتتىك ـ ئىتتىك باسقان قەدىمىگە ئەگىشىپ ماڭدىم، ئادەم ناھايىتى ئاز ئۆتىشىدىغان بىر تار كوچىدىن ئۆتۈپ چوڭ كوچىغا چىقتۇق.

ئاخىرى، خېلى بىر يەرگە بارغاندا، شىياۋلىن مۇئەللىم توختىدى. ئاندىن بىر ئېغىز گەپ قىلماي، ھىلىقى يۆگەك قەغەزنى يىرتىپ تىتما ـ تىتما قىلىۋېتىپ، يول بويىدىكى ئەخلەت تۇڭىغا تاشلىۋەتتى.

— مۇئەللىم...

ئۇ قولىنى قانداقتۇر چاڭ ـ توزاڭ قونۇۋالغاندەك، قېقىپ ـ قېقىپ قويدى. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆتكۈر، چېچەن ئىككى كۆزى سۈپ ـ سۈزۈك ھاۋادا خىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈش رەڭ غەربىي تاغنىڭ سايىسىغا تىكىلدى. بۇ پىشقەدەمنىڭ كۆڭلى مېنىڭ يۇرتۇم S ناھىيىسىگە كەتتىمۇ، يا بۇرۇنقى ئۇنتۇلغۇسىز يىللارغا كەتتىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ خېلى بىر ھازاغىچە جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ناھايىتى چوڭقۇر ئويغا پاتقان ھالدا:

— بىلىۋاتامسەن؟ مۇشۇ تاپتا ئاغزىنى ئاچسىلا تاتىلداپ كېتىدىغان ئاشۇ تاپانچىنى زەمبۇ سېغىندىما! — دىدى.

مۇئەللىمنىڭ كەيىندە شۇنچە يىللار بىللە يۈرگەن بولسامۇ، دا-

دامدەك بولۇپ قالغان بۇ پىشقەدەمنىڭ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ ئازاپلىنىۋاتقانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى...

## ئاپتور ھەققىدە

لى گوۋېن، ئەر، 1930 ـ يىلى شاڭخەيدە تۇغۇلغان. 1946 ـ يىلى نەنجىڭدىكى دۆلەتلىك تىياتىر تېخنىكومىدا ئوقۇغان. 1949 ـ يىلى مەركىزىي تىياتىر شۆيۈەنگە خىزمەتكە كىرگەن. 1952 ـ يىلى پىدائىيلار قىسمىنىڭ مەلۇم قىسىم سەنئەت ئۆمىكىگە كېلىپ ئىجادىيەتچى بولغان، 1954 ـ يىلى مەملىكەتلىك تۆمۈريول ئىشچىلىرى باش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئەدەبىيات سەنئەت تەھرىرى بولغان. 1957 ـ يىلى خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ قويۇلغان، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزاق مۇددەت تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا ئەمگەك قىلغان. "4 كىشىلىك گورۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ئاقلانغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «قىشتىكى باھار» دېگەن رومانى ۋە «تۇنجى رومكا ئاچچىق ھاراق» دېگەن ھېكايىسى نەشر قىلىندى، يەنە «گۈلزارلىق كوچىدىكى 5 ـ ئۆي» دېگەن رومانى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى، بۇلاردىن «ئاي تۇتۇلۇشى» دېگەن ئەسىرى 1980 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر قاتارىدا باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى؛ «قىشتىكى باھار» دېگەن ئەسىرى تۇنجى قېتىم ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 7 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **توختى قاسىم.**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **غولام غوپۇرى.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى



# تۇغۇم تۇغقان خوراز

**گوجىن**

بىر كۈنى ئاق مىكىيان تۇخۇمىنى تۇغۇپ، ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا كاتەكتىن چىقىپ، خوشاللىقىدا ”ۋاق، ۋاق، ۋاقاق، ۋاقاق، ۋاق، ۋاق!“ دەپ ۋاقاقلاشقا باشلىدى. ھويلىدىكى چا خوراز مىكىيانىنىڭ ۋاقاقلىغىنىنى ئاڭلاپ، ئاچچىغىدا چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئۇ مىكىيانىنىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك كەلگەنچە كىلىپ قانتى بىلەن ھىلىقى مىكىيانىنى تازا شاپىلاقلاپ قويغىلى تۇردى! مىكىيانىنىڭ پەيلىرى توزۇپ، ئاپپاق پەيلىرى لايغا بۇلغىنىپ كەتتى، مىكىيان تۈكلىرىنى قىقىپ يەردىن ئىغىناقلاپ قوپۇپ خورازدىن:

— خوراز ئاكا، نىمىشقا باغرى تاشلىق قىلىپ مىنى ئۇرىسەن؟

مېنىڭ سىنىڭ چىشىڭغا تېگىپ قويغان يەرلىرىم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

خوراز ناھايىتى ئاچچىغى كەلگەن ھالدا:

— بۇنىڭ سورايدىغان نىمىسى بار؟ — سەن گۆي باياتىن نىمىشقا ئاغزىڭ بېسىلماي ۋاقاقلاۋېرىسەن؟

— بۇ مېنىڭ قىلغان ئەجرىمىدىن كېيىنكى خوشاللىقىم. مەنلا ئەمەس، دۇنيادا تۇخۇم تۇققاندىن كېيىن قايسى مىكيان ۋاقاقلىمايدۇ؟ — دىدى مىكيان.

— سەن نىمىشقا ماڭا ئاگلىتىپ ۋاقاقلايسەن ئەمەسە، بۇ، بىزنىڭ خوجايىنغا خىزمەت كۆرسەتتىم دىگەنلىگىڭ، غەرەزلىك ھالدا مېنى خوجايىنغا يامان كۆرسەتكەنلىگىڭ ئەمەسمۇ؟ — دىدى خوراز.

— خوراز ئاكا، مەندە ئۇنداق جۇرئەت نىمە قىلسۇن؟ — دىدى مىكيان تاكاللىشىپ.

— سەن مېنىڭ نورمال ئارام ئېلىشىمغا دەخلى يەتكۈزدۇڭ! — دىدى خوراز، — مەن ساڭا ئېيتىپ قويايكى، بۇنىڭدىن كېيىن تۇخۇمنى تۇغۇپ كاتەكتىن چىققاندا، ئۇنىڭنى چىقارغۇچى بولما! بولمىسا مېنى يۈز-خاتىرە قىلمىدى، دەپ قالما جۇمۇ!

مىكيان دەردىنى ئىچىگە سىغدۇرۇپ، ئادالەتسىز بولغانلىغىنى ئويلاپ ئىگىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ دەرت-ئەھۋال ئېيتىشنى ئويلىدى، لېكىن، يەنە كۆن بويى خوراز بىلەن بىللە يۈرىدىغانلىغىنى، يەنە كېلىپ ئاخشىمى بىر كاتەكتە ياتىدىغانلىغىنى ئويلاپ، خورازنى خاپا قىلىپ قويماي دىدى-دە، ئاچچىغىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى.

ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە، مىكيان ئۈن-تىنسىزلا كاتەككە كىرىپ تۇخۇمنى تۇغۇپ بولۇپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋاقىراشنى ئەمدىلا

www.uyghurkitap.com

ئويلاپ تۇراتتى، تۇيۇقسىزلا ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ھىلىقى خوراز-نىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ قىلىپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئاۋازىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ كېتىپ قالغان بولۇۋالدى. خوراز مىكىياننىڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ، قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا خوشال بولۇپ، كاتەككە كىرىپ يېتىۋالدى، خوجايىن قايتىپ كەلگەندە، خوراز مىكىيانغا ئوخشاش كاتەكتىن چىقىپ، ”ۋاق،ۋاق، ۋاقاق، ۋاقاق، ۋاق، ۋىلق“ دەپ ئاغزى بېسىلماي توۋلاشقا باشلىدى. خوجا-يىنىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

— سەن بەغەرەز خوراز، نىمىشقا دانلىشىڭنى دانلىماي، ئىتىنىڭ بۇغداي مايسىسىنى يىگىنىدەك مۇغەمبەرلىك قىلىپ، بۇ يەردە ۋاقىراپ-جاقىراپ يۈرىسەن!

ئەمما خوراز قەيسەرلىك بىلەن ۋاقاقلاپ، كاتەكتىن زادى نېرى كەتمىدى. ئىگىسى، كاتەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ كاتەككە قارىۋىدى، كاتەكتە تۇخۇمنىڭ تۇرغانلىغىنى كۆردى، ئۇنى سىلاپ باقتى، تېخى ئىسسىغى كەتمەپتۇ، ئىگىسى كۈلۈپ تۇرۇپ دىدى:

— غەلىتە ئىش، ئەلمساقتىن تارتىپ مىكىيان تۇخۇم تۇغاتتى، قىچىراتتى، بىزنىڭ ئۇنىڭ خوراز ئەكسىچە تۇخۇم تۇغۇپتۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە، ئەمدى ياخشى بولدى.

ئۇچىنچى كۈنى مىكىيان كاتەككە كىرىپ يەنە بىرنى تۇغۇپ قويۇپ، ئۇنۇڭۇنىگە ئوخشاشلا ئۇن چىقارماستىن ئالدىراپ غىپپىدەلا چىقىپ كەتتى. خوراز بۇنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ، كاتەككە كىرىپ يېتىۋالدى-



ده، بىردەمـدىن كېيىنـلا خـوراز "ۋاق، ۋاق، ۋاقاق، ۋاقاق ۋاق، ۋاق" دەپ ۋاقاقلاشـقا باشلىدى. خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئـىگـىسـىنىڭ ئېسىغا گۈپپىدە تۈنۈگۈنـكى ئىش كېلىپ دەرھال ـلا قاراپ باقماقچى بولۇپ چىقتى. خوراز ئىگىسىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئاستاغىنە كاتەكتىن چىقىپ، ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقاقلاشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ئىگىسى ئوچۇق كۆرگەن ئىـدى. دىگەنىدەكلا خوراز تۇخۇم تۇغۇپتۇ. ئىگىسى تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ، خورازغا قاراپ خوشاللىق بىلەن:

— ۋاي خورىزىم، ۋاي خورىزىم، مەن سىنىڭ قىچىرىدىغانلىغىڭـنىلا بىلىپ، تۇخۇم تۇغالايدىغانلىغىڭـنى بىلمەپتىمەن، ۋاي ئەتىۋارـلىـق توخام، بۇنىڭدىن كېـيىن ئوبـدان نەرسىلەرنى بېرىپ باقسام بولىدىكەن، — دىدى. خوراز بۇ گەپـلەرنى ئاڭـلاپ، بېشى ئاسمانغا تاقاشـقانـدەك بولۇپ كەتـتى. ئۇ ئـىگـىسـىنىڭ مىكيانـدىن بىزار بولۇپ ئېيتقان:

— ياخـشى نەرسـىلەرنى بېرىـپ باقـسامـۇ قولۇڭـدىن پـوق كەلمەيدىكەن، ئەتە سېنى ئۆلتۈرۈپ شورپاڭنى ئىچمىسەم بولمىدى! — دىگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى.

(«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ
1985 ـ يىل 1 ـ فېۋرال سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **خۇدابەردى خېلىل.**

تەرجـىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# قۇيرۇق

## ۋاڭ زېڭچى

كادىرلار مەسلىھەتچىسى لاۋخۇاڭ ناھايىتى قىزىق ئادەم. زاۋۇدىمىزدا ئەسلىدە ”كادىرلار مەسلىھەتچىسى“ دەيدىغان بۇنداق غەلىتە ۋەزىپە يوق ئىدى، ئۇ پەقەت كۆپ يىللاردىن بېرى كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلگەچكە، قوسىقىدا بىر جانلىق ئارخىپ بار ئىدى؛ يېقىنقى ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا، سالامەتلىكىمۇ ياخشى بولماي، تولا چاغلاردا پۇت-قوللىرى سىقىراپ ئاغرىيدىغان، قان بېسىمى ئۆرلەپ قالىدىغان بولۇپ قالغاچقا، مەسلىھەتچى بولۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، ئۇ مەسلىھەت بېرىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپ قىسمى كادىرلار خىزمىتىگە دائىر مەسىلىلەر ئىدى، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنى كادىرلار مەسلىھەتچىسى، دەپ ئاتىشىدىغان بولدى، بۇ ئەسلىدە لەقەم بولسىمۇ، لېكىن ئاڭلىماققا خۇددى رەسمىي ئۇنۋاندەك تۇيۇلاتتى. كادىرلار خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يىغىنلارغا كېلەلىگۈچىلىكى بولسىلا كېلەتتى. يىغىنغا كەلسە، بەزىدە گەپ قىلاتتى، بەزىدە گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ گېپى بەزىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقاتتى، بەزىلەرنىڭ قۇلىقىغا ياقمايتتى. ئۇ ھەر خىل كىتاپلارنى كۆپ كۆرگەچكە، ھېكايە ئېيتىشقا ئامراق ئىدى. ناھايىتى

جىددى يىغىنلاردىمۇ بەزىدە ھېكايە ئېيتىپ قويىاتتى. تۆۋەندىكىسى ئۇ ئېيتقان ھېكايىنىڭ بىرىدۇر ـــ

زاۋۇتتا لىن پەمىللىك بىر ئىنژېنېرنى باش ئىنژېنېرلىققا ئۆستۈرمەكچى بولغاندا، رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىدى. بەزىلەر قوللىسا، بەزىلەر قارشى چىقتى، كۆپ قېتىم مەجلىس ئېچىلغان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. قوللايدىغان پىكىرلەرنى دېمىسەكمۇ، قارشى چىققۇچى پىكىرلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ماددىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئۇنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ياخشى ئەمەس، كاپىتالىست؛

2. ئۇنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ، چەتئەل بىلەن مۇناسىۋىتى بار، بىر نەۋرە ئاكىسى ھازىرغىچە تەيۋەندە تۇرىۋاتىدۇ؛

3. ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا، ئوڭچىل سۆزلەردە بولغان؛

4. ئاممىۋى مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس، گېپى بەزىدە ناھايىتى قوپال...

بۇلارنىڭ ئىچىدە بەكرەك قارشى تۇرغىنى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ دوڭ پەمىللىك باشلىقى ئىدى، بۇ ئادەمنىڭ ئاسانلا خۇيى تۇتۇپ قالاتتى، بىرەر ئىش ئۈستىدە تۈزۈك داۋلى سۆزلىيەلمەيتتى، زىيالىلار توغرىسىدا گەپ بولغان ھامان، خۇددى چالا قۇيغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ: زىيالى! زىيالى! ھە دېسە، مۇشۇ گەپ، دەپ غوتۇلداپ قوياتتى.

كادىرلار مەسلىھەتچىسى لاۋخۇاڭ بىرنەچچە قېتىملىق يىغىنغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئىپادە بىلدۈرمىدى. پارتكوم سېكرېتارى:

ـــ لاۋخۇاڭ سىزمۇ بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ ـ سۆز قىلىپ قويۇڭ، ـــ دېدى. لاۋخۇاڭ ئەزمىلىك بىلەن:

ــ مەن سىلەرگە بىر ھىكايە ئېيتىپ بېرەي، ــ دېدى ـ دە، ھىكايىسىنى باشلىدى:

ــ بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئەيزى دىگەن بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئەيزى بىر قېتىم كېمىگە چۈشكەن ئىكەن، كېمە دەريانىڭ بويىدا توختاپ قاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، ئەيزىنىڭ قۇلىغىغا دەريا ئاستىدىن قانداقتۇر بىر يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. تازا زەڭ قويۇپ ئاڭلىغۇدەك بولسا، ئۇ بىر توپ سۇ ھايۋانلىرىنىڭ يىغىسى ئىكەن. ئەيزى ئۇلاردىن: «سىلەر نىمىگە يىغلايسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. سۇ ھايۋانلىرى: «سۇ ئىلاھى بىزگە سۇ ھايۋانلىرى ئىچىدىكى قۇيرۇغى بارلىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش كېرەك، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، بىزنىڭ قۇيرۇغۇمىز بولغاچقا، بۇ يەردە يىغا ـ زارى قىلىۋاتىمىز» دەپتۇ. ئەيزى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا چوڭقۇر ھەيرىخاھلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئەيزى شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر پاقىمۇ يىغلاۋاتقان ئىكەن، ئەيزى ناھايىتى ھەيران بولغان ھالدا پاقىدىن: «سېنىڭ قۇيرۇغۇڭ يوق تۇرۇغلۇق يەنە نىمىگە يىغلايسەن؟» دەپ سوراپتۇ. پاقا: «سۇ ئىلاھى مېنىڭ قۇمچاق ۋاقتىمدىكى ئىشلىرىمنى سۈرۈشتە قىلىپ قالارمىكىن، دەپ قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

(«تاللانغان مىكرو ھىكايىلەر»نىڭ 3 ـ قىسمىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **رەھىم يۈسۈپ.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**



# تىپىك ئوبراز

## جىن خې

### 1

ماقالا قەغەزلىرى يېزىق شىرەسىنىڭ ئۈتتۈرىسىغا رەتلىك تىزىلـغان، شىرەنىڭ سول يېقىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پايدىلىنىش كىتاپلىرى ۋە پارچە-پۇرات ماتىرىياللار قويۇلغان، ئوڭ يېقىنىڭ ئالـدى تەرىـپىگە بولسا تاماكا، سەرەڭگە، كۈلدان ۋە ئىستاكان قويۇلغان ئىـدى. دەرىزە ئېچىلىۋىدى، باش يازنىڭ ئىللىق ۋە نەمخۇش شاملى كىردى. شامال يەنە دەرىزە تەكچىسىدىكى مىلەن گۈلىنىڭ يېقىملىق پۇرىغىنى بىللە ئېلىپ كىرگەن ئىدى. دەرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ سىرتقا قارىغاندا، سودا مەركىزى بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى، ئۇزۇن بىلەكلىك كرانىنىڭ ئايلىنىپ يۇرۇپ بىنا تاملىرىنى يۆتكەۋاتقانلىغىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇنىڭدەك بىلىنەر-بىلىنمەس گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

مادد‌ى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى چوڭ قەدەم تاشلىماقتا. سائەت 8 دىن 10 مىنۇت ئۆتتى، لۇ خۇڭچىن بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، يېزىق شىرەسى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مەنۋىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشمەكچى. ماددى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنۋى ئىشلەپچىقىرىش يۈرۈش مارشىنى بىرلىكتە ئېيتىشى كېرەك ـ تە.

لۇ خۇڭچىن بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىلمىي ماقالىسىنىڭ: «تىپىك ئوبرازنىڭ كۆپ خىللىقلىقى توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇسىنى يازدى.

ئۇ مەخسۇس ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى ئەمەس ئىدى. ئۇ شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ـ بىرلەشمىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولۇپ، بۇرۇن ئىزچىل تۈردە رومان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى رومان يېزىش ئۇنىڭغا بىرئاز تەس كېلىدىغان بولۇپ قالدى. پىكىرنى قۇراشتۇرۇش ئەڭ مۇھىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېزىپ پۈتتۈرۈلگەندە بۆلەكچىلا بىرنىمە بولۇپ قالاتتى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىجادىيەتتە بۆسۈپ چىقىشتىن ئېغىز ئېچىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، يازغانىنى ئېلان قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېشى 60 تىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن تېنىنىڭ ھەممە ئەزالىرىدا ھېچقانداق چوڭ نۇقسان يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىرەر نەرسە ئىشلىمىسەم بولامدۇ دەيتتى ئۇ. شۇڭلاشقا، رومان ئىجادىيىتى ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ئوبزور يېزىۋاتاتتى.

ـــ يوتقان ـ كۆرپە ساتىمەن! قېلىنىمۇ بار، نېپىزىمۇ بار! ـــ دەپ ۋاقىرىدى يەنە ھېلىقى رىشكا تارتىدىغان ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بىنانىڭ تۆۋىدە تۇرۇپ.

هىلىمۇ ياخشى يوتقان-كۆرپە ساتقۇچى بىرنەچچە قېتىم ۋاقىراپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. لۇ خۇگچىن يېزىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەييارلاندى. بىراق، ئۇ بىر تال تاماكىنى چېكىپ بولغىچىمۇ تۇنجى جۈملىنى نىمە دەپ يېزىش ئۈستىدە بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇ مۇنداق نەزەرىيىۋىلىگى كۈچلۈك تېمىنى يېزىشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىغىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ يەنە تېپىك ئوبرازنىڭ كۆپ خىللىقلىغى مەسىلىسىنى ئېنىقلىماي بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. مانا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى ئادەملەر: "ئىشچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداقمىكەن؟" "پىشقەدەم كادىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداقمىكەن؟" "شەھەرلىك كومىتېت شۇجىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداقمىكەن؟"، ئاقمىكەن، كۆكمىكەن دەپ يازغۇچىلارنى ئەيىپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بولغاندا، بىر سىنىپ، بىر قاتلام، بىر ساھەدە پەقەت بىرلا تىپ بولۇشى كېرەككەن. ئەگەر بۇ چۈشەنچە بويىچە كېتىۋېرىدىغان بولسا، قېلىپبازلىق، ئابستراكتچىلىق كېلىپ چىقماي قالامدۇ؟!

لۇ خۇگچىن تىزىسنى بىر قېتىم ۋاراقلاپ چىقتى، بىرىنچى ئابزاستا بەدىئى تىپنىڭ خاراكتېرىنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلىش كېرەك ئىدى، فىلوبىرنىڭ بارۋالى خانىمنىڭ ئوبرازى توغرىسىدا ئېيتقان بىر بۆلۈك سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈشكىمۇ بولاتتى، بىراق، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن چوڭ-كىچىك مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ، ئالايلى سىماچيەندىن لۇشۈنگىچە، ئارىستوتېلدىن پلېخانوپقىچە بولغانلارنىڭ تىپ مەسىلىسى توغرىسىدىكى بايانلىرى ھەددى-ھېسابسىز تۇرسا، مۇشۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلىۋەرسە، ئۇ چاغدا ماقالا ماتىرىياللار توپلىمى بولۇپ قالامدۇ؟

— ماروژنى، ماروژنى! سۈت بىلەن شېكەردىن ياسالغان ماروژنى!

ماروژنی، ماروژنی! تاتلىق ماروژنی!

— قايچا ـ پىچاق چاقلايمەن!

— ئاقۋالداق، ئاقۋالداق! بىر چۆمۈچى ئىككى موچەن!

پاھ، قالتىس ئىشقۇ، ئوقەتچىلەر دەرىزە تۈۋىگە، مۇلازىمەتچىلەر ئىشىك ئالدىغا كېپتۇ. لېكىن. لۇ خۇگچىنىڭ ماروژنىغىمۇ،ئاقۋالداقىمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. پىچاق چاقلىتىشنى بولسا، يولدىشى ۋۇ پېيفېن قىلىدىغان ئىش، ھازىر ئۇنىڭ ئېسى ـ يادى ماقالىنى قانداق باشلاشتا ئىدى. ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ دەرىزىنى يېپىۋالدى.

ۋاقىرىغان ئاۋازلار پەسلىدى، لۇ خۇگچىن شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن "ئەھۋال ئىچىگە كىردى". ماقالىنىڭ بېشىدا جەزمەن ئاساسىي مەقسەت قويۇلۇشى، يەنى ماقالىنى يېزىش مەقسىدىنى بايان قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا ماقالىنىڭ رىيال ئەھمىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى، كىتابخانىلارنىمۇ جەلىپ قىلغىلى بولاتتى....

ئاشخانىدىكى سۇ تۇرۇبىسىنىڭ جۇمگىدىن سۇ ئېقىۋاتقانلىقى، يولدىشىنىڭ قاچا ـ قۇمۇشلارنى يۇيۇۋاتقانلىقى ئاڭلاندى، ھەركىمنىڭ ئىشتىياقى چۇشكەن ئىشى بولىدۇ. ئۇ ئىككى كىشىنىڭ تاماق قاچىسىنى شۇنچە ئىشتىياق بىلەن يېرىم سائەتچە يۇيدى ـ دە!

— پېيفېن، ھەي پېيفېن!

— ھە، — يولدىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— زادى تۈگەمدۇ ـ تۈگىمەمدۇ؟

— تۈگىدى، تۈگىدى، — دىدى يولدىشى ۋە بىرئاز رەنجىگەندەك قىلىپ — مېنىڭ بۇ يەردىكى ئىشىمنىڭ تۈگەش ـ تۈگىمەسلىكى سىلىنىڭ نەلىرىگە تاقاشتى؟

— بەكلا تاراق-تۇرۇق بولۇپ كەتتىغۇ.
— تەرەت قىلالمىسلا تەرەتخانىدىن كۆرمىسىلە!

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى ئادەملەر بىر تەرەپتىن باشقىلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن خەت يازىدىكەن، بەزى ئادەملەر قايناق بازار بولۇۋاتقان يەردىمۇ كىتاب ئوقۇيالايدىكەن، لۇ خۇكچىننىڭ مۇنداق ئارتۇقچىلىقى يوق ئىدى، "ئەھۋال ئېچىگە كىرىپ" كەتكەندىن كېيىن، سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق تەسىر ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ تېرە قاتلىمىدا ئىككىنچى بىر جانلىنىش مەركىزىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى "ئەھۋال" ئىچىدىن قوغلاپ چىقاتتى، بۇ گەپلەرنى بۇ ئائىلە ئايالىغا چۈشەندۈرگىلى بولاتتىمۇ.

— سىلە يەنە نىمە يېزىۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى ۋۇ پېيفېن
— يېزىۋاتقىنىم...بۇنى سىزگە ئېيتقىنىم بىلەنمۇ ئۇقمايسىز.

ۋۇ پېيفېن لۇ خۇكچىننىڭ يازماقچى بولغان نەرسىسىنى راستىلا ئۇقمايتتى. بۇرۇن لۇ خۇكچىننىڭ "قەدىناس" ئايالى بار ئىدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى"نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە لۇ خۇكچىن "كالا ئېغىلى"دا ياتقان ۋاقىتدا ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئاجىز، كېسەلچان ئايالى تەشۋىش-خاپىلىق، غەزەپ، نەپرەت ۋە قايغۇ-ھەسرەت دەستىدىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. 70-يىللارنىڭ باشلىرىدا، لۇ خۇكچىن زاۋۇتتا نازارەت ئاستىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتدا ۋۇ پېيفېن بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ چاغدا ۋۇ پېيفېن تۇل قالغان بولۇپ، زاۋۇت يەسلىسىدە تەربىيىچى بولۇپ ئىشلەيتتى. تاسادىپىلىق بىلەن مۇقەررەرلىكنىڭ بەزىدە زادىلا ئوخشاشلىقى يوقمۇ ئەمەس. بىر قېتىم لۇ خۇكچىن ئاغرىپ قېلىۋىدى، ۋۇ پېيفېن يۈرەكلىك كېلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. لۇ خۇكچىن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار

www.uyghurkitap.com

بولدى. شۇنڭدىن كېيىن ئۇلار ھەۋەسمەن كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن توي قىلدى. گەرچە ئۇلار ئۆزئارا بىلىشمىسمۇ، لېكىن ئىغىر كۈنلەردە بىر بىرىگە ھاجەتمەن بولغان ئىدى. بۇلتۇر ۋۇ پېيفىن ھاردۇققا چىققاندىن كېيىن، ئۆي ئىشىنى پۈتۈنلەي زىممىسىگە ئالدى. بۇ "كاتەكچە"نىڭ ئىچىدە يۈرىدىغان لۇ خۇگچىنگە نىسبەتەن غايەت زور مەدەت بولدى. گۈل ــ گۈلىگە باپ كەلگەندە، ئۆزئارا ماسلىشىش ئىخمۇ جىق ئۇنۇم بېرىدۇ، مۇنداق ئەھۋال كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىسمۇ، لېكىن ئۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ ــ دە!

ئاشخانىدىكى تاراقشىغان ئاۋازلار ئاستا ــ ئاستا جىمىدى، لۇ خۇگچىن يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇچىنچى قېتىم "ئەھۋال ئىچىگە كىردى".

مانا مۇشۇنداق قىلىش كېرەك: باشتىكى ئابزاستا تېپىنىڭ كۆپ خىل بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغىلىشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. بارۋالى خانىم فرانسىيىنىڭ يېزا ــ كەنتلىرىنى ئارىلاپ، بىلىنمىدۇرمەي يىغلاپ يۈرىۋەرسۇن، ئۇنى قويايلى. بىراق، بۇ ئابزاسنى مۇمكىن قەدەر ئېنىق، توغرا، مېغىزلىغىراق قىلىپ يېزىش كېرەك، شۇنداقلا ئۇنى بەلگىلىك دەرىجىدە مەنىلىك قىلىش كېرەك، باشقا كىشىلەر بۇ پالانچىغا قارىتىلىپتۇ دەپ ئەيىپلەيدىغان بولۇپ قالمىسۇن....

تاك، تاك ــ تاك، تاك....

بىرسى ئىشىكنى ئۇردى، ئىشىكنىڭ ئۇرۇلۇشى جىددى ۋە قوپال ئىدى. قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ئىشىك خۇددى دۇمباقتەك دىرىلدەپ كەتتى، ئەگەر قاڭالتىر بىلەن قاپلانمىغان بولسا، ئىشىك سۇنۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئىشىكنى ئۇرۇشقا قارىغاندا، كەلگەن كىشىنى سىپايى

مېھمان دىگىلى بولمايتتى. ئۇ بىرەر مۇشكۇل ــ خەتەرگە ئۇچراپ، ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگۈچىمۇ ياكى بولمىسا قاچقان جىنايەتچىنى قوغلاپ خاتا كېلىپ قالغان ساقچىمۇ؟ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، لۇ خۇگچىن ئەمدى ئىلمىي ماقالىسىنى يازالمايدىغان بولدى.

## 2

لۇ خۇگچىن ئالاقزادە بولۇپ، كەمپىرى بىلەن قارىشىۋالغاندىن كېيىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

ئىشىك ئالدىدا تۇرغىنى قاشلىرى شالاڭ كەلگەن، خۇما كۆزلۈك بىر قىز ئىكەن! نىمە دىگەن ئاچچىغى يامان ــ ھە! قىز ــ چاقنىڭ چىچى كالتە قىرقىلغان بولۇپ، يۇمران ئىدى ۋە يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇ بوينى ئۇزۇنراق، ئىگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك ۋە سىپتا كەلگەن قىز ئىدى. ئەترەڭ كوپتىسىنىڭ ياقىسى قارا ــ كۆك ئىش كىيىمىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۇستىدىكى قوپال ئىش كىيىمنى سېلىۋەتسە، ئۇنىڭ دەۋر ھىسسىياتىغا مايىل قىز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولاتتى.

لۇ خۇگچىن قىزغا ئەجەپسىنگەن ھالدا قاراپ دىدى: — سىز...

— مەن شەھەرلىك گاز شىركىتىنىڭ قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدە ئىشلەيمەن.

— ھە......ئۇنداق بولسا...

— تۆشۈك ئاچىمەن، — دىدى قىزچاق مەغرۇر قىياپەتتە ئىشىكنىڭ يېنىدىكى تامنىڭ بۇلۇڭىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— تۆشۈك ئاچىمەن؟

— پولدىن تۆشۈك ئاچمىساق گاز تۇرۇبىسىنى ئەكىرگىلى بولاتتىمۇ؟ — دىدى قىزچاق لۇخۇڭچىننى ئەزمە ئادەمكەن دىگەن تەرىزدە.

ھىم، قىزچاقنىڭ بىر قولىغا بولىقا، يەنە بىر قولىغا ئىككى تال بۇرمىلىق پولات سۇمبە تۇتۇپ تۇرغانلىغىغا لۇخۇڭچىننىڭ ئەمدى كۆزى چۈشتى. بايا ئۇ مۇشۇ نەرسە بىلەن ئىشكىنى ئۇرغان ئىكەندە! بەللى، قۇراشتۇرۇش ئەترىتىنىڭ ئادەملىرى گاز ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىلىپ ئىش قىلىشتا مۇشۇنداق ھەيۋە بىلەن كىلىدىكەن — دە!

ئەمما، لۇخۇڭچىن گاز تۇرۇبىسىنىڭ ئىلىپ كىلىدىغان ھوزۇرىنى ئويلىغىنىدا، بۇنداق قوپال قىلىقلارنى ئىغىزغا ئىلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، دىگەن ھىسسىياتقا كەلدى. لۇخۇڭچىن بۇ يىڭى بىناغا كۆچۈپ چىققىنىغا 2 ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ گاز تۇرۇبىسى تىخىچە ئورنىتىلمىغان ئىدى. بۇ بىناغا كۆچكەن ۋاقتىدا ھىلىمۇ دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، نۇرغۇن ئەگىر — توقاي يوللارنى مىڭىپ يۈرۈپ، ئاران دىگەندە 15 كىلوگىراملىق بىر تۇڭ گازغا ئىرىشكەن ئىدى، كىيىنكى قىتىم نەدىن تىپىشنى بىلمەيتتى. شەھەرلىك ئەدىبىيات — سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەزەلدىنلا ئادەم، پۇل، ماددى نەرسىلەر بىلەن كارى بولمايدىغان قۇرۇق يامۇل بولۇپ، لۇخۇڭچىن بۇ قۇرۇق يامۇلدىكى قارانچۇق يايى ئىدى. ئۇنىڭ يا خىزمەت ۋەزىپىسى يوق، يا خىزمەت ئۇنۋانى يوق ئىدى، ئىجتىمائى پەنلەر داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كىيىن، ئۇ 30 — 40 يىل تەھرىرلىك ۋە ئىجادىيەت ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنى ئەدىبىيات سەھنىسىدىكى ئۇلۇغ ئەرباپ دەپ ئاتاشقا بولمىسىمۇ، لىكىن ئۇ بىرقەدەر تەسىرى بار بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى ۋە

ماقالىلارنى يازغان بولۇپ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىۋانغا ئىگە بولۇش لاياقىتى بار ئىدى. مەسىلە، ئۇنىۋان باھالاش ئىشىنىڭ ئىشلەنمىگەنلىگىدە. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ساھەدىكىلەر "بەكمۇ شالغۇت" ئىكەن. ئاشۇنداق بولغانلىقتىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن مەسىلە دەپ ھېساپلانمايدىغان، مەسىلەن، كۆمۈر گازى ئىشلىتىشتەك ئىشلار، لوخوگچىندەك پىشقەدەم ئىلىم خادىملىرى ئۈچۈن چوڭ مەسىلە بولاتتى. ئەگەر بۇ قىز گاز ئېلىپ كېلىدىغانلا بولسا، ئۇ ئۆيگە موللاق ئېتىپ كىرسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ. ئېھتىياج تەمىنلەشتىن ئېشىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، بازارغا چىققىنىدىن، ساڭا سېتىپ بەرگەنلىگىنىڭ ئۆزى ساڭا قىلىنغان چوڭ ئىلتىپات ئەمەسمۇ. قەلەندەرنىڭ سەدىقە بەرگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسىنى سورۇشتۇرۇشى كۈلكۈلۈك گەپتە!

قىزچاق ئىشىكتىن كىرىپلا، بولقا بىلەن سومبىنى يەرگە "توڭ" ڭىدە تاشلىدى. لو خوگچىن گويا ئۆزىنىڭ پۇتىغا چۈشۈپ كەتكەندەك چۆچۈپ، سەكرەپ كەتتى. ۋۇ پېيفېن پولنىڭ سىرى ئۇچۇپ كەتكەن يېرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئاغزىنى چىكىلدىتىپ قويدى، ئۇنىڭ بىر-ئاز ئىچى ئېچىشقان ئىدى. قىزچاق بولسا بۇ ئىككى ياشانغان ئەر-خوتۇننىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويماي، بۇرۇلۇپلا، بېشىنى بىر چۆرۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن ھاڭ-تاڭ قېلىپ: "بۇ نېمە بولغىنى، ئۇنىڭ نەرگە تېگىپ سالغاندۇق؟ ئىشىكنى ئېچىشىمىز كېچىكىپ قالغاندىمۇ؟ يا بولمىسا كۈتۈۋېلىشىمىز قىزغىن بولماي قالدىمۇ، ئۇنى ئىززەتلەپ "ئۇستام" دېمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلامدۇ؟ دەپ ئويلاشتى ھەمدە بۇنىڭغا قارىتا، ئۇقمايمەن، بەلكىم بىرئاز كېچىكىپ قالغاندۇق.

ئۇ نەۋرە قىزىمىزدىن سەللا چوڭدەك قىلىدۇ، ئۇنى قانداقچە "ئۇستام" دىگىلى بولسۇن؟ ئېھتىمال ئۇ ئۆزىنىڭ يىگىتى بىلەن رەنجىشىپ قالغاندۇ؟ دەپ جاۋاپ بېرشكەندەك كۆز بىقىشتى.

قىزچاق كىچىككىنە قاتلىما ئورۇندۇق كۆتەرگەن پېتى قايتىپ كەلدى، ئۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئەر-خوتۇنغا لاپپىدا بىر قارىۋېتىپ، قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە، تامىنىڭ بۇلۇڭىدىن پولنى تېشىشكە باشلىدى ـــ دوك، دوك!

بولقا ئاۋازىغا ئەگىشىپ، بىغىر رەڭلىك پولىنىڭ سىرى كۆچۈپ، كۇلرەڭ سىمونت تاختىنىڭ يۈزى ئېچىلىپ چىقتى.

لۇ خۇڭچىن شىرە ئالدىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ ئىلمى ماقالىسىنى يازالمىدى، كىتاپ ئوقۇشنى ئويلىغان ئىدى، لېكىن ھىلىقى "دوك، دوك"نىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن بىنا تىترىمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ كاللىسى خۇددى بىر توپ چىۋىن كىرىۋالغاندەك ۋىڭىلدايتتى. يۈرىكىمۇ دوك-دوكقا تەككەش بولۇپ زىڭىلداپ، خۇددى ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئېسىپ قويۇپ، كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك سىزىمدە بولماقتا ئىدى. لۇ خۇڭچىن ئاخىرى كىتاپنى تاشلاپ قويۇپ، تىت-تىت بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى.

ـــ قارىسىلا سىلىنىڭ بۇ پەرىشان قىياپەتلىرىنى، ـــ دەپ قولىنى سۈرتكەن پېتى كىرىپ كەلدى ۋۇ پېيفېن، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇق خېلى كېڭەيگەن ئىدى. ـــ سىلە پەقەت يېزىقچىلىق قىلىشنىلا بىلىلا، ماقالىنى گازىنىڭ ئورنىدا تاماق ئېتىشكە ئىشلەتكىلى بولامتى؟ بۇنى ئاۋۇ كىچىك ئۇستامغا ئاپىرىپ بېرەي، ـــ دىدى ئۇ بىر ئىستاكان چاينى راسلاپ.

دۇرۇست، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى شەكسىز ھەقىقەت ئىدى. مەنىۋى

ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى بىلەن ماددى ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلا-تىنىڭ ھېچقايسىسى بىر بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، "ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى بىرلىكتە تۇتايلى" دېيىش-نىڭ ھاجىتى يوق-تە. لۇ خۇڭچېننىڭ ئەزەلدىن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن كارى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گاز مەسىلىسىنىڭ كۆندۈلۈك ئائىلە تۇرمۇشىغا بولغان چوڭقۇر تەسىرىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغان ئىدى. گاز تۇڭىدىكى گاز تۈگەپ كېتىش بىلەن كېلىپ چىقىدىغان ئېنېرگىيە كرىزىسىنىڭ ۋاقتىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ يولدىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كۆك-تاماقلارنى پۈتۈن-لەي ئاددى قىلىش، ئوت ياقماسلىققا مۇمكىن بولسىلا، ياقماسلىق؛ بىر قېتىم ئوت يېقىشقا بولسىلا، ئىككى قېتىم ياقماسلىق؛ يېيىشكە تۇزلانغان كۆك بولسىلا، كۆك قورۇپ يېمەسلىك؛ بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى خۇسۇسى چايخانىدا قايناقسۇ ساتسىلا، ئەگەر بىر چايدان قايناقسۇ بىر موچەن بولسىمۇ شۇنىلا ئېلىش، ئۆيدىكى گازنى قوزغىماس-لىق، ھەر بىر گىرام گازنى ئىقتىسات قىلىپ، گاز تۇڭىنىڭ ئىشلە-تىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، تاكى گاز تۇرۇبىسىدىن گاز كەلگىچە چىداش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزگەن ئىدى. مۇسۇلمانلار ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي كۈندۈزى تاماق يېمەي ئاچ يۈرىدىكەن، بىزدە بۇنداق ئىش ئون يىلدىمۇ بىرەر قېتىم بولمايدۇ، توساتتىن ئىككى ئاي قېينالساق، ئۇنىڭ كارايىتى قانچىلىكتى؟ قورۇما كۆكنى ئازراق يېسەك، ئەت ئازراق قوشۇلىدۇ، ئورۇقلايمىز، قان بېسىمى تۆۋەنلەيدۇ، بۇنىڭ بەدەنگە چوڭ پايدىسى بار، دېيىشكەن ئىدى. لېكىن، بۇنىڭغا يېقىندىن بېرى لۇ خۇڭچېن چىدىيالمىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە قۇيماق بىلەن قايناقسۇ، ياكى قوتۇرماچ بىلەن

www.uyghurkitap.com

قايناقسۇ ئىچىش بولىۋەرگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن سېرىق سۇ يانىدىغان بولۇپ قالـدى، بىر تال قويـماق خۇددى لىم ياغاچـتەك تۇم كۆرۈنىدىغان، قوتۇرماچ ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى قازاننىڭ تۇۋىقىدەك چوڭ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، — ئۇ ھەقىقەتەن كۆزى قاراڭغۇلۇشۇپ ئايلىنىـپ كەتكۈدەك ئەھۋالغا كېلىپ قالـغان ئىـدى! ماقۇل، ھايات ياشاش ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇپ چېلىـنىدىـغان گۈزەل مۇزىكىـلار چېلىنىۋەرسۇن! تېگى ـ تەكتىـدىن ئالغانـدا، يەنىـلا ماددا بىرلەمچى ئەمەسمۇ!

— بۇ كىچىك ئۇستامنىڭ تامىقىـنى بىز بېرەمدۇق قانـداق، ھېچ ئۇقالمىدىمغۇ؟ — ۋۇ پېيفېن كىرىپ ئاستا سورىدى.

— ئۇنـداق ئەمەسـتۇ، — دىـدى لۇ خۇگېـن، — بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ.

— سىلە ماقالا يازسىلالا بولـدى، دۇنيادىكى ئىشلادىـن نىمىـنى بىلىلا؟ — دىدى ۋۇ پېيفېن ئېرىغا تەنبىھ بېرىپ، — سىلە ئۆيگە قارىغاچ تۇرسىلا، مەن چىقىپ بىرئاز ئۇتياش ئالغاچ، خولۇم ـ خوشنىـلاردىن ئۇقۇشۇپ باقاي. بۇ بىنادىكى بىرقانچە ئائىلىدە ئىشچىلار ئىشلەۋاتىدۇ، ئەگەر باشـقا خەقنىڭ ھەممىـسى تاماق بەرگەن بولسا، بىز بەرمىسەك بولامدۇ؟ ئۆزىـنىڭ ئىشى دىگەندىمۇ، خەق سىلىگە ئىشلەپ بەرمىسە، سىلىمۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇدىلا.

ئايالى چىـقىپ كېتىـش بىلەنـلا بولقىـنىڭ ئاۋازى نىمىشقىـدۇر توختاپ قالدى.

## 3

لۇ خۇگېن چىقىـپ قارىۋىـدى، ئىشىك ئۈچۈق تۇرۇپـتۇ، بولقا

بىلەن سۇمبە يەردە يېتىپتۇ، قىزچاق كۆرۈنمەيتتى.

لۇ خۇڭچىن بىزگە گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىپ بېرىۋاتقاندىن كېيىن، قىزچاققا ياردەملىشەي، بەربىر ماقالىنىمۇ يازغىلى بولمىدى، دەپ ئويلاپ، قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بولقا بىلەن سۇمبىنى ئېلىپ سىمونت پولنى تېشىشكە باشلىدى.

بولقا بىلەن سۇمبە ئاستىدا، سىمونت پول ناھايىتى قاتتىق بىلىندى. بولقا بىر ئۇرۇلسا، سىمونت پولدىن بىر قېتىم چاك كۆتىرىلەتتى-دە، پولدا خۇددى كۇنۇپكىدەك چوڭلۇقتا ئاق توچكا پەيدا بولاتتى. بۇ بىنا ياسىلىۋاتقاندا، ئاددى ۋاقىتلىق ئۆيدە تۇرۇۋاتقان لۇ خۇڭچىن بىنا قۇرۇلۇشىنىڭ سۇپىتىدىن ئەنسىرەپ، ئىش مەيدانىغا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن ئىدى. ئۇ بىرەر كىشىنىڭ شوخ باللىرىدىن بىرەرسىنىڭ بىر تېپىپلا تامنى ئۆرۈۋېتىشىدىن، پەلەمپەيدىن ئۈچ ئادەم تەڭ چىقسا، پەلەمپەينىڭ كۆتىرىلمەي ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىدى. گەج تاختىدىن ياسالغان تام بىر قات يالتىراق چاپلانمىسا، بارماق بىلەن بىر چوقۇسىلا تېشىلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنگەن ئىدى. بىراق، ئۆينىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدىكى پول شۇنچە قاتتىق ئىكەن. ئەگەر بۇ بىنا 30 يىل چىداشلىق بېرىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا، بۇلۇڭىنىڭ سىمونت نەرسىلىرى بەلكىم 300 يىل چىدىشى مۇمكىن. بىر جەھەتتىن ئويلىسا، بۇ ھازىرقى زامان باشقۇرۇش ئىلمىدىكى قىممەت قۇرۇلۇشى پرىنسىپىغا ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىكەن.

شۇنداق بولسىمۇ، لۇ خۇڭچىن داۋاملىق ئىشلىشى مۇمكىن. گەرچە بۇ ئۇنىڭ كەسپى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىش ئۇنۇمى قىزچاقنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدە ئۇ

www.uyghurkitap.com

بىر تاغلىق كەنتتە ئىككى يىل ئۆزگەرتىلگەن، شۇ چاغدا، تاش قېزىپ قىر سوقۇپ، ”داجەي ئېتىزى“ ياسىغان ۋاقىتتا بولقا سومبە ئىشلىتىشنى ئانچە ـ مۇنچە ئۆگىنىۋالغان ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى ئىشلىتىپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

ــ ھىق، ھىق... ــ قاشلىرى شالاڭ كەلگەن، خۇما كۆزلۈك ھىلىقى قىز قاچانلاردا قايتىپ كەلدىكىن تاڭ، بىر چەتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى.

ــ نىمىگە كۈلىسىز؟ ــ دەپ سورىدى لۇ خۇڭچىن.

ــ بوش كەلمەيدىكەنسىز جۇمۇ!

ــ قانداقىسىگە؟

ــ سىزنىڭ بولقا تۇتالىشىڭىزنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ــ نىمىشقا تۇتالمايدىكەنمەن؟

ــ مەن سىزنى بىر پىروفېسسورمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

ــ شۇنداقمۇ؟

ــ چېچىڭىزغا ئاق كىرىپتۇ، تار گىرۋەكلىك كۆزەينەك تاقايدى-كەنسىز، كۆرۈنۈشىڭىزمۇ سىپايى، ئۆيىڭىزدە شۇنچە نۇرغۇن كىتاپلار بار ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قارىغاندا تازىمۇ ئوخشايسىز.

ــ راست گېپىمنى ئېيتسام، قىزىم، مېنىڭ بولقا تۇتقان ۋاقتىم سىزنىڭ يېشىڭىزدىن خېلىلا كۆپ، مەن بۇنىڭغا تايىنىپمۇ نان تېپىپ يېيەلەيمەن.

ــ ھىم، بۇنداق نانغا كىم خۇشتار ئىكەن! يولى بارلىكى ئادەملەر ئاللىقاچان بۇ ئىشنى تاشلىدى. كۈن بويى زورۇقۇپ جاپالىق ئىشلەۋاتقان، بۇ ئىش ھەم چارچىتىدىغان، ھەم پاسكىنا ئىش، بىرەر قېتىم ياخشىراق كىيىنىپ يۈرگىلى بولمايدۇ. سىلەرچۇ؟

ئىشقا بارمايسىلەر، شامال تەگمەيدىغان، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاپ ئوقۇيسىلەر، خەت يازىسىلەر، ئاي ئاخىرىدا ئالىدىغان پۇلۇڭلارمۇ ئاز ئەمەس. تۇرمۇشۇڭلار نىمە دېگەن پەيزى-ھە! — قىزچاق سۆزلەۋېتىپ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، — چوڭ ئۇستام، ئىشلىگەچ تۇرسىلا! — دېدى-دە كېتىپ قالدى.

لۇ خۇڭچېن ئۇ قىزنىڭ نىمە ئىشقا كېتىۋاتقانلىغىنى بىلمەكچى بولۇپ:

— قىزچاق، بۇ... — دەپ سورىدى.

— تۆشۈكنىڭ كەڭلىگى 10 سانتىمېتىردىن كەم بولمىسۇن.

لۇ خۇڭچېن بىر ھازاغىچە تۆشۈك تەشتى، بولىقا تۇتقان قولى بارغانسېرى دەرمانسىزلىنىپ. ئۇرغان بولقىسى جايىغا تەگمىگىلى تۇردى، سۇمبە تۇتقان قولى بولسا، سىرقىراپ ئاغرىپ، بارماقلىرى سەل تىترىگىلى باشلىدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ بېغىشلىرىغا سىمونت ئۇگۇندىلىرى چاپلىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ سىمونت پولدا پەقەت ئاز كەم 2 سانتىمېتىرغا يېقىن چوڭقۇرلۇقتا بىر ئويۇق ئويۇلۇپتۇ. مۇنداق ئىشلارنى قىزلار ئىشلىسە قىزلارغا راستىنلا ئېغىر كېلىدۇ. يىغىپ كەلگەندە، مەسلە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى بىلەن كۆمۈرگازى شىركىتىگە يەنى ئىككى ئورۇنغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بىنانى ياساۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇلار نىمە ئۈچۈن گاز تۇرۇبىسىنى بىللە ئورناتمىغانكىنە؟ "پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاخمات"، دۇرۇس؛ مەسلە ھەر بىر شاخمات ئورۇغىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پادىشالىق قۇرۇۋالغانلىغىدا. شۇڭا، گەرچە بىر شاخمات تاختىسىدا بولسىمۇ، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىش قىيىن بولۇپ قالغان ئىدى. بىرسى پولنى سىلىق-ياڭتىراق قىلماقچى، يەنە بىرسى پولدا تۆشۈك تەشمەكچى. قۇرۇش — بۇزۇش، يەنە

www.uyghurkitap.com

قۇرۇش — يەنە بۇزۇش ئۇزۇلمەي داۋاملىشىۋېرىدۇ. جۇڭگولۇقلار ھېساۋات قىلىشقا ئۇستا: ئۇلار مەيلى قۇرۇلۇش قىلىشتىن، پاكى بۇزۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئىشقىلىپ ھەممىسىلا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىسا، پۇل بېرىدىغان ئادەم بولسىلا بولىدىمۇ، دەپ ئويلىشىدۇ. بىراق، ھېلىقى قىزچاق نەگە كەتتى؟ ئۇ، بۇ ئىشنى دائىم ئىشلەپ يۈرگەندىن كېيىن، ئېھتىمال ئۇنىڭ بىر ئامالى باردۇ؟

4

قېرىلىققا تەن بەرمەيمۇ بولمىدى، لۇ خۇڭچىن ئارام ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ شىرە ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ يەنە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە قولىنى ئۇزىتىپ ئۆزىنىڭ ئىستاكاننى ئالدى. ھوي، بۇ نەدىن كەلگەن قان؟ ھە، بايا بولقا تۇتقان قولىنىڭ بىگىز قولى بىلەن ئوتتۇرا قولىنىڭ ئوتتۇرىسى قاپىرىپ قان ئۇيۇپ قالغان ئىدى، ئەنە شۇ يەر يېرىلىپ كېتىپتۇ-دە، ئۆزەم شىلتىڭ ئېتىپ قويۇپ، ئۆزەمگە ئىش تاپتىم، ”ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا“، يەنە كىمدىن يامانلايتتىم. پەقەت گاز تۇرۇبىسى تېزرەك ئورنىتىلسا، ئېنېرگىيە كىرىزىسىنىڭ ئەندىشىسىدىن قۇتۇلساق، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاز-تولا چىقىم تارتساقمۇ ئەرزىيدۇ ئەمەسمۇ. بىراق، ھېلىقى شالاڭ قاشلىق خۇما كۆز قىزچاق نەگە كەتكەندۇ؟ سائەت 11 بوپتۇ، ھېساپلاپ كۆرسە، ئۇنىڭ كەتكىنىگە 2 سائەتتىن ئېشىپتۇ، قانداق بولمىسۇن كېلىش كېرەك ئىدى. ئۇ قىز كېلىپ: ”ھى-ھى، چوڭ ئۇستام يارايسىز! رەھمەت سىزگە!“ دەپلا قويسا، لۇ خۇڭچىن ئۇ قىزدىن ئاغرىنمايتتى.

كۈتكەن ئاياق تاۋۇشى ئاخىر ئاڭلاندى. لېكىن، بۇ ھېلىقى قىزچاق ئەمەس، بەلكى سېۋەت كۆتەرگەن ۋۇ پېيفېن ئىكەن.

— قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىكى بۇ ياشلارنىڭ ئىشى راستىنلا قاملاشمىدى. قارىسىلا، ئاندا-مۇندا ئىشلەپ قويۇپ، ئىشتىن بۇرۇنلا چۈشۈپ كېتىشتى! — ۋۇ پېيفېن ئىشىكتىن كىرىپلا ئاغرىنغىلى تۇردى.

— ئىشتىن چۈشتى؟ كىم ئىشتىن چۈشۈپتۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ خۇڭچېن.

— ھەممىسى ئىشتىن چۈشتى. مەن بىنانىڭ ئىشىگىدىن كىرىۋاتقاندا، قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىكى ئىشچىلارنىڭ چۈشلۈك تاماق يېيىشكە ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن ماشىنىغا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بىزنىڭ ئۆيدە ئىشلەۋاتقان ھېلىقى قىزچاقمۇ ماشىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — لۇ خۇڭچېن دەرىزە يېنىغا كېلىپ پەسكە قارىۋىدى، پەستە راستىنلا بىر يۈك ئاپتوموبىلى تۇرۇپتۇ، كوزۇپ ئىچىدىكىلەر پۈتۈنلەي قىز-يىگىتلەر بولۇپ، بەزىلىرى ئولتۇرۇپتۇ، بەزىلىرى ئۆرە تۇرۇپتۇ، گويا سېرىكچى سېھىرگەرلىك قىلىۋاتقاندەك، ئاپتوموبىل ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ھېلىقى توق قاراكۆك رەڭلىك خىزمەت كىيىملىرى كۆرۈنمەيتتى، ئاپتوموبىل ھۆپپىدە ئىچىلغان كاككۇك گۈلدەك بېزەلگەن ئىدى. ئۇ كۆز ئەينىكىنى ئىتتىرىپ قويۇپ، ھېلىقى شالاڭ قاشلىق، خۇما كۆز قىزچاقنى ئىزدىدى. ئۇنىمۇ تاپتى. ئۇ ھازىر ئۈستىگە سۇس ئەترەڭ چاقماق كوپتا كىيىۋالغان بولۇپ، كوپتىسى بەدىنىگە يېپىشىپ تۇراتتى، بەدىنىنىڭ گەۋدىلىنىشكە تېگىشلىك جايلىرى گەۋدىلىنىپ، ئىچىگە تارتىلىشقا تېگىشلىك يەرلىرى تارتىلىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان بولۇپ، جۈغى ناھايىتى كېلىشكەن قىز ئىدى. ئۇ يېنىدا تۇرغان يەنە بىر قىز بىلەن قىزىق پاراڭلىشىۋېتىپ كۈلۈۋىدى، كۈلكە چىراي يۈزى ئاجايىپ ئۇماق ۋە ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار نېمىشقا ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئىشنى ئورۇندىمايدۇ؟ شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئۇ قىزنى: ياش ئەمەسمۇ، بۇلار ھامانەم ئويۇنچى كېلىدۇ-دە، — دەپ كەچۈردى. ئۇ ۋۇ پېيفېنىغا قىزچاقنىڭ ئىشتىن قاچقان ئىشلىرىنى دېمىدى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ۋۇ پېيفېن ئېرىنىڭ چوكا تۇتقان قولىنىڭ بىرئاز تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى ۋە:

— قوللىرىڭغا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

لۇ خۇگېن بىرئاز ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئاخىر چۈشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالىنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ ئاددىلا ئېيتتى، خۇددى ئۇ باشقا بىر ئادەمنىڭ ئىشىدەك، ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان كىچىككىنە ئىش تەرىقىسىدە سۆزلىدى. ئەمما بۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋۇ پېيفېننىڭ راسا نارازىلىقىنى قوزغىدى.

— ئىشچى دېگەن ئىش قىلغاندا ئاشۇنداق ھورۇنلۇق قىلسا بولامدۇ، نېمە قىلغىنىغا مائاش ئالىدۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، گاز تۇرۇبىسى ئېشەك يىلىدا ئورنىتىلامدۇ؟ قېنى، ئۇلارنىڭ ئەترەت باشلىقى كەلسۇنچۇ، ئۇنىڭغا دېمەيدىغان بولسام! — ۋۇ پېيفېننىڭ يۈزلىرى كۆپىشىپ قىزىپ كەتتى، ئۇ ھاسىراپ نەپەس ئالماقتا ئىدى.

— بولدى، قويۇڭ، بەزى ياشلار ئىشلىگەندە مۇشۇنداق قىلىدۇ. سىز بېرىپ ئەرز قىلىمەن دەپ، بۇ قىزنى مۇكاپاتتىن قۇرۇق قويماڭ يەنە.

— مۇكاپات ئالىمەن دېسە، ياخشىراق ئىشلىسە بولاتتى.

— ئۇ چۈشتىن كېيىن ياخشى ئىشلىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس.

ئەمما، قىزچاق چۈشتىن كېيىن كەلمىدى. پۈتۈن بىنا بويىچە پول تەشكەن ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. بۇنىڭدىن قىزچاقنىڭ ھەمىراللىرىنىڭمۇ كەلمىگەنلىگىنى پەملەشكە بولاتتى. لېكىن، لۇ خۇگېن بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىلمى ماقالىسىنى يازالمىدى، قولىغا قەلەمنى ئېلىش بىلەنلا، قولى دىر-دىر تىترەپ، يازغان خەتلىرى خۇددى يىقىلىپ ياتقان مەس ئادەمگە ئوخشاپ، ھەر بىر سىزىغى ھەرىنىڭ چىشىدەك ئىگىز-پەس چىقىپ، ئۆزىنىمۇ تويغۇزۇۋەتتى.

ئەتىسى ئەتتىگەن سائەت سەككىز يېرىم بولغاندا، قىزچاق ئاخىر كەلدى. ئۇ يەنىلا تۈنۈگۈنكى فورمىدا ياسانغان بولۇپ، كەيپىياتى ئوچۇق، خاتىرجەم ئىدى. ئۇ سىرتتا تۇرۇپلا تامنىڭ بۇلۇڭىغا قاراپ: — ۋاي-ۋۇي! تېخىچە تۈگىمىدىمۇ؟ — دىدى.

لۇ خۇگېن ئۇ قىزنىڭ سورىغان سۆزىدى ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى:

— سىز قاچانلاردا مېنى ئىشقا سالىدىغان باشلىغىم بولۇپ قالدىڭىز؟

لۇ خۇگېن گېپىنى تۈگەتمەيلا، قىزچاق يېڭى بۇيرۇق چۈشۈردى:

— بۈگۈن چوقۇم تېشىپ پۈتتۈرۈۋېتىڭ!

ۋۇ پېيفېن ئالدىراپ كېلىپ دىدى:

— قىزىم، بۇ ئىشنى ئەسلى سىلەر...

— بىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى تولا، — قىزچاقتىن چىقىۋاتقان گەپلەر مۇز توقماقتەك قاتتىق تەگمەكتە ئىدى، — بىراق، ئىشلەپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتىمىز، باشقا جايدىكىسىنى دىمەيلا قويايلى، مۇشۇ ئولتۇراق جاي رايونىدا بەش بىناغا گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىش

كېرەك. ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ بىناغا ئورنىتىپ بېرىۋاتقانلىغىڭىزنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش.

— ئۇنداق بولسا... بۇنداق ئىشنىڭ ھەممىسىنى گاز ئىشلەتكۈچىلەر ئۆزى قىلامدىكەن؟ — دېدى ۋۇ پېيفېن يەنە بىر ئاز قايىل بولماستىن.

— بىزنىڭ ياڭ دۈيجاڭ: ئومۇمەن، ئىشلەشكە چامىسى يېتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزى تۈشۈك تەشسۇن، كىم بۇرۇن تېشىپ بولسا، ئالدى بىلەن شۇنىڭغا ئورنىتىپ بېرىڭلار؛ ئىشلەش قۇدرىتى يوقلار ساقلاپ تۇرسۇن، دېدى، لېكىن، قايسى ۋاقىتتا گاز ئىشلىتەلەيدۇ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىش قىيىن.

— ئوھوي...

لۇ خۇكچىن ۋە خوتۇنى تەڭلا ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا بېشىنى گىلدىڭشىتىپ قويدى. ياڭ دۈيجاڭنىڭ سۆزى مۇۋاپىقمۇ، ئەمەسمۇ، ئۇنى قويۇپ تۇرايلى، ھازىرقى مۇھىم مەسىلە گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىش ئىشىدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئىدى. لۇ خۇكچىن قىزچاقنىڭ تەكەللۈپ سۆزلىرىنى ئەمدى كۈتۈپ تۇرمايدىغان بولدى، ۋۇ پېيفېنمۇ بېرىپ "ئىنكاس" قىلمايدىغان بولدى. گاز يېقىش كېرەكمۇ؟ ياكى روزا تۇتۇش كېرەكمۇ؟ كونا ئەنئەنە بويىچە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەن ياخشى. "ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈكنى مول قىلىش" بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئۇلۇغ ھەقىقەت ھېساپلىنىدۇ.

قىزچاق تانسا ئويناۋاتقاندەك، قەدەملىرىنى ئوينىتىپ چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى: "بىزنىڭ ئەتىمىز، بىزنىڭ ئەتىمىز، ھەسەلدىنمۇ تاتلىق بەختىمىز...".

لۇ خۇگچىن قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان قولىغا قايتىدىن بولقىنى ئالدى.

— هوي دادىسى، توختاپ تۇرسىلا، — دىدى ۋۇ پېيفېن بوۋايغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلىپ، ئۇ جان ئۆپرىتىدىغان بۇنداق ئىشنى بىر ئامال قىلىپ باشقىلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىش كويىدا ئىدى، — مەن بىرىپ باشقا كارىدوردىكىلەردىن سوراپ باقاي. ئەگەر ھەممەيلەن مۇشۇنداق قىلىۋاتقان بولسا ئەلمۇكمۇلللا دىگۈلۈك، ناۋادا ئۇ قىز يالغاندىن قۇتلۇق بۇيرۇق يەتكۈزۈپ يۈرگەن بولسا، مەن جەزمەن ياك دۈيجاڭنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ئېيتماي قويمايمەن.

لۇ خۇگچىن بىرنەچچە مىنۇت ئىشلە-ئىشلىمەيلا، ۋۇ پېيفېن ھەسرەپ-ھۆمدەپ قايتىپ كەلدى.

— ۋاي دادىسى، چاققانراق تەشمسەك بولمغۇدەك! ئۆي بىسىپ شۇنداق قىلىۋېتىپتۇ. سودا ئىدارىسىنىڭ هاردۇقىقا چىققان باشلىغى چېن جۈيجاڭ چېغىدىمۇ ئۆزى ئىشلىگىلى تۇرۇپتۇ، تېخى ئۆزى ئىشلەپ بولالماي، بوگۈن ئوغلىنى چاقىرتىپ كەپتۇ. ئەگەردە تۆشۈكنى چاققانراق تېشىپ پۈتتۈرمىسەك، راستىنلا تاشلىنىپ قالغۇدەكمىز. بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەسكەن. قولىرى ئاغرىۋاتامدۇ؟ قىزىل دورىدىن ئازراق سۈركەپ قويايمۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. بۇ قانداقلا بولمىسۇن ئەۋلىيا-ئەنبىيالاردىن تىلەپ، كىشلەرگە يالۋۇرۇپ گاز تاپقاندىن مىڭ ياخشى. سىلە هارغاندا مەن تېشەي، ئىككىمىز نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيلى.

— سىز؟

— بولمىسا، مەن سىلىگە كېلىشتۈرۈپ بىر تاماق ئېتىپ بېرەي، گازنى كۆپرەك ياقساقمۇ مەيلى، بوگۈن بارىنى ئېلىپ چىقايلى،

بەربىر گاز كېلىشكە ئاز قالدىغۇ!

## 5

بىر يېرىم كۈن جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، پولىدا ئاخىر تۆشۈك ئېچىلىدى. ئۇنىڭ بەدىلىگە لۇ خۇڭچىننىڭ قولىنىڭ يەنە ئىككى يېرىدە قان ئۇيۇپ قالدى. يەنە بىر يېرى قاپاردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغان سىزغۇچنى تېپىپ كېلىپ، ئېچىلغان تۆشۈكنى ئۆلچىۋىدى، تۆشۈكنىڭ كەڭلىگى تەكشى بولمىغان يەرلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ 12 سانتىمېتىر بوپتۇ. ئۇ بۇنى ئۆلچەمگە لايىق بوپتۇ، دەپ ھىساپلىدى. گەرچە پۈتكۈل بىنادىكى باشقا ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشچىلارنىڭ بۇيرۇغى بويىچە ۋەزىپە ئورۇنلاۋاتقان، بىنادا تاڭلىدىغان ئاۋاز كۈن بويى ئاڭلىنىپ تۇرغان، تىپىك ئوبراز توغرىسىدىكى ماقالا يېزىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن لۇ خۇڭچىن ئۆزىنى خۇددى بىر ئېغىر يۈكنى ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلىغاندەك ھىس قىلدى. بۇ سىلكىنىش گەرچە يېقىمسىز ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ساداسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇزاقتىن بېرى كۈتۈپ كەلگەن بىر خىل ئىنجىل ئىدى. ئۇ ئامېرىكالىق سۈشان لانگې يازغان «سەنئەت مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك كىتاپنى قولغا ئېلىپ، كىتاپنىڭ بېشىدىكى بىرنەچچە يۈز سۆزلۈك مۇقەددىمىسىنى ئوقۇپ بولا ــ بولمايلا، ۋۇ پېيفېن ئالاقزادە قىياپەتتە كىرىپ كەلدى.

ــ دادىسى، چاققان چىقىپ قاراپ باقسىلا!

ــ نىمىگە؟

ــ گاز تۈگىمىزدا گاز تۈگىگەن ئوخشايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

لۇ خۇڭچىن ئالدىراپ ئاشخانىغا چىقىپ، گاز تۇڭىنى كۆتىرىپ، چايقاپ كۆردى، ئاغزىنى بۇراپ باقتى، پالاكەت بېسىپتۇ. يولدىشىنىڭ ئېيتقىنى توغرىكەن، ئۇ قالغان گاز كۆپ بولسا ئىككى قېتىم تاماق ئېتىشكە يېتىدۇ، دىگەن ئىدى، كۆرمىسىڭ ئامال - چارىلار بىلەن تېجەپ - تىمەپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بولىدىغان ئىشىرگىيە كىرىزىسى ئاخىر بولدى. بۇنى گازنىڭ سۇپىتى يۇقۇرى ئەمەسكەن دەپ ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. ھىساپلاپ كۆرگەندە، 15 كىلوگىرام گاز 72 كۈنگە يېتىپتۇ. گاز دىگەن يادرو يېقىلغۇسى ئەمەستە، گاز تۇرۇبىسىدىن گاز كېلىشكە ئۈمت باغلىغان بىلەن، ئۇ "يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالماس" دىگەندەك بىر ئىش بولىدۇ. ئۇنداقتا، يەنە نەگە بېرىپ بىرەر تۇڭ گاز تاپقىلى بولىدۇ؟ ئەمدىلا ئۈستىدىكى بىر يۈكنى تاشلىغاندا، يەنە بىر يۈك ئارتىلدى. گازنىڭ تۈگەپ كېتىشى بىلەن لۇ خۇڭچىننىڭ ماقالا يېزىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، كىتاپ ئوقۇشقىمۇ كۆڭلى تارتماي كەيپى ئۇچتى.

كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ياشانغان ئەر - خوتۇن قاتتىق تاكاللىشىپ قالدى. لۇ خۇڭچىن: گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىلىۋاتىدۇ، ھەپتە - ئون كۈنگە قالماي گاز كېلىدۇ، ئىككى ئاي روزا تۇتۇپمۇ چىدىغان ئىدۇق، بولدى، بىرنەچچە كۈن تەييار تاماق سېتىۋېلىپ يەپ، گازنىڭ كېلىشىنى كۈتەيلى، دەپ تەكلىپ قويدى.

بەكمو چىرايلىق ئويلايدىكەنلا! — دىدى ۋۇ پېيفېن.

— سىز كۆمۈرگازى شىركىتىنىڭ جىڭلىسىدىن سورىغانمۇ؟

— ئۇنى سوراشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ — دىدى ۋۇ پېيفېن ئىشەنچلىك ھالدا، — ئالدىمىزدىكى 29 - بىنانىڭ گاز تۇرۇبىسى دەل 2

ئايدا ئورنىتىلىپ بولدى. بۇ بىناغا ئورنىتىشقىمۇ ئۇنىڭدىن ئاز ۋاقىت كەتمەيدۇ.

— ھە! — لۇ خۇگېن چۆچۈگىنىدىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى، — شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كېتەمدىكەن؟

— سىلە پەقەت ئۆيدە كىتاپ دۆۋىسىگە يېتىپ ئولتۇرۇشنىلا بىلىلا، دۇنيادىكى ئىشلارنى قىلچە ئۇقمايلا! سىلە چىقىپ ئۇقۇشۇپ باقسىلا، قايسى بىر بىناغا گاز تۇرۇبىسىنى ئورنىتىش بىر-ئىككى ئايسىز پۈتۈپتىكەن؟ — ئۇنى تېخى خەقلەر ئىشلەپ پۈتتۈرۈشنى خالىسا بولىدۇ!

— ئەگەر... ئەگەر ئىشلەشنى خالىمىسىچۇ؟

— ئىشلەشنى خالىمىسا دەۋاتاملا؟ ئىشلەشنى خالىمىسىچۇ 4 — 5 يىلغىچە سىلىمۇ گاز ئىشلىتەلمەيلا، ھەممىشە روزا تۇتىدىغان ئىش بولىدۇ!

ياپىر! قارىغاندا جىددى تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى تۈرلۈك ئۇسۇل قوللانماقچى بولدى: بىرسى، يېقىنقى مەزگىللىك پىلان بولۇپ، ئالدى بىلەن بىر دانە كىرسىن ئوچاق سېتىۋېلىپ، شۇنىڭدا تاماق ئېتىپ يەپ تۇرۇش؛ ئىككىنچىسى، يىراق مەزگىللىك نىشان بولۇپ، لۇ خۇگېن ئەتىلا چىقىپ مۇشۇ بىنانىڭ 2-كارىدورىدا ئولتۇرۇشلۇق شۇ جۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى. شۇ جۇيجاڭ شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، گەرچە ئۇ شەھەرلىك كۆمۈر-گازى شىركىتىنى باشقۇرمىسىمۇ، لېكىن، قانداقلا قىلسا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارى-دە! ئۇ ئادەم بېرىپ قوراشتۇرۇش ئەترىتىگە تەسىر كۆرسەتسە، ئىش سۈرئىتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

لۇ خۇگچىن بۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈگىدىن گۇمانلىنىپ:

— ئۇمۇ مۇشۇ بىنادا ئولتۇرىدىغان تۇرسا، گاز يوقلۇغىدىن ئۇمۇ جىددىيلەشمەسمۇ؟ — دىدى.

— ۋاي-ۋۇي، سىلە دۇنيادىكى ئىشلارنى راستىنلا بىلمەيدىكەنلا؟ — دىدى ۋۇ پېيفېن، — شۇ جۇيجاڭنىڭ گاز تۇڭى بار، بىر تۇڭنى يىقىپ تۈگەتمەيلا، يەنە بىر تۇڭنى خەقلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېپكىرىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ گاز تۇرۇبىسىدىن نىمە پەرقى بار؟

بۇ ئورۇنلۇق سۆز ئىدى. يەنىلا شۇ جۇيجاڭنى تاپقان تۈزۈك. ئۇنىڭ تۈزۈكلۈگى شۇ يەردىكى، بۇ كۆپچىلىككە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، ئىشىك ئاتلاپ ئارقا ئىشىكتىن مېڭىشقا توغرا كەلگەندەك، ئېغىز ئېچىش تەس كېلىدىغان ئىش ئەمەس-تە!

— ئوھۇي، يازغۇچى ئىكەنسىغۇ! — شۇ جۇيجاڭنىڭ ئايالى زىڭ مىن ئۇنى كۈتۈۋالدى، — كېلىڭ، ئۆيگە كىرىڭ.

زىڭ مىن قىرىق نەچچە ياشلاردىكى سېمىزرەك كەلگەن ئايال ئىدى. لېكىن، ئازادە ۋە سىپتا يازلىق كىيىمى بىلەن ئانچىمۇ سېمىز كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ۋاقىتلىرىدا ئىككى مەڭزى كىشىنى سۆيۈندۈرۈپ يالتىراپ كېتەتتى، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، خۇددى قىيىن مەسىلىلەرنى بىر ياقلىق قىلىشقا ماھىر ئۇستا دىپلوماتلارنىڭ كۆزىگە ئوخشايتتى.

ئۇ لۇ خۇگچىننى بىر ئۆيگە باشلاپ ئېپكىرىپ ئولتۇرغۇزدى. بۇ شۇ جۇيجاڭنىڭ بەگزادىسىنىڭ ياتىغى ئىدى.

— شۇي جۇيجاڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ خۇگچىن.

— بار، ئىككى مېھماننى كۈتۈۋاتىدۇ، — دىدى زىڭ مىن، — بىزنىڭ ئۆيگە ئادەم ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك

www.uyghurkitap.com

تويدۇق.

ئۆزىمۇ ئاشۇ تۇيغۇزۇۋەتكەنلەر قاتارىدىكىدەك لۇخۇگچىننىڭ يۈرىگى قاتتىدا قىلغاندەك بولدى-دە، يۈزلىرى بىردىنلا كۆيگەندەك قىزىپ كەتتى.

— بىراق سىزگە ئوخشاش پىشقەدەم يازغۇچىلارنى چايغا ئېتىپمۇ ئېپكىلەلمەيمىز! لاۋشۇ تېخى تۈنۈگۈنلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلغان ئىدى!

ئاچىك يەڭگە تەقلىتىدىكى قالتىس ئايال ئىكەنغۇ بۇ! لېكىن لۇخۇگچىن بىلەن شۇ جۇيجاڭنىڭ ھەقىقەتەن «تەقدىرداش-ھەمنەپەس» بولۇپ تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن بىر مەزگىلى بولغان: "مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدە ئۇلار يېزىدا بىرلىكتە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن ئىدى.

— مېنىڭ بىرئاز ئىشىم بار ئىدى، — دىدى لۇخۇگچىن، — چوڭ ئىش ئەمەس. ناۋادا، شۇ جۇيجاڭ ئالدىراش بولسا، سىزگىلا ئېيتاي، سىز ئۇ كىشىگە يەتكۈزۈپ قويسىڭىز...

— ياق، ياق بولمايدۇ، — دىدى زىبىڭ مىن كۈلۈپ تۇرۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — بىز ئىككىمىزنى دىسىڭىز، ئۇ — ئۇ، مەن — مەن، ھەرقايسىمىز ئۆز پەدىمىزگە چالىمىز، ئۆز مۇقامىمىزغا توۋلايمىز، ھەر بىرىمىز ئۆز ئىشىمىزنى قىلىمىز، ئۆز يولىمىزغا ماڭىمىز.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ زىبىڭ مىن شەھەرلىك قايسى بىر شىركەتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن، شۇڭلاشقا گەپكە ئۇستا ئوخشايدۇ. لۇخۇگچىن ئاخىر ئۆزىنىڭ شۇ جۇيجاڭنى ئىزدەش مەقسىدىنى ئۇنىڭغا دىدى.

زىلىك مىن ئاڭلاپ بولۇپ كۆلۈپ كەتتى ۋە خۇددى ئۇستا ئوۋچى ئەمدىلا ئورمان ئىچىدىن چىققان بۇغا ـ مارالىغا قارىغاندەك، قىيا كۆزى بىلەن قاراپ تۇرۇپ: ـــ بۇ راست ئۇ بىچىرىدىغان ئىش ئىكەن، يەنىلا شۇنىڭ ئۆزىنى تاپمىسىڭىز بولمايدۇ! ـــ دېدى.

ئارىلىقتىن ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى. روشەنىكى، شۇ جۇيجاڭ مېھمان ئۇزاتماقتا ئىدى.

زىلىك مىن ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى يول باشلىغۇچى قىزلاردەك قولىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ:

ـــ قېنى، پىششەدەم يازغۇچى، مېھمانخانىغا مەرھەمەت، ـــ دېدى.

لۇ خۇگېچىننىڭ بۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى بۇ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم كىرىشى ئىدى. مېھمانخانا ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، ئەمىلىيەتتە، كۆنگەيگە قارايدىغان ئادەتتىكى بىر ئېغىز ئۆي ئىدى. ئاق كىرلىك بىلەن قاپلانغان سۇنئى بولغارىدىن ياسالغان چوڭ ـ كىچىك كىرىسلۇ، بىغىر رەڭلىك ئۇزۇنچاق شىرە، پارقىراپ تۇرغان كامۇت ئىچىگە تىزىلغان رەڭگا ـ رەڭ هاراق بوتۇلكىلىرى ۋە ھەژدەرھا سۈرەتلىك نەپىس ئىشلەنگەن هاراق قاچىلىرى، يەرگە تىكلەپ قويۇلىدىغان توك شامالدۇرغۇچ ۋە رەڭلىك تېلېۋىزور... ماددى مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى سەر خىل ئىدى. پەقەت كىتاب تەكچىسىلا قۇرۇق تۇراتتى. ئۇنىڭغا بىرنەچچە پارچە كونا كىتاپتىن باشقا پار ـ پۇر ماگازىنىدىن سىپتۇۋېلىنغان ئۇششاق ئويۇنچۇقلار تىزىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇدۇلدىكى تامغا ئېسىلغان جۇڭگوچە رەسىم ۋە ھۆسنىخەت شەھەردىكى ئانچە كۆزگە كۆرۈنمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئىدى. ئۆي ئىچىدىكى ماددى بۇيۇملارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ نىملەر بەكمۇ چېنىپ قالغان ئىدى. ئەڭ

قىزىقارلىقى شۇكى، لۇ خۇڭچىن بىلەن شۇ جۇيجاڭنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ھازىر كەم ئىدى.

— ھە، لاۋلۇ، راست گەپنى قىلسام، بۇ ئىش ئۈچۈن مېنى ئىزدەپ خاتا قىپسىز، — دېدى شۇ جۇيجاڭ لۇ خۇڭچىننىڭ بايانىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، پارقىراپ تۇرغان ئاپپاق ئىڭىكىنى سىلاپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى لامپۇچكا نۇرىدا يالتىراپ، قورۇقلىرى قىمىرلاۋاتاتتى، — مەن مۇشۇ بىنادا ئولتۇرۇغلۇق، گاز تۇرۇبىسىنىڭ بۇرۇنراق ئورنىتىلىشىنى قانداقمۇ ئارزۇ قىلماي؟

— سىز... سىزنىڭ گاز تۇڭىڭىز بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى لۇ خۇڭچىن.

— ئۇ قانداقمۇ گاز تۇرۇبىسىدەك ئەپلىك بولسۇن دەيسىز؟ — شۇ جۇيجاڭ گېپىنى داۋام قىلدى، — دۇرۇس، كۆمۈرگازى شىركىتى شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىدا؛ لېكىن، تۆمۈريول ساقچىسىدەك، مەن ئۇ ئۇچاستكىنى باشقۇرالمايمەن-دە!

— ئۇنداقتا، كىمنى ئىزدىسەم بولار؟

— ئاكا، سىز كۈن بويى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ماقالا يازسىز، سىرتتىكى ئىشلارنى ئۇقمايسىز...

يولدىشى دائىم ئۇنى "سىلى دۇنيادىكى ئىشلارنى ئۇقمايلا" دەيتتى. شۇ جۇيجاڭمۇ بۈگۈن "سىرتتىكى ئىشلارنى ئۇقمايسىز" دەۋاتىدۇ، يولدىشى ئېيتقان "دۇنيا"، ئەھۋالىدىن قارىغاندا شۇ جۇيجاڭ ئېيتقان "سىرت" چېغى، راستىنلا ئۇقمايدىغانلىرىم بار ئوخشىمامدۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇقىدىغانلاردىن سوراپ باقاي، نېمە دەيدىكىن.

— ئىزدىگەننىڭمۇ پايدىسى يوق، — دېدى شۇ جۇيجاڭ بېشىنى

www.uyghurkitap.com

لىگشتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پىشانىسىدىكى پارقىرىغان قورۇقلىرى قىمىرلاپ كەتتى، — ئۇلار ئىشقا چىقىسمۇ كۈچ چىقارمايدۇ، ئەمگەك ئۇنۇمدارلىغى بەكلا تۆۋەن، بۇ ئومۇمى يۈزلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش تۇرىدىمۇ يەنە "ساقاللىق قۇرۇلۇش" بار، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاھالىنىڭ ئولتۇراق بىنالىرىدىكى گاز تۇرۇبىسى دىگەن نىمە ئۇ؟ مۇشۇنداق كىتىۋەرسە، قانداقمۇ بولار؟ — دىدى.

لۇ خۇگچىن شۇ جۇيجاگىنى ھەقىقەتەن مەسىلىنى بەش قولدەك بىلىدىكەن، تەھلىل قىلىشىمۇ ناھايىتى ئەتراپلىق ئىكەن دەپ ھىس قىلدى-دە، بىشىنى لىگشتىپ تۇرۇپ:

— راستىنلا چاتاق بولدى، چاتاق بولدى! — دىدى.

— بۇ مەسىلە ئايرىم ئادەملەرنىڭ پەزىلەت مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئومۇمى يۈزلۈك ئىجتىمائىي كەيپىيات مەسىلىسى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھاكىمىيەت بىشىدىكى پارتىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىدۇر.

— شۇنداق، شۇنداق.

— ھاكىمىيەت بىشىدىكى پارتىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنىڭ قانداق بولۇشى ھاكىمىيەت بىشىدىكى پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. پارتىيە ئىستىلى ياخشىلانسا، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ؛ پارتىيە ئىستىلى توغرا بولمىسا، جەمىيەتتىكى يامان ئىستىل-ناچار كەيپىياتلارنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ. ماۋجۇشى ھايات ۋاقتىدا پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى...، — شۇ جۇيجاڭ تەرتىپلىك-رەتلىك قىلىپ، يەنە ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدىن ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ ساۋاقلىرىغىچە، دىڭ شياۋپىڭ، چېن يۈن يولداش-

www.uyghurkitap.com

لارنىڭ سۆزلىرىدىن تارتىپ يولداش خۇ ياۋباڭنىڭ پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيىدىكى سىياسى دوكلادىغىچە سۆزلەپ چىقتى، ئاخىرىدا 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 2 ـ ئومۇمى يىغىنىدا ماقۇللانغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش قارارى ئۈستىدىمۇ توختالدى.

مېھمانخانىدىكى تىزىپ قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ بەك كۆپلۈگىدىن بولسا كېرەك، لۇ خۇگچىن ئۆزىنى بارغانسېرى قىسىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى، ئۇ خۇددى كوچا ئاپتوۋۇزىنىڭ ئىچىدىكى قىستاڭ ـ چىلىقتا ئۆرە تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھارارىتى ۋە تەھىدى نېپىز كۆيـ ـ نەكتىن چىقىپ پۇراپ، ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرۇپ، كۆزلىرىنى قا ـ راڭغۇلاشتۇرۇپ، نەپىسىنى قىسىدىغان ھالەتتە تۇرغاندەك ئەھۋالدا قالدى. شۇ جۇيجاڭنىڭ پارقىراپ تۇرغان پىشانىسى مىدىراپ، خۇددى كىنو ئېكرانىدىكى كۆرۈنۈشنىڭ ئېكراندىن يىراقلاشقىنى ـ دەك، بارغانسېرى ئۆزىدىن يىراقلاشقاندەك، بارغانسېرى يۇقۇرى كۆتىرىلىپ، بۇلۇت ـ تۇمانلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپ، پەقەت ئۇنىڭ تۇتۇق كۆلەڭگىسى قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ شۇ جۇيـ ـ جاڭ كۆتىرىپ، بۇلۇتلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ گويا بىر قارىسا ھەممىنى چۈشەنگەندەك، بىر قارىسا ھېچنىمىنى ئۇقمىغاندەك؛ بىر تۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىگە ئىگە بولغانـ ـ دەك، بىر تۇرۇپ قۇرۇق قول تۇرغاندەك؛ قۇلىغى گەپكە تولۇپ كەتكەندەك، لېكىن يەنە بىر ئويلىسا ھېچنىمە ئاڭلىمىغاندەك بولۇپ قالدى.

خوشلىشىش ئالدىدا لۇ خۇگچىن گەپ سورىماي تۇرالمىدى:

ـــ ئۇنداق بولسا، گاز تۇرۇبىسى...

ـــ بۇ يەككە ـ يېگانە مەسىلە ئەمەس، ئۇنى بىر تۇتاش ھەل

قىلىش كېرەك. مېنىڭچە، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئەھۋال ياخشىلىنىشى مۇمكىن، شەھەر ۋە ۋىلا-يەت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش پات ئارىدا باشلىنىدۇ.

## 6

لۇ خۇڭچىن ئەمدى كەلسە-كەلمەس خىياللارنى قىلماس بولدى. سەن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىغاندىن كېيىن، تەبىئەتكە بوي سۇنۇشۇڭ كېرەكتە، گاز تورۇبىسى يوقلار يالغۇز مەن لۇ خۇڭچىنلا بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نىمانچە ئۆزەمنى ئاۋارە قىلىمەن؟ ئۆينىڭ پولىنى تېشىشنى تەلەپ بويىچە پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنە نىمشقا خەقتىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم؟ ھەممە ئائىلىلەردە تۆشۈك تېشىش پۈتۈپ، تەۋرەش ئاۋازلىرى توختىغان ئىكەن، يەنە نىمە دەپ ماقالىنى يې-زىۋەرمەيمەن؟ ئىككى يېرىم ئاينى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزگەن ئىكەنمىز، يەنە بىر ”ئىككى يېرىم“نى تالىشىشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ شۇنداق ئىكەن، شۇنداق ئىكەن، لۇ خۇڭچىن ساناپ تۈگەتكۈسىز ”شۇنداق ئىكەن“ بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئۇ بىر ھەپتىدىن بۇيان توختاپ قالغان ئىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، تومۇزنىڭ سەرتان ئىسسىغى يېتىپ كەلگىچە ماقالىنى يېزىپ پۈتتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كەلدى.

ماقالا ئارگىنالى، پايدىلىنىش كىتاپلىرى ۋە پارچە-پۇرات ماتې-رىياللار، تاماكا، سەرەڭگە، كۈلدان ۋە ئىستاكان قاتارلىقلار ئەسلى-دىكى تەقلىتتە شىرە ئۈستىگە قويۇلۇپ، لۇ خۇڭچىن يەنە ”ئەھۋال

ئۇچىگە كىرىش"كە باشلىدى.
بىرىنچى بۆلۇمدە تىپىنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەتقىق قىلىشىنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىش، يەنى قاراتمىلىقى بولسۇن، گال پىچاق بىلەن بوغۇزلىغاندەك، گەپنى مۇجمەللەشتۇرۇپ يۇرمەسلىك لازىم...
— ۋۇ ئاچام بارمۇ؟
تۇگەشتى، يەنە تۇگەشتى! لۇ خۇگچىن ئىچىدە قاخشاپ كەتتى، جانغا تەككەن داڭ-دۇڭ تەۋرەشلەر ئەمدىلا توختىغان ئىدى، ئۆيمۇ-ئۆي يورغىلاپ يۇرىدىغان مېھمانلار يەنە كېلىشتى.
— كىم؟ ھە، زىڭ كوجاڭ ئىكەنغۇ! دېدى ۋۇ پېيفېن تاشقارقى ئۆيدە جاۋاپ قايتۇرۇپ.
— مەن مەنسۇنى ئاتاشنى زادى ياقتۇرمايمەن، زىڭ مىن دەۋېرىڭ.
زىڭ مىن، شۇ جۇيجاڭنىڭ ھېلىقى سېمىز خانىمى، ئۇ نىمىشقا كەلگەندۇ؟
— ئۆيگە كىرىڭ، بىزنىڭ، بوۋاي ئۆيدە، — دېدى ۋۇ پېيفېن.
— مەن مەخسۇس سىزنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، يازغۇچىغا مۇناسىۋەتسىز ئىش، — دېدى زىڭ مىن.
— يەنە كۇسۇرلىشىدىغان گەپمۇ؟
— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەر ئاڭلانمىدى، بەلكىم ئۆيگە كىرىپ، قۇلاق يېقىشىپ كۇسۇرلىشىۋاتقاندۇ.
زىڭ مىننىڭ قانداق "پىچىرلىشىدىغان گېپى" باردۇ؟ تەشۇىقات بۆلۇمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ بىر ئائىلە ئايالى بىلەن قانداقتۇر ئورتاق تىلى بولسۇن؟ لۇ خۇگچىن ئىختىيارسىز "ئەھۋال" ئىچىدىن چى-

قىپ كەتتى ۋە كاللىسىنىڭ ئىككىنچى جانلىنىش مەركىزىنى ھەرقان-
داق قىلىپمۇ تورمۇزلىيالمىدى.
— ...ۋۇ ئاچام كۆپچىلىكنىڭ ئىشلىرىغا بەكمۇ قىزغىن كۆرۈ-
نىدۇ، سىز ئىشقا بارمىغاندىن كېيىن، ۋاقتىڭىز يەتسە،
ئارىلاپ پاراڭلىشىپ باقارسىز، — دېدى زىلەك مىن كۇسۇرلىشىش
تۇگەپ سىرتقا ماڭغان چاغدا.
— بولىدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ۋۇپېيفېن.
ئىشىك "گۈپ!" قىلىپ يېپىلدى، مېھمان كەتتى.
— پېيفېن، ھەي پېيفېن! — لۇ خۇگچىن يولدىشىنى چاقىردى، —
زىلەك مىن نېمىگە كەپتۇ؟
— ئاياللارنىڭ ئىشىغا ئازراق ئارىلاشسىلا! — دېدى ۋۇ پېيفېن
ئۇنىڭغا قىيا قاراپ قويۇپ.
"ئاياللارنىڭ ئىشى" بىر چەكلەنگەن رايون.
بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كىشىلەر ھاۋانى ئانچە ئىسسىق ھېس
قىلمايتتى، ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى، ياكى ئارىلاپ موڭغۇلىيە ئىگىزلى-
گىنىڭ سوغ ئېقىمى كەلگەن ۋاقىتلاردا كەمزۇل كىيىشىپ يۈرەتتى.
لېكىن، بۇ كۈنى كۈندۈزى تۇيۇقسىز ھاۋا ئىسسىپ تېمپېراتۇرا سېل-
سىيە 28گىرادۇسقا چىقتى. ياز كۈنلىرى "مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئوينايدى-
غان بالىلارمۇ توساتتىن بىراقلا ئالدىڭغا يۈگرەپ كېلىشىۋالدى.
دەرىزىدىن كىرگەن ئىسسىق شامال خۇددى ئۇيقا دورىسىنى بىللە
ئېلىپ كىرگەندەك، لۇ خۇگچىننى مۈگدەتمەكتە، ئۇ خۇددى ھاراق
ئىچىۋالغاندەك، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئاچالماي قالدى، كاللىسىدا ئەمدىلا
ئويلاپ تاپقان نەرسىلەر، بىر مۈگدەك بىلەن پۈتۈنلەي يوقالدى.
چۈشتىن ئاۋۋالقى پۈتۈنسۇرۇك يېرىم كۈندە ئۇ ئاران بىرنەچچە

قۇر خەت يازالدى. يولدىشى بۈگۈن ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭغا قارىيالمىدى. زىلىك مىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇمۇ چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئارىلىقتا بىر كىرىپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى، لېكىن، خۇددى كۈچىگىنى يوقىتىپ قويغان قانجۇق بۆرىدەك، ھەرىكەتلىرى ئىنتىك ئىدى. ئۇ نىمىگە شۇنچە ئالدىرايدىغاندۇ؟ "ئاياللارنىڭ ئىشى" ھەققەتەن سىرلىق ئىكەن.

چۈشلۈك تاماقنى ئىچىدىغان ۋاقىتتا ۋۇ پىيفىن قايتىپ كەلدى.

— دادىسى نىمە يىگۈلىرى بار؟

— قالىتىسقۇ، گېپىنىڭ چوڭلۇغىنى قارا، "نىمە يىگۈسى" بولاتتى؟ يىگۈسى كەلگەن نەرسىلەر كۆپ بولمامدىغان، لۇ خۇگچىن ئاللىقاچان ئاچ مۈشۈكتەك بولۇپ قالغان ئىدى. لېكىن، سىنىڭدە ئىنېرگىيە بارمۇ؟ ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئەڭ مۇھىم پەرقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئاڭلىق تىزگىنلىيەلەيدۇ. ھازىر نىمىنى يىگۈسى كەلسە شۇنى يەيدىغان ئەمەس، بەلكى نىمە بولسا شۇنى يەيدىغان ۋاقىت.

— راست گەپ، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرى نىمىنى تارتىۋاتىدۇ؟

لۇ خۇگچىننىڭ راستىنلا بىرنەچچە نەرسىنى كۆڭلى تارتىۋاتاتتى، بىراق، قاپ-قارا تۈتۈن چىقىرىپ، ئادەمنىڭ دىمىغىنى كىرسىن پۇرىغىغا توشقۇزۇۋېتىدىغان ھىلىقى ئۇن پىلىكلىك كىرىسىن ئوچاقنى (ئىپىتشلارغا قارىغاندا ئۇ ئاتاقلىق مەھسۇلات ئىكەن) ئويلىغاندا، ھىچنەرسىنى كۆڭلى تارتمىدى. ئۇ ھەسرەت بىلەن بېشىنى چايقاپ، بولدىلا، دىدى. ھازىرقى قۇراشتۇرۇش سۈرئىتىدىن قارىغاندا، كۆز كىرگىچە گاز تۇرۇبىسىنى ئىشلىتىپ قالىدىغاندەك تۇراتتى، ئۇمۇ ياخشى، ياز كۈنى كۈن ئىسسىق، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئىسسىقلىق ئاز سەرپ بولىدۇ، تامغىمۇ ئازىيىدۇ، قوساقنى قىسقۇراق يۇرسە بولىدىمۇ. كۆزگە بارغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن مالىنىڭ سېمىزىنى يەيدۇ. ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلغان روزا تونۇشمۇ ئاياق-لىشىدۇ، ئۇ چاغدا راسا كىلىشتۇرۇپ يەۋېلىشمۇ كېچىككەنلىك بولمايدۇ.

— قارىسلا سىلىنىڭ قاخشاشلىرىنى، سىلىدىن بىر نەرسىنى سوراش خۇددى ياغاچتىن زۇۋان تىلىگەندەك ئىش بولىدۇ، — ۋۇ پېيىفېن بۇرۇلۇپلا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئانچە ئۆتمەي، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان كىرىسىن پۇرىغى تارقالدى.

لۇ خۇگچېن بىر نەرسە دېيەلمىدى، چۈنكى، قازان بېشىدا تۇرۇ-ۋاتقان يولدىشى كىرىسىن پۇرىغىنىڭ قائىداقلىغىنى ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ ئوبدان بىلەتتى. كىرىسىن پۇرىغىنىڭ يامانلىغى بۇ ياقتا تۇر-سۇن، كۆزنى ئېچىشتۇرىدىغان قارا ئىس ئادەمنى تېخىمۇ سەسكەن-دۇرەتتى. كەمپىر ئوچاق بېشىدا ئىش قىلغان ۋاقىتىدا ھەمىشە كۆ-زىنى خۇددى بىر نەرسىنى قارىغا ئېلىۋاتقان مەرگەنلەرگە ئوخشاش قىسىۋالاتتى. بىراق، لۇ خۇگچېن شۇ تاپتا يولدىشىنىڭ مەغرۇر-روھلۇق كەيپىياتتا تۇرغانلىغىنى، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلارنىڭ ئازىيىپ قالغانلىغىنى، ھەتتا بىرئاز پۇتۇپ قالغاندەك تۇرغانلىغىنى، ئىككى مەڭزى بولسا بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ يۈزىدەك قىپ-قىزىل بو-لۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ گەرچە، لۇ خۇگچېننىڭ تۇنجى خو-تۇنى بولمىسىمۇ، شۇنىڭدەك كەسپى ئىشلاردىكى سىردىشى بولمى-سىمۇ، لېكىن، ئۇ لۇ خۇگچېننىڭ تۇرمۇشىغا چىن كۆڭۈل، سەمىمى نىيىتى بىلەن غەمخورلۇق قىلاتتى، ئۇ ئىشلىرىنى ئېھتىياتچانلىق

ۋە سەممىلىك بىلەن ئىشلەيتتى، مانا بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى قىممەت-لىك يېرى ئىدى. ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئاجىزلىقلىرى بولسىمۇ، لېكىن، سۆيۈملۈك جايلىرى ئاز ئەمەس ئىدى. ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلى-غىنىدا لۇ خۇگچىن ناھايىتى قانائەتلىنىپ شۈكرى قىلاتتى.

ئۇ كۈنىنىڭ سەرەتان ئىسسىقىدا، كىرىسىن ئوچاقىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تۆت خىل سەي قورۇپتۇ! قانداق نەرسە كەمپىرنىڭ ھىسسىياتىنى شۇنچە كۈچلۈك ئىلھاملاندۇرغاندۇ؟

## 7

چۈشلۈك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ۋۇ پېيفېن ئالدىراپ-تېنەپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى يەنىلا ھىلىقى كۈچىگىنى ئىزدىگەن قانچۇق بۆرىنىڭكىدەك ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن نىمە چاتىغىم، ئۇخلايچۇ.

لۇ خۇگچىن ئەمدىلا ئۇخلىۋىدى، بىرسىنىڭ ئىشىكنى چېكىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتى.

ئىشىكنى چەككەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال بولۇپ، لۇ خۇگچىن ئۇنىڭ ئېتىنى بىلمەيتتى، لېكىن، ئۇنىڭ مۇشۇ بىنادا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى.

— ۋۇ ئاچام يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئايال.

— چىقىپ كەتكەن، ئىشىڭىز بارمىدى؟

— بىرئاز ئىشىم بار ئىدى.

— ماڭا ئېيتىشقا بولامدۇ؟

— بۇ ئايالالارنىڭ ئىشى ئىدى.

— يەنە شۇ "ئاياللارنىڭ ئىشى"! بۇ ئاياللار زادى نىمە شەيـ-
تانلىق قىلىۋاتقاندۇ؟

— ئۇ...ئۇنداق بولسا بىرئازدىن كىيىن كېلىڭ.

— ياق، مەن ئىشقا بارىمەن، سىز بۇ ئون يۈەن پۇلنى ئۇنىڭغا
بېرىپ قويىسىڭىز بولدى.

— بۇنى ئۇ سىزگە قەرز بەرگەنمىدى؟

— ياق...بۇ ئاياللارنىڭ ئىشى.

لۇ خۇگچىن ئون يۈەنلىك پۇلنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ
قارىدى، قەغەز پۇلنىڭ باشقىچە ئوخشمايدىغان يېرى يوق ئىدى،
بۇ ئىشپىيون-جاسۇسلارغا قارشى ھەركەتلەر توغرىسىدىكى رومان-
لاردا يېزىلغاندەك مەخپى ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان نەر-
سىلەرگە ئوخشمايتتى. پۇلنىڭ ئۈستى مايلىشىپ كەتكەن بولۇپ،
مەخپى نومۇر يېزىلغاندەكمۇ تۇرمايتتى بۇنى زادى نىمگە ئىشلىتى-
دىغاندۇ؟ "ئاياللارنىڭ ئىشى"، ھەقىقەتەن قىزىقارلىق تېپىشماققا ئوخ-
شايدىكەن.

ۋۇ يېيفېن قايتىپ كەلدى، ئۇ ھەسرەپ كەتكەن بولۇپ، چاش-
لىرىنىڭ ئۈچىدىن تەر ئېقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىدىكى
بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ يۈزىدىكىگە ئوخشايدىغان قىزىللىق تېخىمۇ
كۆپىيىپ، كۆزلىرىدىن خوشاللىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

— ۋۇ يېيفېن، سىز زادى نىمگە شۇنچە ئاۋارە بولۇپ يۈرىسىز؟ —
دەپ سورىدى لۇ خۇگچىن.

— بۇ ئاياللارنىڭ ئىشى.

— بولدى، — لۇ خۇگچىن يولدىشىنىڭ سۆزىنى ئۈزدى ۋە بايىقى
ئون يۈەنلىك پۇلنى ئۇنىڭغا بېرىپ، — بۇ پۇلنى ئەكىرگەن ئايال

ئاللىقاچان ماڭا دەپ بولدى، ــ دىدى.

ــ ھە... ــ ۋۇ پېيفېن ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ۋە لۇ خۇگچىننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن قولىنى ئۇزۇتۇپ بىر پارچە ژورنالنى ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈدى، ھەسرىتى توختاپ، تىنىقى رىتىمغا چۈشكەندىن كېيىن:

ــ ئەسلىدە بۇ ئىشنى سىلىدىن يوشۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، تېخى بۈگۈن كەچتە سىلىگە دېمەكچى ئىدىم، ــ دىدى.

ــ ھازىر دىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ــ زىنىڭ مىن ئەتتىگەن كىرىپ دىيىشىچە باشقا بىنالارغا گاز تۇرۇبىسىنى ئورناتقان ۋاقىتتا، گاز ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىكىلەرگە سوغا تەقدىم قىپتىمىش.

ــ نىمە تەقدىم قىپتۇ؟

ــ ھەر بىر ئائىلە ئاز ـ تولىدىن پۇل يىغىش قىپتۇ، بىزمۇ ئەلنەرقى بىر ئائىلە ئون يۈەندىن چىقىرىپ، يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن قۇراشتۇرۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ياڭ دۈيجاڭغا بەرمەكچى بولدۇق، ياڭ دۈيجاڭ ئۇنى ئىشچىلارغا بۆلۈپ بېرىدىكەن.

ــ بۇ قۇراشتۇرۇش ئەترىدى بېجىرىدىغان ئۆز ئىشى ئەمەسمۇ؟

ــ ۋاي ـ ۋۇي، سىلى شۇ ماقالا يېزىشتىن باشقا، دۇنيادىكى ئىشلارنى قىلچە ئۇقمايلا! ــ دىدى ۋۇ پېيفېن قولىدىكى ژورنالنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ، ــ ھازىرقى ۋاقىتتا قايسى بىر ئىشنى قىلىدىغانلار ئاز ـ تولا تاپاۋەت قىلىشنى ئويلىمايدۇ؟ سىلى قۇراشتۇرۇش ئەترىدىگە ئانچە ـ مۇنچە نەپ بەرمىسىلە خەقمۇ سىلىگە كۈچ چىقارمايدۇ. يېرىم ئايدا تۈگەيدىغان ئىشنى ئىككى ـ ئۈچ ئايغا سۆرەيدۇ، ئىشلىمەي قويسىمۇ قويىۋېرىدۇ ــ بەرىبىر خەقنىڭ تۈگىمەس ئىشى

بار ـ دە! ئۇلار نەپ يۇقمىغان يەرگە بارمايدۇ، ئانچە ـ مۇنچە سوغا تەقدىم قىلىپ قويمىساق، ئىككى ئايدا پۈتىدىغان ئىشنى يېرىم ئايدا تۈگىتىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ھىساپنى ئاللىقاچان ھىساپلاپ بولدۇم: گاز تۇرۇبىسى بىر ئاي بۇرۇن كەلسە، يۇقۇرى باھالىق كىرىسنىنى بىر ئاي كەم ئىشلىتىمىز، بۇ ئون يۈەن پۇلنىمۇ ئىقتىسات قىلىپ چىقىرىۋالغىلى بولىدۇ، مەنىمۇ تاماق ئەتكەندە جاپانى ئازراق تارتىمەن.

— ئۇنداق بولسا...نىمە ئۈچۈن سىزنى ئوتتۇرىدا ئالاقە باغلاشقا ماڭدۇرىدۇ؟

— دۇنيادىكى ئىشلارنى سىلى راستىنلا بىلمەيدىكەنلا، — ۋۇ پېيفېن ئىستاكاننى ئېلىپ ئۇنىڭغا سوۋۇتۇلغان قايناقسۇ قۇيۇپ ئىچتى، — كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى سوغا تەقدىم قىلىشقا قوشۇلىدىيۇ، بىراق، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشنى خالىمىدى. ئۇلار كىشلەرنىڭ: كوممۇنىستلار — كادىرلار باشلامچىلىق قىلىپ نا توغرا ئىستىل بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قورقىدىكەن. كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ، نا توغرا ئىستىللاردىن چەك ـ چېگرا ئاجراتقان قىياپەتتە يۈرمىسە بولمايدىكەن. مۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە مومايلار ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ناۋادا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، ئۇلار "بۇ موماينىڭ قىلغان ئىشى، بىز ئۇقمايدىكەنمىز" دىگەن بىر ئېغىز گەپنى قىلىپلا قۇتۇلىدۇ ـ دە، زىنىڭ مىن كېلىپ مەندىن: ئوتتۇرىغا چىقىشقا رازى، بولامسىز؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا "مەن يا ئەمەلدار ئەمەس، يا پارتىيە ئەزاسى بولمىسام، ھاردۇققا چىققان يەسلى تەربىيچىسى تۇرسام، نىمىدىن قورقاتتىم؟ ئەگەر ھىلىقى جۇۋاينىمەك كىرىسىن ئوچاقنىڭ

تۆتۆنىدە كۆزۈمنى ئاچالماي، دەممۇ ئالالماي قىينالغانلىرىمنى دىمەسەم، مەنمۇ مۇنداق تەلۋىلەرچە قاتراپ يۈرۈشنى خالىمايمەن. سىلىزە مېنى قاپاقباش كۆرۈۋاتقان ئوخشىمامىلا؟

— گېپىڭىزگە قارىغاندا، شۇ جۇيجاڭمۇ زىلڭ مىنىڭ قىلغىنىنى قوللايدىكەندە؟

— ۋاي ئەخمەق دادىسى، بۇنىڭ يەنە سورايدىغان نىمىسى قالدى؟ زىلڭ مىن باشقا بىنادىكىلەرنىڭ قۇراشتۇرۇش ئەترىتىگە سوغا تەقدىم قىلغانلىغىنى شۇ جۇيجاڭنىڭ ئۆزىگە دېگەنلىگىنى ئېيىتتى.

لۇ خۇڭچىن قوسىغىدا بىر يەل پەيدا بولۇپ ئىچىدە ئايلىنىپ، ئاندىن كۆپۈپ چىڭقىلىپ يۇقۇرى ئۆرلىگەندەك بولۇپ قالدى. پۇلنى ئادەم تاپىدۇ، شۇڭا پۇل خەشلەشتىن قورقماسلىق كېرەك، لېكىن، پۇلنى قارىسىغا خەشلىمەسلىك كېرەك! سوغا تەقدىم قىلىش ئىشى ئۇنىڭغا تولىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ كەچكى تاماقىنىمۇ ناھايىتى ئاز يېدى، مەيدىسىدىكى ھىلىقى قوساق كۆپىگى يۇقۇرى ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۆي دىمىق بولۇپ كەتتى. ئىسسىقتا كېڭىيىش، سوغاقتا تارىيىش بولىدۇ. مەيدىسىدىكى ھىلىقى قوساق كۆپىگى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، ئۇ تالاغا چىقىپ سەگىدىمەكچى بولدى.

— نەگە بارىدىلا؟

— پەسكە چۈشۈپ ئايلىنىپ كېلەي.

— كۆينەكنى يېپىنچاقلىۋالسىلا، شامال تېگىپ قالمىسۇن، ئېھتىيات قىلسىلا.

لۇ خۇڭچىننىڭ خۇيى تۇتۇپ، زۇۋان سۈرمىدى. ئادەم پارتلاپ كەتكۇدەك بولۇۋاتسا! نەدىكى سوغ تېگەتتى؟

بىنا ئالدىدىكى سىمونت يول بىر ئايىنىڭ ئالدىدا ياسالغان ئىدى. گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىش ئىشى سەۋەبىدىن ئەمدى ئۇنىڭ يۈزى چېپىلىپ، نەچچە پارچىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. ھەر بىر بىنانىڭ ئىشىگىدە ئىككى دۆۋە توپا ـ شېغىل دۆگىلەگلىك تۇراتتى. بۇ توپا ـ شېغىل دۆۋىلىرىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى. ئەگەر ئاۋايلىمىسا، پۇتى تېيىلىپ كەتسە، گاز تۇرۇبىسى كۆمۈشكە قېزىلغان ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزمىگەندىمۇ، تېپىك ئوبراز توغرىسىدىكى ماقالىنى يېزىشقا چوقۇم تەسىر يەتكۈزەتتى. شەھەر كوچىلىرىنىڭ يوللىرى ھەمىشەم شۇنداق بولىدۇ: خۇددى يەر ئاستىدىكى تۇپراقلار دۇن كۆرمىسە كۆكلۈرۈپ قالىدىغاندەك، يول ئەمدىلا ياساپ تۈزلەپ قويۇلسا، يەنە قېزىلىدۇ. قېزىلغاندىن كېيىن يەنە تۈزلىنىدۇ، قېزىش ـ تۈزلەش، تۈزلەش ـ قېزىش، خۇددى ۋەزنىلىك شېئىرلاردىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن، بوم ـ زىل ئۇرغۇلارنىڭ ئالماشقىنىدەك ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

لۇ خۇگچىن ئۆزى تۇرغان بىنانى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇن ياشلار چامىسىدىكى بىر توپ بالا بىرنەچچە بىنا ئىشىگىدە بىرەردىن دۆگنى ئىگەللەپ، ھەر بىرىسى بىردىن ئاپتوماتلاشقان "زەمبىرەك" بولۇپ، قارشى تەرەپكە توختىماي لاي ئوق ئاتماقتا ئىدى. لاي ـ توپىلار ئۈزلۈكسىز تۇردە لۇ خۇگچىننىڭ بوينىغا چۈشۈشكە باشلىدى. قىز ـ يىگىتلەر ئويناۋاتقان پەي توپلار خۇددى ئاقار يۇلتۇزدەك سىرغىپ ئۇچماقتا، بىر پەي توپ لۇ خۇگچىننىڭ بېشىغا تەككىلى تاس قالدى. "ھى ـ ھى ـ ھى، ئەپۇ قىلىڭ!"، نىمىلا بولسا "بەش بولۇش، تۆت گۈزەل"نى بىلىدىكەن. ۋاھالەنكى، مۇھەببەت ئىزھار

قىلدىغان توپ يەنە داۋاملىق ئۇچماقتا. "مۇزقەن!"، "ماروژنا!"، "پەمىدور!"دىگەن ئاۋازلار، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا كەسكىن تاۋار رىقابىتىنى ۋە خېرىدار چىللاپ ۋاقىراش مۇسابىقىسىنى قىزىتىۋەتكەن ئىدى. بۇ يەردىمۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قالايمىقانچىلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداقلا دىمىق ئىسسىقتا، مايدا بېلىق پىشۇرغاندا چىققان بۇس ۋە سېسىق كۆدىنىڭ پۇرىغى تارالدى. لۇ خۇڭچىن ھىلىقى مەيدىسىدىكى قوساق كۆپىگىنىڭ بوشاشماستىن، ئەكسىچە بارغانسېرى كۆپىيۋاتقانلىقىنى سەزدى.

ئۇ مەھەللىدىكى زىچ ئادەملەر توپىدىن ئايرىلىپ، چوڭ كوچىغا چىقتى ۋە يول بويىدىكى كىچىككىنە باغچىغا كىردى. بۇ يەرنىڭ پولات چىۋىق بىلەن قىلىنغان توسىغى ۋە سىمونت بىلەن قويۇپ ياسالغان ئاي شەكىللىك ئىشىگى بار ئىكەن. توپ-توپ سېرىن گۈللەر ۋە گىلاسلار ئۈسۈپ كېتىپتۇ. ئانچە-مۇنچە قارىغاي ۋە ئارچىمۇ بار ئىكەن ۋە يەنە كوچا بېشىغا ھەيكەل قويۇلغان بولۇپ، ئۇ پوتبول توپىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر شوخ ئوغول بالىنىڭ ھەيكىلى ئىدى. كىچىك باغچىنىڭ مەركىزىدە تۆمۈردىن قۇراشتۇرۇلۇپ ياسالغان شىپاڭ بولۇپ، شىپاڭنىڭ ئىچىدە ۋە چۆرىسىدە پۇختا ياسالغان بىرنەچچە سىمونت ئورۇندۇق بار ئىدى. بۇ نەرسىلەرنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى باغلىرىغا سېلىشتۇرغاندا قوپاللىراق بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن باغ-دە، بۇ يەردە قانداقلا بولمىسۇن بازارنىڭ چاڭ-توزاڭلىرىدىن ساقلانغىلى بولاتتى، ھەر ھالدا بۇنى يېڭى شەھەر باشلىغىنىڭ بىر "ئادالەتپەرۋەرلىگى" دىيىشكە بولىدۇ. قىسقىغىنا بىرنەچچە يىلدا، جۇڭگولۇقلار قوسىغىنى تويغۇزالماسلىقتىن، كۆكۆل ئېچىش ۋە دەم ئېلىشنى، قوغلىشىدىغان ھالغا كېلىپ، گۈزەل-

لىك ۋە سەنئەتنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزگىرىش ئىنتايىن تېز بولماقتا، 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى جۇڭگولۇقلار ئاچ قوساق قالغان ۋاقىتتا باشتىن كەچۈرگەن "كاۋا ـ كۆكتات دەۋرى" بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۈگۈنكى "پولات ـ تۆمۈر دەۋرى" ھەقىقەتەن ئىنتايىن زور ئالغا باسقانلىقتۇر. لۇ خۇڭچىن بۇ يەردە مەيدىسىدىكى چىڭقىلىپ تۇرغان ھىلىقى قوساق كۆپىگىنىڭ خېلىلا بوشىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، بىر سىمونت ئورۇندۇقنى تېپىپ ئولتۇردى.

## 8

لۇ خۇڭچىن بۇنى زادى كىمدىن كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى. كەمپىرىدىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ ئۇ كىرىسىن ئوچاقتىن قورقۇپ كەتكەن، تەلىۋىمۇ ناھايىتى تۆۋەن، بەكمۇ بىچارە ھالەتتە ئىدى. زىڭ مىندىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ بۇ جۇيجاڭ خانىمنىڭمۇ باشقا يامان نىيىتى يوق. قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىن كۆرۈش كېرەكمۇ؟ خەقلەر سېنىڭدىن سوغا تەلەپ قىلىپ داۋراڭ سالمىدى. سەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىكىدىنلا ئاغرىنساڭ بولىدۇ، لېكىن، ئۇلار ئەلمىساقتىن بېرى ئاشۇنداق ئىشلەپ كەلگەندۇ، خۇددى ماقالا يېزىشمۇ لۇ خۇڭچىننىڭ كونا ئادىتى بولغىنىدەك، بۇمۇ ئۇلارنىڭ كونا ئادىتىدۇر. بۇ خاپىلىقنى چىقىرىدىغان جايىنىڭ بولماسلىقى ئەڭ زور خاپىلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

لۇ خۇڭچىن يەنە داۋاملىق ھالدا ھۆكۈم قىلىش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش خىيالىدا بولۇۋىدى، تۇيۇقسىز ئارقىسىدىن كۇسۇرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ كەينىگە قارىۋىدى، بىر توپ سۆسۈن

رەڭ ئېچىلغان سېرىنگۈلنىڭ ئارقىسىدا ئىككى ئاق گەۋدە كۆرۈندى،
ئۇلار بىر جۈپ قىز ـ يىگىت ئىكەن، يىگىت قىزنىڭ بويىنىنى قۇچاق-
لاۋالغان، قىز يىگىتنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان ئىدى. بۇ
ياشلار ئۆزلىرىدىن باشقا ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەۋجۇت تۇرۇۋاتقانلىقىنى
ئاللىقاچان ئەسلىرىدىن چىقارغان ئىدى، لۇ خۇڭچىن بۇ يەردە
ئۇلتۇرۇشنىڭ بىئەپلىكىنى ھىس قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى،
قىرلار تۇرۇشقا مۇۋاپىق بولغان باشقا بىر جاي ئىزدىدى، دەل
شۇ ۋاقىتلا بۇ باغچىنىڭ ئەسلىدە ئۆزىگە ئوخشاش قىرلارغا تالىق
ئەمەسلىكىنى بايقىدى ــ بارلىق خىلۋەت جاينىڭ ھەممىسىنى قوش ـ
قوش، جۈپ ـ جۈپ گەۋدىلەر ئىگەللەپ بولغان ئىكەن، قاراڭغۇ تۈن
پەردىسى تارتىلغان كىچىك باغچىدىكى جىمجىتلىق ئىچىدە ياشلىق
باھار سىمپونىيىسى بولۇشقا چېلىنماقتا ئىدى.
ئۇ چوڭ كوچىنىڭ پىيادىلار ماڭىدىغان يولىنى بويلاپ ئۆيگە
قايتتى، كوچا لامپۇچكىلىرىنىڭ قىزغۇچ سېرىق نۇرى تېرەك يوپۇر-
ماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، سېمونت كېسەككە چۈشۈپ، يولدا ئۇش-
شاق ـ ئۇششاق پارچە كۆلەڭگىلەرنى پەيدا قىلىپ تۇراتتى، بۇ خىرە
ۋە تۇراقسىز كۆلەڭگىلەر لۇ خۇڭچىننىڭ بىر ئۇزۇراپ، بىر قىسقىراپ
كېلىۋاتقان كۆلەڭگىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئىغاڭلاپ تەۋرىنىپ تۇراتتى،
لۇ خۇڭچىننىڭ پىكىر ـ خىيالىمۇ خۇددى مۇشۇ كۆلەڭگىگە ئوخشاش
مۇجمەل، خىرە ئىدى.
ــ ھوي، لاۋلۇغۇ بۇ؟ ــ ئارقا تەرەپتىن بىرسىنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى.
بۇ تونۇش ئاۋاز ئىدى، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، شۇ جۈيجاڭ
ئىكەن.



www.uyghurkitap.com

شۇ جۇيـجاڭ ئۇستىگە بىر قۇر ئىپەك رەختتىن ئازادە تىكىلگەن يازلىق كىيىم كىيگەن ھالدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، لەرزان مېڭىپ كېلىۋاتاتتى.

تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا، سىز يەنىلا ماقالا ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئوخشىمامسىز، توغرىمۇ؟

— يوقسۇ.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سىلەر يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بىرەر ئىلھام كېلىپ قالسا، خۇددى جىن تەككەندەك، ئۆزەڭلارنى تۇتالماي پېرە ئويناپ كېتىدىكەنسىلەرغۇ.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس.

— قاقىرنىڭ ئۇچۇشىغا ئوخشاش، ئۆزلۈكىدىن گۇمپا كۆرۈنىدىغانلارغا ئوخشاپ كېتەمسىلەر يا؟

— پۈتۈنلەيلا ئۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا، بىر تەرەپتىن يېزىپ، بىر تەرەپتىن يىغلايدىكەنسىلەرغۇ، شۇنچە كۆپ ياش نەدىن كېلىدۇ؟ مەن كۆرگەن كىنو...

لۇ خۇگېن بۇ شۇ جۇيجاڭ راستىنلا ئەدەبىيات ئۇستىدە ئەسدار بولغۇدەك ھەمرا ئەمەسكەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش توغرىسىدا سۆزلەشسە، ئۇ بەلكىم بۇنىڭ ئەھلى بولۇشى مۇمكىن دېگەن تۇيغۇغا كەلدى.

— شۇ جۇيجاڭ، مەن سىزدىن بىر نەرسىنى سوراپ بىلمەكچى ئىدىم.

— ئوھو، بەكمۇ تەكەللۇپ قىلىپ كەتتىڭىزغۇ، — شۇ

www.uyghurkitap.com

جۇيجاڭ ئاشۇنداق دىسمۇ، لېكىن ئۆزىنى ۋۇسلاپ كۆكرىگىنى كېرىپ، يىراققا نەزەر تاشلاپ، قارشى تەرەپ سورىغان ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلاندى.

— گاز تۇرۇبىسى توغرىسىدا...لۇ خۇڭچىن گېپىنى باشلاپ، لېكىن يەنە دەرھاللا قۇراشتۇرۇش ئەترىتىگە سوغا تەقدىم قىلىش ئىشىنى شۇ جۇيجاڭ بىلەن بىۋاستە سۆزلىششنى ئانچە ئەپ كۆرمىدى. بۇ ئىشنى گەرچە زىلىڭ مىن قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ جۇيجاڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن، ھېچ بولمىغاندىمۇ شۇ جۇيجاڭ ئۇخماسقا سېلىپ يول قويىغان ئىش-تە! ئەگەر سوغا تەقدىم قىلىشقا نارازىلىق ئىپادىلەپ قويۇلغاندا، شۇ جۇيجاڭ سەتچىلىكتە قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ "... گاز تۇرۇبىسى..."

— گاز تۇرۇبىسى نىمە بوپتۇ؟

— .... بەزى ئاھالە ئولتۇرۇشلۇق بىنالارغا گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىلغاندا، ئاھالىلەر "ئۆز ئىختىيارى بىلەن سوغا تەقدىم" قىلغان ئىشلارمۇ بارمىشقۇ؟

— بۇنى مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىمەن.

— بۇ ئىش...

— بۇ — ئومۇمى يۈزلۈك ئىجتىمائى ھادىسە، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بار. قۇراشتۇرۇش ئورۇنلىرىنى ئالساق، ئەسلىدە ئۇلار پۈتۈن نىيەت-پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش" ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشى، پارتىيە، خەلق ئۆزىگە تەقسىم قىلغان خىزمەتنى بەلگىلىمە-نىڭ سىرتىدىكى پايدىغا ئېرىشىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالماسلىقى لازىم ئىدى. سىز بۇ يەردە مېنىڭ "بەلگىلىمىنىڭ سىرتىدىكى" دىگەن

سۆزنى ئىشلىتىۋاتقىنىمغا دىققەت قىلىڭ. بىز كوممۇنىستلار شەخس-نىڭ قانۇنى مەنپەئەتىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز، مانا بۇ ئىنتا-يىن سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىمدىن چەك چېگرا ئاجراتقانلىق... — ۋاي جان، مۇنۇ يىگىت، نىمىشقىمۇ پىيادىلار ماڭىدىغان يولدا ۋەلىسى-پىت مىنىپ يۈرگەنىدۇ! — دېدى. شۇ جۈيجاڭ بىر قارام يىگىتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — گاز ئىشلەتكۈچىلەرنى ئالساق، جەمىيەتتىكى ناتوغرا كەيپىياتلارغا يول قويماسلىقى ئۇنىڭ بىلەن مادارا قىلماسلىقى، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماسلىقى، ئەكسىچە قەتئىي تاقابىل تۇرۇشى لازىم ئىدى. قارشىلىق كۆرسىتىلمىسە، ناتوغرا كەيپىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ نەپسى بارغانسېرى يۇغۇناپ كېتىدۇ، يۈرگىمۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدۇ. ھازىر، بىزنىڭ نۇرغۇن يولداشلىرىمىز ناتوغرا كەيپىياتلاردىن نەپرەتلەنمەكتە، لېكىن، نەپرەتنى ئېغىزدىلا توختاپ قېلىۋاتىدۇ. ناتوغرا كەيپىياتنىڭ شاملى كېلىش بىلەنلا، ئۇلار بۇ شامالغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈشىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرى ناتوغرا كەيپىيات شاملىنى چىقىرىدۇ. سىزچە شۇنداق ئەمەسمۇ، لاۋلۇ؟

ئىنتايىن توغرا! لۇ خۇڭچىن ھاياجانلانغىنىدىن ئۇنى قۇچاقلىۋال-غۇدەك بولۇپ كەتتى. ھۆكۈمەت خادىملىرى مەسىلىنى تەھلىل قىل-غاندا دەرۋەقە ئىگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدىكەن، كىشىلەردىن ئېشىپ چۈشىدىكەن، قارىغاندا، شۇ جۈيجاڭ خانىمنىڭ سوغا تەق-دىم قىلىش ئىشىغا قوشۇلمايدىغاندەك قىلىدۇ. لۇ خۇڭچىن خۇددى ئوقۇغۇچىدەك ئىخلاسمەنلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى سورىغىلى تۇردى.

— ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر ئومۇمى يۈزلۈك ساقلانغان ئىجتىمائى

مەسىلە، — شۇ جۇيجاڭ بېشىنى يېنىكلا چايقاپ قويدى ۋە چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەرقانداق بىر مەسىلە، بىر خىل ئىجتىمائىي كەيپىيات بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىنلا ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى قايسى بىر ئادەم ياكى بىر بۆلۈك ئادەم ھەل قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— سىز بايا ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك دېمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ خۇڭچىن ھەيران بولغان ھالدا.

— ئۇ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتىلغان، — دېدى شۇجۇيجاڭ قولىنى شىلتىپ قويۇپ، — ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن چوقۇم بىرقەدەر ياخشىلىنىدۇ، شەھەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئالاھەزەل 7-8-ئايلاردا قانات يايدۇرۇلىدۇ....

لۇ خۇڭچىن ياھە دېمىدى، ياياق دېمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان شۇ جۇيجاڭ بىر دەمدىلا يىراق كېچە ئاسمىنىغا ئۇچۇپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان پېشانىسى ئالەمنىڭ چېتىدىكى يۇلتۇزغا ئايلىنىپ قالغاندەك بىلىندى، "ئومۇمىي يۈزلۈك ئىجتىمائىي ھادىسە"، شۇ جۇيجاڭ ئەمدىلىكتە، خۇددى شەپقەتلىك مەبۇت بودىساتىۋانىڭ ئايىغى ئاستىدىكى قۇتلۇق بۇلۇتقا مىنىپ، ئاسمانغا كۆتىرىلىپ كېتىپ، كىشىلەرگە پەقەت "پارتىيىنى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن" دېگەن پەندى-نەسىھەتنى قالدۇرغاندەك بىلىندى!

لۇ خۇڭچىن يېزىقچىلىق ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تاماكىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۇلاپ چەكتى، ئارىلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ



www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ئايلىناتتى. مەيدىسىدىكى ھىلىقى ئەلەملىك قوساق كۆپىگى تېخىمۇ كۆپۈپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزمايۋاتاتتى.

— ماقالىنى يازالمىغانغىمۇ شۇنچە ئىچى پۇشقان بارمۇ؟ — دىدى ۋۇ پېيفېن.

— سىز نىمىنى بىلىسىز! — لۇ خۇگچىن ياقتۇرمىغان ھالدا بېشىنى بىر سىلكىپ قويدى.

— مەن بىلمەمدىم؟ دۇنيادىكى ئىشلارنى سىلىدىن كۆپرەك بىلمەن! — دىدى ۋۇ پېيفېن قايىل بولمىغان ھالدا بېشىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

لۇ خۇگچىن بۇنى تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدى، شۇنىڭ بىلەن يولدىشىدىن.

— سوغا قىلىنىدىغان پۇلنى يىغىشىڭىز قانداغراق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— يىغىلىپ بولدى. قۇراشتۇرۇش ئەترىتىنىڭ باشلىغى ياڭ دىگەنگە ئاپىرىپ بەردۇق. سىز مىنى ئۆزەمچىلىك مەدىنىيەت سەۋىيىسى يوق دەپ قاراپ قالماڭ، بىز دىگەن ھەرقانداق ۋاقىتتا بىر ئىش قىلساق لايىدەك ئېزىلىپ يۈرمەيمىز.

— كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇل بېرىشكە رازىمكەن؟

— رازىمۇ، رازى ئەمەسمۇ نىمە كارىم، پۈتۈن بىنادىكى 48 ئائىلە 480 يۈەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇردى.

— تاپشۇرۇشقا نارازى بولغانلارمۇ بارمۇ؟

— جىياڭ فەمىلىك بىر ئائىلىك بار، ئۇنىڭ لەقىمى "قۇرۇق زەنجىۋىل" ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 2 — 3 ئائىلىلىك دەسلەپتە پۇل تاپشۇرۇشقا ئۇنىمىدى، كېيىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تاپشۇرغان-

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن، جىمجىتلا پۇل چىقىرىشتى.

— نېمىدىن قورقۇپتۇ؟

— ۋاي-ۋۇي، دۇنيادىكى ئىشلارنى سىلى راسلا بىلمەيدىكەنلا!
ئەگەر مۇشۇ بىرنەچچە ئائىلىلىكنىڭ پۇل چىقارماسلىقى بىلەن بىر
بىنادىكى ھەممە ئۆيگە گاز تۇرۇبىسى ئورنىتىلمىسا، بۇ ئائىلىلىكلەر
تاپا-تەنىگە قالامدۇ؟ — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ۋۇ پېيفېن قولىنى
بىر سىلكىپلا، — بولدى ئاغزىمنى تولا ئۇپراتمايچۇ. سىلى چۈشتە
ئۇخلىمىغان، بۇرۇنراق ئۇخلىسىلا! — دېدى.

كەمپىر ئۇخلىدى، ئۇ جەزمەن گاز يېقىپ چۈش كۆرىدۇ. لۇ خۇڭ-
چىنىڭ بولسا ئۇيقىسى كەلمىدى، شۇ جۇيجاڭ ئېيتقان "ئومۇمى يۈز-
لۈك ئىجتىمائى كەيپىيات" ناھايىتى يامان ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا پەقەت
تىز پۈكسىلا بولىدىكەن، ئەگەر بىرەر يۈرەكلىك ئادەم چىقىپ
ئۇنىڭغا بوي سۇنمىسا، جامائەتچىلىك ئۇنى بوي سۇنۇشقا مەجبۇر قىلى-
دىكەن! ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق يامانمىدۇ؟

جىن چاپلاشتىمۇ نېمە بولدى، لۇ خۇڭچىندا بىردىنلا ھاياجانلىنىش
پەيدا بولدى: ئۇنىڭ بۇ خىل "ئومۇمى يۈزلۈك ئىجتىمائى ھادى-
سىگە" تېگىپ باققۇسى كەلدى. گېزىتلەردە ھەر دائىم بەزى ناتوغرا
كەيپىياتلارنى پاش قىلغان خەۋەرلەرنى ۋە مۇشتىرىلاردىن خەتلەرنى
ئېلان قىلىۋاتامدۇ؟ شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىر پارچە مۇشتىرى-
دىن خەت يېزىپ باقمايمۇ، قېنى قانداق قىلىدىكىن. لېكىن، قايتا-
قايتا ئويلانغاندىن كېيىن لۇ خۇڭچىن ئېتىسنى يازماي پەقەت "بىر
ئاھالە" دەپلا يېزىپ قويىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى ئىدى:
پۇل چىقىرىپ سوغا تەقدىم قىلىشقا نارازى بولغان ئادەم تىل-
ئاھانەتكە ئۇچراشتىن قورقىدىكەن. ۋاھالەنكى، سوغا تەقدىم قىلىش

ئىشنى قەستەن بۇزۇۋەتكەن ئادەم قانداق بولماقچى؟ شۇنىڭدەك، يولدىشىمۇ بۇ ئىش ئۈچۈن مىڭ بىر قېتىم "سىلى دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلمەيلا" دە تېخى.

## 9

ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلكە گېزىتىنىڭ 4-بېتىدىكى كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا "بىر ئائىلە" نامدا يېزىلغان مۇشتىرىدىن خەت بېسىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرنەچچە يۈز سۆزلۈك قىسقا ئوبزورمۇ بىللە ئېلان قىلىندى. قىسقا ئوبزوردا گاز باشقۇرغۇچىنى كەسكىن ھالدا "گاز زومىگىرى" دەپ ئاتىغان. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بۇنى "ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش" تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ئوبزوردا يەنە "بىر ئائىلە"نىڭ كۈرەشچان روھى تەقدىرلىنىپ، كىشىلەرگە ناتوغرا كەيپىياتلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، ناتوغرا كەيپىياتلارنى "كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان"غا ئايلاندۇرۇۋېتىش چاقىرىق قىلىنغان...

ئىچىگە يىغىلىپ قالغان قوساق كۆپىگى خۇددى ئاغزى ئېچىلغان پىۋا بوتۇلكىسىدىن پىۋا غۇژۇلداپ چىققاندەك ئېتىلىپ چىقتى، لۇ خۇچىن بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشال بولدى. ئۇ بىر پەيتىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كىشىگە تۇيدۇرماي قىلغان بۇ ئىشنى كەمپىرىگە ئېيتماقچى، شۇنىڭ بىلەن دايىم "سىلە دۇنيادىكى ئىشلارنى بىلمەيلا" دەپ ئۆزىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىدىغان بۇ ئايالغا زادى كىمنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى.

— ۋاي-ۋاي چاتاق چىقتى، دادىسى! — ۋۇ پېيفېن ئوتياش سىۋىتىنى كۆتەرگەن پېتى ئىشكتىن كىرىپلا جىددى تەرىزدە، -ۋاي

www.uyghurkitap.com

دادىسى، چاتاق بولدى! ــ دېدى.

ــ نېمە ئىش؟ كىمدىن چاتاق چىقىپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى لۇ خۇگۇچىن قورقۇپ كېتىپ.

ۋۇ پېيفېن ئوتياش سۈتتىنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ساپاغا ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، دېدى:

ــ قايسى بىر پىخسىق مەلئۇن، شاتىراق مايمۇن، ئىچى يامان ناكەس قىلدىكىن...

ــ زادى نېمە بولدى؟

ــ بايا كۆكتات ئېلىپ قايتىپ كېلىۋاتسام، بىنانىڭ ئىشىكىدە زىڭ مىن ئۇچراپ قالدى ــ ئۇ ھازىر ئاغرىق، ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتىدۇ. كۆز ئىسسىش بىلەنلا ئۇنىڭ قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. ھازىر سىلىسىيە 110 دا ـ 150 سىماپ تۈرىگە چىقىپتۇ، ھەر يىلى شۇنداق بولارمىش...

لۇ خۇگۇچىن يولدىشىنىڭ ئەزمىلىكىگە چىداپ تۇرالمىدى:

ــ چاققانراق ئېيتىڭچۇ، زادى نېمە ۋەقە بولدى!

ــ ۋاي قوۋۇغام، ئەمسە ئاڭلاپ تۇرسىلا، ــ ۋۇ پېيفېن چاچلىرىدىكى تەرنى سۈرتىۋېتىپ، ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ئادىتى بويىچە ئوڭ ـ سولغا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن شىۋىرلاپ گەپ باشلىدى:

ــ زىڭ مىننىڭ ئېيتىشىچە، قۇراشتۇرۇش ئەترىدىكە سوغا تەقدىم قىلغان ئىش توغرىسىدا بىر كىشى ئەرىز قىلىپتىكەن، ئۇنىڭ ئەرزى گېزىتكە بېسىلىپتۇ.

لۇ خۇگۇچىن بىر ئۇلۇغ تىنىدى، ئەسلىدە مۇشۇ ئىشكەنغۇ! ئادەتتە "دۇنيادىكى ئىشلارنى" ئەڭ ياخشى بىلىمەن دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان موماي قورقۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قاپتىغۇ، لۇ خۇگۇچىن

كۈلۈپ قويۇپ:

— بەربىر سىز بىرىنچىدىن، ئەمەلدار ئەمەس، ئىككىنچىدىن، پارتىيىلىك ئەمەس، نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟ — دېدى.

— ۋاي-ۋۇي موللام، سىلىچۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى ھەقىقەتەن ئۇقمايلا، ئاڭلىسام تېخى "بىر تەرەپ" قىلغۇدەك! — ۋۇ پېيفېننىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرۇپ قالالمايدىغان ئەندىشە ۋە ئالاقزادىلىق ئەكس ئەتتى.

— بىر تەرەپ قىلىدىكەن...، — لۇ خۇڭچېن بېشىنى چايقاپ قويدى، بۇنىڭدىن سىزگە ھېچقانداق ئىش كەلمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ۋە سائىتىگە قارىۋىدى، سائەت 12 بولاي دەپتۇ، قوساق ئېچىپ كوكىرىغىلى تۇردى، — مېنىڭچە، چاقىرىلغان تاماق ئەتسىڭىز بولارمىكىن.

ماڭا قانداقچە ئىش كەلمەيدىكەن؟ ئابايا زىلىك مىن ئەگەر يۇقۇ-رىدىن ئادەم كېلىپ تەكشۈرۈپ قالسا، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ قوزغىغان-لىغىنى زادىلا دېمەسلىكىنى، مېنىڭ جاۋاپكار بولۇشۇمنى ئېيتتى. بۇ خوتۇننىڭ ھىلىسى تازىمۇ جىق ئىكەن!، — ۋۇ پېيفېن مەدەت تىلىگەن قىياپەتتە يولدىشىغا قارىدى، ئۇستۇمىدىن تەنقىت يېغىنى ئاچامدۇ تېخى دېدى.

زىلىك مىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن لۇ خۇڭچېن ھېچقانداق ھەيران بولمىدى، لېكىن راستىنلا غەزىۋى قوزغالدى. ئۇ ئەمدى يولدىشىغا ھېسداشلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: مېنىڭچە، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس، تېزرەك بېرىپ تاماق ئېتىڭ، — دېدى.

— مەن بۇرۇنراق گاز ئىشلىتىشنىلا كۈتكەن ئىدىم، ئەمدى نەس

باستى ــ تۈنۈگۈن كېزىتكە چىقىۋىدى، بۈگۈن قۇراشتۇرۇش ئەتر ىددىكمله‌ردىن بىرىمۇ ئىشقا كه‌لمه‌پتۇ، خه‌ق قۇراشتۇرۇش ئه‌تر ىدىنىمۇ ره‌نجىتىپ قويدى، ئۇلار خاپا بولۇپ قاپتۇ، هه‌ممىنى تاشلىۋه‌تتى. ئىشلىمه‌س بولۇپ، ئىش توختاتتى، تېخى ئۆمۈر بويى گاز ئىشلىته‌لمه‌يدىغانده‌ك تۇرىمىز، هه‌ي، مه‌ن...، مه‌ن راستلا بىر شور پىشانه ئىكه‌نمه‌ن....دېيىش بىله‌ن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپ كه‌تتى.

لۇ خۇگچىن بىرنه‌چچه ئېغىز گه‌پ قىلىپ ته‌سه‌للى بېرىشنى ئويلىغان ئىدى، لېكىن ۋۇ پېيفېن ئاڭلاشنى خالىماستىن، ئوتياش سۈيتىنى كۆتىرىپ ئاشخانىغا كىرىپ كه‌تتى.

كۈچلۈك كىرىسىن پۇرىقى تارالدى، جانغا ته‌كـكه‌ن كىرىسىن ئوچىقى يه‌نه ياندۇرۇلۇپتۇ ـ ده!

لۇ خۇگچىننىڭ كۆڭلىده دەرهاللا ناماقۇللۇق ۋه ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى ئۇرغىدى. ئۆزىنىڭ ئه‌رز قىلغانلىقى سه‌ۋه‌بىدىن، گاز تۇرۇبىسى قۇرۇلۇشى توختاپ قالدى، كه‌مپىرىنىڭ خاپا چىكىش ۋاقتى ئۇزاردى، بۇلارنى ئۇ باشتا ئويلاپ يه‌تمىگه‌ن ئىدى. شۇڭا ئۇ گۇنايىنى يۇيۇش هىسسىياتى بىله‌ن، ئاده‌تته ئاشخانىغا يېقىن يولىمايدىغان ئادەم بۈگۈن ئاشخانىغاكىرىپ،يولدىشىغاياردەملىشىپ كۆكتاتلىرىنى يۇيىماقچى بولدى.

ــ بۇ ئىشنى سىله قىلمىسىلىمۇ بولىدۇ، ــ دېدى ۋۇ پېيفېن ئاچچىقى بىله‌ن قولىنى شىلىتىپ، ــ ئه‌گه‌رده بۇ تۇتۇنىدىن قۇتۇلۇپ گاز تۇرۇبىسىنى ئىشلەتكه‌ن بولسام، ئىككى ئاده‌منىڭ تامىقىنى ئېتىش قانچىلىك ئىشتى؟ ــ قايسى جۇۋاينىمه‌ك گېزىتخانىغا خه‌ت يازغاندۇر، قوسۇقى تويۇپ، تاماق مه‌يدىسىگه ته‌پكه‌نمىكه‌ن، ئۇنىڭ ئۆيىده ياقىدىغان گازى بار ئىكه‌نده، شۇڭا، يه‌پ ـ ئىچىپ تويۇۋېلىپ بىر چه‌تكه چىقىۋېلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىدىكى چوڭ گه‌پنى قىلىدۇ. هۇ په‌س-

كەش، هۇ بېشىڭنى يەيدىغان، هۇ ئۆلمىگۇر ئالۋاستى.... ۋۇ پېيىفېن مەرگەن قارىغا ئالغاندەك، كۆزلىرىنى قىسىۋېلىپ، ئۆزىنى كىرىسىن ئوچاقنىڭ قارا تۇتۇنىدىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ، ئالدىراش ئىش قىلماقتا، كاللىسىدا ئۆزى ئويلاپ ئېسىگە كەلتۈرەلىگەن ئەڭ زەھەرلىك هاقارەت سۆزلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، هېلىقى خەت يازغان ئادەمنى تىللىماقتا ئىدى.

لۇ خۇگچىن ئاشخانىدىن قايتىپ چىقتى، هالسىزلانغان هالدا بايا ۋۇ پېيفېن ئولتۇرغان ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ خەت يازغان ۋاقتىدا، بۇ خەتنىڭ سوغا ئالغۇچىلارنىڭ نارازىلىغىنى قوزغاپ قويىدىغانلىغىنى ئويلىغان؛ لېكىن، مەجبۇرەن سوغا تەقدىم قىلىۋاتقانلارنىڭ تىل-ئاهانىتىگە ئۇچرايدىغانلىغىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىدى. هەر بىر جۈملىسىدىن قان تامچىلاپ تۇرغان بۇ هاقارەت سۆزلەر يالغۇز ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپلا قالماستىن، يەنە ئۇنى قاتتىق قايغۇغا سالدى.

## 10

لۇ خۇگچىن بۇ خىل كۆزقاراشتىكىلەر يالغۇز ئۆزىنىڭ يولدىشى ئەمەسلىگىنى ناهايىتى چاپسان سېزىۋالدى.

شۇ كۈنى كەچتە لۇخۇگچىن كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، بىنادىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئىككى ئايال بىلەن بىر ئەركىشىنىڭ بۇ ۋەقەنى غۇلغۇلا قىلىۋاتقانلىغىنى ئاڭلاپ قالدى.

— بۇ قۇراشتۇرۇش ئەتىرىدى باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كېتەرمىش.

— راستما؟

— مەن ئۇلارنىڭ ئەترەت باشلىقى ياكنى كۆرۈپ قالدىم.

— ئەترەت باشلىقى ياك خاپىمۇ قانداق؟

— ئۇ تورغانلا گەپقۇ! ئويلىمامسىز، بۇ ئىش كىمنىڭ بېشىغا كەلسە خاپا بولماي قالامايدۇ دەيسىز؟ ئۇ خەقىمۇ زادى سوغا تەقدىم قىلمىساڭلار بولمايدۇ، دېمىگەن ئىدى، ۋۇ ئاچام داۋراڭ سېلىپ سوغا ئاپارغان ئىدى. ئاخىرغا كەلگەندە ناتوغرا كەيپىيات بىلەن شۇغۇللاندىڭ دەپ ئۈستىدىن ئەرز قىلىسا، ئۇنى ھەم گېزىتتە ئېلان قىلسا، ھەم رادىيودا ئاڭلاتسا، خەقنىڭ يۈزى قالامدۇ؟ سەت ئەمەسمۇ.

— ياك دۈيجاڭ تىللىمىدىمۇ؟

— ئۇ تىللاپ يۈرىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇ تېخى بۇ بىنانىڭ گاز تورۇبىسىنىڭ بىر سايمىنى كەم بولۇۋاتىدۇ، ئۇنى تيەنجىندىن ئېپكېلىش كېرەك، يەنە قوراشتۇرۇش ھەققىنى باشقىدىن سۆزلىشىمىز، چۈنكى سىمونت پۇل بەك قاتتىق ئىكەن، ئىش ۋاقتى كۆپ سەرپ بولۇپ كەتتى، دەيمىش.

— مۇشۇنداق ئارقىغا سوزۇش بىلەن بۇ ئىش ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغا سۆرۈلۈپتۇ-دە.

— شۇنداق، قايسى ئاماق مەيدىسىگە تەپكەن نىمە ئۇ لەنىتى خەتنى يازدىكىن، ھازىرقى ۋاقىتتا قەيەرگە بارساڭ ھەممىلا يەر مۇشۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، سەككىز-ئون يۈەن خەشلەپ قويغانلار، ئاللىقاچان گاز ئىشلىتىۋاتىدۇ، ھەممە نىمىسى تەل بولۇپ بولدى.

— كىم يازدىكىنە؟

— ئىش قىلىپ قەلەم تەۋرىتەلەيدىغانلاردىن بىرسىنىڭ ئىشى.

— ھىلىقى لۈ پەيلىڭلىك يازغۇچى يازدىمۇيا؟

شۇ تاپتا لۇ خۇگچىننىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ كەتتى، چۈنكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ سىرىنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

— ياقەي، ئۇ قېرى تولىمۇ يۇۋاش ئادەم، ئەزەلدىن كىشىلەرگە يامانلىق قىلمايدۇ.

— ئىككىنچى ئارىلىقتىكى ھېلىقى جياڭ پەمىلىلىكمىكىن دەيمەن، — بىر خانىمنىڭ ئاۋازى پەس چىقتى.

— ھېلىقى قېرى قۇرۇق زەنجىۋىلنى دەمسىز؟

— سىلەر ئۇنىڭ ئاۋاق قاقشال لىغىغا قارىماڭلار، ئۇ ناھايىتى ئىچى زەھەر نەرسە.

— سىز ئۇنى قانداق بىلىسىز؟

— ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر تۇققىنى ئۆلكە گېزىتىنىڭ مۇخبىرلار پۇنكىتىدا مۇخبىر ئىكەن. ئۇ مۇخبىر كۆز ئەينەك تاقىۋېلىپ، بۇ يەردە قوللىرىنى شىلتىپ يۈرەتتى، كۆرىدىغان بولسىڭىز، بەئەينى بالا ـ قازا تېرىيدىغان ئالۋاستىنىڭ ئۆزى يەنە كېلىپ ئۇ دەسلەپتە پۇل يىققان ۋاقىتتا، پۇل بەرگىلى ئۇنىمىغان ئىدى.

— چوقۇم شۇكەن، ھۇ قېرى قاغدالما زەنجىۋىل!

— قۇرۇق زەنجىۋىل دىگەن ياخشى دورا ـ دەرمان بۇ بولسا، بىر سېسىق بېلىقكەن، ـ دىدى بىر ئەر كىشى ئاچچىغىدا غەزەپ بىلەن، — بىر سېسىق بېلىق بىر قازان ئاشنى سېسىتىدۇ.

لۇ خۇگچىن داۋاملىق ئاگلاۋېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى ۋە ئاستا تۇيدۇرماي قېچىپ كېلىپ، ئۆيىگە كىرىۋالدى، نىمە دىگەن تەلەي، نىمە دىگەن بەخت، ھېلىمۇ ياخشى پاش قىلىش خېتىنى يازغاندا ئىپتىنى يازمىغان ئىكەن! لۇ خۇگچىن كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆلكە مەركىزىدە تۇرۇشلۇق گېزىتخانا بىلەن



مۇناسىۋىتى بار بىر دوستىغا كېچىلەپ خەت يېزىپ، ئۇنىڭ تېزدىن گېزىتخانىغا بېرىپ ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن لۇخۇگچىنىڭ ئېتىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقا ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئەھۋال تەرەققى قىلماقتا.

قېرى «قۇرۇق زەنجىۋىل»نى نەس باستى، ئۇ كىشىلەرنىڭ سوغاق مۇئامىلىسىگە ۋە كۆز ئالايتىشىغا ئۇچرىغانلىقىغا ھاڭ-تاڭ قالدى. «قۇرۇق زەنجىۋىل»نىڭ كىچىك ئوغلىنى قايسى بىر ئائىلىنىڭ بالىسى ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ دەرىزىسىگىمۇ سالغا ئاتقان تاش تېگىپ، ئەينەكنى ئۆرۈكتەك چوڭلۇقتا تېشىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ تۆۋەنگە يېيىپ قويغان يوتقىنىغا كىمدۇر بىرى قارامايي سۈركەپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ياتقان ئۆيىدىنمۇ سۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ، گەپ-سۆزلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئادەم سۇ تۇرۇبىسىنىڭ جۈمىگىنى ئېتىشنى «ئۇنتۇپ» قاپتۇدەك،... ئىككى ئادەم بىر يەرگە كەلسىلا، تەبىئىي ھالدا «قۇرۇق زەنجىۋىل»نىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇشتى. ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدىن تارتىپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئەسكىلىكلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ۋاڭ مومايىنىڭ كاۋىسىنى ئوغۇرلىغانلىقلىرىدىن تارتىپ ئۆتكەن ئايدا كۆكتات ساتقۇچى بىر ئايال بىلەن سوقۇشقانلىقلىرىغىچە

غەيۋەت قىلىشتى.

— خوپ بولدى، يامانلىققا يامانلىق دىگەن شۇ، ئۆزىگە ئۆزى قىلدى! — دەيتتى. ئادەتتە تولىمۇ شەپقەتلىك، رەھىمدىل ۋۇپپىيفىن ئەمدىلىكتە ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دىگەندەك ئەلپازى بىلەن، باشقىلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتتىن خۇشاللىنىپ دەرۋەقە بۇ ۋاقىتتا پىتنە-ئىغۋا تارقىلىپ، ھەق ناھەق ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەھۋال قورقۇنچلۇق دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. لۇ خۇڭچىن سىرتىدىن چاندۇرمىغىنى بىلەن، كۆڭلىدە ”قۇرۇق زەنجىۋىل“گە ئىچ ئاغرىتاتتى. جۇڭگو ئادەم ئىدارە قىلىشتا ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىسى بار دۆلەت. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئادەم ئىدارە قىلىشتا تۇتقان يولى بار ئىدى. ئەۋلاتلىرىنىڭمو ”مۇۋاپىق ئىنتىقام ئېلىش“تا پەمى بار ئىدى. لۇ خۇڭچىنمۇ ئىچىدە قۇرۇق زەنجىۋىلنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئازار يىگەنلىكىنى ئويلاپ پۇشايمان يىدى. بىراق ئۇنىڭدا «پاجىئەلىك دۇنيا» رومانىدىكى ژان. ئاراندەك كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان جاسارەت ۋە سالاپەت يوق ئىدى. ئۇ ئەقىل-ئىدرەكتە يېتىلگەن گىگانت بولسىمۇ، جاسارەتتە بولسا پەتەك ئىدى. ژان. ئاران بىر تىپىك ئوبراز. تىپىك ئوبرازنى تەتقىق قىلىۋاتقان لۇ خۇڭچىنمۇ ئەلۋەتتە بىر تىپىك ئوبراز بولار؟

## 11

بىر كۈنى كەچقۇرۇن لۇ خۇڭچىن يەنە پەسكە چۈشۈپ ئايلاندى. ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى قىزارتىپ، يۈرىگىنى پوكۇلدىتىدىغان ھىلىقىدەك غۇلغۇلىلارنى يەنە ئاڭلاشنى خالىمىدى، ئۇ مەقسەتلىك ھالدا بىنا

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا سالـقىنداپ ئولتۇرغان ئەرلەردىـن ۋە خانىمـلاردىن ئۆزىنى قاچـۇرۇپ، خالـى ـ تىنچ جاي ئىزدىـدى. مۇنداقمۇ ئېپـكىلەمدۇ، ئەمدىلا بىر بىنانى ئايلىنىپ ئۆتتۈۋىـدى، ئۇ يەنە شۇ جۇيجاڭ بىلەن ئۇچرىـشىپ قالـدى. شۇ جۇيـجاڭ بۇ قېـتىم ئۇستىگە ياشانغانلار كىيىدىغان يىپ ئىلمە ـ توقۇلما كۆينەك بىلەن كەڭ پۇشقاقلىق كالتە شـىم كىيگەن، پۇتىغا يۇمشاق چەملىك شىۋەكنى يالاڭـلا سىپىۋالغان ئىدى.

لۇ خۇگچىن شۇ جۇيجاڭنىڭ دانا پىكىرلىرىنى خېلى بۇرۇنلا بىلىپ بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇ شۇ جۇيـجاڭنىڭ يېقـىنـدا سادىر بولغان ئىشلارغا بولغان كۆزقارىشىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولدى.

شـۇ جـۇيـجاڭ بېشـىنى تىك كـۆتەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى بۇرۇنقىدەك ئىشەنچ نۇرى بىلەن پارقىراپ تۇراتتى.

ــ نەزىرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ــ دىدى ئۇ، ــ دىققەت قىلىڭ، مەن "نەزىرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا" دەۋاتىمەن. نەزىرىـيە جەھەت ـ تىن ئېيتقاندا، پاش قىلىش خېتىنى يازغان كىشىدە ھېچـقانداق سە ـ ۋەنلىك يوق. توغرىمۇ؟

ئۇھ، خۇدايا شۈكرى، ئاشكارا مۇئەييەنلەشتۈرگەن سۆزنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان لۇ خۇگچىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، مىننەتدارلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ ئەمما، خەت يازغان كىشى ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان ياش بالا بولمىسا، ئۇنى كەچـۈرۈشـكە بولىدۇ، ئەگەر ئۇ قۇرامىغا يەتكەن ئادەم بولۇپ، مۇشۇنداق قىلىقنى قىلغان بولـسا، ئۇنىڭ باشقا بىلىپ بولمايدىغان غەرىـزى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ گۇدەكـلەرچە قىلىق قىلـىپ كۈلكىگە قالـدىـغان مۇلـلام ئوخـشايـدۇ، ــ شۇ جۇيـجاڭ

لۇخۇگچىنغا بىر قاراپ قويدى، ئۇنىڭ مىيىغىدا مەسخىرە كۈلكىسى ئوينايتتى، — خەتنى يازغان "بىر ئاھالە" قارىماققا بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئۈچۈن ئادىللىق قىلىشنى ئويلىغاندەك قىلىدۇ، لېكىن، ئۇ بۇنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىكەنلىكىنى، ئۇنى مەلۇم بىر دائىرىدە ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەنمەپتۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىش يولىدىكى ھەركىتى دەل ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتتى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئېيىقنىڭ خىزمىتىنى قىلدى.

لۇخۇگچىنىڭ كۆڭلى يەنە سوۋۇپ كەتتى. شۇ جۇيجاڭنىڭ سۆزىنى ئاياللارنىڭ سۆزلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تىل ئۇسلۇبى ئوخشىمىغان بىلەن، ماھىيىتى ئوخشاش ئىدى. لۇخۇگچىن قايىل بولمىغان ھالدا:

— ئۆلكە گېزىتى ئاكتىپ قوللىغان ئەمەسمۇ؟ ئۆلكە گېزىتى دېگەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى! — دېدى.

شۇ جۇيجاڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— لاۋلۇ، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، ئۆلكە گېزىتخانىسىدا كۆمۈرگازى يوق، گاز ئىشلىتىش ئۈچۈن يەنىلا شەھەرلىك گاز شىر-كىتىنى تېپىش كېرەك. شەھەرلىك گاز شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكى بۇ ۋەقەدىن قاتتىق خاپا بولۇپتۇ! — دېدى.

— سىز ئارىغا چۈشۈپ گاز شىركىتىدىكىلەرگە گەپ قىلىپ قويالاما-سىز، ئۇلار قۇرۇلۇشنى توختىتىپ قويمىسا بولاتتى؟

— گاز شىركىتىنىڭ باشلىقى سۇڭ جىڭلى مېنىڭ بۇ بىنادا ئولتۇ-رىدىغانلىقىمنى بىلىدۇ، ناۋادا بۇ خەت بولمىغان بولسىدى، مەن سۇڭ جىڭلىنى تېپىپ ئېيتسام، ئۇ بەلكىم مېنىڭ يۈزۈمنى قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى، پاش قىلىش خىيتى چىقىپ قالدى، ياماسىغا كەلسە، سۈڭ
جىڭلى خاتا هالدا مېنى خەقنى قۇترىتىپ بۇ خەتنى يازدۇرۇپتۇ دەپ
ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، مېنىڭ گەپ قىلمىغىنىمۇ تەس بولۇپ
قالدى.

— ئۇنداق بولسا...

— بۇ مەسىلىلەر هامانەم بىر تۇتاش هەل قىلىنىدۇ. كېيىنچە
ئېنېرگىيىنىڭ جىددىيلىك هالىتى پەسەيگەندە، گاز ئىشلىتىشمۇ
مۇنداق قىيىن بولماس.

قالتىس ئىمكەندە بۇ! شۇنداق قىلىپ ئۇ "پارتىيىنى تەرتىپكە
سېلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن" دىگەندىنىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى.
ئاخىرغا بېرىپ گەپ قولاشمىدى، ئۇلار ئۆيگە قايتتى.

لۇ خۇگچىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، ۋۇ پېيفېن يالغۇز قېتىپ
قالغاندەك ساپادا ئولتۇرۇپتۇ. لۇ خۇگچىن چاي شىرەسى ئۈستىدىكى
بىر دەستە پۇلنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ نىمە پۇل دەپ سورىدى ئۇ.

— سوغا قىلىنغان پۇل، ئۇلار قايتۇرۇپ بەردى.

— ئۇ... ئۇنداق بولسا، نىمە ئۈچۈن هەرقايسى ئائىلىلەرگە
قايتۇرۇپ بەرمەيسىلەر؟

— هەي، سىلە دۇنيادىكى ئىشلارنى ئۇقمايلا....

ئەسلىدە بۈگۈن شەهەرلىك كۆمۈرگازى شىركىتى ئادەم ئەۋەتىپ سوغات قىلىنغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ هەمدە شىركەت رەهبەرلىكىگە ۋاكالىتەن ئاهالىگە ناماقۇل بوپتۇ. لېكىن، گاز تۇرۇبىسىنى ئورنىتىش قۇرۇلۇشىنىڭ گېپى بولغاندا بولسا، "ئېنىق بىر نەرسە دىيەلمەيمىز" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ ئېنىق بىر نەرسە دىيەل-

مەسلىك" كىشىلەرنى قاتتىق ئويغا سېلىپتۇ. كۆپچىلىك، بۇ "ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەسلىك"نىڭ مەنىسى: "ماقۇل، سىلەر ئەرز قىلىپ ئۇتتۇڭلار، پۇلنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەردۇق، گاز ئىشلەتمەكچى بولساڭلار گېزىتخانىنى تېپىڭلار" دېگەنلىك دەپ خۇلاسە چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر يول كۆرسىتىپ: سوغات قىلىنغان پۇلنى ئائىلىلەرگە قايتۇرمايلى، گەپكە ئۇستا ۋە ئابرۇيلۇق بىرەرسىنى كۆمۈرگازى شىركىتىگە ئەۋەتەيلى، سوغا پۇلنى قايتا تەقدىم قىلايلى، ئەگەر ئۇلار پۇلنى ئاز كۆرسە، ھەر بىر ئائىلە يەنە ئازراق قوشساقمۇ بولىدۇ، پەقەت گاز تۇرۇبىسىنى ئورنىتىش ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىشنىلا تەلەپ قىلىمىز، دەپتۇ. بەزىلەر بولسا: بۇ چارە بول-مايدۇ، گاز شىركىتى چوقۇم قوبۇل قىلمايدۇ. ئالدى بىلەن "بارلىق ئائىلە" نامىدىن ئۆلكىلىك گېزىتكە خەت يېزىپ، "بىر ئائىلىنىڭ خېتى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك ئىكەنلىكىنى، گاز شىركىتىنىڭ قۇراش-تۇرۇش ئەترىتى خىزمەتتە ئاكتىپ بولۇپ، ئۆزىگە قىلچە داغ تەك-كۈزمەستىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئائىلە ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنگە يەتمەيدۇ. ئالدى بىلەن قۇراشتۇرۇش ئەترىتىنىڭ ئابرويىنى تىكلەش لازىم، ئاندىن كېيىن سوغاتنى ئوغۇرلۇقچە ئاپىرىپ بېرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندا ئۈنۈملۈك بولۇپ چىقىدۇ، دەپتۇ.

— دادىسى، سىلە بىر يول كۆرسەتسىلە بوپتىكەن، قانداق قىلساق ياخشى بولار، — ۋۇ پېيفېن لۇ خۇڭچىنغا يالۋۇردى.

لۇ خۇڭچىن ئۈندىمىدى. خەقلەر ئۆزىنىڭ بىر پارچە گۆشىنى شىلىۋالغان، ئۇ يەردىن قان تامچىلاپ ئېقىۋاتقانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنە مۇنداق ئىش يوق، دەپ گېزىتتە بايانات ئېلان قىلىدى-كەن. بۇ قانداق روھتۇ؟ لۇ خۇڭچىن بىر مەھەل مۇنداق سەنئەت

ئوبرازىنى تاپالمىغان ئىدى.

— دادىسى، بولمىسا سىلە مۇنداق ئىش بولمىغان، دېگەن باياناتنى يېزىپ بېرەملا، گېزىتخانىغا ئەۋەتەيلى.

— مەنما؟

— ھەئە.

— يازالمايمەن.

— سىلە شۇنچە يىلدىن بېرى ماقالا يازغان تۇرۇپ، جىياڭ قېرىغا يەتمەملا؟

— يەتمەيمەن.

— ھىم! نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تاماقنى ھارام يەپلا.

## 12

يېرىم ئايدىن كېيىن ئەھۋالدا كومېدىيە خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش يۈز بەردى. سوغا تەقدىم قىلىنمىدى، ”بىر ئاھالە“نىڭ پاش قىلىش خېتىگە رەددىيە بېرىدىغان باياناتمۇ ئېلان قىلىنمىدى، بىراق قۇراشتۇرۇش ئەتىرىدى قايتا كەلدى. ئىشچىلار يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىشلار ئىدى، ھىلىقى شالاڭ قاش، خۇما كۆز قىزچاقمۇ بار ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ئوخشىمايتتى. لۇ خۇگچىن ناھايىتى ئېنىق كۆردىكى، ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 7 دە تەگلا ئىش مەيدانىغا كېلەتتى، چۈشتە 40 مىنۇتلا دەم ئالاتتى. بىنا ئالدىدىكى سالقىن جايغا كېلىپ، ھەركىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن تاماقلىرىنى يېيىشەتتى، كۆپ بولغاندا بىرەر بوتۇلكا جۇيزىنىڭ ئارزان سۈيىنى ئىچەتتى. خىزمەت ۋاقتىدا پاراڭ سېلىشىدىغان چاقچاقلىشىدىغان ۋاقىت

چىقىرىپ قوغلاشماق ئويناپدىغان ئىشلار يوقالدى، قىز-يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى پورژىنىسى قاتتىق چىكىتىلگەن سائەتكە ئوخشاش توختىماي ماڭاتتى، ئۇلار ئۆتكەندە بەش كۈندە پۈتتۈرگەن ئىشنى ھازىر بىر كۈندە پۈتتۈرىدىغان بولدى، بىراق، ئۇلارغا ياڭ دۈيجاڭنىڭ ياكى بىرەر باشلىقنىڭ كېلىپ ھەيدەكچىلىك قىلغىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ۋۇ پېيفېن بۇنىڭدىن تولىمۇ ھاياجانلاندى، خەۋەرلەرنى ئۇقۇشۇپ تۇرۇشتىمۇ ئەڭ تىرىشچان بولۇپ كەتتى.

— ئاڭلىساق، قۇراشتۇرۇش ئەترىدىمۇ كۆتىرە ئىشلەشنى يولغا قويۇپتۇ، مۇكاپاتنىڭ چېكى يوق، مائاشنىڭ تېگى يوق ئىكەن، — دىدى ئېرىغا ۋۇ پېيفېن.

— مۇكاپاتنىڭ يۇقۇرى چېكىنى بېكىتمەسلىك، مائاشنىڭ تېگىگە ھۆددە قىلماسلىقمۇ دەيمەن؟ — دىدى لۇ خۇڭچىن تۈزىتىش بېرىپ.

توغرا، توغرا. ئاڭلىشىمچە ھىلىقى ياڭ دىگەن ئەترەت باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپتۇ.

— نىمىشقا؟

ئاڭلىساق، نەچچە ئورۇن ئۇنىڭ گاز ئىشلەتكۈچىلەرگە تەھدىت سېلىپ پارا ئالغانلىقى توغرىسىدا ئەرىز قىپتۇ، بەزىسىدىن ئاشكارا ئاپتۇ، بەزىلىرىگە بىرئاز پۇرۇتۇپ قويۇپ، سوغا تەقدىم قىلىشقا ئىشارەت قىپتۇ. ئۇ ھەممىسىدىن كۆپ سوغا ئاپتۇمىش، ئۇ نىمىنى بۇرۇنلا قالدۇرۇۋېتىش كېرەك ئىدى.

لۇ خۇڭچىن تولىمۇ خۇرسەن بولدى، مانا بۈگۈن ئۇ كەمپىرنىڭ ناتوغرا كەيپىياتلارغا نەپرەت بىلدۈرگىنىنى ئاخىر كۆردى، بىر كىشىنىڭ ئويغانغانلىقىنى ئاخىر كۆردى. تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئەندى

ئاشكارىلاشقا بولغۇدەك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېدى:

— مەن ئۆز ۋاقتىدا سوغا تەقدىم قىلىشقا قوشۇلمىغان ئىدىم...

— سىلە شۇ ماقالا يېزىشنىلا بىلىلا، دۇنيادىكى ئىشلاردىن نېمىنى بىلىلا؟ — دەپ ۋۇ پېيفېن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — سىلە مېنىڭ سوغا تەقدىم قىلغانلىقىمنى ياڭ دۇيجاڭغا يېقىنچىلىق قىلغانلىق دەۋاتامدىلا، مەن گاز ئۈچۈن تەقدىم قىلدىم. كىم ماڭا گاز بېرىدىكەن، شۇنىڭغا سوغا تەقدىم قىلىمەن، ئەگەردە ھېلىقى جوڭا يىنىمەك قۇرۇق زەنجىۋىل ھېلىقى خەتنى يازمىغان بولسا، بۇ كەمگە قالماي نىكەم گاز ئىشلەتكەن بولاتتۇق.

لۇ خۇڭچىننىڭ يۈرىگى قارتتىدا قىلىپ قالدى، تۇگەشتى، بىر ئائىلە ئايالىمۇ ئۆزىنىڭ ئىزچىل توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئامراق تۇرغان يەردە، "قۇرۇق زەنجىۋىل"نىڭ ئەنزىسىنى ۋاقتىنچە ئاغدۇرغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

يەنە ئىككى كۈن ئۆتتى، كەچتە كۈتۈلمىگەن يەردىن شۇ جۇيجاڭ لۇ خۇڭچىننىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— قانداق لاۋلۇ، يەنە مېنىڭ دىگىنىم توغرىمىكەن؟ شۇ جۇيجاڭ يەلپۈگۈچىنى يەلپۈگەن ھالدا، ئىشىكتىن كىرىپلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەپ كەتتى.

لۇ خۇڭچىن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە چاي قۇيدى، ئۇ ھېچنېمىنى چۈشەنەلمەي بېشىنى لىڭشىتتى، كۆڭلىدە شۇ جۇيجاڭنىڭ زادى نېمىنى توغرا ئېيتقانلىقىنى پەملىيەلمىدى.

— ھەي لاۋلۇ، تېخىچىلا توك شامالدۇرغۇچ ئېلىشقا پېتىنالمايۋاتامسىز؟ — شۇ جۇيجاڭ لۇ خۇڭچىننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — جەمئىيەتتىكى ناتوغرا كەيپىياتلارنى شەخس

ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ ھەرقانداق ئۇسۇل قوللانسىمۇ، مەسلەن، پاش قىلىش خېتى يېزىشقا ئوخشاشلارنى قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممىسى ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ. قۇراشتۇرۇش ئەترىتىنىڭ ئىشىنى ئالساق بىر كىشى گېزىتخانىغا پاش قىلىش خېتى يېزىپ ئەۋەتىپتىكەن، نەتىجىدە قانداق بولدى؟ يەنە يېرىم ئاي ئاپتاپقا قاخلاندۇق ئەمەسمۇ؟ ئەمدى شەرت پېشىپ يېتىلىۋىدى، مەسىلە تەبىئىي ھالدا ھەل بولدى.

لۇ خۇگچىن بىرئاز ئاڭقىرالماي قالدى، شۇ جۇيجاڭمۇ ئۆزىنىڭ ئىزچىل توغرىلىغىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىسى ئېنىق، بىراق ئۇ بۇ ئىشنىڭ ھازىر قانداقلارچە ”تەبىئىي ھالدا“ ھەل بولغانلىغىنى چۈشىنەلمىدى.

— شەھەر باشلىغى بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىپتۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، شەھەرلىك گاز شىركىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىپتۇ، سۈك جىڭلى تەختتىن چۈشتى ئەمەسمۇ. ئۇنداق بولمىسا مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ — دېدى شۇ جۇيجاڭ.

— زىددىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى، ئىسلاھاتنى ئالغا سۈرۈپتۇ-دە!

— مەسىلىگە ئۇنداق قارىساق بولمايدۇ، — دېدى شۇ جۇيجاڭ، ئۇ كۆكرىگىنى كېرىپ قويدى، كەڭ پېشانىسى پارقىراپ كەتتى، — ئىسلاھات دېگەن ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى، سىز زىددىيەتنى ئاشكارىلىمىسىڭىز خەقلەر ئىسلاھات ئېلىپ بارامدىكەن؟ ئومۇمىي يۈزلۈك كەيپىياتتا ئايلانغان ئىجتىمائىي مەسىلىنى بىر تۇتاش ھەل قىلىش كېرەك. مېنىڭچە، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلغان-

دىن كېيىن، ئەھۋالدا چوقۇم ياخشىلىنىش بولىدۇ. شەھەر-ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش 8 — 9-ئايلاردا قانات يايدۇرۇلماقچى....

— شەھەرلىك كۆمۈرگازى شىركىتى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇنلا مەسىلىنى ھەل قىپتىغۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ خۇڭچىن.

شۇ جۈيجاڭ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— ئاكا، سىز، ساپلا داڭقان پۈتى نىمىلەرنى سورايسىزغۇ؟ شۇڭلاشقىمۇ ماقالىنى يېزىپ چىقالماي، كالا مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچىغا كىرىپ قالغانلىقىڭىزغا ھەيران قالمىساق بولغۇدەك، ھازىر ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، سىزنىڭ كاللىڭىزنىمۇ ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك ئىكەن! — مەن قايتاي، — شۇ جۈيجاڭنىڭ پېشانىسىدىكى يالتىراق نۇر دولقۇنلىرى خۇددى يىراقتىكى يۇلتۇزلاردەك يالتىراپ تۇراتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاھالە بىناسىغا گاز تۇرۇبىسى پۈتۈنلەي ئورنىتىلىپ بولدى، يەنە 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ۋۇ پېيفېن گاز تۇرۇبىسىدىن كەلگەن گازنى ئىشلىتىپ، كىرىسىن ئوچاق بىلەن ئاخىر خوشلاشتى.

پۈتكۈل ئاھالە بىناسىدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسى خوشاللىقتا چۆمدى. ئاھالىلەر بىر بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىشىپ، كىمنىڭ گاز ئوچىقىنىڭ ياخشىلىقىنى، كىمنىڭ گاز ئوچىقىنىڭ يالقۇنىنىڭ ياخشى، رەڭگىنىڭ ئوبدانلىقىنى كۆرۈشتى. ۋۇ پېيفېن بولسا، يېڭى ئورنىتىلغان گاز ھىساپلىغۇچىسىنىڭ ھىساۋىنىڭ توغرا-خاتالىقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن گاز باھاسىنىڭ ئۆسۈش-ئۆسمەسلىكىدىن



www.uyghurkitap.com

ئەنسىرىمەكتە ئىدى، ئاھالىلەر بىر يەرگە توپلىنىپ پاراڭلاشقاندا، بەزىلىرى يېڭى شەھەر باشلىغىنىڭ ئىش نەتىجىلىرى ۋە كۆمۈرگازى شىركىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىگىنىڭ قابىلىيەتلىكلىگى ئۈستىدە توختىلاتتى. لېكىن، پاش قىلىش خېتىنى يازغان "قۇرۇق زەنجىۋىل"نى ھېچكىممۇ ئاغزىغا ئالمايتتى. خۇددى بۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق ۋەقە بولمىغاندەك، ھەممىسى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك، — شۇنداق بولۇشى ئۈچۈن بىر قەپەز ئوخشىمىسىزلىقلار بولدى —، خۇددى مۇشۇ چاغدا گاز كېلىشكە تېگىشلىكتەك، گاز شىركىتىدىمۇ قابىل يېڭى رەھبەرلىكنىڭ چىقىشى لازىمدەك قىلاتتى. "قۇرۇق زەنجىۋىل"گە قارىتا بولغان ئىنتىقام ئېلىش ھەركىتى "تەبىئىي ھالدا" توختاپ قالدى. لېكىن، بىرەر كىشىمۇ ئۇنىڭغا ناماقۇل بولمىدى، ئۇنى ماختايدىغانلار تېخىمۇ يوق ئىدى، جۇڭگودا: بۇرۇن سېنى باشقۇرغانلىق توغرا ئىدى، بۈگۈن سېنى باشقۇرماسلىقمۇ توغرا دېگەن بىر قەدىمى فورمۇلا بار. قارىغاندا، لۇ خۇڭچىن پاش قىلىش خېتىنى يازغان ئىشنى يۇرىگىنىڭ قات-قېتىدا مەڭگۈ ساقلايدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ بىر قېتىملىق ئەگرى-توقايلىق ۋەقەنى تاشلاپ قويۇش ئۇنىڭ ئۈستىگە تومۇزنىڭ سەرەتان ئىسسىغىنى باشتىن ئۆتكۈزۈش بىلەن لۇ خۇڭچىندا ئۆزىنىڭ تېپىك ئوبرازىنىڭ كۆپ خىللىقلىغى توغرىسىدىكى ماقالىسىغا ھەۋىسى قالمىدى. يازغۇچىلار يارىتىپ چىققان تېپىك ئوبرازلارنى دەرۋەقە تەتقىق قىلىشقا، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتە ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىكەن، لېكىن، ئەڭ زۆرۈرى باشقىلار ئىجات قىلمىغان كۆپ خىللىق ئوبرازلارنى يارىتىش ئىكەن، ھەتتا ئۇ تېپىك بولمىسىمۇ مەيلى، ئۇ ئۆزىنىڭ كەمپىرىنى تەتقىق قىلىپ باقماقچى، زىڭ مىن بىلەن شۇ جۇيجاڭنى تەتقىق

قىلىپ باقماقچى ھەمدە ئۆزىنىمۇ تەتقىق قىلىپ باقماقچى بولدى.

1984 ـ يىل ئىيۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرىسى

## ئاپتور ھەققىدە

جىن خې، ئەر، 1943 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئاۋخەن ئايمىقىدا تۇغۇلغان. 1968 ـ يىلى ئىچكى موڭغۇل داشۆسىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چىفېڭ شەھىرىدە ئاخباراتچىلىق ۋە خەۋەر يېزىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1972 ـ يىلدىن باشلاپ ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1978 ـ يىلى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ لياۋنىڭ شۆبە جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ، كەسپىي يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، ھازىر شۇ شۆبە جەمئىيەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى. ئۇنىڭ «قايتا ئۇچرىشىش» ۋە «مۇھەببەت ئۇچۇنلا ئەمەس» ناملىق ئەسەرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1979 ـ يىللىق ۋە 1982 ـ يىللىق مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛ «تارىخ بابى» دېگەن ئەسىرى 1977 — 1980 ـ يىللىق مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئاخبارات ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «جىڭ خې ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ۋە «مۇھەببەت ئۇچۇنلا ئەمەس» قاتارلىق توپلاملىرى بار.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 11 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تەۋەككۇل سىدىق.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غولام غوپۇرى.**

# ”ئەڭ ناچار كىنو فىلىمىدىكى ئەڭ
# ياخشى قوشۇمچە رول ئالغۇچى“

## لى دۆڭ

### 1. مەلۇم گېزىتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمى مۇدىرى ماۋېندۇڭنىڭ مۇخبىرغا يازغان خېتى

چېن لى:

سالام سىزگە!

N كىنو ئىستۇدىيىسى ”كىچىك بارچە گۈللەر“ مۇكاپاتى بويىچە باها ـ
لاش ـ تاللاش ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلىپتۇ، ئەتە كەچتە مۇكاپاتلاش
مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، بىر پارچە تەكلىپنامە ئەۋەتتىم، ۋاقتىدا ئىشتىراك
قىلغايسىز.

بۇ نۆۋەتلىك ئەڭ ئېسىل ھىكايە فىلىم «تۇرمۇش سىزگە كۈلۈمسىرە ـ
مەكتە»دىكى باش رول ئالغۇچى فەن يىلىڭ شەرەپ بىلەن ئەڭ مۇنەۋۋەر
ئەرتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ناھايىتى سەۋىيىلىك ۋە ئۆزگىچە
خاراكتېرلىق يىگىت ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە ئاشۇ كىنو ئىستۇدىيىسى ئىشلەپچىقى ـ
رىش سېخىنىڭ مەيدان ئىشچىسى بولۇپ، «چىلىڭ خاندانلىقى نۇردىسىدىكى
ئېبلىس» دىگەن فىلىمدا ۋاڭ خوجامنىڭ رولىنى ئالغان ئىكەن. بەزىلەر
چاخچاق قىلىپ، ئۇنى ”ئەڭ ناچار فىلىمدىكى ئەڭ ياخشى قوشۇمچە رول
ئالغۇچى“ دىيىشىدىكەن. بىر يىلدىن كۆپرەكلا ۋاقىت ئىچىدە، فەن يىلىڭ

ئاددى مەيدان ئىشچىسىدىن بىر سەكرەپلا ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەرتىس بولۇپ قېپتۇ. ئەگەر ئىختىساسلىق كىشلەرنى تەتقىق قىلىش نۇقتىسىدىن ئىزدەنسە، بۇ ھەقتە بىرەر پارچە ماقالا يېزىشقا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ — كىتاپخانلار كىنو ئەرتىسلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ئىشلىرىغا ئائىت خەۋەرلەرگە ھەرقاچان دىققەت ـ ئېتىۋارى بىلەن قارايدۇ ئەمەسمۇ.

مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە مەن ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە يىغىندا بولىمەن، بىرەر ئىش بولسا، ئاخشاملىرى ئۆيۈمگە تېلېفون بېرەرسىز.

ما ۋېندۇڭ، بۈگۈن

## 2. مۇخبىر چېن لىنىڭ خاتىرىسى

مەن، N كىنو ئىستۇدىيىسى ئۇيۇشتۇرغان بۇ يىلقى "كىچىك بارچە گۈللەر" مۇكاپاتى بويىچە باھالاش ـ مۇكاپاتلاش ئىشىنى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ، دەپ ئويلايمەن.

شۇنداق ـ تە، مەملىكەت بويىچە بارماق بىلەن سانىغۇدەك چوڭ كىنو ئىستۇدىيىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، مەملىكەت بويىچە ئىسىل كىنو فىلىمى ۋە مۇنەۋۋەر ئەرتىسلەرنى باھالاش ـ تاللاش ئىسىملىكىدە بۇ ئىستۇدىيىنىڭ ئۇدا ئىككى يىل ئىسمى كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئىشلىگەن ئىككى فىلىم تەستىقتىن ئۆتەلمىدى، ئۈچ ھېكايە فىلىم كەڭ تاماشىچىلارنىڭ ئۆتكۈر تەنقىدىگە ئۇچرىدى. مەلۇم بىر گېزىت بىر قېتىم "ئەڭ ناچار كىنو فىلىمى"نى باھالايدىغان ئەھمىيەتلىك بىر پائالىيەت ئۆتكۈزگەن ئىدى. گەرچە نەتىجىسى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېلان قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نامى ئەڭ باشتىكىسى مۇشۇ ئىستۇدىيە بىر مىليون يۈەن سەرپ قىلىپ ئىشلىگەن «چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىدىكى ئىبلىس» دىگەن فىلىم ئىكەن. N كىنو ئىستۇدىيىسىدىكىلەر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئۆزگەرتىپ

تەشكىل قىلدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىنوچىلىق ساھەسىدە يېڭىدىن تونۇلۇۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق رېژىسسور ليۇ دۇڭ ئىستۇدىيە باشلىقى بولدى. سىنارىيىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ئىستۇدىيە باشلىقى، باش تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، رېژىسسورلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالماشتۇرۇلۇپ، يېڭىدىن ئادەم بەلگىلەندى. ليۇ دۇڭ ۋەزىپىگە بەلگىلەنگەن بىرىنچى كۈنىلا ئىشنى توختىتىپ، تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىشنى، ئەركىن بىرلىشىش ئاساسىدا ئىجادىيەت كوللېكتىۋى قۇرۇشنى، ماقۇللىنىپ بولغان سىنارىيىلەرنى يېڭىۋاشتىن تەكشۈرۈپ چىقىشنى، ئاساسىي ئىجادىيەتچىلەرگە بىردىن ئىككى دەرىجىگىچە تۇراقسىز مائاش قوشۇپ بېرىشنى يولغا قويۇشنى ئېلان قىلدى. بۇ بىرنەچچە پالتا چېپىلغاندىن كېيىن، N كىنو ئىستۇدىيىسى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىنغاندەك بولۇپ قالدى! ئەيىپلەش، ھاقارەتلەش ئارىلىشىپ كەتكەن خۇشاللىق-تەنتەنە ساداسى ئىچىدە N كىنو ئىستۇدىيىسىدىكىلەر بىر يىلدىن كۆپرەك لىۋىنى چىشلەپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئاخىر نەتىجە قازاندى. يېقىندا ئىشلىگەن بىرنەچچە ھېكايە فىلىمى تاماشىچىلارنىڭ بىردەك ماختىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ يېقىندا ئىشلىنىپ پۈتكەن «تۇرمۇش سىزگە كۈلۈمسىرىمەكتە» دېگەن فىلىم مەملىكەتلىك ھېكايە فىلىم ئىجادىيەت يىغىنىدا سىناق تەرىقىسىدە قويۇلغاندا، ئەزەلدىن سوغاققان، سالماق كەلگەن كەسىپ ئەھلىلىرى ئادەتتىكىدىن ئۆزگىچە ھالدا، فىلىم قويۇلۇپ بولۇشىغا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۈچ مىنۇتتىن ئارتۇقراق ئالقىش ياڭراتتى. بەزىلەر، بۇ يىلقى ئىسىل فىلىم ۋە مۇنەۋۋەر ئەرتىسلەرنى مۇكاپاتلاشتا N كىنو ئىستۇدىيىسى باش ئورۇننى ئىگەللەپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ

www.uyghurkitap.com

پەرەز قىلىشتى. بىر يىلدىن كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بەدىلىگە N كىنو ئىستۇدىيىسى ئاخىر مول ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

مۇكاپاتلاش مۇراسىمى كەچ سائەت 7دە ئىستۇدىيە زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان، يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار ئىختىيارى قاتنىشىدىغان، ھەيئەت رىياسەتلەر دېموكراتىك يول بىلەن كۆرسىتىلىدىغان، يىغىن كۈنتەرتىۋىنى ھەيئەت رىياسەتلەر بەلگىلەيدىغان، يىغىن قاتناشچىلىرى ھەيئەت رىياسەتكە ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بەرسە بولىدىغان قىلىپ بېكىتىلدى،... قىسقىسى، بۇرۇنقى يىغىن تەرتىپ- لىرى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلدى. مەن مۇنداق يىغىن قانداقراق ئۆتكۈزۈلەر دەپ بىر ئاز ئەنسىرەپ قالغان ئىدىم، سائەت 6 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە يىغىن مەيدانىغا بېرىپ قارىسام، شۇنچە چوڭ زالدا بوش ئورۇن قالماپتۇ.

مۇكاپاتلانغانلارنىڭ ئىسمىلىكى ئېلان قىلىندى. مۇكاپاتلانغانلار- نىڭ ۋەكىلى سۆز قىلدى. مۇكاپات تارقىتىلدى... دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلانغان ھەيئەت رىياسەت بۇ يىغىننى تولىمۇ جانلىق ئاچتى. مەن تەبىئى ھالدا بارلىق دىققىتىمنى ئۆزەمنىڭ زىيارەت ئوبيېكتىم بولغان فەن يىڭغا مەركەزلەشتۈردۈم. يىغىن رەئىسى — يېشى 70 تىن ئاشقان ئاتاقلىق رېژىسسور جاڭ چى، فەن يىڭ سەھنىگە چىقىپ مۇكاپاتنى ئالسۇن، دەپ ئېلان قىلغاندا، سەھنىدە ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. 3 قېتىم سۆيلىگەندىن كېيىن، ئۆزى ياداڭغۇ، ئاغزى ئۇچلۇق، قۇش بۇرۇن كەلگەن، كىچىك كۆزلىرى تولۇق ئېچىلغان، ئاددى كىيىنگەن، ھازىرقى ئەرتىسلەردە ئاز كۆرۈلىدىغان بىر ئىسكەتتە يارما چاچ قويۇۋالغان ياشقىنە بىر كىشى دەلدۈگۈنۈپ چىقىپ كەلدى. گويا توپ-توز سەھنە ئويمان-دوڭغۇل بولۇپ

قالغاندەك، ئۇ مۆدۈرۈپ ـ دەلدۈگۈنۈپ سەھنىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، مۇكاپاتىنى ئېلىپلا، ھەتتا مۇكاپات تارقىتىۋاتقان ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن قول ئېلىشىشنىمۇ ھەمدە يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا تازىم قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، خۇددى بىر يېرى كۆيۈۋاتقاندەك، سەھنىنىڭ يان پەردىسى كەينىگە يۈگرەپ كىرىپ كەتتى.

يىغىن مەيدانىدا يېقىملىق كۈلكە ياڭرىدى، چاۋاك تېخىمۇ كۈچەيدى. بىرسى: "فەن يىك، ئۇنداق ئوغرىلىقچە قاچما. سەھنە ئالدىغا كېلىپ تۇرغىن، كۆپچىلىك سېنى كۆرسۇن!" دەپ ۋاقىرىدى. بىراق فەن يىك قانچە چىللىغان بىلەنمۇ چىقمىدى.

ئوھۇي، ئۇ تېخى ئەڭ ئىسىل فىلىمنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەرتىسى تۇرۇقلۇقمۇ يەنە ئىزا تارتىدىكىنە؟ ھەمىشە تىياتىر ئويناۋاتقاندەك يۈرىدىغان بەزى "چولپان"لارنى تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، مېنىڭدە فەن يىڭغا قارىتا ئۆزىچىلا ياخشى ھىسسىيات پەيدا بولۇپ قالدى.

دېموكراتىك يىغىن راستىنلا دېموكراتىك تۈستە بولدى. يىغىن ئېچىلغاندىن تارتىپ باغاقچىلار سەھنىگە ئۈزۈلمەي سۇنۇلۇپ تۇردى. مۇكاپاتلانغانلارنىڭ ۋەكىلى سۆزىنى تۈگەتكەندە، جاڭ چىنىڭ قولىغا قېلىن بىر تۈتام باغاقچى يىغىلغان ئىدى. ئۇ ئاقارغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، قولىدىكى باغاقچىلاردىن بىرىنى تاللاپ، يىغىن مەيدانىغا بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاستا مۇنداق دىدى:

ــ تۆۋەندە كۆپچىلىككە بىر باغاقچىنى ئوقۇپ بېرەي: "فەن يىڭنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىگى ئەرتىسلەر ئۆمىگىنىڭ تۈزۈلمە-

سىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئەمدى ئارقىغا سوزۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. گۇمپىسى بارلارنى ئۇستىلەپ مۇكاپاتلاش كېرەك، دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئىستۇدىيە باشلىقى ليۇ دۇڭدىن شۇنى سورايمىزكى، فەن يىڭ ئىشچى تۇرۇقلۇق باتۇرلۇق بىلەن ئېغىر يۈكنى كۆتەردى، ئۇنى گۇمپىسى بار دېيىشكە بولامدۇ، يوق؟ مۇكاپاتلاش كېرەكمۇ، يوق؟ ئۆمەكنىڭ ئىسلاھاتى قاچان باشلىنىدۇ؟“ — جاڭ چى ئاغزىنى قىيسايتىپ، يېنىدا ئولتۇرغان ليۇ دۇڭنى نۇقىدى، — سىزگە شاھ كەتتى، ”پىل“نى ماڭامسىز ياكى ”توپ“نىمۇ؟

قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— پەقەت نائۇستا شاخماتچىلارلا پىلنى قالايمىقان ماڭىدۇ، — دېدى سېمىز كەلگەن ليۇ دۇڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ئاڭلىشىمچە، ئۇ رېژىسسورلۇق قىلغان ۋاقتىدا ئەڭ مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى ماھىرلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشتا داڭ چىقارغان، بىر كۈندە 40 نەچچە كۆرۈنۈشنى فىلىمگە ئېلىپ رېكورت ياراتقان ئىكەن. ئۇ يوغان قولىنى پۇلاڭلاتقانچە ئورنىدىن دەس تۇردى: — بۇ باغاقچىدىكى سوئال ياخشى قويۇلغان! بەزى ئەرتىسلەر يىلىغا ئىككى فىلىم ئىشلەشكە قاتناشقاچقا، ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ؛ بەزى ئەرتىسلەر 10 يىلدا ئاران ئىككى فىلىمغا قاتناشقاچقا، بىكارچىلىقتىن ئۆيىدە گۈل ئۆستۈرۈش، بالا بېقىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئەرتىسلىق خىزمىتى ئالتۇن تاۋاق بولۇپ قالدى. ئىختىساس ئىگەلىرى ئالمىشالمايۋاتىدۇ. يېڭىلار كىرەلمەيۋاتىدۇ. كونىلار چىقالمايۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئەرتىسلەر ئۆمىگىمىز ئالىسقاچان توختام سۇغا ئايلىنىپ قالغان. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلمىسا، مۇتلەق چىقىش يولى

تاپالمايدۇ. مەن شۇنى جاكالايمەنكى، ئۆمەك ئەتىدىن باشلاپ ئىسلا-
هات لايىهىسىنى مۇزاكىرە قىلسۇن، كۆپچىلىكنىڭ پىكىر بېرىشىنى
قىزغىن قارشى ئالىمىز! ئىستۇدىيە كەسپىي يىغىنى فەن يىلىك ۋە
باشقا قىممەتلىك تۆهپە ياراتقان يولداشلارنى كونكرېت مۇكاپاتلاش
چارىسى ئۈستىدە ئويلىشىۋاتىدۇ. بۇ باغاقچىدا يالغۇز فەن يىڭلا
تىلغا ئېلىنىپتۇ، كۆپچىلىكتە بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىققان ئىختىساس
ئىگىلىرىگە بىردەك قاراش-قارىماسلىق توغرىسىدا تېخى ئىشەنچ
يوقتەك تۇرىدۇ. ئورۇنسىز ئەندىشىلەرنى تۈگىتىشكىلار ئۈچۈن
مۇنۇلارنى ئېلان قىلىمەن: بىرىنچى: مۇشۇ ئايدىن باشلاپ فەن
يىڭنىڭ مائاشىغا 2 دەرىجە تۇراقسىز مائاش قوشۇپ بېرىلىدۇ.
بىر يىلدىن كېيىن تۆهپە ياراتسا داۋاملىق قوشۇپ بېرىلىدۇ. 3
يىل سىناقتىن ئۆتسە، ئىستۇدىيە كەسپىي يىغىنى تۇراقسىز 2 دەرىجە
مائاشنى تۇراقلىق مائاش قىلىپ بېكىتىدۇ. ئىككىنچى، فەن يىڭنىڭ
خىزمىتى ئەرتىسلەر ئۆمىكىگە يۆتكىلىدۇ...

ئۇزاققا سوزۇلغان قىزغىن ئالقىش كۆتىرىلدى.

— ئالقىش ساداسى كۆپچىلىكنىڭ ئىستۇدىيە باشلىقى لىۇ
دۇڭنىڭ بايىقى سۆزىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، تۆۋەندە
يەنە بىر باغاقچىنى ئوقۇيمەن، — دىدى جاڭ چى بىر ئاز ھاياجانلانغان
ھالدا، — "فەڭ يىڭ ئاپارات ئالدىدا تەبىئى تۇرغان ئىدى، بايا
مۇكاپات ئالغاندا نىمىشقا دەلدۈشتەك بولۇپ قالدى؟ تارتىنچاقلىق
ئۇنىڭ خىسلىتى ئەمەس. ئاڭلىشىمىزچە، مەلىكتىمىز كىنوچىلىقىنىڭ
ھازىرقى ھالىتىگە قارىتا ئۇنىڭ ئۆزگىچە كۆزقارىشى بار ئىكەن،
يىغىن رەئىسىگە ئۇنىڭ سۆزلىشىگە ۋاقىت چىقىرىپ بېرىشنى تەكلىپ
قىلىمىز. لېكىن ئۇ راست گەپ قىلىشى لازىم! — جاڭ چى باغاقچىنى

ئوقۇپ بولۇپ، يان پەردىنىڭ يىنىغا بىرىپ، — فەن يىڭ! فەن يىڭ! — دەپ چاقىردى.

سەھنىنىڭ يان تەرىپىدە فەن يىڭنىڭ ئىگىز، ئورۇق گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا:

— ئەڭ ياخشىسى، كۈلكىگە قالمىسام، سۆزلىمىسەم بولار-مىكى، — دىدى.

— نىمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى جاڭ چى.

— راست گەپنىڭ ھەقىقەت بولۇشى ناتايىن، ئوچۇق گەپ سەت ئاڭلىنىدۇ، — دىدى فەن يىڭ.

— ھوي شىاۋ فەن، پەردە يىنىدا نىمە دەپ گۇدۇڭشۇۋاتىسەن؟ مىكرافوننىڭ ئالدىغا كىلىپ سۆزلە، ياشلىق غەيرىتىڭنى بىر كۆرسەتكىنە! — دەپ ۋاقىرىدى پەستە ئولتۇرغان بىرسى.

— ئۇ سۆزىنىڭ قۇلاققا ياقماي قىلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ، — لىۇ دۇڭ ساقىلى پاكىز قىرىلغان ئىڭىكىنى سىلاپ قويۇپ، كۈلگەن پىتى گەپ قىستۇردى، — شۇنداق بولسىمۇ ئىستۇدىيە باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ ئۆتەي، مەدھىيە ئازراق ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ، ئوچۇق گەپلەرنى، راست گەپلەرنى بولسا دائىم ئاڭلاپ تۇرۇش كىرەك، قىنى، قارشى ئالايلى، — دىدى-دە، باشلامچىلىق بىلەن. چاۋاك چالدى.

چاۋاك ئاۋازى، كۈلگەن-ۋاقىرىغان ئاۋازلار كۆتىرىلدى.

فەن يىڭ كۆزىنى بىر چىمىلدىتىپ قويۇپ، گويا ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك، بىشىنى بىر سىلكىۋىتىپ، چوڭ قەدەم تاشلاپ سەھنە ئالدىغا كەلدى، بۇ چاغدا ئۇ پۈتۈنلەي ئىچىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان كىچىك كۆزلىرىلا ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

ھاياجانلانغانلىغىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. كۆپلىگەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇمۇ يۇمۇر كۈچىنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلەتتى:

"بايا مەن ئۆزەمنى بىرئاز يوقىتىپ قويدۇم، ئۇنچىۋالا تارتىنىپ، قورۇنۇپ كەتمەسلىكىم كېرەك ئىدى، ئەمىلىيەتتە، مېنىڭ يۈزۈممۇ ئۇنچىۋالا نېپىز ئەمەس، يەنە كېلىپ ئاپارات ئالدىدا تىياتىر ئوينىغان تۇرسام، شۇغىنىسى، دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، بىئارام بولۇپ كۈلكىگە قالدىم، ئەمدى 'قوتاننى قوي يۈتكەندىن كېيىن تۈزەشتۈرۈپتۇ' دېگەندەك بىر ئىش بولىدىغان بولدى" دەپ ئويلىدى.

فەن يىڭ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، جاڭ چىغا ۋە مۇكاپات تارقىتىشقا مەسئۇل بولغان ئۆلكىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا، ئاندىن تۆۋەندىكى ئاممىغا قاراپ ئىھتىرام بىلەن 90 گرادۇس ئېگىلىپ تازىم قىلدى.

زالدا دوستانىلىق بىلەن كۈلگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

فەن يىڭ كۈلمىدى.

— ئەنسىز كىشىلەر دەپ ئاتىلىدىغان بىزنىڭ كىنو ساھەسىدىكىلەردە مەدھىيە ناخشىسى بەكمۇ كۆپ ئېيتىلىپ كەتكەندەك، ئاھاڭمۇ بەك يۇقۇرىدەك تۇرىدۇ، مىسالىنى خالىغانچە تاپقىلى بولىدۇ، ئالايلى، — دېدى ئۇ، — ياخشى باھالانغان بىرەر كىنوغا رېژىسسورلۇق قىلغان كىشى "ئاتاقلىق رېژىسسور" بولۇپ قالىدۇ، بىرەر رولنى ياخشىراق ئېلىپ تونۇلۇپ قالغىنى "چولپان" بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىككىنچى بىر كىنوغا رېژىسسورلۇق قىلسا، ياكى ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى مىجەز-خۇلقى ئوخشاش بولمىغان ئادەمنىڭ

رولىغا چىقسا، ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا بەزى تاماشىبىنلارنىڭ بىزنىڭ بەزى رېژىسسورلىرىمىزنى "يەككە ئويناش ماھىرى"، بەزى ئەرتىسلىرىمىزنى "سېرىق مايدىن ياسالغان بالا، پەقەت ئويۇنچۇق ماگىزىنىنىڭ دەرىزىسىگە قويۇلغان قونچاق بولۇشقىلا يارايدۇ..." دەپ مەسخىرە قىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

بۇ، "قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا" دېگەندەك گەپ ئەمەسمۇ، ئۇ مۇشۇنداق سورۇندا، مۇشۇنداق ۋاقىتتا، كۈتۈلمىگەن يەردىن مۇشۇنداق بىر چوڭ مۇھاكىمىنى قوزغىدى!

شۇ ئەسنادا قۇلىقىمغا "ھىم" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. يېنىمغا قارىسام، ئۇ ئاۋاز يېنىمدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئۇزۇن چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلغان، كالپۇكى قىپ-قىزىل بويالغان، مودىلىق كېيىنگەن، چوڭ، چىرايلىق كۆزلىرى كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ساھىپجامال قىزنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلغان ئىدى، ھاۋا ئىسسىق بولمىسىمۇ، ئۇ ئۈپىلانغان بويىنىنى قول ياغلىقى بىلەن ھە دەپ يەلپۈيتتى. ئەتراپىمغا قارىسام، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن خىلمۇ-خىل ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى: بەزىلەر بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاۋاتاتتى، بەزىلەر بېشىنى چايقاۋاتاتتى، بەزىلەر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئولتۇراتتى، بەزىلەر پىچىرلىشىپ تىللاۋاتاتتى. مەن نەزىرىمنى مۇنبەرگە يۆتكىدىم، فەن يىلىك تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئۆزەمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن ئەسلىدە ئاپارات ئورنىتىلغان غالتەكنى ئىتتىرگۈچى ئىشچى ئىدىم، بىر قېتىملىق تاسادىپىي پۇرسەت مېنى ئېكرانغا چىقىرىپ قويدى. رېژىسسور لىلىك فېينىڭ ياخشى

كۆرۈپ قىلىشى بىلەن، ماڭا خاراكتىرى، مىجەز ـ خۇلقى... ھەممە جەھەتتىن ئۆزەمگە «ئوخشاپ» كېتىدىغان رول تەقسىم قىلىنغان ئىدى، بۇ ۋەزىپىنى تەستە ئورۇنلىدىم. راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ مۇنداقلا قاتارغا قوشۇلۇپ قالغان «كەسىپسىز ئەرتىس»! لېكىن مۇشۇنداق بىر رولغا چىقىپ قىلىشىم بىلەنلا ئىستۇدىيە ژورنىلى، كەچلىك گېزىت، رادىيو ئىستانسىسى... مېنى ماختاپ «خەۋەر ئوبېكتى» قىلىۋالدى. ئەمىلىيەتتە، «باھاردا دەريا سۈيىنىڭ ئىللىغان- لىقىنى ئاۋال ئۆدەك بىلىدۇ» دىگەندەك، مېنىڭ ئېغىرلىقىمنىڭ قانچە جىڭ، قانچە سەر كېلىدىغانلىقى ئۆزەمگە ئايان، بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئوپېراتور گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارنىڭمۇ كۆڭلىدە سان بار دەپ ئويلايمەن. چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەرقانداق گەپنىڭ ھەقىقى ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنى ئەخمەق قىلىش، شۇ گەپنى قىلغۇچىنى كۈلكىلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچقانداق رولى يوق!

بۇ چاغدا يىغىن مەيداندىكى ئىنكاسلار ۋە يېنىمدا ئولتۇرغانلار بىلەن كارىم بولمىدى، فەن يىگىنىڭ سۆزى مېنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىۋالغان ئىدى.

ــ بۇنىڭغا سېلىشتۇرما بولغىنى شۇكى، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بەزى فىلىملارغا بولغان نارازىلىق ئۈستىدە گەپ بولسىلا، مەسئۇلىيەت جەزمەن سىنارىيىگە ئارتىلىپ قالىدۇ. «كەلسە ـ كەلمەس ئويىدۇرۇپ چىقىپتۇ، ئۇقۇملاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ساختا، ئەجنەبىچە، ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇپ قاپتۇ»، ئۇنداق بوپتۇ، مۇنداق بوپتۇ دىگەندەك قالپاقلار تەييار. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، نىمە ئۈچۈن ئاشۇنداق بىرمۇ توغرا يېرى بولمىغان سىنارىينى قايتا ئىشلەش، ئۆزگەرتىپ

تۈزۈشتىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىش بۇيرۇغىنى چۈشۈرگەنگە قەدەر شۇنچە كۆپ تەھرىر، باش تەھرىر ئىشخانىسىدىكى كاتتىۋاشلاردىن تارتىپ تاكى ئىستۇدىيە باشلىقىغىچە — ھەممەيلەن بىلمەسكە سېلىپ يۈرىدۇ (سىنارىيىنى ئىشلەشكە ئالغان رېژىسسور تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ)، "ئەپسۇسلىنارلىق سەنئەت"تىن ئەپسۇسلىنىش ۋاقتى كەلگەندىلا ئاندىن ھەممىسى بىر بىرلەپ ئۇنى ئەيىپلەيدىغان دانىشمەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ شۇڭا بەزى كىشىلەرنىڭ فىلىم ئىشلەنىپ چىققاندىن كېيىن ئەرتىس نام چىقىرىدۇ، ئاپتور بالاغا قالىدۇ، تۆھپە رېژىسسورنىڭ بولىدۇ، دېگىنى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس!

يىغىن مەيدانى جىمجىتلىققا چۆمدى. مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ ھە دەپ بويىنىنى يەلپۈپ خۇشپۇراق تارقىتىپ ئولتۇرغان ھېلىقى ساھىبجامالمۇ ئۆزىنى يەلپۈشنى ئۇنتۇپ قالدى.

— رېژىسسور توغرىلىق مەن يەنە بىرنەچچە ئېغىز بىلجىرلىماقچىمەن، نەزىرىيە جەھەتتە، كىنونىڭ ئۇنىۋېرسال سەنئەت، رېژىسسورنىڭ مەركەز ئىكەنلىگىنى ھەممەيلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق فىلىم ناچار ئىشلىنىپ قالسا، رېژىسسورنىڭ قانداق جاۋاپكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى كەمدىن-كەم تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغان فىلىمدا سىنارىيىنىڭ زادى چاتىقى يوق، دېمەكچى ئەمەسمەن، دەرۋەقە، بىزنىڭ سىنارىيە تۈزۈش ئىشىمىز ھازىر يۇقىرى كۆتىرىش مەسىلىسىگە دۇچكېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىزنىڭ رېژىسسورلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ئومۇمى يۈزلۈك ھالدا كىشىلەر مەمنۇن بولغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس، ئەرتىسلىرىمىزنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ھالدىكى تىياتىرلاشقان، شەكىلۋازلىققا ئايلانغان رول ئېلىشلىرى يۇقىرى كۆتىرىشكە تېخىمۇ جىددى ئېھتىياجلىق ئەمەسمۇ؟

باغاقچە يازغان يولداش مېنىڭ ئېلىمىز كىنوچىلىقىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە بولغان ئومۇمىي قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىپتۇ. بۇ ناھايىتى ئاددى، سىنارىيىنىڭ كەم-كۈتىسىز بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. رېژىسسورغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئەرتىسلەرنى بولسا ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاش، ھىلىقىدەك "سېرىقىماي" "قونچاقلار" بىلەن ئېكرانىنى تولدۇرۇۋالماسلىق لازىم. ئۆزەمنى ئالسام، مېنى ئالدىراپ-تېنەپ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىن "يۇلۇپ" چىقىپ ئەرتىسلەر ئۆمىكىگە قوشۇپ قويۇشىنىڭ ئۆزى بىر ئۇقۇشماسلىق!

پۈتكۈل يىغىن مەيدانى ھەيرانلىق ئىچىدە قېلىپ، خۇددى كۆپچىلىكنىڭ بىرلا ۋاقىتتا سوغاق نەپەس ئالغانلىقى ئاڭلانغاندەك، ھەش-پەش دىگىچە يەنە ئەس-ھۇشىغا كەلگەندەك بولدى-دە، ئالقىش كۆتىرىلىپ، فەيىگىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى بېسىپ كەتتى. گەرچە مەن ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كەتمىسەممۇ، بۇ مەيدان ئىشچىسىنىڭ ئاشۇنداق "ئوچۇق راست گېپى" ئۈچۈن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي قىزغىن چاۋاك چالدىم.

بەزىلەر باغاقچە يېزىشىنىمۇ قويۇپ، ئىستۇدىيە باشلىقى ليۇ دۇڭنىڭ دانا پىكىرىنى يەنە بىر قېتىم "ئاڭلىۋالساق" دەپ ۋاقىراشتى.

يىغىن رەئىسى جاڭ چى ئەستايىدىل قىياپەتتە كۆپچىلىكتىن تەرتىپكە رىئايە قىلىشنى، قانداق تەكلىۋى بولسا ئالدى بىلەن يىغىننىڭ ھەيئەت رىياسىتىگە تەلەپ قىلدىيۇ، ئۆزى تەكلىپ-پەكلىپىنى قايرىپ قويۇپ، رېژىسسورلۇق سۈپىتى بىلەن گەپدانلىق قىلىپ، رېژىسسورلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتىرىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكى ئۈستىدە سۆزلەپ كەتتى...

www.uyghurkitap.com

خېلى كۆپ كىشىلەر فەن يىڭنىڭ سۆزىگە قارىتا روشەن ھالدا ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالدىغانلىغىنى ھەتتا ئۇنىڭ پىكرىگە قاتتىق قارشى چىقىدىغانلىغىنىمۇ بىلدۈرۈشتى. مەسىلەن، مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرغان قىز فەن يىڭنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا دېمىغىنى قىيىقىپ قويۇپ، ”سىپاگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ!“ دەپ غۇدۇڭ-شۇپ ئورنىدىن شارتتىدە تۇردى-دە، قولىنى سىلكىگەن پېتى چىقىپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام، كۆزلىرى قارا ھەم يوغان، چىرايلىق كەلگەن بۇ ساھىبجامال قىز شياۋ مېيمېي ئىسىملىك ئەرتىسكا ئىكەن.

مەن توساتتىن، ئىمىشقا بۇ ”باشقىچە پىكىردىكى“ ئەرتىسكا قىزنى زىيارەت قىلمايمەن، دېگەن خىيالغا كەلدىم.

3. ئەرتىسكا شياۋ مېيمېينى زىيارەت
قىلىشتىن ئېلىنغان ئۇنئالغۇ لېنتىسى

چېن لى: سىز يولداش شياۋ مېيمېي بولامسىز؟

شياۋ مېيمېي: ھەئە، ئۆزىڭىز...

چېن لى: مېنىڭ ئىسمىم چېن لى، ئۆلكە گېزىتى ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى بولىمەن.

شياۋ مېيمېي: ھە، مۇخبىر يولداش ئىكەنسىز-دە، مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ! مەرھەمەت! بىر پىيالە كاكاۋۇ كەلتۈرەيمۇ ياكى قەھۋەمۇ؟ ھە، راست، ئامېرىكىنىڭ ”مودىلىق قىز“ ماركىلىق ئىكوتىنىسىز تاماكىسىدىن بىر تال چېكىپ قويۇڭ، تاماكا پۇرىقى كۈچلۈك ئەمەس، بەدەنگە ھېچقانداق زىيان قىلمايدۇ، چەكمەمسىز؟ شۇنچە كاتتا مۇخبىر تۇرۇقلۇق تاماكىمۇ چەكمەيدىكەنسىز-ھە! بوپتۇ، سىز ئۈچۈن مەن چېكىپ قويااي. ھى-ھى-ھى، ناۋادا دادام مېنىڭ بەزىدە ئارىلاپ مۇشۇنداق ”ئەسكى قىلىق“لارنى قىلىدىغانلىغىمنى

بىلىدىغان بولسا، مېنى دەرھال تىياتىر ئۆمىگىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، تاناۋىمنى تارتىۋېتىشتىن يانمايدۇ!

چېن لى: (كۈلۈپ قويۇپ) شۇنچىۋالا قاتتىقمۇ؟ سىزنىڭ دادىڭىز...

شياۋ مېيمېي: شياۋ جيەن، مەن دادام بىلەن بىللە ئۆلكە گېزىتخانىسىگە بارغان، سىزنى كۆرگەندەك قىلىمەن، چىرايىڭىز قەۋەتلا تونۇشقۇ.

چېن لى: شياۋ شۇجىمۇ؟ ئۆلكە گېزىتخانىسىگە بارغاندا مېنى كۆرگەن دەمسىز؟ ماڭا ئۇنداق بەخت نېسىپ بولمىغان، ئەمما مەن تونۇغۇن كەچتىكى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان ئىدىم...

شياۋ مېيمېي: شۇنداقمۇ؟ ۋاي-ۋۇي، قاراڭ مېنىڭ ئېسىمنىڭ يوقلۇغىنى...

چېن لى: بۇمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس، بەزىلەر ئەرتىسنىڭ بىر كۆزى رېژىسسورغا، بىر كۆزى ئاپپاراتقا قارىغىلىق دېيىشىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، باشقىلارغا قاراشقا چولىسى تەگمەسلىكى تەبىئى-دە، تاماشىبىنلارنىڭ ئىككى كۆزى ئەرتىسلەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

شياۋ مېيمېي: سىلەر مۇخبىرلارنىڭ ئاغزىڭلار قەلىمىڭلارغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق! مەن بىرسى بىلەن مۇھەببەت باغلىغۇدەك بولسام، ھەرقانچە بولۇپ كەتسەممۇ مۇخبىرنى تاللىمايمەن! (كۈمۈش قوڭغۇراق جىرىڭلىغاندەك ناز بىلەن كۈلىدۇ)

چېن لى: (مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ) مۇخبىرنىڭ مەسخىرىسى سىزنىڭكىگە قارىغاندا قولىغا سۇ بېرەلمەي قالارمىكىن. يولداش شياۋ مېيمېي، ئەمدى رەسمىي گەپكە كېلەيلى، سىز فەن يىڭنى

تونۇمسىز؟ مەن سىزدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقماقچى ئىدىم، بولامدۇ؟

شياۋ مېيمېي: فەن يىڭنى دەمسىز؟ ئوبدان بىلىمەن، ھازىر ئۇ يۇقۇرى ئورۇنغا چىقىپ، قىممىتى يۈز ھەسسىلەپ ئاشقان "چولپان"لاردىن بولۇپ قالدى! ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆتىرىدىغانلار كۆپ تۇرسا، مېنىڭدەك بىر سۆلتەكنى ئىزدەپ نىمە قىلىسىز؟ مەن ئۇنداق باشقىلار دەپ 'يۈرگەن گەپنى تېرىۋېلىپ سۆزلەشكە ئادەتلەنمىگەن، مېنىڭ ئاغزىمدىن فەن يىڭنىڭ ياخشى گېپىنى ئاڭلايمەن دىسىڭىز ئۈمىتسىزلىنىپ قالىسىز.

چېن لى: مۇخبىرلارنىڭ قۇلىقى غەلىتى كېلىدۇ، بەزىدە "ياخشى گەپ" ئاڭلاشتىن كۆرە باشقىچە پىكىرلەرنى ئاڭلاشقا بەكرەك قىزىقىدۇ، ئەگەر تۈنۈگۈن ئاخشام سىزنىڭ فەن يىڭگە قارىتا باشقىچە قاراشتا ئىكەنلىكىڭىزنى بايقىمىغان بولسام، مۇنداق ئالدىراپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلمىگەن بولاتتىم! مانا، ئۈنئالغۇنى ئېچىپ قويدۇم، دەخلىسى يوقتۇ؟

شياۋ مېيمېي: سىزنىڭ مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا ئىشلەپ بېرىپ رادىيودا ئىلان قىلىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن! مەن شياۋ مېيمېي قىلغان سۆزۈمگە ئىگە بولىمەن!

چېن لى: مانا بۇ ياخشى بولغىنى، ھە-راست، تۈنۈگۈن ئاخشام سىز فەن يىڭنى بىرنىمە دىگەندەك قىلىۋىدىڭىز...

شياۋ مېيمېي: ئۇنى سىپاگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ، دىدىم! ئۇ ئاشۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسمىكەن؟ قاراڭ، ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرى نىمە دىگەن قالتىس: "مېنى ئۆستۈرۈپ ئەرتىسلەر ئۆمىكىگە ئېپكىرىپ قويغانلىق بىر ئۇقۇشماسلىق" دەيدۇ، نىمە دىگەن

ئالى پەزىلەت ـ ھە! ئۇ "چولپان" بولدى، ئىككى دەرىجە مائاشىنى ئالدى، ئەرتىسلەر ئۆمىگىگە يۆتكىلىپ بولدى، ئەمدى ئۇ يوغان گەپنى قىلسا قىلىۋېرىدۇ دەڭا. بىراق ئۇ پۇشۇلداپ يۈرۈپ مەيدان ئىشچىلىغىنى قىلغان، غالىتەك ئىتتىرىپ يۈرگەن چاغلىرىدا نىمە ئۈچۈن ئاشۇنداق يوغان گەپلەرنى قىلماي، يۈزىنى قېلىن قىلىپ، ئەرتىسلەر ئۆمىگىگە كىرىۋالدىكەن؟

چېن لى: مەيدان ئىشچىسى؟ ئەرتىسلەر ئۆمىگىگە كىرىۋالدىكەن دەمسىز؟

شياۋ مېيمېي: سىز ئۇقمامسىز؟ مەيدان ئىشچىسى دىگەن فىلىمغا ئالدىغان نەق مەيدانىنىڭ قارا خىزمەتچىسى دىگەنلىك، ئۇلار مەخسۇس فىلىمغا ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمانلارنى، ئاپارات ـ ماشىنىلارنى، كىيىم ـ كېچەك ساندۇقلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى توشۇيدۇ، ئۇنىڭ ئىشى بىرئاز تېخنىكىلىق خاراكتىرغا ئىگە ئىش، ئاپارات ئورنىتىلغان غالىتەكنى ئىتتىرىشنى ئالساق، ئۇدۇلدىن فىلىمغا ئېلىش، ئەگىشىپ مېڭىپ فىلىمغا ئېلىش قاتارلىق تېخنىكىلىق مەشغۇلىيەت ۋاقتىدا بەزىدە ئاپاراتنى رېلىس ئۈستىگە قويۇلغان قول ھارۋىسىغا ئوخشايدىغان غالىتەك ئۈستىگە ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ، ئوپېراتور ئۇنى قاياققا دىسە شۇ ياققا ماڭدۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ كۈن بويى غالىتەك ئىتتىرىپ ئۆلگۈدەك چارچاپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ رېژىسسور لىق فېينى ئەخمەق ئەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ تەققى ـ تۇرقى ۋە مەيدان ئىشچىسلىق سالاھىيىتى بىلەن رول ئېلىش ھەتتا باش رولغا چىقىش دىگەنلەر ئۇنىڭغا ئاشامتى!

چېن لى: تۈنۈگۈن ئاخشام رېژىسسور لىق فېينىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئىنتايىن سەۋىيىلىك ئىكەن، قانداق قىلىپ ئالدىنىپ

قالدى؟

شياۋ مېيمېي: فەن يىڭنىڭ ھىلە ئىشلەتكەن يېرى مۇشۇ-دە! ئېيتسپ كەلسە، سەت ئاڭلىنىدۇ ھەم كىشىنى سەسكەندۈرىدۇ، ئۇ-
ھىلىقى «چىك خاندانلىقى ئوردىسىدىكى ئىبلىس»نى فىلىمغا ئېلىش گۇرۇپپىسى يېڭىلا قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمىگەن ۋاقىتتىكى ئىش. بىر
كۈنى رېژىسسور لىك فېي ھاجەتخانىغا كىرسە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھاجەتخانىغا كىرگەن ئىگىز ۋە ئورۇق كەلگەن بىر يىگىت زوڭزىيىپ
ئولتۇرغان پېتى بىر قولىدا «چىك خاندانلىقى ئوردىسىدىكى ئىبلىس» دىگەن سىنارىيىنىڭ كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنگەن نۇسخىسىنى تۇتۇپ،
يەنە بىر قولى بىلەن ھە دەپ ئۇنى-بۇنى ئىما-ئىشارەت قىلىپ ئولتۇرغۇدەك، رېژىسسور لىك فېي دەسلەپتە "بۇ يىگىت سىنارىيىگە
بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن قوللىرىنى ئويىنىتىۋاتقان ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئانچە دىققىتىنى بۆلۈپ كەتمەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ
گىمىروي كېسەلى بولغاچقا، بىر قېتىم چوڭ تەرەت قىلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا،
ھىلىقى يىگىت ئولتۇرغان يېرىدە ئوڭ قولىنى چىقىرىپ، باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقىنى ئاچا قىلىپ ئېچىپ "V" شەكلىگە
كەلتۈرۈپ، بىر دەم ئالدىغا سوزغۇدەك، بىر دەم توغرىسىغا يۆتكىگۈدەك، بىر دەم ئارقىغا تارتسا، يەنە بىر دەم قولىنى ئايلاندۇ-
رۇپ دۈگىلەك سىزغاندەك ئىشارەت قىلغۇدەك،... ھەي، ئۇنىڭ قىلىۋاتقانلىرى دەل رېژىسسور، ئوپېراتورلار فىلىمغا ئېلىش
ۋاقتىدا دائىم قوللىنىدىغان ئاپاراتنى ئىتتىرىش، تارتىش، ئايلاندۇ-
رۇش، يۆتكەشكە ئوخشاش ئۇسۇللارنىڭ ئىشارىسى ئەمەسمۇ؟ دۇرۇست، "V" شەكلى ئاپارات كۆزى گىرادۇسىنىڭ سىمۋولى،

شۇڭلاشقا ئۇ كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنگەن سىنارىيە نۇسخىسىنى تۇتۇۋې-
لىپ "ئىشارەت" قىلغان ئىكەن! بۇنىڭدىن ئەجەپلەنگەن رېژىسسور
لىڭ فېي كېيىن مۇدىردىن ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى فەن يىڭ بولۇپ،
ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا يېڭىدىن كەلگەن مەيدان ئىشچىسى ئىكەنلى-
گىنى بىلىپتۇ.

چېن لى: (كۈلۈپ قويۇپ) راستىنلا قىزىق ئىش ئىكەن بۇ!

شياۋ مېيمېي: شۇنداق، بۇنداق "قىزىق" ئىشنى كىممۇ ئويلىغان
دەيسىز؟ ئىشقىلىپ فەن يىڭ رېژىسسورنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش
مەقسىدىدە ھىلە ئىشلىتىپ ساختىلىق قىلدى.

چېن لى: شۇنداقمۇ؟

شياۋ مېيمېي: شۇنداق بولمايچۇ، ئويلاپ بېقىڭ، فىلىمغا ئېلىش
گۇرۇپپىسىدا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم بولىدۇ، رېژىسسور شۇنداق
ئالدىراش بولىدۇ، مەيدان ئىشچىسى دىگەن كۆزگە ئانچە چېلىقىپمۇ
كەتمەيدۇ، بەزى رېژىسسورلار بىر فىلىمنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن
كېيىن، مەيدان ئىشچىسىنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئېسىدىمۇ قالمايدۇ.
ئەگەر ئۇنىڭ ئالدىن تەييارلىغى بولمىسا، سىنارىيىنى تەھلىل
قىلىدىغان يەر تېپىلمىغاندەك ھاجەتخانىغا بېرىپ ئولتۇرامدۇ؟
ناۋادا ئۆزىنى كۆرسىتىش خىيالى بولمىسا، قايسى بىر مەيدان
ئىشچىسى رېژىسسورنىڭ ئالدىدا ئىتتىرىش، ئايلاندۇرۇش، يۆتكەش
ئىشارەتلىرىنى مەشىق قىلىپ ئولتۇرىدۇ؟ دىگەنىدەك رېژىسسور
مەجلىستە ئۇنى تەقدىرلىرى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ بىر خىل ئىمتىيازغا
ئىگە بولغاندەك، دائىم رېژىسسور لىڭنى ئىزدەپ فىلىمنىڭ "رېژىسسور-
لۇق سەنئىتى" ۋە "فىلىمغا ئېلىش ماھارىتى" ئۈستىدە "ئىزدىنىدى-
غان" بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇ ئاشۇنداق بولمىغان بولسا، ھەتتا

ساراڭ رېژىسسور بولغان تەقدىردىمۇ مەيدان ئىشچىسىنى ئاممىنىڭ رولىغا چىقىرىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى!

چېن لى: سىز دەۋاتقان ئاما «ئەڭ ناچار فىلىمدىكى ئەڭ ياخشى قوشۇمچە رول ئالغۇچى»مۇ؟

شياۋ مېيمېي: بىر ئېغىزلا دىئالوگى بار بۇ قوشۇمچە رول ئالغۇچىنىڭ ماختىلىپ قانداقلارچە «ئەڭ ياخشى» رول ئالغۇچى بولۇپ قالغىنىنى خۇدا بىلىدۇ! بۇنىڭغىمۇ ئۇ ئۇستىلىق ئىشلىتىپ يۈرۈپ ئاران يەتتى ـ دە!

چېن لى: ھە؟

شياۋ مېيمېي: گەرچە بەزى ئادەملەر ئۇنىڭغا گۇپپاڭچىلىق قىلىشىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پاكىت ھامان مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ! شۇ كۈنى مەنمۇ ئاشۇ يەردە ئىدىم. قەدىمقى شەھەرنىڭ تاشقى مەنزىرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر يۈرۈش كۆرۈنۈشى ئېلىنىماقچى ئىدى. ئىككى چوڭ مەنزىرە، 20 نەچچە كۆرۈنۈشنى فىلىمغا ئېلىش ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. دەل شۇ چاغدا سىنارىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كىشى ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقتىن، فەن يىڭ ۋاقىتىنچە ياردەملىشىپ ئىشلەۋاتاتتى. فىلىمغا ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئاممىنىڭ رولىنى ئېلىشقا سىرتتىن ئارىيەتكە ئالغان ئەرتىسلەرمۇ كېلىپ بولغان ئىدى. بىراق ۋاڭ خوجامنىڭ رولىغا چىقىدىغان ئەرتىسنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. رېژىسسور لىڭ فېي رەللە بولۇپ سەكرەپ كەتتى. بۇ چاغدا فەن يىڭ ئالدىرىماي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «رېژىسسور، ئاما رولىغا چىقىدىغان ئەرتىسلەرنى مەن ياردەملىشىپ ئېلىپ كەلگەن، مەن ئۆزەمنى تەكشۈرەي، فىلىمغا ئېلىش دەرھال باشلانماقچى، ئەمدى باشقىدىن ئادەم

ئېپكېلىشكە ئۇلگۇرەلمەيمىز، ئەگەر باشقا مۇۋاپىق ئادەم تېپىلمىسا، ۋاڭ خوجامنىڭ رولىنى مەن ئېلىپ سىناپ باقسام قانداق؟” دېدى. مۇئاۋىن رېژىسسور گۇمانلىنىپ: ”سىز؟ سىناپ باقاي دەۋاتامسىز؟“ دەپ سورىدى. رېژىسسور لىڭ فېي: ”سىنارىيىدە كۆرسىتىلگىنى بويىچە ۋاڭ خوجام ئىگىز ھەم ئورۇق، بولۇشى كېرەك ئىدى، بەدەن قۇرۇلۇشىڭىز دەل كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ھەركەتلىرى بولسا... بوپتۇ، سىناپ بېقىڭ“ دېدى. ئۇ سىناپ بېقىۋىدى، ئويلىمىغان يەردە، ئۇنىڭ ھەركىتى رېژىسسورغا ياراپ قالدى...

چېن لى: بۇ... رېژىسسور ئاۋال سىناپ كۆرۈپ، ئاندىن ئىشلىتىپتۇغۇ، ئۇنى ئۇستىلىق ئىشلەتتى دېسىڭىز...

شياۋ مېيمېي: ئەلۋەتتە بۇنىڭغا تولۇق ئاساسىم بار! ئويلاپ قاراڭ، ئاما رولىدىكى ئەرتىسلەرنى ئارىيەتكە ئېلىپ كېلىشكە ئۇ مەسئۇل بولغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېلىپ چىقىشىغا لايىق كېلىدىغان بىر رولغا تاللىغان ئادەم كەلمەي قويىدۇ؟ ئۇ ئەزەلدىن ئەرتىس بولۇپ باقمىغان تۇرۇقلۇق، ۋاڭ خوجامنىڭ بۇ بىر يۈرۈش كۆرۈنۈشتىكى ھەممە ھەركىتىنى شۇنداق قاملاشتۇرۇپ ئورۇنلىغان. بۇلارنى ئالدىن پىلانلاپ، ئۇستىلىق ئىشلەتكەن ئەمەس دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟

چېن لى: سىزنىڭ يولداش فەن يىڭغا خېلىلا پىكرىڭىز باردەك قىلىدۇ...

شياۋ مېيمېي: پىكىر بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ! ئۇنىڭ ئىشلىرى نۇرغۇن تېخى! «تۇرمۇش سىزگە كۈلۈمسىرىمەكتە» دېگەن فىلىمدا باش رولدىكى قىزنىڭ رولىنى ئەسلىدە مەن ئالماقچى ئىدىم، ئۇ بۇنى قەستەن ئېلەشتۇرۇپ ”سۇغا چىلاشتۇرۇپ“ قويىدى. ئۆزەمگە

چېتىشلىق بولغىنى ئۇچۇن بۇنى سۆزلىمەيلا قوياي، مەن N كىنو ئىستۇدىيىسىگە كەلگىنىمگە خېلى يىللار بولدى. بۇ "چولپان" فەن يىڭغا قارىتا باشقىچە پىكىردە بولۇۋاتقانلار يالغۇز مەن شياۋ مېيمېي ئەمەس، بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇ يەنە مۇشۇنداق گىدىيىپ يۈرەلىسە، ئۇ چاغدا ئۇنى راستىنلا گۇمپىسى بار ئىكەن دەيمەن!...

4. باش ئوپېراتور دىڭ لىشىڭنىڭ ئىستۇدىيە پارتكومىغا يازغان خېتى.

ئىستۇدىيە پارتكومىغا:

تۈنۈگۈن ئاخشام ئىستۇدىيە باشلىقى ليۇ دۇڭ يولداش فەن يىڭنى ئەرتىسلەر ئۆمىگىگە يۆتكەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. كىنوچىلىق بىلەن 40 يىلدىن ئارتۇق شۇغۇللانغان ھەمدە پېنسىيىگە چىقىش ئالدىدا تۇرغان ئوپېراتور بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۆڭلۈم ئارام تاپمىدى، بۇ خۇشاللىقىنىمۇ ياكى جىددىيلىشىپ قالغانلىقىنىمۇ، بىلەلمەي قالدىم.

خۇشال بولۇشۇمدىكى سەۋەب، N كىنو ئىستۇدىيىسى ئۇزاقتىن بېرى سالاھىيىتىگە قاراپ رەتكە تىزىپ، دەرىجىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۆزىگە ئۆزى قورغان قۇرۇپ، ئىختىساس ئىگىلىرىگە سەل قاراپ كەلدى. ئىستۇدىيە باشلىقى ليۇ دۇڭ ئەقىل بۇلىغىنى ئېچىشقا يول ئېچىپ، ئاددىي مەيدان ئىشچىسى بولسىمۇ نەتىجىسى بولغاچقا، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭغا زور مەسئۇلىيەتنى ئارتتى. رەھبەرلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى شۇنچىۋالا ئەتىۋارلىغان، ئۇلارغا كۆيۈنگەن يەردە مەندەك بىر قېرىنىڭ نىمە تەلىۋى بولسۇن؟ جىددىيلىشىپ قېلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، يېڭى بىر ئىقتىن ئېچىلىۋاتقان مۇشۇنداق

ئۆزگەرتىش دەۋرىدە بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش ئۈچۈن جاسارەتلا زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، ئۇنى تونۇش ـ بىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. مەن ئۇستۇدىيە باشلىقى ليۇ دۇڭنىڭ فەن يىڭنى مۇنداق ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەرتىسلەر ئۆمىگىگە يۆتكىشىنى، ئاز دىگەندە ئەتراپلىق ئويلانمىغانلىق، دەپ قارايمەن. مەن بۇ نۆۋەتلىك "كىچىك بارچە گۈللەر" مۇكاپاتى بويىچە باھالاپ تاللانغان ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەرتىسنىڭ نەتىجىسىنى كەمسىتىۋاتقىنىم يوق. لېكىن مېنىڭچە، فەن يىڭ «تۇرمۇش سىزگە كۈلۈمسىرىمەكتە» دىگەن فىلىمدا كىشىنى تەسىر ـ لەندۈرىدىغان بەدىئى ئوبراز ياراتقان بولسىمۇ، بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆزى توغرا باھا بەرگەندەك، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن "كەسپىي ئەرتىس"قا ياتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ رول ئېلىش سەنئىتى جەھەتتىكى تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ، ئۇنى ئارتۇقچە ماختاپ كېتەلمەيمەن! لېكىن مەن شارائىت يارىتىپ بەرسەك ۋە ئازراق تەربىيلىسەك، ئۇنىڭ تامامەن ياخشى ئوپېراتور بولالايدىغانلىقىغا قىلچە ئىككىلەنمەي كاپالەتلىك قىلالايمەن!

گەپنى قەدىمقى شەھەردە ئېلىنىدىغان «چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىدىكى ئىبلىس» دىگەن فىلىمنىڭ "ئوردىدىن ئايرىلغان چاغدىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق كېچە" دىگەن بىرنەچچە كۆرۈنۈشىنى ئالغان چاغدىن باشلاي ــ مېنىڭ ئىشەنچىم دەل شۇ ۋاقىتتا باشلىنىپ تەدرىجى شەكىللەنگەن.

سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ «چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردىسى-دىكى ئىبلىس»نىڭ فىلىمغا ئېلىش ئەڭ قىيىن بولغان بىرنەچچە كۆرۈنۈشى بولۇپ، دائىرىسى چوڭ، ئۆزگىرىشى كۆپ ئىدى، ئۇنىڭغا جىددى ئىنتىرىش، ئاستا تارتىش، نۇقتىنى ئۆزگەرتىش...

قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلگەن ئىدى. مەن ئاپارات غالتىكىنى ئىتتىرىۋاتقان ئادەمنىڭ يارما چاچ قويۇۋالغان، ئېغى "بۇرۇتى خەت تارتىمىغان" ياش يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، سەل ئەنسىرەپ قالدىم. مەن خېلى كۆپ ياشقا ئۇستاز بولغان، ئۇلار، ئاپارات غالتىكىنى ئىتتىرىش ياكى كەينىگە ياندۇرۇشقا ياكى ئۇنى ئاستا، ياكى تېز ھەركەتلەندۈرۈشكە كۈچ بولسىلا بولىدۇ، قوماندانلىق قىلىدىغان ئادەم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كاماندىسىغا قاراپ ئىش قىلسىلا بولىدى، دەپ ھىساپلايتتى. ئۇلار بىر ئېغىز ئاددى كاماندىدا قانچىلىك مەنىنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن! مەسىلەن، ئوخشاش بىر جىددى ئىتتىرىشنى ئالساق، ئۇ چۆچۈش-ھەيران بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولدىمۇ ياكى تىرورلۇقنىڭ نەتىجىسى ئۈچۈنمۇ؟ شەيئىنىڭ ئىنچىكە يەرلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولدىمۇ ياكى شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈنمۇ؟ دىگەندەك چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەقسەت ئوخشىمايدىكەن، جىددى ئىتتىرىشنىڭ رېتىمى، ھەركەت ھىسسىياتى، كەيپىياتى قاتارلىقلارمۇ پەرقلىق بولىدۇ. كۆپ چاغلاردا، بۇنى ھىس قىلىشقىلا بولىدۇكى، ئېغىزدا دەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بىراق ئاپارات غالتىكىنى ئىتتىرىدىغان ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى سىنارىيىسىنى ياخشى ئوقۇمايدۇ، ئاشۇنداق تۇرسا، ئۇلاردىن "زىچ ماسلىشىش"نى تەلەپ قىلىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولمامدۇ؟ مىنىڭ ئويلىمىغان يېرىمدىن چىققىنى شۇكى، بۇ يىگىت بىرنەچچە كۆرۈنۈشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى گويا ئالدىن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىكەن، غالتەكنى قايسى ۋاقىتتا ئىتتىرىش، قايسى ۋاقىتتا ئارقىغا ياندۇرۇش كېرەك، جىددى ئىتتى-

رىش كېرەكمۇ ياكى ئاستىراقمۇ... بۇلارنى ئۇ شۇ قەدەر دەل جايىدا ئورۇنلىدىكى، ئوپېراتورنىڭ قوماندانلىغىمۇ ئارتۇقچە نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

مەن بەكمۇ ھەيران قالغاچقا، ئىشتىن كېيىن ئۇ يىگىتتىن:

— بۈگۈن غالتەكنى ئىتتىردىڭىز يامان ئەمەس بولدى، سىناردىينى كۆرگەنمىدىڭىز؟ — دەپ سورىغىنىدىم، ئۇ:

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىدىن گويا ئاپارات غالتىگىنى ئىتتەرگۈچىنىڭ سىنارىيىنى كۆرمەسلىگى دۇنيادا ئەڭ بىمەنىلىك بولىدۇ، دىگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. مەن:

— بۇ گەپچە، مۇشۇ بىرنەچچە كۆرۈنۈشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى تولۇق ئەستە تۇتۇۋاپسىز-دە؟ — دەپ سورىغان ئىدىم، خۇددى مېنىڭ سوئالىم جاۋاپ بېرىشكە ئەرزىمەيدىغان گۈدەكلەرنىڭ سوئالىدەك، ئۇ يىگىت ئاغزىنى قىسايتىپ قويىدى. مەن بىرئاز رەنجىگەندەك بولۇپ، قەستەنگە ئۇنىڭدىن بۇ بىرنەچچە كۆرۈنۈشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم. مېنىڭ روھىي كەيپىياتىم ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى بولغاي، ئۇ ئالىيىپ قويۇپ، خوشياقمىغاندەك قىلىپ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاش، ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشتىن باشلاپ، ۋاڭ خوجامنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ كېچىدە يۈگرەپ يۈرۈشى، ئوردىدىن ئايرىلىپ قان يىغلىغانلىغىچە بولغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى، ئاپاراتنى پىرسۇناژغا يېقىنلاشتۇرۇش، ئەگەشتۈرۈش، كۆرۈنۈشنى چوڭايتىپ ئېلىش، ئاپاراتنى كەينىگە ياندۇرۇش ئەھۋالىنى — قىسقىسى، مۇشۇ 30 نەچچە كۆرۈنۈشنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشنى جايى-جايىدا سۆزلەپ بەردى. گەرچە

ئۇنىڭ تۇرقى ۋە تەلەپپۇزىدىن قەستەنگە قىلىنىۋاتقان بىر خىل ھۆرمەتسىزلىك چىقىپ تۇرسىمۇ، مەن چېچىنى يارما قىلىپ ياسىنىۋالغان بۇ يىگىتكە يېڭىچە نەزەردە قارىماي تۇرالمىدىم ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇنى ئۆزەمنىڭ سىنارىيىمنى بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتا پىكىر بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ:

— باش ئوپېراتور، ياشلار كەلسە-كەلمەس گەپ قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ، گەپ قىلمايلا قويايمىكى، — دېدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. مەن "كاپ" قىلىپلا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— مەن ھېچ بولمىغاندا كاللىسى گىرانىت تاشتەك قېتىپ كەتكەن جاھىل قېرىلاردىن ئەمەسقۇ؟ سۆزلەۋېرىڭ، مەن سىزنىڭ ئاشۇ "كەلسە-كەلمەس گەپ"لىرىڭىزنى ئاڭلىماقچى، — دېدىم. يىگىت بېشىنى قاشلاپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولسا، يوشۇرماي دەۋېرەي، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، بۇ سىنارىيىدىكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا 30 — 40-يىللاردىكى ھولىلىۋۇر قېلىپى بويىچە بوپتۇ. ئېستېتىكا ئىدىيىسى جەھەتتىن ئالغاندا، يەنىلا ئىككى مىڭنىڭ؟ ئالدىدىكى ئارىستوتېلنىڭ بىر بىرىگە ماس كېلىش، تەككەش بولۇش، بىرلىككە كېلىش دېگەندەك نىملىرىدىن ئايرىلماپتۇ. ھازىر كىنوچىلىقتا چىنلىققا بولغان تەلەپ بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ، ئارىستوتېلنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى بۇزۇش ۋاقتى بولۇپ قالدى! — دېدى.

بەللى، ئەيمەنمەستىن ئارىستوتېلنىڭ ئېستېتىكا نۇقتىئىنەزىرىنى بۇزماقچى بولۇۋاتىدۇ! ئۇ ئارىستوتېلنى قانچىلىك بىلەر؟ مەن بايا ئۆزەمنى كاللىسى گىرانىت تاشتەك قېتىپ كەتكەن جاھىل قېرىلاردىن

ئەمەس دەپ ئاتىمغان بولسام، بۇ سۆزلەر ئۇچۇن سەكرەپ كەتكەن بولاتتىم. شۇڭا مەن چىرايىمنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يەنە:

— سىزچە بولغاندا، ئارىستوتېلىنىڭ چىرىپ كەتكەن ئىستېتىكا نۇقتىئىنەزىرىنى قانداق بۇزسا بولار؟ — دەپ سورىدىم.

— ئالدى بىلەن، رامكىنى بۇزۇش، يېڭىلىققا يول ئېچىش لازىم، — دەۋەتتى ئۇ، — 30 — 40 - يىللاردىكى هولليۋۇد كىنولىرى پانتازىيىلىك كىنولار بولۇپ، بۇلاردا تىياتىر پۇرىقى ناھايىتى قويۇق، تۇرمۇشتىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەن، ئارىستوتېلىنىڭ ئىستېتىكا ئىدىيىسى ئاشۇ دەۋردە تازا ئەۋج ئالغان ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئىتالىيىدىكى يېڭى رىيالىزىمچىلىق ۋە رىياللىققا يېقىنلىشىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى باشقا ئېقىملار كىنونى ئەرشتىن كىشىلەر ئارىسىغا ئېلىپ كەلدى...

يىگىتنىڭ فىلىمغا ئېلىش جەھەتتىكى خىلمۇ - خىل ئويلىرىنى تەكرارلاپ ئولتۇرمىساممۇ بولار، ئۇنىڭ بىرمۇنچە نەزىرىيىسىدە ئۆزگىچە قاراشلار بار ئىكەن. ئۇ مېنى مات قىلىپ قويىدى ياكى قايىل قىلدى دېيىشكە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىستېتىكا ئىدىيىسى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۇچرىشىش ئارقىلىق بىز ئۆزئارا خېلى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندۇق. ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، ئەگەر «تۇرمۇش سىزگە كۈلۈمسىرىمەكتە»نىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئومۇمى يۈزلۈك بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە يېڭىلىق ۋە بۆسۈشلەر بولدى دېيىلسە، بۇلارنىڭ ئاز دىگەندە خېلى بىر قىسمى مۇشۇ قابىلىيەتلىك، ئىزدىنىش تەلىۋى كۈچلۈك يىگىت فەن يىڭغا مەنسۇپ!

ئىستۇدىيە باشلىغى لىيۇدۇڭ ماڭا پېنسىيىگە چىقىشتىن بۇرۇن

ئىزباسارلارنى ياخشى يېتەكلەشنى تاپىلىغان ئىدى، مەن ھازىر ئىستۇدىيە پارتكومىغا جىددىيلىك بىلەن شۇنداق تەلەپ قويىمەنكى، فەن يىڭنى ئەرتىسلەر ئۆمىگىگە يۆتكەش بۇيرۇغىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسە، ئۇ ماڭا مۇئاۋىن ئوپېراتور بولسا، مەن فەن يىڭنى كۆزگە كۆرۈنگەن ئوپېراتور قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ۋەدە بېرىمەن!

ھۆرمەت بىلەن

دىلىڭ لىشىڭ ×ئاي ×كۈنى

5. رېژىسسور لىڭ فېي بىلەن بولغان سۆھبەت خاتىرىسى

بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئىشلار تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى، بۈگۈنلا ئارامىدا ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشكۈدەك بولدۇم، كەچۈرگەيسىز.

ئاڭلىسام، فەن يىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن نۇرغۇن يولداشنى زىيارەت قىپسىز، يولداش مېيمېينىڭكىگىمۇ مەخسۇس بېرىپ، ئۇنى زىيارەت قىپسىز. مەن ئۇنىڭ رېژىسسورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئەينەن ۋە تەپسىلى تونۇشتۇرۇپ بېرىشىم كېرەك، ئەلۋەتتە.

مېيمېي سىزگە شياۋ فەننىڭ ھاجەتخانىدا سىنارىيىنىڭ كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنگەن نۇسخىسىغا قاراپ ئىما-ئىشارە قىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى ئېيتقاندۇ؟ ۋەقەنىڭ جەريانى راست شۇنداق بولغان، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مېنىڭچە، بۇ شياۋ فەننىڭ سىنارىيىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، لېكىن مېيمېي ئۇنى سىپاگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىش، رېژىسسورنىڭ دىققىتىنى قوزغاشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى دەيدۇ. مەن مېيمېينى بىلىمەن،

ئۇنىڭ ئۇ قارىشىنى پۈتۈنلەي شەخسى قاراش دېگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەرتىسكا بولغاندىن بېرى زادىلا رولىنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىرەر ئادەمنىڭ بىر ئىشقا ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكى تەبىئى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئىشارە ھەركەتلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىمدە، مەنمۇ ئۇنى بۇ غەلىتە، كۈلكىلىك ئادەم ئىكەن دەپ قالغان ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ مەيدان ئىشچىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئادەم ئىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. شۇڭا مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشتىم. تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتتىلا ئويىمىزنىڭ بىر يەردىن چىقىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىدىم. بەزىلەر مېنى مەدىرىسچىلەر تەرەپدارى دېيىشىدۇ، مەن بولسام چىرىك كونىچىلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ئادا-جۇدا بولۇشنى قەتئى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىن، ئۇنىڭ ئارىستوتېلنىڭ ئېستېتىكا نۇقتىئىنەزىرىگە ھەمدە ھوللىۋۇر قېلىپىغا مېنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىر خىل مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدىم. مەن سىرداش تېپىۋالدىم، بىز دائىم دېگۈدەك نەچچە سائەتلەپ پاراڭلىشىدىغان بولدۇق.

ئەلۋەتتە، ئېغىزدا رېژىسسورلۇق قىلماق ئاسان، نەق مەيدانغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىش بولسا باشقا بىر ئىش. ئۇنىڭغا بولغان ھەقىقى رەۋىشتىكى يېڭى كۆزقاراش ”ئوردىدىن ئايرىلغان چاغدىكى بوران-چاپقۇنلۇق كېچە“ كۆرۈنۈشىنى فىلىمغا ئالغاندىن كېيىن پەيدا بولدى.

خۇددى سىزنىڭ بىلگىنىڭىزدەك، بۇ كۆرۈنۈش «چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىدىكى ئىبلىس» دېگەن فىلىمدىكى بىرنەچچە چوڭ

كۆرۈنۈشنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ پايتەخت مۇھاپىزەت قوشۇنى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىدىغان چوڭ كۆرۈنۈش بولغانلىقتىن، بۇنىڭغا قاتنىشىدىغان ئاممىۋى ئەرتىسلەرلا 400 دىن ئاشاتتى، بۇنىڭدىن باشقا بوران يامغۇر، گۈلدۈرماما قاتارلىق ئۆزگىرىشچان ئالاھىدە تەبىئى مۇھىت كۆرۈنۈشلىرى، غىل-پال قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان كۆرۈنۈشلەر بار ئىدى. فىلىمغا ئېلىشتىن بۇرۇن گەرچە تولۇق تەييارلىق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن رەسمىي فىلىمغا ئالىدىغان ۋاقىتتا ئۆزەممۇ سەل تەمتىرەپ قالدىم. كۆرۈنۈشكە بۆلۈنگەن سىنارىيە تەرتىۋى بويىچە، پايتەخت مۇھاپىزەت قوشۇنى بىلەن بولىدىغان قانلىق جەڭ ئەر-ئايال قەھرىمانلارنىڭ ۋاڭ خوجام ۋە ۋەزىر-ۋۇزۇرالار ئالدىدىكى جۇدالىشىشى قىستۇرما ھالەتتە غىل-پال قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر كۆرۈنۈش ئىدى. رەسمىي ئېلىش ۋاقتىدا مەن ئۇنىڭ باش-ئاخىرىنى ئالماشتۇرۇۋالدىم، سىنارىيە ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئاغرىپ قالغانلىقى، مۇئاۋىن رېژىسسورنىڭ ئىقتىدارى ئاجىزراق بولغانلىقى ئۈچۈن، نەق مەيداننى تەشكىللەش تولىمۇ تەس بولدى. مەن بۇ تەرەپتە فىلىمغا ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتسام، ئاما رولىغا چىقىدىغان ئەرتىسلەر نەق مەيدانغا كىرىۋالدى. مەن ئاچچىغىمدا سەكرەپ كەتتىم، مەن جۇدالىشىش كۆرۈنۈشىنى چاپسانراق ئېلىپ پۈتتۈرۈۋالاي دەۋاتسام، "پايتەخت مۇھاپىزەت قوشۇنى"دىكىلەر ئۇلىشىپ كېلىپ تاماشا كۆرگىلى تۇردى. بۇ "پايتەخت مۇھاپىزەت قوشۇنى" ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ كېلىنگەنلەرنى تىللىغىلى بولمايتتى، ئاچچىغىمدىن تاتىرىپ كەتتىم. فەن يىڭ بولسا بۇنى ئاز دېگەندەك مېنى بىر چەتكە تارتىپ:

— لىڭ رېژىسسور جۇدالىشىش دېگەن كۆرۈنۈش بەكلا پارچىلىنىپ

كەتتىمۇ، قانداق؟ مەركىزىي لىنىيە قالايمىقانلىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ... — دېدى.

مەركىزىي لىنىيىنى بىر تەرەپ قىلىش رېژىسسورنىڭ ئاساسلىق ماھارىتى ھېسابلىنىدۇ. مەركىزىي لىنىيىنى ئىنقىلاپ ئالالمىسا ياكى ئۇنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويسا ياكى ئاتلىتىۋەتسە، ئۇ قانداقمۇ رېژىسسور بولالايدۇ؟! بۇ قالايمىقانچىلىق بىلەن تولغان ئىش ئورنىغا قاراپ ئاچچىغىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ تۇرسام، ئۇرماقىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، بىزنىڭ بۇ ئۇقۇمۇشلۇق مەيدان ئىشچىمىز ھالىغا باقماي مەندەك بىر رېژىسسورغا مەركىزىي لىنىيە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا يول كۆرسەتكىلى تۇردى! مەن بار كۈچۈم بىلەن ئاچچىغىمنى بېسىپ، سوغاقلىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— تەربىيىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، ئەمما سىز يەنىلا غالتىڭىزنى ئىتتەرسىڭىز، رېتىمنى ئىگەللىسىڭىز بولار، باش ئوپېراتور دېك دەل شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ! مەركىزىي لىنىيە مەسىلىسى توغرىسىدا خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، ئۇنى رېژىسسور بىر تەرەپ قىلالايدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

گېپىمنىڭ بەكمۇ قوپال كەتكەنلىكىنى بىلدىم، لېكىن شۇ چاغدا مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمىغان ئىدىم.

— رېژىسسور، بەك جىددىيلىشىپ كەتتىڭىزمۇ، قانداق؟ بۇنىڭ فىلىمغا ئېلىنىشىغا ھېچ قانداق پايدىسى يوقتۇ، — دېدى-دە، فەن يىلىڭ گويا مېنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، سۆز بىلەن ئۇقتۇرۇش قىيىن بولغان بىر خىل نەزەر بىلەن ماڭا بىر دەم تىكىلگەندىن كېيىن، شارتتىدا بۇرۇلۇپ، قولىنى سىلكىگەن پېتى كېتىپ قالدى. ئىككى قەدەم مېڭىپ يەنە ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

— ئەگەر مەن چىن كۆڭلۈمدىن سىزنىڭ سەنئەتكە بېرىلىدىغان ۋە ئىزدىنىدىغانلىقىڭىزغا قايىل بولمىغان بولسام، مەندەك كىچىككىنە مەيدان ئىشچىسى قانداقمۇ سىزدەك كاتتا رېژىسسورغا بىرنىمە دېيەلەيتتى! قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولىدىكەن، لېكىن سەنئەتنىڭ مۇقەددەس ئوردىسىدا رېژىسسور بىلەن مەيدان ئىشچىسىنىڭ دەرىجىسىنىڭ شۇ قەدەر پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن! — دەپ قوشۇپ قويدى.

بۇ تولىمۇ ئۆزىنى بىلمىگەنلىك ئەمەسمۇ! مەن سەكرەپ كەتتىم. ئۇنى دەرھال فىلىمغا ئېلىش مەيدانىدىن كېتىشكە بۇيرۇماقچى بولۇپ قولۇمنى كۆتىرىپ بولۇپ يەنە چۈشۈرۈۋالدىم. مەن ۋاقتىنچە ئۇنىڭ بىلەن زاكونلاشماي، فىلىم ئەۋرىشكىسى چىققاندىن كېيىن ئاندىن سۆزلىشەي، مەركىزىي لىنىيە قالايمىقان بولمىغان بولسا — بۇنىڭغا نىسبەتەن مېنىڭدە مۇتلەق ئىشەنچ بار ئىدى — ئۇ چاغدا راسا ئەدىۋىنى بېرىپ قوياي، دىگەن ئويغا كەلدىم.

10 كۈندىن كېيىن فىلىم ئەۋرىشكىسى كەلدى. فىلىمنى كۆرۈش ۋاقتىدا مەن ئۇنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ، "رىياسەت سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى ئورۇن"دا ئولتۇرغۇزدۇم. مەن مەركىزىي لىنىيەنىڭ قالايمىقان بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن، دىمەكچى ئىدىم.

زادىلا ئويلىمىغان ئىدىم، فىلىم ئەۋرىشكىسىنى قويۇۋىدى، راست دىگەندەك مەركىزىي لىنىيە قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ. يەنە كېلىپ ئادەتتىكى ئاتلاپ كېتىش بولماستىن، بىرقانچە كۆرۈنۈش قۇراشتۇرۇشقىمۇ يارىمىغۇدەك بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆرۈنۈشنى باشقىدىن ئالماي بولمىدى.

مەن بەكمۇ ئوسال بولدۇم. ھەتتا فىلىم ئەۋرىشكىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ بۇ ”مەركەز“نىڭ قانداق ”ئاتلاپ كەتكەن“لىگىنى ئېنىقلىيالمىدىم. مەن ناھايىتى ئازاپلاندىم. ئۆز ۋاقتىدا كىچىك پېئىللىق بىلەن فەن يىڭنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىغان بولسام، بۈگۈنكى كۆڭلۈكتە مۇنچىۋالا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالماستىم!

راست، سەنئەت ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولۇشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر بولۇشىغا قارىغاندا تېخىمۇ قىيىندەك قىلىدۇ. بۇمۇ ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقالماسلىقىدىكى بىر سەۋەپ بولسا كېرەك...

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزەمنى تەكشۈردۈم. ئۇ بولسا خىجىلچىلىقتا قېلىپ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن: ”سىز باشقىدىن فىلىمغا ئالماقچى بولدىڭىزغۇ؟ مۇنچىلىك ئىشمۇ ئېغىزغا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەرزىمدۇ؟“ دىدى.

مەن بۇ يىگىتكە ئامراق بولۇپ قالدىم.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، مېيمېينىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ نەقەدەر بىمەنە ئىكەنلىگىنى بىلگەنسىز؟ فەن يىڭ ئۇنداق سىپارگەرچىلىك قىلىدىغان ھىلىگەرلەردىن ئەمەس! ئەكسىچە، ئاستىدىكى شېغىل-تاشلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تاغ سۈيىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋاڭ خوجامنىڭ رولىنى ئېلىشقا تونۇشتۇرغانلىغىنى دەل ئۇنىڭ سەممىلىگى دىيىش كېرەك. بۇ رولىنى ئۇنىڭ شۇنچىلىك ياخشى ئېلىپ چىققانلىغىغا كەلسەك، بۇنىڭ جاۋابىنى مەن بېرىشىم كېرەك.

ئەسلىدە شۇ كۈنى ئۇنى ۋاڭ خوجامنىڭ رولىغا چىقىشقا ۋاقىتلىق بەلگىلىگەن ئىدىم، كېيىن ھاۋا بۇزۇلۇپ كەتكەچكە فىلىم ئېلىنمىدى. مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ياتاققا كىرىۋېلىپ، كۆرۈ-

www.uyghurkitap.com

نۆشكه بۆلۇنگەن سىنارىيە نۇسخىسىغا قاراپ رولنى قايتا ـ قايتا رىپىتىتسىيە قىپتۇ. كېيىن مېھمانخانىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا شەھەردىن 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى مەلۇم بىر كىچىك بازاردا ئىلگىرى چىلىك خاندانلىقى ئوردىسىدا چۆرە بولۇپ ئىشلىگەن، فۇبى، تيەنجىنگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېتىلگەن بىر مومايىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. فەن يىلىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تاماقمۇ يېمەي شۇ بازارغا بېرىپتۇ. موماي ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا چىلىك ئوردىسىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ۋاڭ خوجامنىڭ يېتىش ـ تۇرۇش، سىرتقا چىقىش، پادىشا بىلەن كۆرۈشۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بىرمۇ ـ بىر تونۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ. فەن يىلىڭ زور ئۇنۇم بىلەن مېھمانخانىغا يېنىپ كەلگەندە، كېچە سائەت 3 بولغان ئىكەن.

فىلىم ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئېلىنىدى. باشقا ئەرتىسلەر مۇنداق ئاممىنىڭ رولىغا چىققاندا، ئەڭ كۆپ بولغاندا فىلىم ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ئانچە ـ مۇنچە مەشىق قىلىپ قويىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە رېژىسسور ئۇنىڭ تۇرىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇ ئەرتىس نېرى ـ بېرى قىلىپ قويمىسىلا ۋەزىپىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. فەن يىلىڭ بولسا گويا چوڭ دۈشمەنگە يولۇققاندەك قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ئەستايىدىللىقىنى بەزىلەر بۈگۈنكى كۈنگىچە مەسخىرە قىلىپ سۆزلەپ يۈرىدۇ. ئالايلى، ۋاڭ خوجامنىڭ رولىنى ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ كۈنى ئۇ ئاپارات ئورنىتىلغان غالتەكنى ئىتتىرمىدى. — بۇ ئىش ئۈچۈن باش ئوپېراتور دىڭنىڭ بەكمۇ جىق پىكرى بار. — بۇ ياش يىگىتمۇ قىزىق، گىرىم قىلىپ، فىلىمغا ئېلىش مەيدانىغا كەلدى. رەت بويىچە بولغاندا، ئۇنىڭغا يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن

نۆۋەت كېلەتتى، شۇ كۈنى ھاۋا تولىمۇ ئىسسىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ رولغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىمراق رولغا چىقىدىغان ئەرتىسلەرمۇ ئازادىرەك جايىنى تېپىشىپ، ماروژنا يېيىشىپ، سوغاق ئىچىملىك ئىچىشىپ، فىلىمغا ئېلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇ بولسا كۆرۈنۈشكە بۆلۈنگەن سىنارىيىنى ئېلىپ بىر بۇلۇڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بىر ياقتىن سىنارىيىنى ئوقۇپ، بىر ياقتىن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ قېتىم ئېلىنىدىغىنى 3 كۆرۈنۈش بولۇپ، سىنارىيىدە 57 سۆز بىلەنلا ئىپادىلەنگەن ئىدى، ۋاڭ خوجامغا بېرىلگەن دىئالوگ بولسا "تۈت" دىگەن بىرلا سۆز ئىدى. مۇشۇنچىلىك كۆرۈنۈشنىڭ يەنە ھېسسىيات چىقىرىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ كەتكۈدەك قانچىلىك كۆرگۈچىلىكى بارلىغىنى مەن ئۆزەممۇ بىلەلمەي قالغان ئىدىم. تىلغا ئېلىشقا تېخىمۇ ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ فىلىم-نىڭ ئاخىرقى ئىشلىرى ئىشلىنىۋاتقاندا، ئۇ باشقا بىر گۇرۇپپىنىڭ مەيدان ئىشچىسى بولۇپ، ئىستۇدىيىدىن 160 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر كىچىك ناھىيە بازىرىغا فىلىمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش-لىرىنى ئېلىشقا كەتكەن ئىدى. ئاۋازغا ئالىدىغان كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى، مەن يىلىڭ سۇغا چۈشكەن مۇشۈكتەك شۈمشىيىپ ئاۋازغا ئېلىش ئۆيىگە كىرگەندە، مەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم-دە:

— شياۋفەن، نىمە بولدىڭىز، بىرەر ۋەقە چىقتىمۇ؟ — دەپ سورىدىم. ئۇمۇ تەئەججۇپلىنىپ: "ھىچ ئىش بولغىنى يوققۇ! — دىدى

— ئۇنداق بولسا، سىز...

— بۈگۈن ئاۋازغا ئېلىنىدۇ ئەمەسمۇ، مېنىڭمۇ دىئالوگۇم بار

بولغاچقا رۇخسەت سوراپ كەلدىم... ــ دېدى بىر ئاز دۇدۇقلاپ.

ھە، خۇدا، ئۇ ئاشۇ بىر سۆزنى ئۇنىئالىغۇغا ئالدۇرىمەن دەپ بېرىش-كېلىش ئۈچۈن 300 نەچچە كىلومېتىر يول ماڭدى دەڭا!

سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ فىلىم ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇلۇپ كەتتى! ئەمما بۇ ۋاق خوجام كۆپچىلىككە ئىنتايىن ياخشى تەسىر قالدۇردى. دەل ئۇنىڭ سەنئەتكە قارىتا قىلچە بىپەرۋالىق قىلمايدىغان ئەستايىدىللىقى كىشىلەرنى تەسىرلەندۇرگەنلىكى ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق "چىرايلىق نام"غا ــ "ئەڭ ناچار فىلىمدىكى ئەڭ ياخشى قوشۇمچە رول ئالغۇچى" نامىغا ئېرىشتى!

ھەي، ئەستايىدىللىق، بىز ھازىر فەن يىگىدەك ئەستايىدىل بولۇشقا نەقەدەر مۇھتاج-ھە!

يولداش شياۋچېن، سىز مېنىڭ نىمىشقا مۇنچىۋالا ھەسرەت چېكىدىغانلىقىمنى بەلكىم چۈشەنمەسسىز. نىمە دېسەم بولار، بۇ ــ ھەرقانداق شەيئىنىڭ ئوقۇيالمايدىغان كىتاۋى بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش-دە!

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىز كىنو رېژىسسورلىرى قايسى سىنارىيىنى كىنوغا ئالغۇسى كەلسە شۇنى ئالىدىغان، قايسى ئەرتىسنى خالىسا شۇنى تاللايدىغان، ئالى دەرىجىلىك مېھمانخانىدا ياتىدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى يەيدىغان، قىسقىسى، "جىمىكى نەرسىلەر بىز ئۈچۈن ھازىرلانغان" خۇدانىڭ ئەركە بەندىسى ھېساپلىنىمىز. كىنو-رېژىسسورنىڭ سەنئىتى دېيىلدۇ ئەمەسمۇ! مۇنداق ھەممىنى خالىغىنى بويىچە قىلىدىغان رېژىسسورنىڭ بار-يوقلۇغى توغرىسىدا ئاغزىمغا كەلگەننى دېيەلمەيمەن، ئاز دىگەندە، N كىنو ئىستۇدىيىسىدە ھېچقانچە نامى چىقمىغان بىز قاتارلىق

ئوتتۇرا ياشلىق رېژىسسورلار ئىچىدە ئۇنداق خىيالغا كەلگەننى قىلىدىغانلار زادى يوق. ئەقەللىسى بىرەر كىنونى ئىشلەش توغرا كەلسە، كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن ئاران قولغا كەلتۈرىمىز. N كىنو ئىستۇدىيىسى ھەر يىلى ئاران 20 كىنو ئىشلەيدۇ، لېكىن 160 تىن ئارتۇق رېژىسسور بار، سىز بۇنى ھېساپلاپ كۆرۈڭ... بۇ جاپاكەشلىك كىتاۋىنى سىزگە ئوقۇمايلا قوياي، ئاددى بىر مىسال كەلتۈرسەك: مەن «چىڭ خاندانلىغى ئوردىسىدىكى ئىبلىس» دىگەن كىنو فىلىمىنى ياقتۇرمايتتىم. بىراق بۇ سىنارىيىنى شىياۋجەن شۇجى ماقۇللىغان؛ مەنمۇ شىياۋمېيىمېيىنى ئاساسلىق ئايال پېرسوناژنىڭ رولىنى ئېلىشقا لايىق دەپ قارىمايمەن، لېكىن ئۇ مەدىنىيەت ـ مائارىپقا مەسئۇل شۇجىنىڭ قىزى... سىز بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ھەقىقى سەنئەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ ئېيتىشقا پۈتۈنلەي ھەقلىق. بىراق، رەھىمسىز ئەمىلىيەت شۇكى، مۇشۇ مۇناسىۋەتسىز ئامىللار سەنئەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بولمىسا مەنمۇ «چىڭ خاندانلىغى ئوردىسىدىكى ئىبلىس»قا ئۇنداق ئوڭۇشلۇق ھالدا رېژىسسورلۇق قىلالمايتتىم. تەنقىت ساداسى ئىچىدە مېنىڭدەك بىر "ئەڭ ناچار فىلىم"نىڭ رېژىسسورىنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىنلا «تۇرمۇش سىزگە كۈلۈمسىرىمەكتە»نى ئىشلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

كۆڭۈلنى توختىتىۋېلىپ سۆزلىسەم، مېنىڭچە، ئانچە ـ مۇنچە نۇقسانى بولسىمۇ، يەنىلا «تۇرمۇش سىزگە كۈلۈمسىرىمەكتە» دىگەن فىلىمنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. «چىڭ خاندانلىغى ئوردىسىدىكى ئىبلىس» ئاچچىق ساۋىقى بولغاچقا، مەن فەن يېڭىنى باش رولغا چىقارماقچى بولدۇم. ئۇ ۋاڭ خوجامنىڭ رولىنى ئوبراز ياردىتىشتىن تارتىپ خاراكتىرىنى چىقىرىشقىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىققاچقا،

ئۇنىڭ رولىنى ياخشى ئېلىپ چىقىشىغا تولۇق ئىشەنگەن ئىدىم. لېكىن N ئىستۇدىيىسىنىڭ فىلىم ئېلىش ئىشىدا ناھايىتى زور دەرىجىدە پىكىر بايان قىلالايدىغان مەلۇم بىر مۇھىم ئەرباب ماڭا باشقا بىر ئەرتىسنى باش رولغا چىقىشقا سايە قىلدى. راست گەپنى قىلسام، مەن ئۇ چاغدا خېلى ئاردىسالدا بولغاندىن كېيىن، ئاخىردا يەنىلا فەن يىڭنى تاللىدىم. لېكىن بۇ مەلۇم مۇرەسسەنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، شياۋ مېيمېي ئايال باش قەھرىمانىنىڭ رولىنى ئالىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن مەقسەت كېلىچەكتىكى فىلىم ئۈچۈن يەنە بىر كاپالەت پىچىتى چاپلاش ئىدى.

قانداق دىسەم بولار، بەزىلەر جۇڭگودىكى نۇرغۇن ئىشلارنى مەلۇم بىر خىل مۇرەسسەلىشىش ۋە تەكچۈكلاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى، دېيىشىدۇ؛ يەنە بەزىلەر، جۇڭگودا ئەڭ ئەتىۋارلىقى سەنئەت كونا ھالەتنى بۇزماسلىق سەنئىتى، مۇرەسسە قىلىش سەنئىتى، دېيىشىدۇ. بۇ گەرچە لاۋزا گەپ بولسىمۇ، لېكىن سىز ئۇنىڭ ئانچە ـ مۇنچە داۋلىسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايسىز.

ۋىجدانىڭىزغا خىلاپلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، شۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولىسىز. مەن ئۆزەمنىڭ مۇشۇنداق ئاجىزلىقىم ۋە قابىلىيەتسىزلىكىمدىن قاتتىق ئازاپقا قالدىم.

دەل مۇشۇ چاغدا، فەن يىڭ بىلەن شياۋمېيمېينىڭ ئوتتۇرىسىدا ساخلانغىلى بولمايدىغان يۈز ـ تۇرانە توقۇنۇش سادىر بولدى.

بۇ ئىش ئەرتىسلەر توپلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي تونجى قېتىملىق سىناق رېپېتىس قىلىنغاندا يۈز بەردى.

ئۇ كۈنى شياۋ مېيمېي بىلەن فەن يىڭ تونجى قېتىم بىرلىكتە رولغا چىققان ئىدى. شياۋ مېيمېي ئادەتتە گەپدانلىق، پەرۋاسىزلىق قىلىشقا

ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، رېپېتىسىيە قىلغانىدا، ئون نەچچە جۈملە دىئالوگنىمۇ يادقا ئالالمىدى، ھەتتا دىئالوگنى خاتا دەپ قويغانىنىڭ ئۈستىگە ھېسسىياتىنىمۇ جايىدا ئىپادىلىيەلمىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، رېپېتىس قىلىۋېتىپ، بىردىنلا توختاپ: "مەن بۇ تېكستنى ئوقۇغاندا قايسى كۆرۈنۈش ئېلىنىدۇ" دەپ سورىدى. باش رولدىكى ئەر بىلەن ئۇنىڭ قىلىدىغان دىئالوگىنىڭ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ توختىماي كالپۇكىنى يالاپ، ھە دەپ ئۇنچىدەك ئاق چىشلىرىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. كېيىن ئۇ مېنىڭدىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق كۆرۈنۈش ئاجرىتىپ، ئۆزىنىڭ چىرايلىق كۆزىنى چوڭايتىلغان كۆرۈنۈشكە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدى... مېنىڭ غەزىۋىم ئۆرلەپ، ئۇنى شۇ يەردىلا ئوسال قىلماقچى بولدۇمۇ يەنە ئويلىنىپ، ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم. ھەي، يەنىلا شۇ ھالەتنى ساقلاپ قالاي دېدىم. بىراق فەن يىلىڭ سەكرەپ كەتتى:

— يولداش شياۋ مېيمېي، سىز دىلىڭ لەننىڭ رولىغا چىقىۋاتامسىز ياكى باشقا بىرسىنىڭ رولىغىمۇ؟

— كاتتا "چولپان" فەن يىلىڭ، سىز دەپ بېقىڭا، مەن دىلىڭ لەننىڭ رولىنى ئوينىماي كىمنىڭ رولىنى ئويناۋېتىپتىمەن؟ — دېدى شياۋ مېيمېي پىسەنتىگە ئالمىغان قىياپەتتە قارا ھەم يوغان كەلگەن چىرايلىق كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ.

— سىز ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىۋاتىسىز! يەنە كېلىپ ئۆزىڭىزنىڭ خۇنۇك تەرىپىڭىزنى كۆرسىتىۋاتىسىز، بۇنداق قىلىشنىڭ باش رولدىكى قەلبى گۈزەل دىلىڭ لەن بىلەن ھېچقانچە ئورتاقلىقى يوق! — فەن يىلىڭ خۇددى گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك ۋاقىراپ كەتتى ۋە ماڭا بۇرۇلۇپ: — يولداش رېژىسسور، ئېيتىڭا قېنى، بىر سەنئەت

بىلەن شۇغۇللىنىۋاتامدۇق ياكى ئەبجەش تويۇن ئويناۋاتامدۇق؟ ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋالغىمۇ چىداپ تۇرىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭ داۋاملىششىغا يول قويىدىغان بولسىڭىز، باشقا بىر ئاقىلنى تەكلىپ قىلىڭ. مەن بۇ فىلىمغا ئېلىش گۇرۇپپىسىدىن چىقىپ كېتىمەن! — دىدى.

شياۋ مېيمېي ئەزەلدىن باشقىلارنى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ يۈرىدىغان قىز ئىدى. ئىستۇدىيىدە ئۇ ئىستۇدىيە باشلىقىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى، فەن يىڭنى بولسا ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ تەڭ قىلمايتتى. شۇڭا ئۇ تۇرالماي سەكرەپ كەتتى.

— لىڭ رېژىسسور، ئېيتىڭچۇ، بۇ فىلىمغا ئېلىش گۇرۇپپىسىدا مەركەز رېژىسسورمۇ ياكى مەيدان ئىشچىسىمۇ؟ ئەگەر مەركەز رېژىسسور بولسا، ئۇنداقتا، باش رولدىكى ئەر ئەرتىسنى ئالماشتۇرۇڭ! ئەگەر مەيدان ئىشچىسى مەركەز بولسا، كەچۈرۈڭ، مەن كەتتىم! — دەپلا ئاچچىقلانغان پېتى نازۇك بېلىنى تولغاپ ئۇدۇل چىقىپ كەتتى.

ئەھۋالنىڭ مۇنداق يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە بېرىپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىدىم! شياۋ مېيمېي ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن مەن فەن يىڭنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا كايىدىم.

— شياۋفەن، شياۋ مېيمېينىڭ قىلغىنى ناتوغرا بولسىمۇ، زىددىيەتنى مۇنچىۋالا كەسكىنلەشتۈرۈش ھاجەتسىز ئىدىغۇ! قاراڭ، مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، فىلىمغا ئېلىش گۇرۇپپىسىنى قانداق ساقلاپ قالالايمىز؟ مەن رېژىسسورلۇق خىزمىتىمنى قانداق ئارتقۇزالايمەن؟

— خىزمەت؟ سىزنىڭ بۇ قىلىۋاتقىنىڭىز خىزمەتما؟ — دەپ سوغاق كۈلدى فەن يىڭ.

— ئېيتىڭا، مەن خىزمەت قىلماي نىمە قىلىۋېتىپتىمەن؟ —

دىدىم ئوغام قايناپ.

فەن يېڭ تازا ھاياجانلاندى، ئۇ ماڭا بىر قەدەم يېقىنلاپ كەلدى، ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كىچىك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ئۇ شۇنداق غەزەپلەندىكى، گويا مەن جىمىكى يامان ئىشنىڭ باش جىنايەتچىسىدەكلا قىلىپ كەتتى:

— سىز خىزمەت قىلمايۋاتىسىز، كونا ھالەتنى ساقلاۋاتىسىز! مۇرەسسە قىلىۋاتىسىز! سىز كونا ھالەتنى ساقلاشتىن ھەقىقى سەنئەت چىقمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ شۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋاتىسىز! ئېيتىڭچۇ، سىز سىنارىيىدىن تولۇق مەمنۇنمۇ؟ نىمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ ئۆزگەرتىش لايىھەسىدە چىڭ تۇرالمايسىز؟ ئەرتىسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ھالىتىگە رازىمۇ؟ نىمە ئۈچۈن كەسكىنلىك بىلەن رەتكە سالمايسىز؟ مەن رېژىسسور ئەمەس، رېژىسسورلۇق خىزمىتىگە بىمەنىلىك بىلەن باھا بېرىش لاياقىتىم يوق، ئەلۋەتتە. لېكىن ھىچ بولمىغاندا، رېژىسسورلۇق، بەزىلەر ئېيتقاندەك، ۋاقىت، ئورۇن ۋە رېتىمنىلا ئىگەللەش ھەتتا كۈتۈپ تۇرۇش، كونا ھالەتنى ساقلاش، تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە مۇرەسسە قىلىش ھۈنىرى ئەمەس! ئەپۇ قىلىڭ، لىن رېژىسسور، مېنى ئىززىتىنى بىلمىدى دىسىڭىزمۇ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ خۇدىنى بىلمەي قېلىۋاتىدۇ دىسىڭىزمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ، مەن ئەمدى بۇنداق ھالەتكە چىداپ تۇرالمايمەن، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەڭ!

بۇنى ئاڭلاپ بىر شۈركەندىم. فەن يېڭنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىدى. ھەقىقى سەنئەت ھەرگىزمۇ يارامسىز — نېپىز توپىدا بىخ سۈرۈپ چىقالمايدۇ. «چىڭ خاندانلىقى ئوردىسىدىكى ئىبلىس» فىلىمى دەل ئاشۇنىڭغا ئىبرەت ئەمەسمۇ! يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق

ماڭا بىر خىل غەيرەت ـ شىجائەت بېغىشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يامرىدى! مۇپاسسانمۇ ياكى باشقا بىرسىمۇ، بىر يازغۇچىنىڭ قانچە كىتاپ يازغانلىغىغا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك بەدىئى ئوبراز ياراتقانلىغىغا قاراش كېرەك، دىگەن ئىكەن. توغرا، مەنمۇ كونا ھالەتنى ساقلاپ تۇرىۋەرمەسلىكىم، سىنارىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا ئۆزگەرتىشىم كېرەك! شياۋ مېيمېينى جەزمەن ئالماشتۇرۇش كېرەك. فىلىمغا ئېلىش گۇرۇپپىسىغا مۇناسىۋەت ئارقىلىق كېلىۋالغان يارامسىز خادىملارنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماسلىق كېرەك... ئىستۇدىيە رەھبەرلىك بەنزىسى رەتكە سېلىنىدى، مەن دەرھال ئىستۇدىيە باشلىغى ليۇدۇڭنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك!

......

6. نەق مەيداندىكى زىيارەت خاتىرىسى

بۇ ــ كەڭ ئېكرانلىق رەڭلىك ھىكايە فىلىم «ئەزىم دەريا شەرققە ئاقماقتا» فىلىمغا ئېلىنىۋاتقان نەق مەيدان.

مانا، خەتەرلىك قىيادا قەد كۆتىرىپ تۇرغان لىم ۋە تۈۋرۈكلىرى نەقىش ۋە رەسىم بىلەن زىننەتلەنگەن سەلتەنەتلىك قەدىمى بۇتخانە، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى باراقسان قەدىمى ئورمان ۋە ئېگىز ئۆسكەن بامبۇكلار بىلەن قاپلانغان. قىزىل سەندال ياغىچىدىن ياسىلىپ ئىككى دانە مىس ھالقا بېكىتىلگەن دەرۋازا ئالدىغا غايەت زور بىر بۇتخانە قوڭغۇرىغى ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن نىمچە كىيگەن قامەتلىك بىر تالىپ قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى. سۇس تاڭ نۇرى ئۇنىڭ كېلىشكەن يۈزىنى يورۇتۇپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ روھى ـ كەيپىياتى بولەكچىلا مىسكىن ئىدى.

ياشقىنا بىر رېژىسسور بىر قولىغا كۆرۈنۈشلەرگە بۆلۈنگەن سىنارىيە كىتاۋىنى، يەنە بىر قولىغا سېكۇنت سائىتىنى ئالغان ھالدا ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ئەتراپىغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى.

"فىلىمغا ئېلىش تەييارلىقى پۈتتى!"

"سىۋەت تەييارلىقى پۈتتى!"

......

ياش رېژىسسور كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاۋازىنى سوزۇپ:

— تەييار-لان! — دېدى.

كۆرۈنۈش خاتىرىلىگۈچى ئاق رەقەملەر يېزىلغان قارا خاتىرە تاختىسىنى كۆتەردى، رېژىسسور "تارتىلسۇن" دەپ بۇيرۇق بەرگەندە، خاتىرە تاختىسى "پاق" قىلغان ئاۋاز بىلەن ئاپارات ئالدىدا بەلگە بەرگەندىن كېيىنلا شىقىرلىغان ئاپارات ئاۋازى بىلەن تەڭ فىلىمغا ئېلىش رەسمىي باشلاندى.

ئاپارات ئالدىدە ئوپېراتور ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەۋاتاتتى. ئۇرۇق ۋە ئېگىز كەلگەن بىرسى گەۋدىسىنى ئېگىپ، ئالتەكتىكى ئاپاراتىنى بىر قەدەمدىن، بىر قەدەمدىن... كۆچەپ ئىتتەرمەكتە ئىدى...

"بوران چىقىرىلسۇن!" دەپ بۇيرۇدى ياش رېژىسسور.

شامالدۇرغۇچ گۈرۈلدىدى، قاتتىق بوران بىر دەمدىلا قۇم-شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى ئېگىپ، يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىۋەتتى.

"يامغۇر ياغدۇرۇلسۇن!" دەپ توۋلىدى رېژىسسور.

بىرەيلەن تۆمۈر جازىغا يامىشىپ چىقىپ، سۇ چېچىش ئەسۋابىنىڭ جۈمىگىنى ئېچىۋېتىۋىدى، ھەش-پەش دېگىچە يوغان-يوغان

يامغۇر تامچىلىرى شامال يۆنۈلۈشى بويىچە شارقىراپ ياققىلى تۇردى.

بوراننىڭ گۈكۈرىشى، گۈلدۈرماما ئاۋازى، يامغۇرنىڭ شاقىرىشى ئەتراپنى قاپلىدى. كۈچلۈك نۇر ۋال-ۋۇل قىلاتتى، سوغاق ھاۋا يۈزگە ئۇرۇلاتتى.

ئاپارات غالتىگى ئاستا-ئاستا ئالدىغا سىلجىپ، ئاخىردا بىر باشقا بېرىپ توختىدى.

"توختىسۇن" رېژىسسور سول قولىنى كۆتەردى ۋە سېكۇنت سائىتىنى كۈچ بىلەن باستى.

چىراقلار ئۆچتى، شامالدۇرغۇچمۇ توختىدى. بىر دەمدىلا بوران ۋە يامغۇر توختىدى. بىر دەملىك جىملىقتىن كېيىن كۆپچىلىك يەنە پاراڭغا چۈشتى.

ئاپارات غالتىگىنى ئىتتىرىۋاتقان ئىگىز، ئورۇق ئادەم بۇرۇلۇپ، ئېقىۋاتقان تەرىنى سۈرتۈپ، گۇمانلىق نەزەر بىلەن ئوپېراتورغا قارىدى. ئوپېراتور رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىۋىدى، ئۇ خوشاللىق بىلەن كۈلۈپ قويدى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ توۋلىدىم:

— يولداش فەن يىڭ! يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ، ماڭا بېشىنى لىڭشىتىپ سالام بەردى. ئىككىمىز فىلىمغا ئېلىش مەيدانىدىن چىقىپ، بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدۇق.

— يولداش شياۋ فەن، سىز ئاخىرى يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش سېخىغا قايتىپ كېلىپ كونا كەسپىڭىزنى قىلغىلى تۇرۇپسىز! — دېدىم مەن.

— شۇنداق بولدى، مەن قايتا-قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، ئىستۇدىيە باشلىقى لىۋدۇڭ ئاخىرى قوشۇلدى، — دېدى فەن يىڭ

بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ.

— ئاڭلىسام، كۆپچىلىك سىزنىڭ بۇ ھەركىتىڭىزنى ناھايىتى تەرىپلەيدىكەن. سىز ئىستۇدىيە گېزىتىدىكى سىز توغرىلىق يېزىلغان ”ئۆز خىزمىتىنى سۆيۈپ، ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدا ئىشلىگەن“ دېگەن كىچىك ئوبزورنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭدا پۈتۈن ئىستۇدىيىدىكى يولداشلارغا سىزدىن ئۆگىنىش چاقىرىق قىلىنىپتۇ، — دېدىم ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ.

— بۇ گەپنى قىلمايلا قويۇڭ، مۇشۇ گەپ بولسىلا غەزىۋىم كېلىدۇ، ھەم، شۇنداق سالاپەتلىك ئىستۇدىيە گېزىتىنىڭ قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ماقالىنى ئېلان قىلغىنىنى! — فەن يىڭ قېشىنى ھىمىردى، ئۇنىڭ ئوچۇق چىرايى بىر دەمدىلا تۇتۇلدى.

— سىزنىڭ ئۇ كىچىك ئوبزورغا قارىتا باشقىچە پىكرىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدىم قىزىقىپ.

پىكرىم بولمايچۇ، ئۇ پۈتۈنلەي جۆيلۈش تۇرسا! — دېدى فەن يىڭ ھاياجانلىنىپ، — جۇڭگودا مۇرەسسە-مادارا يولىنىڭ داۋاملىشىپ كەلگىنىگە مىڭ يىلدىن ئاشتى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن! ئاللىقانداق ئۆز خىزمىتىنى سۆيگەن، ئادەتتىكى خىزمەت ئورنىدا خاتىرجەم ئىشلىگەن دېگەن گەپلەرنى دەپ يۈرگىچە، كۈن ئۆتكۈزۈشكە رازى بولغان، ئادەتتىكىچە ياشاشقا شۈكرى قىلغان دېگەن ياخشى ئەمەسمۇ! ھازىر چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋر، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاشقا باغلىق. ئادەتتىكىچە ياشاشقا شۈكرى قىلىپ، رىقابەتتىن قورقسا، كونىلىقتا، كونا ئادەتلەرگە ئېسىلىۋالسا، ئىختىساس

ئۇگىلىرى چىقالامدۇ؟ مەن ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە ياشاشقا قانائەتلەنمەيمەن، ئۆمۈر بويى ئاپارات غالتىكىنى تىترىشنى تېخىمۇ خالىمايمەن! مەن ئەرتىسلەر ئۆمىكىگە بارمايمەن، مۇئاۋىن ئوپېراتورمۇ بولمايمەن، چۈنكى مەن تېخىمۇ مۇۋاپىق ئورۇندا ئۆزەمنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنى — رېژىسسور بولۇشنى ئويلايمەن! مەملىكىتىمىز كىنو ساھەسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدە ئېكران تۇرمۇشقا، رېژىسسور سىنارىيىگە مۇناسىپ ئەمەس، مېنىڭ يېشىم ئېشىپ كەتتى، كىنو شۆيۈەننىڭ پەلەمپىيىدىن رېژىسسورلۇققا چىقىشقا ئامالىم يوق. نىمە ئۈچۈن مەيدان ئىشچىلىغى ئورنىدىن يول ئېچىپ چىقالمايدىكەنمەن؟ بۇ ئىنتايىن قىيىن، ئەلۋەتتە. دەل شۇنداق قىيىن بولغانلىغى ئۈچۈن، مەن رول ئېلىشنى، فىلىمغا تارتىشنى ئۆگەندىم، يەنە مۇزىكا ئۆگىنىمەن، بەدىئى سەنئەتنى ئۆگىنىمەن. رېژىسسورلۇق نەزىرىيىسىنى ئۆگىنىمەن...بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق جەمىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرىمەن!

فەن يېڭ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ، گويا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك، ئاۋازى بارغانسېرى كۆتىرىلدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى كۆپچىلىكنى چۆچۈتىۋەتتى. بىر مۇنچە يىلەن ئەجەپلەنگەن ھالدا بۇرۇلۇپ قاراشتى. ياش-قۇرامى بىر بىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىسىنىڭ چىرايىدا قۇۋۋەتلەش، بەزىسىنىڭكىدە كۈرەلمەسلىك، بەزىسىنىڭكىدە كۆزگە ئىلماسلىق ئىپادىسى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغاچتەك قېتىپ، قىلچە ئىپادە بىلدۈرمەي، گويا ئاز ئۇچرايدىغان قىزىقچىلىقنى كۆرگەندەك قاراپ تۇرۇشاتتى.

فەن يېڭ يەنىلا قەھرىمان جەڭچىدە بولىدىغان جاسارەت ۋە

ياشلاردا بولىدىغان زىيادە قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزى يىراقتىكى مەلۇم بىر توچكىغا، گويا يىراق ئۇپۇق سىزىقىدىكى كۆركەم بولۇتقا تاقاشقان تاغ چوققىلىرىغا تىكىلگەندەك ئىدى. لېكىن ئۇ يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىغا قارىمايتتى.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتەي دەپ ئويلىدىمىۇ، يەنە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، لېكىن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنى چۈشىنەتتىم...

## ئاپتور ھەققىدە

لى دۇڭ، ئەر. 1942 ـ يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭشىنىڭ سىنشى ناھىيىسىدىن. 1959 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۆپ يىل تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ھازىر فۇجيەن نەشرىيات ئىدارىسىدە ئېلېكترونىكا ئىستانسىسىدا تېلېۋىزىيە تىياتىرى تۈزۈش خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى 1963 ـ يىلدىن تارتىپ ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ھازىرغىچە 30 نەچچە پارچە پوۋېست، ھېكايىسى ۋە 11 پارچە كىنو سىنارىيىسى ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بۇلۇت قايتىپ كەلدى» (ۋاڭ يۇنگاۋ بىلەن بىرلىشىپ يازغان) 1979 ـ يىللىق مەملىكەتلىك تاللانغان ھېكايىلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

(«تاللانغان ھېكايىلەر» ژورنىلىنىڭ
1984 ـ يىللىق 12 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەسەنجان.
تەرجىمە مۇھەررىرى: خوجائابدۇللا ئوسمان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# غەلىتە ئادەم



## ۋاسىلى شۇكشىن

خوتۇنى ئۇنى غەلىتە ئادەم دەيتتى، بەزى چاغلاردا مۇلايىمراق چاقىراتتى.

غەلىتە ئادەمنىڭ بىر ئالاھىدىلىگى بولۇپ، ھەمىشە قانداقتۇر بىر ئىش چىقىرىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ بۇنداق بولۇشنى خالىمايتتى، شۇنداقتىمۇ، بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى تېرىپ باش ئاغرىقى پەيدا قىلاتتى.

بۇ يەردە ئۇنىڭ سەپەر جەريانىدىكى بىرنەچچە ئىشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈش كۇپايە.

ئۇ دەم ئېلىشقا تەستىق ئېلىپ، كۆرۈشمىگىلى 12 يىل بولغان ئاكىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئورالغا بارماقچى بولغان ئىدى.

— بېلىق تۇتىدىغان ھىلىقى بېلىقسىمان مېتال پىلاستىنكا نەدە قالدى؟... بېلىق شەكلىلىك قارماققا ئوخشايدىغان نەرسىنى

دەۋاتىمەن، — دەپ ۋاقىرىدى غەلىتە ئادەم قازناقتا تۇرۇپ.

— مەن نىمە بىلەي؟

— باشقا قارماقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىكەنغۇ؟ — غەلىتە ئادەم يۇپ-يۇمۇلاق، كۆك، نۇرلۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ سىپايە تۇستە سۆزلەيتتى، — قارا، باشقا قارماقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىكەن، مەن ئىزدىگىنىلا يوق تۇرىدۇ.

— بىلىق شەكىللىك قارماققا ئوخشايدىغىنىمۇ؟

— ھەئە، ئىت بىلىغى شەكىللىگى.

— ھەي، مەن ئۇنى بىلىقمىكىن دەپ قورۇۋەتكەن ئوخشايمەن...

غەلىتە ئادەم سەل سۈكۇتتىن كېيىن:

— قورۇغاندىن كېيىن قانداق چىقتى؟ — دەپ سورىدى.

— نىمە؟

— تەمى قانداقكەن؟ ھا...ھا...ھا...، — غەلىتە ئادەم چاخچاق قىلىشنى پەقەت بىلمەيتتى، لېكىن، ئەمدى خوش بولۇپ كەتتى، — سىنىڭ ئىزىقلىرىڭ ئۈزۈلۈپ كەتمىگەندۇر؟ ئۇ قارماق قاتتىق ئالىيۇمىندىن ياسالغان تۇرسا!

...ئۇلار يىغىشتۇرىدىغانىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندا، يېرىم كېچە بولغان ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە غەلىتە ئادەم چامادانىنى كۆتىرىپ يېزىدىن يۈرۈپ كەتتى.

— ئورالغا بارىمەن، ئورالغا، — دىدى ئۇ كىشىلەر ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىغىنى سورىغاندا جاۋاپ بېرىپ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ سىپمىز، يۇمۇلاق يۈزى ۋە يۇمۇلاق كۆزلىرىدىن بىپەرۋالىق، غەمتارت-

ماسلىق ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى، ــ ئورالغا كېتىۋاتىمەن، كۆڭۈل ئېچىپ تۇرۇش كېرەك ـ تە!

لېكىن ئورال يىراق ئىدى.

ھازىرچە ئۇ، رايون بازىرىغا ئوقۇشلۇق يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇ بىلەت ئېلىپ پويىزغا ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. غەلىتە ئادەم ئاكىسىنىڭ ئوغلى ۋە قىزى ئۈچۈن سوغا تەرىقىسىدە كەمپۈت، مۇرەببا، پېچىنە ئېلىۋالماقچى بولۇپ، يېمەكلىكلەر دۇكىنىغا كىرىپ قاتاردا تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدا شەپكىلىك بىر ئەر كىشى، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا لەۋلىرىنى بويىۋالغان بىر سېمىز ئايال تۇراتتى. ئايال شەپكىلىككە بىر نىمەلەرنى دېمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈنى چىڭ چىقمىغان بىلەن تېز ۋە جىددى سۆزلەيتتى.

ــ سىز ئۇ ئادەمنىڭ نەقەدەر قوپال، ئۆزىنى بىلمەيدىغان كىشى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. ئۇنىڭ قان تومۇرلىرى قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىغا يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقسۇن دەپ باققان ئەمەس. مانا ئەمدى قاراڭ، تېخى تۈنۈگۈنلا رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىپ "سىز، ئالكساندىر سېمىيونىچ، ئەڭ ياخشىسى دەم ئېلىشقا چىقسىڭىز بولارمىكىن..." دەپتۇ. ۋوي بېشىڭنى يەيدىغان! شەپكىلىك كىشى ماقۇللاپ تۇرۇپ دېدى:

ــ شۇنداق، شۇنداق... ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق سىز قان تومۇرنىڭ قېتىشىشىنى ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ لېكىن، سومباتوۋچۇ؟... يېقىندا ئۇمۇ ھۆججەتتىكى بىر ئابزاس سۆزنى خاتا قىلىپ قويۇپتۇ. يەنە ھېلىقى ئايالمۇ بار. ئۇنىڭ ئىسمى نىمىدى؟

غەلىتە ئادەم شەھەرلىكلەرگە ھۆرمەت قىلاتتى. توغرا، ئۇ شەھەرلىكلا بولسا ھەممىسىنى ھۆرمەتلەۋەرمەيتتى. ئۇ لۈكچەك، پىرىكازچىكلاردىن بىزئاز قورقاتتى.

نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلدى. ئۇ كەمپىت، مۇرەببا، پىچىنە، ئۈچ تال شاكىلات سېتىۋېلىپ كەينىگە ياندى ۋە چەتكىرەك بېرىپ، ئالغان نەرسىلىرىنى چامادانىغا سالماقچى بولدى. ئۇ چامادانىنى ئېچىپ، نەرسىلەرنى سېلىۋاتقىچە كۆزى نېرىراقتا چۈشۈپ قالدى. ئالدىدا قاتاردا تۇرغانلارغا يېقىن پۇكەينىڭ يېنىدا، كىشىلەرنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدا 50 رۇبلىلىق بىر پۇل تۇراتتى. يېشىل رەڭلىك بۇ سۆيۈملۈك پۇل ئۇن-تىنسىز، ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، يەردە ياتاتتى. غەلىتە ئادەم خوشلۇقىدىن لاغىلداپ تىترەپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ باشقا بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭدىن بالدۇر بېرىپ ئۇ پۇلنى ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، دەرھال كاللا ئىشلىتىپ، بۇنى قاتاردا تۇرغانلارغا قانداق دېيىشنى، دىگەندىمۇ كۆڭۈل كۆتەرگۈدەك، چاخچاق ئارىلاشتۇرۇپ دېيىشنى ئويلاندى.

— گىراژدانلار، سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلار ناھايىتى ياخشى ئىكەن! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ خوشاللىق بىلەن.

كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراشتى.

— بىزنىڭ يەرنى ئالدىغان بولساق، كىشىلەر مۇنداق پۇلنى تاشلىۋەتمەيدۇ.

كىشىلەر شۇ زامات خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى بۇ دېيىلىۋاتقىنى تۆت — بەش رۇبلى ئەمەس، ساپمۇ-ساق 50 رۇبلى ئىدى-دە! بۇ پۇل ئۈچۈن يېرىم ئاي ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى! ئەمما، بۇ پۇلنى مېنىڭ دەيدىغان ئادەم چىقمىدى.

www.uyghurkitap.com

"ئېھتىمال، بۇ ھىلىقى شەپكىلىك كىشى چۈشۈرۈپ قويغان پۇل" دەپ ئويلىدى غەلىتە ئادەم.

كۆپچىلىك بۇ پۇلنى پوكەينىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان يېرىگە قويۇپ قويۇشنى ئېيتىشتى.

— سەل تۇرۇپ ئىگىسى ئىزدەپ كېلىدۇ، — دېدى ئايال پىرىكازچىك.

غەلىتە ئادەم كۆڭلى-كۆكسى يايرىغان ھالدا دۇكاندىن چىقتى. ئۇ ھامان ھىلىقى بىر جۈملە يەڭگىل، تەبىئى سۆزىنى ئەسلەيتتى. "بىزنىڭ يۇرتنى ئالىدىغان بولساق، كىشىلەر مۇنداق پۇلنى تاشلىۋەتمەيدۇ" دەپ خوشاللىناتتى ئۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ بەدىنى قىزىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆيدىكى ۋاقتىدا ئامانەت قويۇش ئورنى ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق 50 رۇبلىلىق پۇلدىن بىرنى، 25 رۇبلىلىق پۇلدىن بىرنى بەرگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. 25 رۇبلىلىق پۇلنى ئۇ شۇ چاغدىلا پارچىلىۋالغان، 50 رۇبلىلىق پۇل ئۇنىڭ يانچۇقىدا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ باقتى، يوق! ھەممە يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆردى، يەنە يوق ئىدى.

— ئاپلا، ھىلىقى پۇل مېنىڭكىكەندە! — دەۋەتتى ئۇ ئۈنىنى چىقىرىپ، — نەس باستى دىگەن شۇدە!...ئۇ ئۆزەمنىڭ پۇلىكەنغۇ!

ئۇ قاتتىق بىئارام بولۇپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇ دەسلەپتە ھىلىقى يەرگە بېرىپ كۆپچىلىككە: "گىراژدانلار، بۇ مېنىڭ پۇلۇم. مەن پۇل ئامانەت قويۇش ئورنىدىن ئالغان ئىككى پۇلنىڭ بىرسى 25 رۇبلىلىق، يەنە بىرسى 50 رۇبلىلىق ئىدى. 25 رۇبلىلىقنى شۇ يەردىلا تېگىشىۋالغان ئىدىم، يەنە بىرسى يوق تۇرىدۇ." دىمەكچى بولدى لېكىن ئۇ يەنە مەن ئۇنداق دىسەم، خەقلەر

هاڭ ـ تاڭ قېلىشى، ھەتتا بىرمۇنچە كىشىلەر، پۇلنىڭ ئىگىسى چىقـ مىغانلىقتىن بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ چۆنتىكىگە سېلىۋالماقچى بوپتۇ دەپ قېلىشى مۇمكىن دەپمۇ ئويلىدى. ياق، ئۇ ئۆزىدە جۇرئەت يوقلۇغىنى، ھىلىقى لەنىتى پۇلغا قول سوزالمايدىغانلىغىنى ھىس قىلدى. بەلكى، ئۇ پۇلنى بۇنىڭغا بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن.

— ھەي... مەن نىمە بولغاندىمەن؟ — غەلىتە ئادەم ئازاپلانغان ھالدا خۇرسىنىپ قويىدى، — ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۆيگە قايتىش كېرەك.

ئۇ بايىقى دۇكانغا يېقىنلاپ باردى. يىراقتىنراق بولسىمۇ ھىلىقى پۇلنى كۆرۈۋالماقچى بولدى ـ دە، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە بىر دەم تۇردى، لېكىن ئۇ ئىشىكتىن كىرمىدى. ئەگەر پۇلنى كۆرگىنىدە كۆڭلى تېخىمۇ پاراكەندە بولۇشى، بۇ ئازاپنى يۈرىگى كۆتىرەلمەسلىگى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ ئاپتوۋۇزدا ئولتۇرۇپ كىمنىدۇر بوش ئاۋازدا تىللايتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە مەدەت بېرىشكە تىرىشاتتى. چۈنكى، ئۇ قايتقاندىن كېيىن خوتۇنىغا چۈشەندۈرۈشى كېرەك ئىدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئامانەت قويغان پۇلدىن يەنە 50 رۇبلى ئالدى.

خوتۇنى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ لاەزەللىگىگە كايىدى ۋە ساپـ لىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنەچچىنى نوقۇدى. غەلىتە ئادەم ناھايىتى روھى چۈشكەن ھالدا پويىزغا ئولتۇردى. ئەمما، ئاستا ـ ئاستا كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. ئورمانلىقلار، پارچە ـ پارچە بوشلۇقلار ۋە كىچىك مەھەللىلەر دەرىزىنىڭ سىرتىدىن غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە... ھەر خىل، ھەر تۈرلۈك يولۇچىلار پويىزدىن چۈشۈپ، پويىزغا چىقـ

www.uyghurkitap.com

ماقتا ۋە ھەر تۈرلۈك قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەشمەكتە... غەلىتە ئادەم مۇ زىيالىسىمان بىر يولداش بىلەن ئىككى ۋاگون چېتىشىدىغان جايدا تاماكا چېكىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قىزىقارلىق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى:

— بىزنىڭ يېنىمىزدىكى يېزىدىمۇ بىر دەلدۈش بار ئىدى... ئۇ كۆيۈۋاتقان چۆچۈلنى ئېلىۋېلىپ ئانىسىغا قاراپ يۈگرەپتۇ. ئۇ مەس ئىكەندۇق، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ كېتىۋېتىپ، ئوغلىنىڭ غېمىدا: "ۋاي بالام، قولۇڭغا ھېزى بول، قولۇڭ كۆيۈپ كەتمىسۇن!" دەپ توۋلاپتۇ... لېكىن، ھېلىقى مەس ھە دەپ ئالدىغا ئىنتىلىپ، ئانىسىغا ئېتىلغۇدەك. سىز مانا شۇنداق ئادەملەرنىڭ قوپال، بىشەملىگىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايسىز...

— بۇنى سىز توقۇۋالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى زىيالىسىمان يولداش كۆزەينىگىنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا قاراپ سەممىلىك بىلەن.

— نېمىشقا توقۇيدىكەنمەن؟ — غەلىتە ئادەم ئەجەپلەندى، — لامپىسكايا كەنتى بىزنىڭ يېنىمىزدىكى دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىدىلا.

زىيالىسىمان يولداش يۈزىنى دەرىزە تەرەپكە بۇرىغىنىچە قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

غەلىتە ئادەم پويىزدىن چۈشكەندىن كېيىن، رايون ئارىلىغىغىچە بولغان بىر يېرىم سائەتلىك قىسقا يولدا ئايروپىلانغا چۈشۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇن ئايروپىلاندا بىر قېتىم ئولتۇرۇپ باققان بولسىمۇ، ھازىر ئايروپىلاندا ئولتۇرۇشتىن سەل تېنى ئەيمەندى. "بىر يېرىم سائەتكىچە ئايروپىلان ۋىنتىلىرىنىڭ ئىچىدە بىرەرسىمۇ بۇزۇلماي قالارمۇ؟" دەپ ئەندىشە قىلغان ئىدى. كېيىن، راستىنلا ھېچقانداق ئىش چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىگى يوغۇناپ،

يېنىدا ئولتۇرغان كىشى بىلەن پاراڭلاشماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇ كىشى گېزىت ئوقۇپلا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ گېزىتكە يېزىلغان قانداق نەرسىنىڭ بۇ ئادەمنى ھايات بىر ئادەمنىڭ گېپىگىمۇ قۇلاق سالغۇزمايدىغان دەرىجىدە ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. غەلىتە ئادەمنىڭ بىر ئىشنى سوراپ ئېنىقلىۋالغۇسى بار ئىدى، يەنى ئۇ، ئايروپىلاندا ئولتۇرغانلارغا يەيدىغان بىر نەرسە تارقىتىپ بېرىدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدى. ئەمما، ھېلىغىچە ھېچ نەرسە ئېپكېلىپ بەرمىدى. ئۇنىڭ ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يەپ باققۇسى كېلەتتى.

"ھەقىچان ئۆزلىرى يېيىشىۋاتىدۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ پەسكە قاراشقا باشلىدى. تۆۋەندە بۇلۇت قاپلىغان قەۋەت-قەۋەت تاغلار كۆرۈندى. نىمە ئۈچۈنكىنتاڭ، غەلىتە ئادەم بۇ كۆرۈنۈشنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىگە ياكى گۈزەل ئەمەسلىكىگە بىر نەرسە دېيەلمىدى. ئەمما، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى "پاھ، ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەن!" دېيىشمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭدا، ئاشۇ بۇلۇت قاتلىمىغا خۇددى بىر دۆۋە پاختىغا چۆككەندەك چۈشۈپ باقسام، دېگەن بىر تۇرلۇك ئەخمىقانە ئارزۇ پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە: "ماڭا نىمە ئۈچۈن ھەيران قالارلىق تۇيۇلمايدۇ. مېنىڭ ئاستىم 5 مىڭ مېتىر كېلىدىغۇ؟" دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ئۆزىچە يەر يۈزىدىن 5 مىڭ مېتىر ئارىلىقنى ئۆلچەپ، ئۇنى تىك قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى ھەيران قالدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، بەرىبىر، ھەيران بولالمىدى.

— ئىنسان ھەقىقەتەن قالتىس-تە!...مۇشۇنى ئويلاپ تېپىپتۇ، — دېدى ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ھەمرىيىغا.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا قاراپلا قويدىيۇ، ھېچنىمە دىمەي، شىرىقلىتىپ گېزىت بەتلىرىنى ئۆرۈپ ئولتۇردى.

— ھەممەيلەن بىخەتەرلىك كەمىرىنى باغلىۋېلىڭلار، — دىدى چىرايلىق بىر قىز، — ئايروپىلان پەسلەيدۇ.

غەلىتە ئادەم ئىستائەتمەنلىك بىلەن بىخەتەرلىك كەمىرىنى باغلىۋالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەمرىيى ئولتۇرۇۋەردى. غەلىتە ئادەم ئېھتىيات بىلەن ئۇنى نوقۇپ:

— بىخەتەرلىك كەمىرىنى باغلىۋالدىكەنسىز، — دىدى.

— كېرەك يوق، — دىدى ئۇ ئادەم. ئۇ گېزىتنى بىر چەتتە قويۇپ، ئۆزىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىغىنىچە ئاللىقانداق بىرنىمنى ئەسلەۋاتقاندەك داۋام قىلدى، — بالىلار تۇرمۇشنىڭ گۈللىرى. گۈلنى بولسا ئۇچىنى پەس تەرەپكە قىلىپ تىكىدۇ.①

— سىز نىمە دەۋاتىسىز؟، — غەلىتە ئادەم چۈشەنمىدى.

ئۇ ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە، ئاندىن كېيىن ھېچنىمە دىمەي قويدى.

ئايروپىلان تېز پەسلىمەكتە ئىدى. ئەندى يەر يۈزىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى، يەر گويا قول ئۇزاتسىلا تۇتقىلى بولىدىغاندەك ۋە ئارقا تەرەپكە چېپىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئەمما، كىشىلەر يەرگە قونغان چاغدىكى سىلكىنىشنى سەزمىدى، بەزى كەسپ ئەھلىلىرى ئۇچقۇچىلار يەرگە قونغاندا "ھادىسە" چىقاردى بولغاي دەپ چۈشەندۈردى. ئاخىرىدا، بەرىبىر سىلكىنىش يۈز بەردى. كىشىلەر بۇ قاتتىق سىلكىنىشتىن ئىغاڭلاپ كېتىشتى ۋە چىشلىرىنىڭ بىر بىرىگە سوقۇلۇپ

---

① بۇ چاكىنا، قوپال، بىكارچىلىقتا قارىتىلغان ھەزىل.

ئىچىرلىقىنى ئاڭلاشتى. گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئادەم ئاللىبۇرۇنلا ئورنىدىن يەرگە قاڭقىپ چۈشۈپ، تاقىربېشىنى ئەلىنە ئادەمگە ئۇرۇۋالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن دەرىزىگە بىر ئۇرۇلدى-دە، پولغا يىقىلدى. مانا مۇشۇ بىرمۇنچە ئىشلار بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئاۋازىنىمۇ چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىر سۈكۈتتا چۆكتى. بۇ ھال غەلىتە ئادەمنى قاتتىق ئەجەپلەندۈرەتتى. ئۇمۇ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇۋەردى. يولۇچىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەس-ھوشىنى بالدۇرراق تاپقان كىشىلەر ئايرۇپىلان دەرىزىسىدىن سىرتقا قاراپ، ئايرۇپىلاننىڭ بىر پارچە ياغىيولۇققا قونغانلىقىنى كۆردى. تەرى سۆرۈن بىر ئۇچقۇچى ھەيدەش ئۆيىدىن چىقىپ سىرتقا قاراپ مېڭىۋاتقىنىدا، يولۇچىلاردىن بىرسى ئېھتىيات بىلەن:

— بىز ياغىيولۇققا قوندۇقمۇ نىمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزىڭىز كۆرمەيۋاتامسىز؟ — دەپ جاۋاپ بەردى ئۇچقۇچى.

ئەنسىزلىك تۈگىدى، تېتىك، جۇشقۇن كىشىلەر ئاللىقاچان ئەندىشىنى تۈگىتىپ، چاقچاققا چۈشۈپ كەتتى.

تاقىرباش گېزىتخان چۈشۈپ كەتكەن ياغلىغان چىشىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. غەلىتە ئادەممۇ بىخەتەرلىك كەمىرىنى يېشىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئىزدىشىپ بەردى.

— مانا مۇشۇمۇ؟ — ئۇ خوشاللىق بىلەن ئېچىلىپ، ياسالغان چىشنى ئۇنىڭغا بەردى. ئۇنىڭ تاقىربېشى قىپ-قىزىل قان رەڭگىگە كىردى.

— قولىڭىز بىلەن تۇتۇپ ئالمىسىڭىز بولمايتتىمۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى ئاچچىقلىنىپ.

www.uyghurkitap.com

غەلىتە ئادەم نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى:

— ئەمىسە، نىمە بىلەن ئالاتتىم؟

— مەن بۇنى نەگە ئاپىرىپ ھوردىتىپ دېزىنپېكسىيە قىلىمەن؟ نەگە ئاپىرىپ، ھە؟

بۇنى غەلىتە ئادەممۇ بىلمەيتتى.

— مەن بىلەن بىللە ماڭىسىڭىز قانداق؟ — دەپ تەكلىپ بەردى ئۇ، — مېنىڭ بىر ئاكام مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق. شۇ يەرگە بارايلى... سىز مېنى مىكرۇپلارنى يالغان چىشىڭىزغا يۇقتۇرۇپ قويدى دەپ ئەنسىرەۋاتىسىز ھە؟ لېكىن، مېنىڭ بەدىنىمدە مىكرۇپ يوق...

گېزىتخان تولىمۇ ھەيران بولغان ھالدا غەلىتە ئادەمگە قاراپ قويۇپ، ئىككىنچى ۋاقىرىمىدى.

غەلىتە ئادەم ئايرۇدورۇمدىن خوتۇنىغا تېلېگراما ئەۋەتمەكچى بولدى:

"بىخەتەر قوندۇم. سېرىنگۇل يوپۇرمىغى كۆكسۇمگە چۇشتى. سۆيۈملۈك گىرۇشا، مېنى ئۇنۇتما. ۋاشاتكا."

تېلېگرافچى سۆرۈن تەلەت بىر ئايال تېلېگرام تېكىستىنى كۆرۈپ:

— باشقىدىن يېزىڭ. سىز باللار باغچىسىدىكى بالا ئەمەس، چوپ - چوڭلا ئادەمسىز، — دىدى.

— نىمە ئۇچۇن؟ — سورىدى غەلىتە ئادەم، — مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭغا خەت يازسامۇ مۇشۇنداق يازىمەن. ئۇ دىگەن مېنىڭ خوتۇنۇم... سىز ئېھتىمال بۇنى باشقىچە...

— خەتكە قانداق يېزىشنى خالىسىڭىز شۇنداق يېزىڭ. لېكىن، تېلېگراما دىگەن بىر خىل خەۋەرلىشىش شەكلى. مەزمۇنى ئوچۇق

بولىدۇ.

غەلىتە ئادەم باشقىدىن مۇنداق يازدى: "بىخەتەر قوندۇم. سەپىرىم ئوڭۇشلۇق بولدى. ۋاشاتكا."

تېلېگرافچى ئۇنىڭ ئىككى يېرىنى ئۆزگەرتتى، يەنى "بىخەتەر قوندۇم" دېگەن سۆز بىلەن "ۋاشاتكا" دېگەن سۆزنى "ئوڭۇشلۇق ئۇچۇپ كەلدىم"، "ۋاسلى" دەپ ئۆزگەرتتى.

— بىخەتەر قوندۇم دېگىلى، سىز ئالەم ئۇچقۇچىسىمىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ.

— بوپتۇ، — دېدى غەلىتە ئادەم، — ئاشۇنداق ئۆزگەرتىپ قويۇۋېرىڭ.

...غەلىتە ئادەم ئاكىسى، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغۇل-قىزى بارلىقىنى بىلەتتى. يەڭگىسىمۇ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۇ نىمشقىدۇ ئويلىمىغان ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەڭگىسىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ يەڭگىسى ھەممىنى بۇزۇپ، پۈتكۈل دەم ئېلىش ۋاقتىنى قوچۇۋەتتى.

شۇ ئاخشىمى غەلىتە ئادەم ئاكىسى بىلەن ئاززاقتىن ھاراق ئىچىشىپ، تىترەك ئاۋازلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىشقان ئىدى:

ئاھ، ئاق تېرەك، ئاق تېرەك،
ۋاي ئاق تېرەك، ئاق تېرەك...

ئۇنىڭ يەڭگىسى سوفيە ئىۋانوۋنا يەنە بىر ئۆيىدىن چىقىپ ئۇلارغا قارىدى-دە، غەزەپ بىلەن:

— كاكىراشمىساڭلار قانداق؟ سىلەر پويىز ئىستانسىسىدىمۇ يا باشقا يەردىمۇ؟ — دېدى-دە، جالاققىدە ئىشىكنى ياپتى.

ئاكىسى دېمىترى بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ قالدى:

www.uyghurkitap.com

— بۇ... ئاۋۇ ئۆيدە بالىلار ئۇخلاۋاتقاچ شۇنداق دەۋاتىدۇ، ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ئۇ ياخشى ئايال.

ئىككىلەن يەنە بىرئازدىن ئىچىشتى ۋە ياشلىق دەۋرلىرىنى ئانىسىنى. دادىسىنى ئەسلەشتى...

— يادىڭدىمۇ؟... — ئاكىسى دىمىتىرى خۇشاللىق بىلەن سورىدى، — سەن بەلكىم ھېچكىمنى ئەسلىيەلمىسەڭ كېرەك، چۈنكى ئۇ چاغدا سەن ئەمچەكتىكى بالا ئىدىڭ. چوڭلار سەن بىلەن مېنى ئۆيدە قويۇپ قويغىنىدا، سېنى سۆيۈپ ھارمايتتىم. بىر قېتىم مەن سېنى سۆيۈپ پۈتۈن بەدىنىڭنى قىزارتىۋەتكەن، مۇشۇ ئىشىم ئۈچۈن تىلمۇ ئاڭلىغان ئىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنى ئۆيگە تاشلاپ قويمايدىغان بولغان. ئەمما، ئۇلار نېرى تەرەپكە بۇرۇلۇشىغىلا، يېنىڭغا يۈگرەپ باراتتىمدە، يەنە سۆيەتتىم. بۇنىڭغا قانداق ئادەتلىنىپ قالغىنىمنى خۇدا بىلەمتىكىن. شۇ چاغدا پوتلام ئېقىپ تۇرىدىغان، لېكىن... بۇ... باشقىلارنى سۆيەتتىم.

— سېنىڭمۇ يادىڭدىمىكىن...، — غەلىتە ئادەممۇ ئەسلەشكە كىرىشتى، — سەن مېنى...

— گېپىڭلارنى تۈگىتەمسىلەر، قانداق؟ — سورىدى سوفىيە ئىۋانوۋنا يەنە بىر قېتىم غەزەپلەنگەن، ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا، — سىلەرنىڭ ئۇنداق ھەرەڭ-سەرەڭ بەتقىلىقلىغىڭلارنى كىم ئاڭلايدۇ؟ بىر دەم ماڭقا-پوتلام ئېقىپ تۇراتتى دىگەن، بىر دەم شالاپشىتىپ سۆيەتتىم دىگەن... قانداق قىلىدىكىن دىسە، بارغانسېرى كۆچەپ كېتىشكىنىنى!

— بىز تالاغا چىقىپ كېتەيلىلا، — دىدى غەلىتە ئادەم.

ئۇلار سىرتقا چىقىپ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇشتى.

— يادىڭدا بارمىكىن...، — غەلىتە ئادەم داۋاملاشتۇردى.
ئەمما، ئاكىسى دىمىترى نېمە بولدىكىنتاڭ، يىغلىغىلى تۇردى ۋە مۇشتۇمى بىلەن ئۆزىنىڭ تىزىغا كۈچەپ ئۇرۇشقا باشلىرى.
— قارىغىنا، مانا مۇشۇ مېنىڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنـۈم. كۆردۈڭمۇ ئەنە، بۇ خوتۇننىڭ باغرى ئاشۇنداق قاتتىق... ئاشۇنداق قاتتىق...
غەلىتە ئادەم ئاكىسىنى بەزلىدى:
— بولدى قوي، كۆڭلۈڭنى بۇزما، بۇنداق قىلما. راستىنى ئېيت-قاندا، خوتۇن خەقنىڭ باغرى تاش بولمايدىيۇ، بىشىنىڭ ئاز-تولا سۇيى بار كېلىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدىكى ھېلىقىمۇ ئاشۇنداقراق.
— ئۇ ساڭا نېمانچە قىلىپ كېتىـدۇ؟ نـېمە ئۈچـۈن زادى؟ ئۇ سەندىن بىزار ئىكەن، لېكىن، بۇ نېمە سەۋەپتىن، دەيمەن؟...
غەلىتە ئادەم ئەمدى چۈشەندى. راست دىـگەنـدەك، يەڭگىسى ئۇنىڭدىن بىزار بولغان، ئەمما راستىنلا بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟
— بۇنىڭ سەۋەۋى سېنىڭ مەسئۇل كادىر بولمىغانلىقىڭ، رەھ-بەر بولمىغانلىقىڭ. مەن بۇ خوتۇننى ئوبدان بىلـىمەن، بۇ بىر قاپاقباش. بۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچـچە باشـلىقـلىرىـغا ئىشـتەي تارتىپ قالغان. ھېم، ئۇنىڭ ئۆزى قانچىلىـك بىرنـېمـتى؟ نايىتى كەلسە ئىدارىدىكى ئاشخانىنىڭ تاگچىكى، شۇنچىلىك ھالىغا تىرىسكە سىغ-ماي كېتىدۇ، تېخى! ئۇ يەردە ئەمەلدارلارنى كۆرۈۋېرىپ ئۆزگىرىپ قاپتۇ...
ئۇ ھەتتا ماڭىمۇ ئۆلگۈدەك ئۆچ. مېـنى مەسئۇل كادىـر ئەمەس، سەرالىق دەيدۇ تېخى...
— ئۇ قايسى ئىدارىدا؟
— ئۇ، ھېلىقى... قايسـىبىر كان... مەن دەمالـلىقـقا ئېيتىپ

بېرەلمەيمەن. ئاندىاق ئادەم ماڭا نىمىشقا تېگىشتىكەن؟ مېنىڭ قانداق-لىقىمنى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەستە...

بۇ گەپلەر غەلىتە ئادەمنىڭمۇ غۇرۇرىغا تەگدى.

— بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يۇقۇرى ئاۋازدا. ئۇ گويا ئاكىسىدىن ئەمەس، ئاللىقانداق بىرسىدىن سورىغاندەك كۆرۈنەتتى، — ئەگەر سىلەر بىلىشنى خالىساڭلار، مەن ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىنكى، بارلىق نامدار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك يېزىلىق ئىدى. قاراپىاقە، گېزىتلەرگە چىققان، سۈرىتى قارا رامكا ئىچىگە ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى يېزىدا تۇغۇلغان. گېزىت كۆرۈپ تۇرۇش كېرەكتە!... سىلەر بىلەمسىلەركىنتاڭ، ئازراقلا نامى چىققان كىشى-لەرلا بولىدىكەن، ئۇلار يېزىلىق. ئۇلار بالدۇرلا خىزمەتكە قاتناشقان.

— مەن بۇ خوتۇنغا سەرالقلار ناھايىتى ياخشى، ئازراقمۇ ھاكاۋۇرلۇغى يوق دەپ قانچە قېتىملاپ سۆزلىگەندىمەن...

— ستىپان ۋولوبىيۋ دىگەن كىشى يادىڭدىمۇ؟ سەن ئۇنى تونۇي-سەن...

— تونۇيمەن، قانداق دەيسەن؟

— ئۇ تازا قارا سەرالىق... ئەمما، قارىغىنا، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى. ئۇ 9 تانكىنى ئۆزىنىڭ تانكىسى بىلەن سوقۇپ پاچاقلاپ تاشلىغان. ھازىر ئۇنىڭ ئانىسىغا ھاياتىنىڭ ئاخىرىسىغىچە 60 رۇبلە-دىن نەپەقە بېرىدىغان بولدى. بۇ ئىشلار تېخى يېقىندا مەلۇم بولدى. بۇرۇن ئۇنى ئىز-دېرەكسىز يوقالغان دەپ ئويلاشقان ئىكەن...

— يەنە ماكسىموۋ ئىليانى دىمەمسەن؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە

يېزىدىن كەلگەن. ئەمدى قارىساڭ، ئۇ 3 ـ دەرىجىلىك "سىلاۋا" ئوردىنىغا ئىگە بولدى. ھەر ھالدا، سەن، ستېپاننىڭ ئىشلىرىنى يەڭگەڭگە دېمىگىن... دىمىگىنىڭ تۈزۈك!

— ماقۇل، يەنە بىر كىشى بار تېخى!...

ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ كەيپى ئۆرلەپ، خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. غەلىتە ئادەم ھەتتا ئىككى قولىنى پۇلاڭشىتىپ پەلەمپەيىنىڭ يېنىدا ئۇ ياندىن ـ بۇ يانغا مېڭىپ يۈرەتتى.

— يېزا، ھەي... نىمىدېگەن ياخشى ـ ھە؟ ئۇنىڭ ھاۋاسىنىلا ئالساڭ، ھېچنېمە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەتىگەنلىكى دەرىيانى ئىچىپ قويىدىغان بولساڭ، ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، ساپ ۋە تازا ھاۋا پۈتۈن ئەتىجانىڭنى يايرىتىۋېتىدۇ! قانماي سۈمۈرگۈڭ كېلىدۇ، پاھ، ساپلىقى، خۇش ھىدى توغرىسىدا سۆزلىمەيلا قوياي، خىلمۇ ـ خىل گۈللەرنىڭ پۇراقلىرىنى دىمەمسەن تېخى...

ئاخىر بېرىپ، ئىككىيلەن سۆزلەپ ھاردى.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىپ ياپتىڭلىمۇ؟ — سورىدى ئاكىسى بىر ھازادىن كېيىن پەس ئاۋاز بىلەن.

— ئېچىپ ياپتۇق، — غەلىتە ئادەم ئۇھ تارتىپ قويىدى ۋە بوش ئاۋازدا داۋام قىلدى، — يەنە بىر بالكون قوشتۇق. قارىسا، ناھايىتى چىرايلىق. ئاخشاملىرى بۇ بالكونغا چىقىۋېلىپ، پەلە ـ پەتىش خىياللارنى قىلىشقا بولىدۇ: ئەگەر ئاتا ـ ئانىمىز ھايات بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ ئەگەر سەن باللىرىڭ بىلەن سەگىدەپ ئۆيىدىساڭ نەقەدەر ياخشى ـ ھە؟ ھەممەيلەن بىللە ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ بۆلدۈرگەن دەملىگەن چاي ئىچىپ ئولتۇرساڭ... بۇ يىل بۆلدۈرگەن ناھايىتى كۆپ چۈشتى. دېمىسىرى، سەن يەڭگەم بىلەن ئۇرۇشمىغىن،

بولمىسا ئۇ ساڭا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئىللىق بولسام، قاراپ تۇر، چوقۇم ئۇنىڭ ئاچچىقىمۇ يېنىپ قالىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەسلى بىر يېزىلىق، — دىمىترى نىمىشقىدۇر ھەيران بولغاندەك، پەس، غەمكىن سۆزلەيتتى، — لېكىن، قارىماسەن، ئۇ باللارنى بەك قىينىۋەتتى. بۇ قاپاقباش ئوغلىمىزنى پىئانىنو ئۆگەنسۇن، قىزىمىزنى ئاللىقانداق پوكۇستىكى مۇز تېيىلىشنى ئۆگەنسۇن دەيدۇ. باللارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، لېكىن گەپ قىلالمايسەن. گەپ قىلدىڭمۇ، تىللاپ چۈشىدۇ.

— ھىم... — غەلىتە ئادەممۇ نىمىشقىدۇر ھاياجانلىنىپ كەتتى، — مەن ھازىرقى گېزىتلەرنىڭ نىمىلەرنى يېزىۋاتقىنىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن. ئاللىقانداق بىر ئايال، سودا ماگىزىنىدا ئىشلەيدۇ، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى قوپال، دەپ يېزىشىدۇ. ھەي... مۇشۇنداق ماقالىلارنى يازىدىغان كىشىلەر ئۆيىگە كەلسە كۆرىدىغىنى ئوخشاش. ئىشنىڭ چاتىقىمۇ شۇ يەردە. بۇنى مەنمۇ چۈشەنمەيمەن، — غەلىتە ئادەم مۇشتۇمى بىلەن تىزىغا ئۇرۇپ قويدى، — مەن بۇ خوتۇنلارنىڭ نىمىشقا مۇنداق ھەددىدىن ئېشىۋاتقىنىنى زادىلا بىلمىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە غەلىتە ئادەم ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆيدە ھېچكىم قالمىغان ئىدى. ئاكىسى دىمىترى ئىشقا كەتكەن، يەڭگىسىمۇ كەتكەن ئىدى. باللارنىڭ چوڭى ھويلىدا ئويناۋاتاتتى، كىچىكىنى باللار باغچىسىغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

غەلىتە ئادەم يوتقاننى يىغىپ، يۈزىنى يۇغاندىن كېيىن، "قانداق قىلىپ يەڭگەمنى خوش قىلغىلى بولار؟ — دېگەن خىيالغا چۆكتى، بۇ چاغدا ئۇ بىر باللار ھارۋىسىنى كۆرۈپ قالدى. — ھەببەللى، — دەپ ئويلىدى غەلىتە ئادەم، — مەن بۇ ھارۋىغا بىر نەرسە

سزىپ قويسام بولماسمۇ؟“ ئۇ ئۆيىدىكى چاغدا مەشىنىڭ ئۈستىگە بىرنىمىلەرنى سزىپ قويغان، بۇنى كۆرگەنلەر ھەيران قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باللار ئوينايدىغان بوياق، موي قەلەم بىلەن رەسىم سزىشقا باشلىدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسىرى پۈتۈپ چىقتى ـ دە، ھارۋىنىڭ ئەسلىدە باللار ھارۋىسى ئىكەنلىكىنى تونۇ- غىلىمۇ بولمىدى. غەلىتە ئادەم ھارۋىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر بولۇڭغا يىغىلىۋالغان بىر توپ تورنا سىزدى، پەس تەرىپىگە ھەر خىل، ھەر ياڭزا گۈللەرنى زىچ، پومىلىشىپ ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنى، يەنە تېخى بىر جۈپ خوراز بىلەن چۈجىلەرنى سىزغان ئىدى. ئۇ ھارۋىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى، ئوڭ ـ سولىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ناھايىتى چىرايلىق بوپتۇ، دەپ ھېساپلىدى. بۇ ئەندى باللار ھارۋىسىغا زادىلا ئوخشىماستىن، ئويۇنچۇققا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇ يەڭگىسىنىڭ بۇ ھارۋىنى كۆرگەن چاغدىكى خوشال بولىدى- غان ھەم ھەيران قالىدىغان قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويىدى.

”سەن شۇ چاغدىمۇ سەرالىق، غەلىتە دەرسەنمۇ؟ — ئۇ پۈتۈن- لەي يەڭگىسى بىلەن ئەپ بولۇشنى كۆزلەۋاتاتتى، — بۇنىڭ ئىچىدە ئۇخلىغان بالا ئۆزىنى چوقۇم بۆشۈكنىڭ ئىچىدىكىدەك سېزىدۇ.“

غەلىتە ئادەم بىر كۈن كەچكىچە شەھەر ئىچىنى ئايلىنىپ يۈردى، سودا ماگىزىنلىرىنىڭ ئەينەكلىك دەرىزە ئىچىدىكى ماللىرىنى كۆردى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا ناھايىتىمۇ چىرايلىق ئويۇنچۇق كېمىدىن بىرنى سېتىۋالدى. بۇ كېمە ئاق رەڭلىك بولۇپ، ئۈست تەرىپىگە كىچىك چىراق ئورنىتىلغان ئىدى. ”بۇنىڭ ئۈستىگىمۇ رەسىم سىزىپ قويايچۇ“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

www.uyghurkitap.com

سائەت ئالتە ئەتراپىدا، ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. پەلەمپەيگە پۇتىنى ئېلىشىغىلا ئاكىسى دىمىترى بىلەن يەڭگىسىنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەمما، يەڭگىسى تىللاۋاتاتتى، ئاكىسى دىمىترى بولسا مۇنۇ بىر سۆزنىلا تەكرارلاۋاتاتتى:

— ھەي، نىمە بوپتۇ،...بولدى قىلغىنا...سونە... بوپتىلا!

— ئەتىدىن باشلاپ ئۇ ئەخمەقنى كۆزۈم كۆرمىسۇن !" — دەپ ۋاقىرايتتى سوفىيە ئىۋانوۋنا، — ئۇ ئەتىلا بۇ يەردىن يوقالسۇن!

— بولدى قىلغىنا... سونە...

— بولدى قىلمايمەن، بولدى قىلمايمەن! ئۇ مېنىڭ چامادانىنى چۇۋۇۋېتىشىمنى ساقلاپ تۇرماي، ئۆزلۈگىدىن كۆزۈمدىن يوتسۇن. مەن دىگىنىمنى قىلىمەن.

غەلتە ئادەم تېزلا پەلەمپەيدىن كەينىگە ياندى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلمەيتتى، ئۇ ناھايىتى بىئارام بولدى. ھەمىشە، باشقىلار ئۇنىڭغا غەزەپلەنسە، ئۇ ئەنە شۇنداق ئازاپلىناتتى، قورقۇنچ سېزەتتى، ھەممە نەرسە تامام بولغاندەك، ياشاشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ باشقا ياققا كېتىشىنى، ئۆزىگە ئۆچ بولغان، ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەردىن يىراق بىر يەرگە كېتىشنى ئويلىدى.

"مەن نىمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدىم؟ — ئۇ لاپاس ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئازاپلانغان ھالدا ئۆزىچە غودۇڭشۇپ قويدى، — ئۆز ۋاقتىدىلا بۇنى ئويلىسام بوپتىكەن، ئۇنىڭ بولارنى چۈشەنمەيدىغانلىغىنى، خەلق سەنئىتىدىن قىلچە خەۋرى يوق ئىكەنلىگىنى كۆزدە تۇتسام بوپتىكەن."

ئۇ شۇ ئولتۇرغىنىچە قاراڭغۇ چۈشكىچە ئولتۇردى. ئۇنىڭ قەلبى

ئازاپ، ئەلەمگە توشقان ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا ئاكىسى دمىتىرى كەلدى. ئۇ ئىنىسى ۋاسىلىنىڭ خېلى بالدۇردىن تارتىپلا مۇشۇ يەردە ئولتۇرغىنىنى بىلىدىغاندەك ئىدى.

— قارىسامسەن...، — دېدى ئۇ، — ئاۋۇ... يەنە ۋاتىلىداپ ئۇرۇشقىلى تۇردى. ھىلىقى بالا ھارۋىسى...ھەي، سەن ئۇنىڭغا سىزمىغان بولساڭ بوپتىكەن.

— مەن ئۇنى خوش بولامدىكىن، دەپتىمەن. ئاكا، مەن ئەمدى كېتەي.

ئاكىسى دمىتىرى ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويىدى... بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

غەلىتە ئادەم ئۆز ئۆيىگە كەلگەن چاغدا ئىسسىق يامغۇر خېلى قاتتىق چۈشۈۋاتاتتى. غەلىتە ئادەم ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈپ، يېڭى پەتىنكىسىنى سېلىۋەتتى ـ دە، ئىسسىق، پىتىق يېزا يولىدا يۈگرەپ كەتتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا چامادان، يەنە بىر قولىدا پەتىنكىسى بار ئىدى. ئۇ پات ـ پات سەكرەپ، تاقلاپ ماڭاتتى ۋە:

ئاھ، ئاق تېرەك...

دەپ توۋلاپ ئوقۇيتتى.

ئۇيۇق ئاستا سۈزۈلمەكتە ۋە كۆكۈرۈپ بارماقتا ئىدى.

يېقىنلا بىر جايدا قۇياشمۇ كۆرۈندى. يامغۇر شالاڭلىشىپ قالدى، چوڭ ـ چوڭ تامچىلار سۇ يىغىلىۋالغان جايلارغا چۈشۈپ، كەينى ـ كەينىدىن سۇ كۆۋۈكچىلىرىنى چىقىراتتى ۋە دەرھال يېرىلاتتى.

غەلىتە ئادەم بىر جايدا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

... ئۇنىڭ ئىسمى ۋاسلى ئىگورىچ كىنىيازوۋ بولۇپ، 39 ياشقا

كىرگەن ئىدى. ئۇ يېزىدا كىنو قويغۇچى بولۇپ ئىشلەيتتى. رازۋېتكىچىلىقتا ھەم ساقچى ئىتلىرىغا چوقۇناتتى. كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ رازۋېتكىچى بولۇشنى خىيال قىلاتتى.

1967 ـ يىل.

(«شۇكشىن ھېكايىلىرىدىن تاللانما»دىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **سەمەت دۇگايلى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **خوجائابدۇللا ئوسمان.**

## كېسەل كۆرسىتىش

مەلۇم بىر كىشى مال دوختۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:

— كېسىلىمنى كۆرۈپ قويسىڭىز قانداق، — دەپتۇ.

— ئەپەندىم، سىز ئۇقماي كېلىپ قاپسىز، مەن مال دوختۇرى.

— ئۇقماي كەلگىنىم يوق، مەن دەل سىزنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدىم. مەن خۇددى ئات، كالا ئورنىدا ئىشلەيمەن، توشقاندەك ئىككى ـ تۆت تال بىر نەرسە يەيمەن، كىشىلەر مېنى ئىت دەپ قارايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ مەن مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق سىزنى ئىزدىمەي كىمنى ئىزدەيمەن.



www.uyghurkitap.com




## زوشېنكو

ھەممىگە مەلۇمكى، ترامۋايدا ئاسانلا كالاچ چۈشۈپ قالىدۇ، بولۇپمۇ يېنىڭىزدىكى بىرى سەل قىستاپ، كەينىڭىزدىكىسى پالاكەتلىك قىلىپ ئايىغىڭىزنىڭ ئۆكچىسىنى دەسسەپ سالسىلا، كالىچىڭىز چۈشۈپ قالىدۇ.

بىر پاي كالاچنىڭ چۈشۈپ قېلىشى كىچىك ئىش، مېنىڭ بىر پاي كالىچىم بىر دەمنىڭ ئىچىدە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلا يوقىلىپ كەتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە، ترامۋايغا چىققان چېغىمدا، ئىككىلا كالىچىم پۇتۇمدا بار ئىدى.

ئەمما ترامۋايدىن چۈشۈپ قارىسام، كالىچىمنىڭ بىر پېيى بار

ئىكەن. يەنە بىر پېيى يوق. ئۆتۈكۈم پۇتۇمدا تۇرۇپتۇ، پايپىغىم يوقالماپتۇ، تامبىلىممۇ بار ئىكەن، لېكىن كالىچىمنىڭ بىر پېيى يوق، پەقەت بىر پېيىلا قېپتۇ.

تىرامۋاينىڭ كەينىدىن قوغلىشىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە...

مەن ھىلىقى سىڭار پۇتۇمدا قالغان بىر پاي كالىچىمنى سېلىپ گېزىت قەغىزىگە ئورىدىم ــ دە، ئىشقا كەتتىم. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئىزلەي، بەربىر يوقالمايدۇ، تېپىۋالارمەن دەپ ئويلىدىم مەن.

ئىشتىن چۈشۈپلا كالىچىمنى ئىزلەپ ماڭدىم.

ئاۋال مەن تونۇيدىغان بىر تىرامۋاي شوپۇرىنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم.

ئۇ ماڭا مەسلىھەت كۆرسىتىۋىدى، ئىشەنچىم كامىل بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ تەلىيىڭ بار ئىكەن، ھىلىمۇ ياخشى كالىچىڭ تىرامۋايدا چۈشۈپ قېپتۇ، خۇداغا شۈكرى دېسەڭ بولىدۇ. باشقا يەردە چۈشۈپ قالغان بولسا، چاتاق بولاتتى. تىرامۋايدا چۈشۈپ قالغان بولسىلا، چاتاق يوق. ئىدارىمىزنىڭ قارىمىقىدا، يوقالغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئورنى بار، شۇ يەرگە بېرىپ ئېلىۋالسەن، چاتاق يوق.

ــ ھە، شۇنداقمۇ، رەھمەت ساڭا، ــ دېدىم مەن، ــ ئەمدى كۆڭلۈم تىندى. ھەي، كالىچىم بىرقەدەر يېڭى ئىدى، كەيگىلى ئاران يېرىم يىل بولغان.

ئىككىنچى كۈنى مەن يوقالغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىغا باردىم.

ــ بۇرادەر، بىر پاي كالىچىم تىرامۋايدا چۈشۈپ قالغان ئىدى،

بۇ يەردە بولسا، ئېلىشۋالسام قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ يەردىكى ئادەم سوئالىمغا جاۋابەن، — كالىچىڭىز قانداق كالاچ ئىدى؟

— كالىچىم، ئادەتتىكىچە كالاچ، — دېدىم مەن، — 12-نومۇرلۇق كالاچ ئىدى.

— 12-نومۇرلۇق كالاچ بۇ يەردە 12 مىڭ پايدىن ئاشىدۇ، كالىچىڭىزنىڭ ئالاھىدىلىگىنى دەپ بېرىڭ.

— ئۇنىڭ ئالاھىدىلىگىمۇ ئادەتتىكىچىلا، پاشنىسى ئۇپراپ كەتكەن، كالاچىنىڭ ئەستىرىدىكى تۈۋىتىمۇ ئۇپراپ سىلىغلىنىپ كەتكەن.

— بۇنداق كالاچتىن بۇ يەردە بىرەر مىڭچىسى بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالاھىدە بەلگىسى بارمۇ؟

— بار، كالاچىنىڭ تۇمشۇغى ئاجراپ كېتەي دەپ قالغان، ئازراقلا تۇتۇپ تۇراتتى. كالاچىنىڭ پاشنىسىمۇ ئۇپراپ كەتكەن، چېتى ھېچنەرسە بولمىغان ئىدى.

— سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، قاراپ باقاي.

مانا، مېنىڭ ھېلىقى بىر پاي كالىچىمنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ!

مەن خۇشاللىغىمدا، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

مەن: بۇلار خىزمەتنى كارامەت ياخشى ئىشلەيدىكەن، بىر پاي كالاچ ئۇچۇن شۇنچە ئاۋارە بولغىنىنى قارىمامدىغان، بۇلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى نېمىدىگەن ياخشى-ھە! دەپ ئويلىدىم.

— رەھمەت دېدىم مەن، — بۇرادەرلەر، بۇ ئىشنى مەن ئۆمۈر-ۋايەت ئۇنتۇمايمەن، قېنى، تېزرەك بەرسەڭلا، كېيىۋالاي، رەھمەت

www.uyghurkitap.com

سزلەرگە.

ــ بولمايدۇ، هۆرمەتلىك يولداش، هازىرچە سىزگە بېرەلمەيمىز، چۈنكى بۇ كالاچىنىڭ سىزنىڭ ياكى سىزنىڭ ئەمەسلىگىنى بىلمەيمىز.

ــ مېنىڭ، راست گەپ قىلىۋاتىمەن.

ــ بىز سىزگە ئىشىنىمىز، ھەم بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىمىز. سىز يۈتتۈرۈپ قويغان كالاچ مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن، بىراق بېرەلمەيمىز. سىزنىڭ راستلا كالاچ يۈتتۈرۈپ قويغانلىغىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان بىر پارچە ئىسپات قەغىزى ئېلىپ كېلىڭ، ئاھالە كومىتېتى ئىسپات قەغىزى يېزىپ بەرسۇن، ئىسپات قەغىزى بولسىلا، ھايال قىلماي تاپشۇرۇپ بېرىمىز.

ــ بۇرادەر، ــ دېدىم مەن، ــ ئوبدان يولداش، ئاھالە كومىتېتىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق، ئۇلار ئىسپات قەغىزى يېزىپ بەرمەسلىگى مۇمكىن.

ــ يېزىپ بېرىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى، بولمىسا، ئاھالە كومىتېتىنىڭ نېمە كېرىگى بار؟

مەن ھېلىقى بىر پاي كالاچقا يەنە بىر قېتىم قارىۋالدىم‑دە، قايتىپ كەتتىم.

ئىككىنچى كۈنى ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ، كومىتېت مۇدىرىغا ئېيتتىم:

ــ بىر پاي كالىچىمنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئىدىم، شۇنىڭغا بىر پارچە ئىسپات قەغىزى يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز.

ــ راست يۈتتۈرۈپ قويدىڭىزمۇ؟ ئادەمنى كولدۇرلىتىپ يۈرمەڭ يەنە! بىكاردىن نەپ ئېلىۋالاي دەۋاتامسىز‑يە؟ ــ دېدى ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى.

— راست دەۋاتىمەن، — دېدىم مەن، — كالىچىمنى يوقىتىپ قويدۇم.
— بىراق، — دېدى ئۇ، — قۇرۇق گەپكە ئىشىنىۋەرمەيمەن، ئەگەر تىرامۋاي شىركىتى سىزنىڭ كالىچىڭىز يوقىتىپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرسە، ئىسپات قەغىزى يېزىپ بېرىمەن، بولمىسا يېزىپ بېرەلمەيمەن.
— ئىسپات قەغىزى يازدۇرۇپ كېلىشنى شۇلار ئېيتقان ئىدى، — دېدىم مەن.
— ئەمىسە، بىر دوكلات يېزىپ كېلىڭ، — دېدى مۇدىر.
— نىمە دەپ يازىمەن؟ — دېدىم مەن.
ئۇ مۇنداق دېدى:
— مۇنداق دەپ يازىسىز: پالانى يىلى پوستانى ئاينىڭ پۈكۈنى كۈنى بىر پاي كالىچىم يوقىتىپ كەتتى...ۋاھاكازا، ۋاھاكازا، يەنە: ئىش ئىنقىلابىچە ئۆزەمچە سىرتقا چىقماسلىقتا ۋەدە بېرىمەن دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ قويىسىز.
دوكلاتنىمۇ يازدىم. ئەتىسى رەسمىي ئىسپات قەغىزى يېزىپ بەردى.
ئىسپات قەغىزنى ئېلىپ يەنە ھېلىقى يوقالغان نەرسىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىغا باردىم. بۇ قېتىم تولا گەپ قىلىشمىنىڭمۇ ھاجىتى بولمىدى، ئۇلار كالىچىمنى بەردى.
بۇ بىر پاي كالاچنى پۇتۇمغا كىيىپ تۇرۇپ، بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم: "قاراڭ، ئۇلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى نىمدېگەن ياخشى-ھە! باشقا ئورۇن بولغان بولسا، بىر پاي كالاچ ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلامتى! ماشىنىدىن تاشلىۋېتىپلا تۈگىشەتتى. بىر پاي كالاچنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يۈرۈپ، بىر ھەپتە

بولا ـ بولمايلا، قولۇمغا قايتىپ كەلدى.“

شۇنىڭغا ئەپسۇسلىنىمەنكى، مەن يوقالغان كالاچنى دەپ چېچىپ يۈرگىنىمدە، يەنە بىر پاي كالىچىمنىمۇ يۈتتۈرۈپ قويدۇم. بىر ھەپتىدىن بۇيان، مەن ئۇنى گېزىتكە ئوراپ يېنىمدا ئېلىپ يۈرگەن ئىدىم. بۇ قېتىم نەدە يوقالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. تىرامۋايدا چۈشۈپ قالمىغانلىقى ئېنىق، شۇڭا يوقالغىنى يوقالغان بولدى ـ دە، تېپىلمىدى.

ئىش قىلىپ بىر پېيىنى تېپىۋالدىم. ئەمدى ئۇنى ئىشكاپقا سېلىپ قويدۇم. ئېچىم پۇشقان چاغلاردا، شۇ بىر پاي كالاچقا بىر قاراپ قويسام لا، كۆڭلۈم تىنىدۇ. مانا شۇ چاغدا: ئىش بېجىرگۈچى ئورگانلىرىمىز ھەققەتەن نەمۇنىچى بولۇشقا مۇناسىپ ئورگانلار، دەپ ئويلايمەن ئىچىمدە!

مەن بۇ بىر پاي كالاچنى خاتىرە ئۈچۈن ساقلاپ قويدۇم، ئەۋلادلىرىمىزمۇ كۆرۈپ تاماشا قىلسۇن.

## ئاپتور ھەققىدە

مىخائىل مىخايلوۋىچ زوشچېنكو (1895 ـــ 1958) سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى، پولتاۋادا تۇغۇلغان، دادىسى رەسسام. ئۇ 1913 ـ يىلى پېتىربۇرگ داشۆسىنىڭ قانۇن پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پىدايىلار قىسمىغا قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپتە زەھەرلىك گاز بىلەن زەھەرلىنىپ يارىلانغان. 1918 ـ يىلى قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ، كېيىنكى يىلى ھەربىي سەپتىن بوشانغان. كېيىن موزدۇز، ئەرتىس، تېلېفون سىمى ئۇلىغۇچى، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى تەكشۈرگۈچىسى ۋە بوغالتىر بولغان، كېيىنكى

چاغلاردا تەھرىر بولغان. ئەدەبىيات ساھەسىدە نەتىجە قازانغانلىقى ئۈچۈن، قىزىل بايراق ئەمگەك ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

زوشېنكو 1921 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ، پېلىيەتون، ھېكايە، پوۋېست، رومان، سەھنە ئەسىرى قاتارلىقلارنى يازغان؛ ئۇنىڭ ھەجۋى ھېكايىلىرى ئەڭ داڭلىق ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردىن سيۇژېت تاللاشقا ماھىر ئىدى؛ ئەسەرلىرىدە بيۇروكراتلىق، ناچار ئىستىل ۋە كونا ئادەت قاتارلىق ھادىسىلەرنى مەسخىرە قىلاتتى؛ پىكىر يۈرگۈزۈشى ئالاھىدە، ئەدەبىي ئۇسلۇبى ئاممىباپ ـ ساددا ئىدى. 20 ـ ۋە 30 ـ يىللاردا داڭ چىقىرىپ، نۇرغۇن ئەسەرلىرى قايتا ـ قايتا نەشر قىلىنغان؛ شۇنىڭدەك نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن ئەينى زاماندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر زوشېنكونىڭ ئەسەرلىرىگە ھەر خىل باھالارنى بەرگەن. 1946 ـ يىلى ژدانوۋ ئۆزىنىڭ «يۇلدۇز» ۋە «لېنىنگراد» دېگەن ئىككى ژورنال توغرىسىدىكى دوكلاد»ىدا، زوشېنكونىڭ «مايمۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» (1945 ـ يىلى)، «كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى» (1943 ـ يىلى) دېگەن ئىككى پارچە ئەسىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىنى ۋە سوۋېت كىشىلىرىنى خۇنۇكلەشتۈردى، دەپ ئەيىبلىگەن. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ ھەيئەت رىياسىتى زوشېنكونى سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن چىقىرىۋېتىشنى قارار قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى ۋە ئوبزورچىلىرى ماقالىلار يېزىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى يېڭىۋاشتىن تەتقىق قىلماقتا ۋە باھالىماقتا.

«بىر پاي كالاچ» (1926 ـ يىلى) دېگەن ئەسەردە، "مەن" تىرام ـ

ۋايىدا بىر پاي كالىچىمنى چۇشۇرۇپ قويدۇم، "مەن" ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يوقالغان نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋېلىش ئورنىغا بېرىپ ئىزلىدىم، كالاچىنىڭ دېرىكى تېپىلدى، بىراق ئاھالە كومىتېتىدىن ئىسپات قەغىزى ئېلىشقا توغرا كەلدى، ئاھالە كومىتېتى بولسا ئاۋال بىر پارچە دوكلات يېزىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ياق-بۇ ياققا قاتراپ يۈرۈپ، بىر پاي كالىچىمنى ئىزلەش جەريانىدا، يەنە بىر پېيىنىمۇ يۈتتۈرۈپ قويدۇم، دەپ يېزىلىدۇ. ئەسەردە، كىچىككىنە بىر ئىشنى يوغان ئىش قىلىۋالىدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، چۇۋالچاق ۋە چاكىنا ئىش ئۇسلۇبلىرى ناھايىتى ئىخچام ۋە مۇبالىغىلىق سۆزلەر بىلەن مەسخىرە قىلىنىدۇ.

(«ھازىرقى زامان دۇنياۋى ھىكايىلەردىن تاللانما»دىن).

تەرجىمە قىلغۇچى: **رەقىپ ۋاھاپ.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

## ئىش تەقسىم قىلىش

ماتروسلار باشلىقى ماتروسلارغا ئىش تەقسىم قىلغاندا:

— يېرىمىڭلار پاراخوتنىڭ باش تەرىپىگە بېرىڭلار، يېرىمىڭلار پاراخوتنىڭ ئاياق تەرىپىگە بېرىڭلار، قالغىنىڭلار مەن بىلەن مېڭىڭلار! — دەپتۇ.

# قاقىلار قايتقاندا

## تۇرغان توختەموۋ

ئاخىرقى كۈنلىرى يېزىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى يالغۇز سېدىنىڭ قېشىغا بۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت ئاي ئىلگىرىلا ھەربىي سەپتىن قايتقان شېرىپ كېلىپ، ئۇزاق يۇرىدىغان بولدى. ھەممە ئالقاندا تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان كىچىك يېزىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى بىردىن بايقىغان. ئۇنىڭ مېڭىش-تۇرۇشمۇ، كىيگەن كىيىممۇ بۇ يەردىكى ئۆزى دەمەتلىك ئادەملەردىن باشقىچە. ئېگىز بوي، ياغاق يۈزلۈك ئادەم يېزىدىكى يالغۇز سېدىنىڭ قېشىغا كېلىپ، كەڭ دالاغا قارىغاندا ئەركىن نەپەس ئېلىپ، ئۆزىنى يېنىك سېزەتتى. سېدىگە يۆلىنىپ تۇرغان شېرىپنىڭ ئۇستۇرا بىلەن پاكىز قىرغان مەڭزىنى كۈزنىڭ سوغ شامىلى يەلپۈپ ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېڭىلا ئۆيىدە كۆرگەن ئاغزىدا بىر-ئىككى تال چىشى بار، شالاڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، ئېڭەك تېرىسى ساڭگىلاپ كەتكەن زۆھرا كەلدى. "ھەددى-ھېساپسىز قېرىپ كېتىپتىا" دەپ بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى مۇشۇ سېدىنىڭ سايىسىدە ئۆزى قۇچاقلىغان قارا كۆزلۈك،

www.uyghurkitap.com

كۆكسى ئەتلەس كۆينەككە سىغمايۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان زۆھرا ئىسىملىك قىزنى ئەسلىدى.

زۆھرانىڭ پاخلاندەك بىلەكلىرى شېرىپنى بۆلەكچە تەشنا قىلغان شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ گىرە سېلىشىپ مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭ قىلىشى كۆپكە سوزۇلۇپ، يېزىنىڭ ھازازۇل قىزلىرى چۆچىگىنى چۆرىگىچە شېرىپ زۆھرانىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئۆي-ئوتاق بولغان. ئۆيلىنىپ، بىر يىل ئۆتكەندە ھاياتقا شەمشىدىن كەلگەن ئىدى...

— تولىمۇ گۈزەل كۈنلەر ئىدىغۇ، — دەپ شېرىپ يالاڭ پەلتو-سىنى تېخىمۇ قىمداۋىراق ئورىدى. ئۇ بۈگۈن قېلىن كىيىنىۋالسىمۇ تېنى تىكەنلىشىپ مۇزلاپلا تۇراتتى. ئەمدى شۇ يىللار تەپتى پەقەت يىلدىن-يىلغا قوۋزىغى قېلىنلىشىپ، ھۇررەكلىشىپ، سۆگەل باسقان سىدىگە قالغاندەك، مەيدىسىنى ئۇنىڭغا چىڭ بېسىپ خېلى ۋاقىتقىچە جىم تۇردى.

شېرىپ سىدىگە قارىدى. ئۇ ئېسىگە كەلگەندىن بېرى ئەتراپتا تالاي كۆچەت تىكىلىپ، تالاي تېرەك كېسىلىپتۇ. ئەمما شۇ ۋاقىتقىچە بىرەر ئادەم پالتا كۆتىرىپ، بۇ سىدىنىڭ شېخىنى زەخىملىگەن ئەمەس. ھەتتا ئۇرۇش يىللىرىمۇ ئەرلەر فرونتقا كېتىپ، يۇرتتا پالتا كۆتىرىپ ئوتۇنغا بارغۇدەك ئىنسان قالمىغاندىمۇ بىرسى سىدىنىڭ شېخىنى كېسىپ، ئوتقا ياقماپتۇ. سىدىنىڭ تۈۋى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا كېلىۋاتقان قۇتلۇق جاي. شېرىپ سىدىنىڭ ھۇررەكلىشىپ قاتقان قوۋزىغىنىڭ ھەر بىر قاتلىمىدا بۇ يەردە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى يېزىلىپ، ئەمدى ئۇنى بىر چەتتىن ئوقۇۋاتقاندەك ھىس قىلاتتى ئۆزىنى. ئۇ چارەك ئەسىردىن ئوشۇق

ۋاقىت يۇرتتىن ئايرىلىپ قايتقاندا، مۇشۇ سىپدىنى كۆرۈپ يېرىم هايات ئىكەن، دەپ بەك خوشال بولغان

كۆپ-كۆك ئاسماننىڭ تۆرىدە بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرىدۇ. ئۇ ياش چاغلىرىدا ئىگىز تاغلار كەينىگە قازاندەك دۈم كۆمۈرۈلگەن ئاسماندا ئاستا سىلجىيدىغان ئاق بۇلۇتلارغا زوقلىنىپ قاراتتى. بۈگۈنمۇ شۇ بۇلۇتلار تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ئۈزمەكتە.

بىر چاغدا يېزىنىڭ ئۈستىدىن ئاغامچىدەك سوزۇلۇپ، قاقىرلار ئۇچۇپ ئۆتتى. ئەجەپ، يىل ئۆتۈپ، كۆپ نەرسە ئۆزگەرسىمۇ، قاقىرلار ئۆزىنىڭ ئۇچۇش يولىنى ئۆزگەرتمەپتۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىمۇ مۇشۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان. قاقىرلارنىڭ قارىسى يوقىغىچە شىرىپ ئاسمانغا قاراپ شىرىن خىيالغا چۆمدى. ئۇ قاقىرلار كۆزدىن غايىپ بولغاندا سىپدىنىڭ يەردىن كۆتۈرۈلگەن قۇچاق يەتكۈسىز يوغان تومۇرىغا ئولتۇرۇپ، تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇۋىدى، ئويىنى "قۇرۇ-قۇرۇ" دەپ يالغۇز قايتقان قاقىرنىڭ ئۈنى بۆلىۋەتتى. بايىقى قاقىرلاردىن بۇ خېلىلا تۆۋەن ئۇچۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ قانات قېقىشىمۇ باشقىچە. "بىچارە قۇش توپىغا قوشۇلالماي، يالغۇز قاپتۇ-دە" دەپ ئويلىدى ئۇ. يالغۇز قاقىرا ئۆز توپىنى چىللاپ، چاقىرغاندەك تېخىمۇ قاتتىق ئۈن چىقىرىپ ئىلگىرىكى قاقىرلارغا قارىغاندا چاپسان-چاپسان قانات قاقماقتا.

شىرىپ توپىدىن ئايرىلغان قاقىردىن كۆز ئالماي ئۇزاق قارىدى. مۇشۇ پەيتتە، نىمشقىدۇ، ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئايىغاندەك بولاتتى. بايا ئۇچۇپ ئۆتكەن قاقىرلار ئانچىلا تەسىرات قالدۇرمىغان. ئەمما مۇنۇ يالغۇز قاقىرنى كۆرگەندە بىرسى شىرىپنىڭ يۈرەك يارىسىنى مورلاپ، ئېچىۋەتكەندەك ھېس قىلدى ئۆزىنى. ئۇنىڭ تېنىگە

چاپلاشقان تېرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تومۇرلىرى تارمۇشقا ئوخشاش تارتىشىپ، قان بېشىغا ئۆرلىمەكتە. ئىش قىلىپ، ئاشۇ قۇش قاقىرىلارغا بېرىپ قوشۇلسىكەن، دەپ تىلەيدۇ. ئۇ ئىچىدە "ئۇچ قاقىرىم، ئىتتىكرەك ئۇچ" دەپ ئاسماندا قۇش ئەمەس، خۇددى ئۆزى ئۇچۇۋاتقاندەك ئىلگىرى تەلپۈنەتتى.

يېشى ئۇلغايغانسېرى كۆزى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدىمۇ، ياكى يالغۇز قاقىرا ئۇنىڭدىن ئۇزىغاندا ئۇچۇشنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ھېلىقى قۇش چاپسانلا غايىپ بولدى. شۇڭلاشقا شېرىپ ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلغىنىنى كۆرەلمىگەن.

يالغۇز قاقىرا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بېرەر ئەمەس. "بىچارە ياردار ئوخشايدۇ، بولمىسا توپىدىن ئايرىلاتتىمۇ" دەپ ئويلىدى. شېرىپ قانچە ئويلىماي دىگەن بىلەن بايىقى قاقىرا كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى. ئۆتكەن كۈنلەر كۆز ئالدىغا تىزىلىپ كەلمەكتە.

* * *

ئۇ چاغدىمۇ قاقىرىلار بۈگۈنكىگە ئوخشاش كۆك ئاسماندا چۇۋالدىشىپ جەنۇپقا ئۇچۇپ ئۆتتى. شېرىپ بىلەن زۆھرا بىر خىل قانات قېقىپ كېتىپ بارغان قاقىرىلارغا زوقلىنىپ قارىدى. ئۇلارنىڭ تويىمۇ شۇنداق قاقىرىلار سوزۇلۇپ، جەنۇپقا ئۇچقاندا بولغان ئۇچۇنمۇ، كەچ كۈزنىڭ مۇشۇ بىر دەقىقىسى ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەك ياقىدۇ. ئەمدى بىزنى ھېچقانداق كۈچ ئاجرىتالمايدۇ، دەپ قوشۇلغان ئىككى ياش ئۇرۇش باشلانغىنى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا نىمە قىلارنى بىلمەي ھاڭ ـ تاڭ بولۇشتى. ئايرىلىش كۈنلىرى يېقىنلىغاندا ئۇلار چاپسان ـ چاپسان مۇشۇ سىدىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر بىرىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇزاق تۇراتتى.

— سىزسىز ھايات كەچۈرەلمەيمەن. ماڭا سىز جەڭگە كەتكەندە ھەممە نەرسە خۇددى توختاپ قالىدىغاندەك سېزىلىدۇ، — دىدى زۆھرا.

زۆھرانىڭ تەلىپى بار ئىكەن. يېزىدىكى شېرىپ دەمەتلىكلەرنى ئۇرۇش باشلانغان چاغدىلا فرونتقا ئېلىپ ماڭغىنى بىلەن ئۇنى ۋاقىتىنچە قالدۇردى. شېرىپ قىرىق بىرىنچى يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىنىڭچىلا ئېتىزدا تىراكتۇر ھەيدەپ، لابوگرېيكىدا ئاشلىق يىغىشتۇردى.

— سەن ھازىر كولخوزغا كېرەك ئادەم. ئايالالارنى تىراكتۇر ھەيدەشكە ئۆگىتىسەن، — دىدى كولخوز رەئىسى. شۇنىڭ بىلەن ئېتىزدىكى ئۈچ «XT3» تىراكتۇرى شېرىپقىلا قالدى.

— مېنىڭ تىراكتۇرىمنى سەن ھەيدە، قىشچە MTCتا ئۆزەم ياخشى رېمونتلىغان ئۈچۈن توختىماي ئىشلەۋاتىدۇ. كۆپ قىينالمايسەن، — دەپ جېكىلىدى شېرىپ ئايىلىغا. ئۇ زۆھراغا «XT3» ھەيدەشنى ياز بويى ئۆگەتتى ـ دە، كۆزلۈگى ئىككىسى ئات لابوگرېيكىسى بىلەن ئورۇپ يىققان بۇغداينى خاماندا توختىتىپ قويغان كومباينىدا تەپتى. ئەسلىدە ھەممە ئادەمنىڭ مۇھەببىتى خوشلاشقان چاغدا مۇشۇنداق تاتلىق بىلىنەمدۇ، ياكى ئۇلار ھەقىقەتەن بىر بىرىنى شۇنچە ياخشى كۆرەتتىمىكىن، ئەيتاۋۇر، شۇ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ئۇلار بىر قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدەك ئايرىلماي يۈرۈشىدى. ئىككى يۈرەك بىر بولغاندا تارتقان جاپامۇ مىسقالچە بىلىنمىسە كېرەك. ئەر كىشىلەر جەڭگە كېتىپ، يېزىدا پەقەت ئايالالار قالغاندا كېچە ـ كۈندۈز ئېتىزدا تىنىم تاپماي ئىشلىگەندىمۇ ھاردۇق دىمەيتتى ئۇلار.

ئۇرۇش باشلانغان يىلىنىڭ كۈز ئېيى. ئېتىزدا ئاشلىق يىغىشتۇ-

رۇلۇپ، خامانلار سۇپۇرۇلۇپ، تازىلانغان مەزگىل. باشتا شېرىپنى قاچان ھەربى سەپكە چاقىرتىدىكەن دەپ تېڭىرقاپ يۈرگەن زۆھرا ئەمدى ھەقىقەتەن قالدۇرسا كېرەك دەپ، كۆڭلى بىرئاز ئىسمىنى تاپقان.

ئۇلار دوغداق بوز ئۇچاستىكىسىدا كۈزلۈك بۇغدايىنىڭ يېرىنى ھەيدەۋاتاتتى. غەيرەت يېزىسى تەرەپتىن بىرسىنىڭ ئات چېپىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە ئىككىسى تىراكتۇرنى توختىتىپ، ھېلىقىنىڭ يولىغا قاراشتى.

— كۆڭلۈم ئەنسىرەۋاتىدۇ، شېرىپ، ئاشۇ ئادەم بىزگە بىر شۇم خەۋەر ئېيتقىلى كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن، — دىدى زۆھرا شېرىپنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

زۆھرا خاتالاشماپتۇ. ئاتلىق ئادەم كولخوز بىرىگادىرى ئىكەن. ئۇ كېلىشى بىلەن شېرىپقا ھەربى سەپكە چاقىرىلغانلىقى ھەققىدىكى پوۋېستكىنى تۇتقۇزدى-دە:

— ئەتە سائەت 9 دا سان-توغىچىنى ئېلىپ ياركەنتتىكى ھەربى كومىسارىياتقا كەلسۇن دەيدۇ. ئورۇشقا ماڭىسەن ئىكەن، — دىدى.

تۇيۇقسىز ئېيتىلغان سۆزدىن كېيىن زۆھرا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش بىرئاز ۋاقىت بىردە يولدىشىغا، بىردە ھەربى كومىسارىياتنىڭ چاقىرىش قەغىزىنى ئېلىپ كەلگەن بىرىگادىرغا قاراپ، لال بولۇپ قالدى-دە، ئاندىن شېرىپنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاۋەتتى. شېرىپ ئايىلىنى كۆپ جىمىلدى.

بۇ كۈنى زۆھرا بىلەن شېرىپ تىراكتۇرنى ئېكىنزىغا توختىتىپ قويۇپلا، بىر ئاتقا مىنگىشىپ ئېتىزدىن قايتتى.

— ئەمدى سىزنى كۆرمەيمەن. مۇنۇ ئېتىزلاردا ئىككىلەننىڭ يۈرىدىغىنىمىز يوق دەگا. — ياۋداق ئاتنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغان زۆھرا بېشىنى شېرىپنىڭ دۈمبىسىگە قويۇۋېلىپ، توختىماي يىغلايتتى.

— باشقىلارنىڭ ئاياللىرىمۇ چىداپ يۈرىدىغۇ. بىلگىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆزەڭگە پىششىق بول. بالىغا ياخشىراق قارا. ئامانچىلىق بولسا، ئىككىلەن تېخى بۇ ئېتىزلاردا تالاي يۈرىمىز. — شېرىپنىڭ باشقا ئېيتقۇدەك سۆزى يوقتىمۇ، مۇشۇ قېتىم ئۇ زۆھراغا قارىغاندا ئاز سۆزلىدى.

— ئاسمانغا قارىغىنا. قاقىرىلار قايتىپتۇ. سەن قاقىرىلارنىڭ ئاغامچا بولۇپ ئىگىز ئۇچقىنىنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ، — دېدى شېرىپ، — ئامانچىلىق بولسا، مەنمۇ بىر كۈنى ئاشۇ قاقىرىلارغا ئوخشاش ئۇچۇپ كېلىمەن.

— قاقىرىلارغۇ قايتار، ئەمما سىزنىڭ قايتىدىغىنىڭىزغا كۆزۈم يەتمەيدۇ.

— ھەرقاچان مۇشۇنداق قايتقان قاقىرىلارغا قارا. مەن ئۆزەم قايتمىساممۇ ئاشۇلاردىن ساڭا سالام ئېيتىپ بېرىمەن.

— مەنمۇ ئېتىزدا يۈرۈپ، سىزنىڭ سالىمىڭىزنى ئېلىپ كېلىدىغان قاقىرىلارنىڭ قايتىشىنى تاقەتسىز كۈتىمەن. شېرىپ، — دېدى زۆھرا. ئۇ كۆز يېشىنى ئېيتۇۋېتىپ، شېرىپنىڭ بېلىدىن تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلاپ، ئىگىز ئۇچقان قاقىرىلاردىن كۆز ئۈزمەي قارىماقتا. زۆھراغا خۇددى يولدىشى ئاشۇ قاقىرىلار بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

مۇنداقمۇ قىسقا تاڭلار بولىدىكەن. ئۇ كۈنكى تاڭنىڭ قانداق

ئاتقىننى ھەر ئىككىلىسى سەزمەي قالدى. بىر بىرىنى دەسلەپكى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىزىلىپ كېتىۋىدى ئۇلارغا ئاشۇ ئايرىلىش كېچىسى. شىرىپ ئايىلىنىڭ گۈزەل ئىكەنلىگىنى پەقەت بۈگۈن بايقىغاندەك ھىس قىلدى ئۆزىنى. ياخشى سۆزلەر نىمە دىگەن كۆپ. ئۇلارنى ئېيتسا ـ ئېيتسا تۈگىمەيتتى.

ئۇلار ئەتىسى يار كەنتىنكى ھەربى كومىسارىياتقىمۇ بىر ئاتقا مىنگىشىپ كەلگەن. بىر بىرىنى سۆيگەن ئادەملەرگە ئايرىلىش قانداق ئېغىر. شىرىپ ئۆسەكتىن ئات ھارۋىغا چۈشۈپ جەڭگە ماڭغاندىلا، كۆز يېشىنى باسالماي كۆپۈپ تۇرغان زۆھرا ئىگەرنىڭ ئالدىغا ئىككى ياشلىق شەمشىدىنىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ھارۋىلار قارىياغاچنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوق بولغاندىلا يېزىغا قايتتى.

*　　　*　　　*

ئۇ كۈنلەرنى ئويلىسا شىرىپ ياخشى ھىس ـ تۇيغۇ ئىلكىدە قالاتتى. ئۇنىڭ خۇددى ئىچىگە بىر پارچە مۇز كىرىۋالغاندەك سوغ تېنى، ئۆتكەن كۈنلەر ئېسىگە چۈشكەندە، ئىسسىغاندەك بولىدى. ئۇ يەنە تاماكىسىنى تۈتاشتۇرۇپ، بولۇق ـ بولۇق شوراپ چەكمەكتە.

شىرىپ يەنە كۆك ئاسمانغا قارىدى. كەچ كۈزدە ئاسمان تېخىمۇ كۆكىرىپ، بۆلەكچە ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتەمدۇ نىمە؟ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بىرەر قۇش يوق. "بايىقى يالغۇز قاقىرا توپىغا قوشۇلغاندىمۇ؟ قانىتى تېلىپ، بىر يەردە قالمىسا بولاتتىغۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

ــ شەمشىدىنىنىڭ دادىسى سولداتتىن قايتقاندا سودايى بولۇپ قاپتۇ دىگىنى راست ئوخشايدۇ، كۆردىڭمۇ، كۈزنىڭ قارا سوغىدا سېپىدىنىڭ قېشىدا يالغۇزدىن ـ يالغۇز ئولتۇرغىنىنى!

شېرىپقا سېدىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنى يۆلىنىپ ئولتۇرغان سېدىدىن قانداق تارتىۋالغىنىنى سەزمەي قالدى. ئۇرۇشتا ناكار بولۇپ، كۆپ ياتقاننىڭ تەسىرىمۇ، ئۇ بىر نەرسىگە خاپا بولسا، كۆزىگە قان ئۇيۇپ، ھەچنەرسە كۆرمەي قالاتتى. ھازىرمۇ كۆزى تولىشىپ، سېدىنىڭ قېشىدىكى تار يول بىلەن كېتىپ بارغان كىمنىڭ باللىرى ئىكەنلىگىنى تونۇمىدى. ھېلىقى باللارنىڭ سۆزى ئۇنىڭ يېگىدىن ساقىيىشقا باشلىغان يۈرەك يارىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىۋەتكەندەك بولدى.

— بىكار قايتقان ئىكەنمەن، ئۆلۈپ كەتكەن بولسام ئۇلار بۇ پاراڭنى قىلماس ئىدى، — دەپ شېرىپ ئۇستىخانلىرى چىقىپ تۇرىدىغان قولىنى قاتتىق چىشلىگەن پېتىچە بېشىنى تىزىغا قويۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە قىمىر قىلماي ئولتۇردى. ئۇنىڭ تېنى تېخىمۇ مۇزلاپ كەتتى. "تارتقان جاپانى كۆرۈنگەن ئادەمگە تەپسىلى ئېيتىۋەرمەيسەنكىن. ئېيتقان بىلەنمۇ سېنى ھەر كىم چۈشىنىۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پوروخنىڭ پۇرىغىنى سەزمەيدىغان باللارغا ئۇرۇش توغرىلىق نىمە ئېيتىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن." دەپ ئويلىدى ئۇ. شېرىپ ئۇرۇش تامام بولغاندا نىمىشقا يۇرتىغا قايتمىغىنىنى تىل بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزەلمەيتتى. ئۇنىڭ سەۋۋىنى بىلمەك بولغان ئادەملەر پەقەت شېرىپنىڭ مەيدىسىنى يېرىپ، يۈرىگىنى چىقىرىپ، تىڭشىسىلا سېزىشى مۇمكىن. مۇنداق ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشكە قىزىل تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن.

بىر چاغدا شېرىپ بېشىنى كۆتىرىپ، يولغا قارىسا بايىقى ئىككى بالا سېدىدىن خېلى ئۇزاپ كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن، كۆز ئالماي قارىغاندا شېرىپنىڭ ئېسىگە ئۇكرائىنا جاڭگىلىدىكى، چېرىمۇخا يېزىسى ئۈچۈن بولغان جەڭ چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسكە ئالمىسىلا ياخشى. شېرىپ كىچىك بىر ۋەقە يۈز بەرسىلا تارتقان جاپالىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىگە ئۆزى ئاغرىق تېپىۋالاتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە ئوڭشىلالماي يۈرەتتى. بۈگۈنمۇ يەنە شۇ ئۇرۇش يىللىرى كۆرگەن كۈنلەر كۆڭلىنى بىئارام قىلدى.

* * *

...قورشاۋدا قالغان روتا جەڭچىلىرى دۈشمەن بىلەن قانچە ئېتىشىسمۇ بەربىر فۇرونت لىنىيىسىنى بۇزۇپ ئۆتەلمىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار قارىغايلىق ئىچىدە كۈلتۈك قار كېچىپ بارغانسېرى كەينىگە چېكىنمەكتە. نېمىسلار قىسىپ كېلىشىگە بىر روتىدىن ئامان قالغان يىگىرمە جەڭچى قارىغايلىق تۈگەپ، ئوچۇقچىلىقتا قانداق چىقىپ قالغىنىنى ئۆزلىرىمۇ بايقىماي قاپتۇ. پەقەت بىرئاز كەينىگە چېكىنسە كىچىك يېزىغا كىرىپ كېتىش مۇمكىن.

ــ كەينىمىزگە چېكىنىشكە بولمايدۇ. نېمىسلار بىزنى دەپ، پۈتۈنلەي بىر يېزىنىڭ ئادەملىرىنى يوق قىلىۋېتىشى مۇمكىن. چېكىنگىنىمىز بىلەن يوشۇرۇنار يەر يوق. قاچساق ھەممىمىز ناھەقتىن ئۆلۈپ كېتىمىز. نىمە بولساقمۇ مۇشۇ يەردە كۆرىمىز، ــ دېدى روتا كوماندىرى. جەڭدە كوماندىرنىڭ ئېيتقىنى ــ قانۇن. ئۇلار دۈشمەن بىلەن كۈلتۈك قاردا يېتىپ ئېلىشتى...

... شېرىپ ياغاچ ئۆيدە ھوشىغا كەلدى. كۆزىنى ئاچسا، ئالدىدا كۆزلىرى ئاسمانغا ئوخشاش كۆپ ـ كۆك بەش ـ ئالتە ياشلاردىكى ئىككى قىز ئولتۇرۇپتۇ. ھەربى كىيىم كىيگەن ئادەملەرنىڭ بىر خىل كۆرۈنۈشىگە كۆزلىرى ئۆگىنىپ كەتكەن جەڭچىگە بۇ ئىككى قىز غەلىتىلا سېزىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقان-

دەك، يەنە چەكچىيىپ قارىدى. ياق، شېرىپ خاتالاشماپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، يوغىراق ئاچقاندا كۆك كۆزلۈك قىزلار بىر بىرىگە ھەيران بولغانىدەك قارىشىۋىدى، چىرايلىرىدا خوشاللىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. جەڭچى بېشىنى سەل قوزغىغاندا باش تەرىپىدىكى ياغلىق تاڭغان ئايالغا كۆزى چۈشتى.

— قېنى، قايناتقان سۈتتىن ئىسسىق-ئىسسىق ئىچىڭ، — دېدى ھېلىقى ئايال شېرىپنىڭ بېشىنى تۇتۇپ.

جەڭچى بېشىنى سەل كۆتىرىپ، ئىسسىق سۈتتىن بىر-ئىككى يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىنلا ھۇشىنى يىغدى. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ياغاچ ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا سەپسېلىپ قارىغاندىلا، بوسۇغىدىكى كالتە جۇۋا كىيگەن بوۋايىنى بايقىدى. يېڭىدىن ھۇشىغا كەلگەن جەڭچى ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن بوۋاينىڭ ئويماقتەك ئىككى كۆزىنىڭ پارقىراپ تۇرغىنىنى كۆرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھەرگىز سەزمەيتتى.

— قورقما، ئەمدى ساقىيىپ كېتىسەن. يىگىرمە جەڭچىدىن پەقەت سەن ئامان قالدىڭ. قار ئىچىدە قانسىراپ يېتىپ، پۇت-قولۇڭ ئۈششۈپ كەتسە كېرەك، — دېدى ساقال بۇرۇتى ئۆسۈپ، كىچىككىنە يۈزىنى يېپىپ كەتكەن بوۋاي.

— بوۋا، نېمىسلار كىرىپ كېلىۋاتىدۇ! — چۆچۈگەن قىزلار بۇ سۆزنى ئېيتىپ ئۆلگىرە-ئۆلگەرمەستىنلا قوللىرىغا ئاپتومات تۇتقان ئىككى نېمىس سولداتى ئۆيگە كىردى. ئۇلار ئاپتوماتلىرىنى شېرىپقا تەڭلەپ، نېمىسچە قاتتىق ۋاقىراپ سۆزلىشكە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كارۋات تەرەپكە يۆگەردى.

— ئۇنىڭغا تەگمە. ئۆزى ئاغرىپ ياتقان ئادەمنى ئاتقىچە

مېنى ئات...

بوۋاينىڭ سۆزى ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماستىنلا دەسلەپ كۆزلىرى ئاسمانغا ئوخشاش كۆپ ـ كۆك قىزلار، ئاندىن بوۋاي بىلەن توقۇغان ياغلىقنى بوينىغا ئوراپ تاڭغان ئايال يىقىلدى. شېرىپ شۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولغىنىنى سەزگىنى يوق. ئۇ ئوق تەككەن مەيدىسىنى تۇتۇپ، ئىككى پۇكلەنگەن پىتىچە كارۋاتتىن يەرگە يىقىلىشى بىلەن يەنە هۇشىدىن كەتتى.

... ئۇ ئېسىنى يىققاندا، ياغاچ ئۆيدە دەسلەپ كۆرگەن ئايالدىن باشقا هېچ كىم يوق ئىكەن. تېنىنى سىپاپ كۆرۈۋىدى، ئىككى پۇتى بىلەن مەيدىسىگە ئاق داكا تېڭىلىپتۇ. كۆيىشىپ كەتكەن پۇتىنى سەل قوزغاپ، ئوڭ يېقىغا ئۆرۈلگەندە، بار ئەزايى بىرسى پىچاق سانچىۋاتقاندەك، قاخشاپ ئاغرىشقا باشلىدى.

ــ قوزغالماڭ. دوختۇر بىر ـ ئىككى كۈن مۇشۇنداق ياتسۇن دېدى، ــ دەپ ئۆيدىكى يالغۇز ئايال دەرهال يېنىغا يېتىپ كەلدى.

شېرىپ ئۇنىڭ قولىمۇ ئاق داكا بىلەن تېڭىلغىنىنى بايقىغاندا، چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئۇلۇغ تىندى.

ــ مەن قەيەردە ياتىمەن؟ ــ بۇ شېرىپنىڭ مۇشۇ ئۆيگە كىرگەندىن بېرى تىلغا كېلىپ، ئېيتقان دەسلەپكى سۆزى ئىدى.

ــ خاتىرجەم بولۇڭ. نېمىسلار يېزىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. هازىر مەن سىزگە يەنە ئىسسىق سۈت بېرىمەن. تولىمۇ هالسىراپ كەتتىڭىز. سىز چاپسانراق ماغدۇرىڭىزغا كىرىشىڭىز كېرەك. ــ يوغان ياغلىقنى بوينىغا ئوراپ تاڭغان ئايال سۈت ئېلىپ كەلدى.

ــ مېنى كىم قۇتۇلدۇردى؟

— بىز.

شېرىپ بېشىنى تەمىيىدىن سەل كۆتىرىپ، ئالدىدا تۇرغان ئايالغا كۆپ قارىدى.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز كىم؟ — ئۇ ئايالنىڭ قولىنى تۇتتى.

— مارىيا.

— مارىيا، — ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ، مارىيانىڭ ئىسمىنى تەكرارلىدى. شېرىپنىڭ ئاياللارنىڭ يۇمشاق بىلىكىنى تۇتمىغىنىغا قاي زامان؟! ئاغرىغىنى ئۇنتۇغان شېرىپنىڭ قەلبىدە خوشاللىق ئالامەتلىرى پەيدا بولماقتا. ئالقىنى مارىيانىڭ يۇمشاق بىلىكىگە تەككەندە شېرىپنىڭ كۆزلىرى تولىشىپ، ئۆزىنى مەس ئادەمدەك ھىس قىلدى.

مارىيا كارۋاتنىڭ قىرىغا بېشىنى قويۇپ، تۇيۇقسىز يىغلاۋەتتى.

— مېنىڭ قىزلىرىم بىلەن دادامنى نېمىسلار ئېتىۋەتتى. يولدىشىمدىنمۇ قارا قەغەز ئالدىم. ئەمدى يورۇق دۇنيادا تۆت تېمىدىن باشقا ھېچكىمىم يوق. ھەممىسىنى قارغىش تەككۇر ئۇرۇش يۇتۇپ، يوق قىلدى.

مارىيانىڭ ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىغىنىنى ئاڭلىغاندا شېرىپنىڭ يېڭىلا ئىسسىق سېزىم ئويغانغان قەلبىدە پەيدا بولغان ياخشى ھىس-تۇيغۇلار بىردىن كۆككە ئۇچتى. ئۇنى يېڭىۋاشتىن تىترەك بېسىپ، تېنى تىكەنلەشمەكتە.

— بۇ ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قايغۇ-ھەسرەت. دۇشمەن قانچە ۋەھشىلەشكىنى بىلەن بەربىر دەككىسىنى يەيدۇ، ئاز كۈندە تارتقان جاپالارمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر. پەقەت چىداش كېرەك. — ئۆزىنىڭ ئاغرىغىنى بىر پەس ئۇنتۇغان شېرىپ ئايالنىڭ ئالقىنىغا

www.uyghurkitap.com

ئالقىنىنى بېسىپ، سىلىق چېچىدىن سىيپاپ بەرلىمەكتە.

شېرىپ قولىنى كارۋاتقا تىرەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، لېكىن كۆزلىرى تولىشىپ، يەنە ھوشىدىن كەتتى...

ئارىدا بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن شېرىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزى تاماق ئىچكۈدەك بولۇپ قالدى.

— مەن سىزنى خوشنا يېزىدىكى پارتىزانلارغا ئاپىرىپ، جاراھەتلىرىڭىزنى يېڭىۋاشتىن تاڭدۇرۇپ كېلەي. — دىدى بىر كۈنى ئۆيىگە خادۇك ھارۋىنى ھەيدەپ كەلگەن مارىيا. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقان سولداتنى كۆتىرىپ چىقىپ، ھارۋىغا سالدى. ئىككى پۇتىغا بىردەك ئوق تېگىپ، يارىدار بولغان شېرىپ ئۆزىنى ناتونۇش ئايالغا كۆتەرتىپ قويغىنىغا بەك خىجالەت.

ئۇ "ھارۋىغا ئۆزەم چۈشىمەن" دەپ قانچە تەمشەلگىنى بىلەن، بىر جايىدا قوزغىلالماي ئولتۇرۇۋەردى. "مۇنداق يېرىم جان بولۇپ، ئۆزەمنى ئايالغا بىر زەمبىل گۆشتەك كۆتەرتىپ قويغىچە ئۆلۈپ كەتكىنىم ئەۋزەل ئەمەسمۇ" دەپ ئويلىدى ئۇ. بىراق ئامالى قانچە، مارىيانىڭ ئېيتقىنىغا كۆنۈشكە توغرا كەلدى.

چېرىمۇخا يېزىسىدىن پارتىزانلارغا ئۇچ چاقىرىم. ئۇ يەرگە بېرىشى بىلەن دوختۇرلار شېرىپنىڭ ئوق تەككەن پۇتلىرىنى داۋالاپ، قايتىدىن تاڭغاندىن كېيىن مارىيا:

— ئاراڭلاردا ئۇنى داۋالاش قىيىن ئىكەن...بۇ جەڭچىنى مەن ئۆيۈمگە ئېلىپ، كۈرسىتىپ تۇرسام؟ — دىدى دوختۇرلارغا.

— مىنى ئىككى ئارىدا توشۇيمەن دەپ قىينىلىپ كېتىسىز ئۇنىڭدىن مۇشۇ يەردىلا قالاي. — ئەمما ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تىڭشىمىدى.

— پارتىزانلارنى ئۆزەم ئارىلاپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

ناكالارغا ئۇرۇن يېتىشمەي بىر بىرىنىڭ ئۈستىدە دىگۈدەكلا ياتىدۇ. سىز ئۇ يەردە قىينىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. — دىدى ماريا يولدا كېلىۋېتىپ.

ئۇلار قايتقاندا ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ، مۇڭداشتى. ماريا يېزىدا نېمىسلار قانچىلىك ۋەھشىلىكلەر قىلغىنى ھەققىدە ئېيتتى.

— مەنمۇ قازاقستاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە تۇراتتىم. سىلەرگە ئوخشاش ئاشلىق ئۆستۈرۈپ، تېچ ھايات كەچۈرۈۋاتقاندا دۈشمەن بالا-چاقامدىن ئايرىپ مۇشۇ كۈنگە سالدى. ھەيدەۋاتقان تىراكتورۇم ئېتىزدىلا قالدى. ئايىلىم بىلەن يالغۇز ئوغلۇم قانداق ھايات كەچۈرۈۋاتىدىكىن دەپ شېرىپمۇ ئۆز ھاياتىنى ئەسلەيتتى.

ئۇكرائىنا يېرىدىكى قېلىن قار چېكىلىپ، باھارنىڭ خۇش پۇراقلىرى دىماق يېرىشقا باشلىغاندىلا شېرىپ قولتۇق تاياق بىلەن ماڭغۇدەك بولۇپ قالغان. ئۇ تالا-تۈزگە چىققاندا ئەكچىگەن يەردە كۆكىرىشكە باشلىغان گىيالارنىڭ پۇرىغى يىراقتىكى يېزىسىنى ئەسلەتتى. لېكىن ئۇلاردىن ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان خەت-خەۋەر ئەمدى يوق. شېرىپ ئۆزىنى خۇددى ھەممە تەرىپىنى سۇ قاپىسغان ئارالدا قالغاندەك ھىس قىلاتتى. ئۇ تۇرماق بۇ يەرنىڭ تۇرغۇنلىرىمۇ دۇنيادىن بىخەۋەر. پەقەت چاپسان-چاپسانلا جاڭگاللىغا كېتىپ، پارتىزانلاردىن دورا-دەرمەك ئېلىپ قايتىدىغان ماريا بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىگى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى. يىراق دۈشمەن ئىچكىرىلىگەنسىرى خەلقنىڭ ئارىسىدا ئەنسىزچىلىك تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدىن ھەر كۈنى دىگۈدەك نېمىس سامولىيوتلىرى ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. يېزىدىن ئانچە يىراق ئەمەس چوڭ يولدىمۇ دۈشمەن سولداتلىرى بىلەن تېخنىكىسى قۇيرۇغى

ئۈزۈلمەي شەرققە كېتىپ باراتتى. بۇنى بايقىغاندا شىرىپ زاماننىڭ نىمە بولىۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەي ھەس-ھەس بولىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىنى تاقەتسىز كۈتمەكتە.

ئەسلىدە ئۇ جەڭگە مېڭىش ئالدىدا ئۇرۇشنى باشقىچە پەرەز قىلغان. ئەمما، ھىچ نەرسە ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. فورونتقا كەلگەن دەسلەپكى ئىككى ئاي داۋامىدا دۈشمەننىڭ ئارقا سىپىدە بولدى-دە، ئاندىن ھۇجۇمغا ئۆتكەن پولكنىڭ جەڭچىلىرى قاتارىدا بارى-يوقى ئىككى كېچە-كۈندۈزلا نېمىسلار بىلەن ئېتىشىپ، ئۈچىنچى كۈنى مارىيانىڭ ئىسسىق ئۆيىدىكى يۇمشاق كارۋىتىدە ياتتى. ئۇ تىراكتورىنى ئېتىزغا توختىتىپ ماڭغاندا نە بىر قەھرىمانلىقلار ھەققىدە ئويلىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئاخىرقى بىر قوشۇق قېنى، بىر پاي ئوقى قالغىچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىمەن، ئەمما ئۇلارغا ئېلىمىزنىڭ مۇقەددەس يېرىنى باسقۇزمايمەن دېگەن. ئەمدى ئۆزى ئۇكرائىنا جاڭگىلىدىكى كىچىك يېزىدا قالدى-دە، دۈشمەن شەرققە ئىلگىرىلەپ كەتتى. شىرىپ خۇددى نېمىسلارغا قارشى تۇرالماي، ئۇلارنى ئۆزى شەرققە ئۆتكۈزىۋاتقاندەك قىسىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ بۇ ھەقتە ئويلىسا جېنىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قىينىلىدۇ.

— نىمانچە ھەس-ھەس بولىسىز. سىزنىڭ ئاخىرقى دەرمانىڭىز قالغىچە كۈرەشكىنىڭىزگە بىزنىڭ پۈتكۈل يېزا خەلقى گۇۋا. — دەپ مارىيا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قوياتتى.

ئەمما ئۇرۇش دېگەن ئۇرۇش. ئۇنىڭدا ھەرقانداق تەسادىپىي ۋەقەنى كۈتۈش مۇمكىن ئىكەن. شىرىپ بۇنىڭ ھەممىسىنى كېيىن چۈشەندى. لېكىن بولغان ۋەقەنى مارىيادىن باشقا ھېچكىم كۆرگىنى يوق. ھەممە جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن بىردەك ناكار

بولۇپ، دۈشمەن ئوتتۇرىسىدا قالدىم دېگىنىگە كىممۇ ئىشىنەر؟! بىللە جەڭ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى قارا يەرگە كۆمۈلدى. "بەلكى ئۇرۇشتىن قېچىپ، ئەتتەي ئادەم كۆرمەيدىغان يېزىغا مۆكۈۋاپسەن" دېگۈچىلەرمۇ چىقار دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ پەقەت ئىككى قولتۇق تاياق بىلەن ئەركىن ماڭغۇدەك بولغاندىلا يېزىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى روتا جەڭچىلىرى دەپنە قىلىنغان قەۋرىستانغا كەلدى. ئۇلارنى كۆرگەندە شېرىپنىڭ ئاغزىغا سۆز چۈشسىچۇ كاشكى. تېخى تۇپىسى قېتىپ ئۈلگەرمىگەن قەۋرە ئەمدى جىم. بۇ ئەتراپتا ئىلگىرى-كېيىن ھېچبىر ۋەقە بولمىغاندەك ھەممىنى قارا يەر ئۆز قوينىغا ئالغان. پەقەت ئون توققۇز جەڭچى كۆمۈلگەن دوستلۇق قەۋرى ئالاھىدە چوقچىراپ تۇرىدۇ. شېرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئاشۇ قېتىم نېمىسلارنى يېزىغا كىرگۈزمەيمىز دەپ كۈلتۈك قاردا دۈشمەن بىلەن ئېتىشقان ئون توققۇز جەڭچىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە. جەڭچىلەرنىڭ كەينىگە چېكىنمەي قار ئاستىدا قانداق قۇربان بولغانلىقىنى ئەسلەش شېرىپقا ھەممىدىن ئېغىر سېزىلدى. ئۇ ئامان قالسىمۇ كۆڭلى، بارلىق مەقسەت، ئويى-ئارمىنى ئاشۇلار بىلەن زەي لەھەتكە كۆمۈلگەندەك ھېس قىلاتتى ئۆزىنى.

شېرىپ كۆزىنى يۇمغان پېتىچە قولتۇق تاياققا تايىنىپ، قەۋرىنىڭ ئالدىدا قاققان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي كۆپ تۇردى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن جەڭ، تىرىكچىلىك پۈتتى، خالاس.

بىر چاغدا شېرىپنىڭ كۆزى ئالاھىدە بۆلۈنۈپ تۇرغان ئۈچ قەۋرىگە چۈشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ قىسىلىپ، ئوق تەككەن ئىككى پۇتىنىڭ ئۇستىخانلىرى سىقىراپ ئاغرىماقتا. كۆز ئالدىغا

كۆزلىرى ئاسمانغا ئوخشاش كۆپ-كۆك ئۈككى نارەسىدە بىلەن كالتە جۇۋا كىيگەن، بويى پاكار بوۋاي كەلدى. يەنە قولاق تۇۋىدە ئاپتوماتنىڭ تارسىلداپ ئېتىلغان سۇرلۇك ئاۋازى، ياش قىزلارنىڭ ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ ۋاقىرىغان ئۈنى ياڭرىدى. "ئاشۇلارمۇ مېنى ئامان ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى" دەپ ئويلاتتى. ئۇ قانچە ئويلىماي دېسىمۇ ئاپتوماتنىڭ سۇرلۇك ئۈنى بىلەن قىزلارنىڭ ۋاقىرىغانلىرى قولاق تۈۋىدىن كېتەر ئەمەس.

* * *

ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر ئۈچۈن ئۇرۇشنى ئەسلەش ھەسرەت. مۇنداق چاغلار شېرىپنىڭ ئېسىگە چۈشسە، قوي كۆزلىرى تولۇشىپ، بىر پەس ھوشىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆلگەنلەرنىڭ ئالدىدا دائىم قەرزداردەك ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئەمدى ئۆلگەن ئادەملەرنى قەۋرىگە بېرىپ، ئەسلىگىنىڭدىن باشقا نېمە قىلىش قولۇڭدىن كەلسۇن؟! نېمە قىلغىنىڭنى بىلەلمۇ ئۇلارنى ھاياتقا قايتۇرۇپ كەلمەيسەنكىن. ئۇ كۈنلەرنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىنى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھەركىمگە تەپسىلى ئېيتىپ، چۈشەندۈرۈشمۇ تەس. بولۇپمۇ قولىغا مىلتىق تۇتۇپ، جەڭ قىلمىغان بەزى ياشلارغا ئۇنىڭ ھەممىسى ئاچچىق ھەقىقەت ئەمەس، قانداقتۇر رىۋايەتتەك ئاڭلىنىدۇ.

ئۇ ئۇرۇش يىللىرىنىڭ ئېغىر قىيىنچىلىقىنى كۆرمىگەن ياشلار ھەققىدە ئويلىغاندا بايا چىغىر يولدا بىغەم كېتىپ بارغان بالىلارنى ئەسلىدى. ئەمدى ئۇلار كۆرۈنمەيدۇ. "ھېلىقى بالىلار بىر تۇرلۇك پاراڭ قىلدى" دىدى ئىچىدە شېرىپ. "بەلكى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى راستتۇ. ھەقىقەتەن ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق ھالەتكە يەتكىنىنى ئۆزى نەدىن بىلسۇن. چەتتىن قارىغانلارغا ئۇنىڭ ھەممىسى ئايدەك ئېنىقتۇ"

دەپمۇ ئويلىدى. بىر تۇرۇپ: "ياشلارنىڭغۇ ھەر نىمە دېمىگى يوق. ئەمما چوڭلار نىمە بوپتۇ" دەيدۇ. شۇ چاغدا يېزىدا ئىنسان قەلبىنى چۇشەنگۇدەك بىرەرسىنىڭ قالمىغىنىمۇ؟! سولداتتىن قايتقان شېرىپ سوداي بولۇپ قاپتۇ" دىگەن سۆزنى كىم تارقاتتىكىن؟ "زۆھرا بىلەن شەمشىدىنمۇ شۇنداق ئويلارمۇ؟!"

ئۇ يەنە تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، كەڭ دالاغا بۆلەكچە سەپ- سېلىپ قالدۇ. ئاشلىغى يىغىشتۇرۇلغان ئېتىزلار جىمجىت. بۇ ئەتراپتا ئادەمنىڭ ئوينى جەلپ قىلىپ، كۆز توختاتقۇدەك ھېچ نەرسە يوق. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆك ئاسمانغا قادالدى. بايىقى ئىگىز ئۇچقان قاقىرىلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. "ھېلىقى بىچارە قاقىرا توپىغا قوشۇل- دىمىكىن؟" دىگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەنە قىينىماقتا.

قاقىرىلار. ئۇلارغا شېرىپ ئەزەلدىن خۇشتار. بەزىدە قاناتلىرىنى سۇزۇپ، ئىگىز ئۇچىدىغان قاقىرىلار جەنۇپقا قايتقاندا يۇرىگىنى بىللە سۇغىرىپ ئېلىپ كېتىپ بارغاندەك بىلىنىدۇ.

شېرىپ ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا زۆھرا "سىزنىڭ سالىمىڭىزنى ئېلىپ كېلىدىغان قاقىرىلارنىڭ قايتىشىنى تاقەتسىز كۈتىمەن" دىگەن ئۈچۈنمۇ ئاشۇ كۈندىن باشلاپ بۇ قۇشلارغا ئالاھىدە مېھىر باغلىغان. شۇڭلاشقا دائىم قاقىرىلارنىڭ ئۇچقىنىغا بەك زوقلىنىپ قارايدۇ. بولۇپمۇ ئەل-يۇرتتىن ئايرىلىپ يۇرگەندە، ئاغامچا بولۇپ ئۇچۇپ ئۆتىدىغان قاقىرىلار ئۇنىڭغا يىراقتىكى يېزىسىدىن زۆھرانىڭ سالىمىنى ئېلىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى قاقىرىلارمۇ ئۇنىڭ ئېسىگە كۆپ نەرسىنى سالدى. ئوي- لىماي دىگەن بىلەنمۇ ئۆتكەن كۈنلەر كۆز ئالدىغا تىزىلىپ كەلمەكتە.

www.uyghurkitap.com

* * *

... ئۇ ساقىيىپ، ئون توققۇز جەگچىنىڭ قەۋرىسىگە قولتۇق تاياقتا تايىنىپ، بېرىپ كەلگۇدەك بولغان يىلنىڭ ئەتىياز ئايلىرىدا ئاسمانغا كۆپ قارىدى. لېكىن يېزىنىڭ چەكسىز ئاسمىنىدا سۈزۈلۈپ ئۇچىدىغان قاقرىلارنى بۇ يەردىن ئۇچرىتالمىدى. "ملتىق ئۇنى ئۇلارنىمۇ چۆچۈتىۋەتسە كېرەك" دىدى ئىچىدە. ئۇ چېرىمۇخا يېزىسىدا ئۆزىنى خۇددى ئىككى قولىغى ئاڭلىماس بولۇپ قالغان ئادەمدەك ھىس قىلاتتى، ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە نەرسىدىن بىخەۋەر.

ياز كۈنى. ئەمدى شېرىپ قولتۇق تاياقلىرىنى تاشلىمىسىمۇ قەدىمىدەك ساقىيىپ قالغان. ئەمما بۇ ئەتراپنى نېمىسلار بېسىپ ئالغان ئۇچۈن ئۇ تالا-تۈزگە چىقىپ، ئەركىن يۈرەلمەيدۇ. مارىيا كۈندۈزى ئۇنى ئۆيگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى جاڭگاللىقتىن پارتىزانلارغا نېمىسلار ھەققىدە ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرىنى خەۋەرلەپ قايتاتتى.

قىرىق ئۇچىنچى يىلنىڭ كۈز ئايلىرى ئىدى. پارتىزانلارغا يولۇقۇپ كەلگىلى كەتكەن مارىيا چاپسانلا قايتتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قان يۈگرەپ، ئولتۇرۇشۇپ قالغان كۆك كۆزلىرىدە خوشاللىقنىڭ ئالامەتلىرى بايقىلىدۇ.

— شۇم خەۋەر، شېرىپ، بىزنىڭ سولداتلار نېمىسلارنى كەينىگە چېكىندۈرۈپ، ئۇكرائىنىغا يېتىپ كەپتۇ. چوڭ يولغا بېرىپ قايتتىم. ئىلگىرى شەرققە قاراپ ماڭغان نېمىس ماشىنىلىرىنىڭ تولىسى ئەمدى غەرپكە كېتىپ بارىدۇ، — دىدى مارىيا خوشاللىغىدىن شېرىپنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلاپ.

شېرىپ بۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان توققۇز ئايدىن بېرى قارا ياغلىق تاڭغان ئايالنىڭ قاپىغىنى ئېچىپ، بىرەر كۈن كۆڭۈللۈك يۈرگىنىنى

كۆرمىگەن. دائىم غەم ـ قايغۇدا يۇرىدىغان مارىيانىڭ بىردىن ئۆزگەر ـ گىنىگە ئۇمۇ خوشال. شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئۇ پۈتىنىڭ ئاغرى ـ غىنىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى ساقىيىپ كەتكەندەك ھىس قىلدى.

بۇ كىچىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىقىسى كەلسۇنمۇ؟! شۇم خەۋەرنى يۇتكۈل يېزىدىكىلەرگە ئېيتىپ چىققان مارىيا خوشنىلاردىن بىر بوتۇلكا ساموگون تېپىپ كەپتۇ.

— قېنى، شېرىپ، بىزنىڭكىلەرنىڭ چاپسانراق يېتىپ كېلىشى ئۇچۇن ئىچىۋېتەيلى. — دىدى.

شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇلار بىر ئۇستەلدە مۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرمىغان. ساموگون ئىچىپ، سەل قىزىپ قالغان مارىيا قىزلىرى بىلەن دادىسىنى ئەسلەپ ئۇزاق يىغلىدى. نىمشقىدۇ ئىلگىرى ھىچ نەرسىدىن قورقماي، دائىم شېرىپنىڭ ئوق تەككەن پۈتلىرى قاخشاپ ئاغرىسا بەزلەپ، كۆپ نەسىھەت قىلىدىغان ئايالنىڭ بىردىن كۆڭلى يۇمشاپ، بۆلەكچە مسكىن بولۇپ كەتكىنىنى بايقىغاندا ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— مەن باللىرىم بىلەن يولدىشىمدىن ئايرىلىپ، يالغۇز قالدىم، شېرىپ. ئەمدى قانداقمۇ ھايات كەچۈرەرمەن. — دەپ مارىيا بېشىنى شېرىپنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ يىغلىدى.

— ئۆزەڭنى يوقاتما، مارىيا، سەن يالغۇز ئەمەس. مەن ھىچقاـ چان سېنى يالغۇز تاشلىمايمەن. سەن مېنى ئۆلۈمدىن ئامان ئېلىپ قالدىڭ. باللىرىڭمۇ مېنىڭ ئۇچۇن قۇربان بولدى.

— ئۇنداق دىمە، شېرىپ، بىزدىن باشقىلار بولسىمۇ شۇنداق قىلار ئىدى. ئۇ ھەرقايسىمىزنىڭ ئىنسانى قەرزىمىز.

شېرىپ مارىيانىڭ بېشىدىن سىلاپ، بەزلىمەكتە.

— خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ئەمدى يېتىپ دەم ئېلىڭ، — دېدى بىر چاغدا مارىياغا شىرىپ.

— مەن يېتىپ دەم ئالالمايمەن، شىرىپ. ياتسام چۈشۈمگە نېمىس — ئاپتومات تۇتقان نېمىس كىرىپ، چۆچۈپ كېتىمەن.

مارىيانىڭ شىرىپنىڭ ئىسمىنى ئۇكرائىن تىلىدا ئاكتسېنت بىلەن ئېيتقىنى ئۇنىڭ قۇلىغىغا ئالايىتەنلا يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئىلگىرى ئاغرىقىنىڭ دەردىدە بايقىمىدىمىكىن، بۇ قېتىم مارىيانىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى بۆلەكچە نازلىنىپ ئېيتىشى، شىرىپنىڭ تىنىق سۇغا ئوخشاش تىنچ قەلبىنى چايقاۋەتكەندەك بولدى. شۇندىمۇ ئۇ ئۆزىنى يوقاتماي، سەۋىر-تاقەت قىلىپ ئولتۇرماقتا.

— يۈرۈڭ، مەن سىزنى ياتقۇزۇپ قوياي — دەپ قولتۇق تاياققا تايىنىپ تۇرغان شىرىپ ساموگون تەسىرىدە سەل كەيىپ بولۇپ قالغان ئايالنى يۆلىدى. كۆپتىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ، ماغدۇرىدىن ئۈزۈلگەن ئۇچۇنمۇ ساموگون تەسىرىدە ئۇنىڭ بېشى قايماقتا.

ئۇ مارىيانى ئاران يۆلەشتۈرۈپ، ئىچكەركى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كارۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئۆزى دالاندىكى ئورنىغا ماڭغان ئىدى، لېكىن ئايال شىرىپنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىدى.

— قورقىمەن، شىرىپ، مېنى يالغۇز تاشلىما.

— بىغەم ئۇخلاڭ. مەن قېشىڭىزدا.

مارىيا ئۇخلىغاندا ئۆزەمنىڭ كارۋىتىغا كېتەرمەن دەپ قېيسىيىپ ياتقان شىرىپنى قانداقتۇر غەيرى تەبىئى كۈچ ئايالغا تارتىپ ئالدى.

...ئۇ مارىيانىڭ كارۋىتىدىن ئەتىسى بىراقلا تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئورۇنلىرىنىڭ قانداق قوشۇلۇپ كەتكىنىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمەي قېلىشتى.

بىزنىڭ جەڭچىلەر دۈشمەننى چېكىندۈرۈپ، ئۇكرائىنا يېرىگە يېتىپ كەلگەن مەزگىل. شېرىپ چېرىمۇخا يېزىسىنىڭ قېشىغا توختىغان ھەربىي قىسىمغا بېرىۋىدى، ئۇنى دەرھال ھەربىي دوختۇرخانىغا ئەۋەتتى. ئۇ دوختۇرخانىدا كۆپ ياتمايلا قولتۇق تايىغىنىڭ بىرىنى تاشلىغانىدا يۇرتىغا قايتىش قەغىزىنى بەرگەن.

ئۇ يۇرتىغا قايتىش قەغىزىنى ئېلىپ چىققانىدا دوختۇرخانا بىلەن مارىيانىڭ يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئىستانسىدا بىر كۈن كەچكىچە دىگەندەكلا يۈردى. يىراقتىكى يۇرتىغا قايتاي دىسە مارىياغا: ”مەن ھېچقاچان سېنى يالغۇز تاشلىمايمەن. سەن مېنى ئۆلۈمدىن ئامان ئېلىپ قالدىڭ بالىلىرىڭ مېنىڭ ئۈچۈن قۇربان بولدى“ دىگەن سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، ۋىجدان ئۇنى قايتىشقا ئەرك بەرمەيتتى. يۇرتى، بالا-چاقىسى كۆز ئالدىغا كەلسە، سېغىنىش ئۇنى كۈچىيىدۇ. باشقىلار بولسا ئۆزگىچە قارارغا كېلەر ئىدى بەلكى، لېكىن ئۇ مارىياغا يولۇقماي كېتەلمىدى. نىمشقىدۇ ھەممە جەڭدە يۈرگەندە ئۇنىڭ يۇرتقا كەتكۈسى كەلمەيتتى.

— مەن سېنى دوختۇرخانىغا كەتكەندىن كېيىن كەلمەمدىكىن دىگەن ئىدىم — دىدى مارىيا.

ئۇ قايتىپ كەلگەندە ”ئۇرۇش تامام بولغىچە مارىيانىڭ قېشىدا تۇراي، بىرئاز ساقايغاندىن كېيىن يۇرتقا كېتەرمەن“ دىگەن ئىدى.

— سېنى ئۇنتالمەيمەن. سەۋىۋى سەن قانلىق جەڭدە تاپقان مۇھەببىتىم!

...سوۋېت ئارمىيىسى ئۇكرائىننى ئازات قىلغانىدا ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قىزى ھاياتقا كەلگەن ئىدى. مارىيانىڭ خوشاللىقىدا چەك يوق. ئىككىسى غالىبىيەت ئالدىدا تۇغۇلغان قىزىنى نېمىسلار ئۆلتۈ-

رۇۋەتكەن كۆك كۆزلۈك ناتاشىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىدى.

غالىبىيەت كۈنى. جەڭچىلەر كەينى-كەينىدىن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتماقتا.

— سەنمۇ يېزاڭغا قايت. سېنىمۇ يۇرتۇڭدىكىلەر قاچان كېلىدىكىن دەپ تاقەتسىز كۈتۈۋاتىدىغاندۇ. بىز تىرىك بەندە بولغاندىن كېيىن كۆپ بىلەن كۆنىمىزنى كۆرەرمىز. ھەر ھالدا ئەمدى مەن يالغۇز ئەمەسقۇ، — دەپ ماريا شېرىپقا كۆپتىن بېرى ئېيتالماي يۈرگەن سۆزىنى ئېيتتى.

شېرىپ خېلى ۋاقىتقىچە ئۈنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ تىندى. بىر تۇرۇپ، بۇ ئايالنىڭ ئېيتقانلىرى راستتۇ دەيتتى. ئەمما مارىيانىڭ قۇچىغىدىكى كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، قولىنى ئاغزىغا سېلىپ شوراۋاتقان قىزىغا قارىغاندا، قەلبى ئېسسىپ، باشتا ئويلىغان ئويلىرىدىن كېچىپلا قالدى. بالىنىڭ مېھرى بۆلەكچە ئىكەن. "بۇ بالامنى تاشلاپ، قانداقمۇ كېتەرمەن" دەپ ئويلايتتى.

— ئەسلىدە مەن ئون توققۇز جەڭچى بىلەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم. سەن بولمىساڭ مېنىڭ قەۋرەممۇ شۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قېزىلاتتى. مەن ئۇلارنى تاشلاپ ھېچ ياققا كېتەلمەيمەن. ئۇ كۆڭلىدە كۆپ نەرسىنى ئېيتماقچى بولغىنى بىلەن تىلىغا بۇنىڭدىن باشقا سۆز چۈشمىدى. قەلبىدە داۋالغۇپ، تەۋرەنىدۇرۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىشنىمۇ لايىق كۆرمەيتتى.

شېرىپتىن باشقا سۆز ئاڭلايمەنمىكىن دەپ ئويلىغان مارىيانى بۇ سۆزلەر بۆلەكچە تەۋرەندۈرۈۋەتتى. ئۇلار كۆپ ۋاقىتقىچە سۆز قىلماي بىر بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ھەرقايسىسى ئۆز ئويى بىلەن بەنت.

بۇ كۈنى شىرىپ ئادىتى بويىچە پۈتىنى ئاۋايلاپ بىسىپ، قەۋرىستان تەرەپكە يالغۇز كەتتى. بايا مارىيانىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرسۇنمۇ؟ قانچە ئويلىماي دىسە، يىراقتىكى ئەل-يۇرت، ئائىلى زۆھرا بىلەن ئۇ ئۇرۇشقا ماڭغاندا تەلپۈنۈپ مىڭىپ قالغان ئوغلى شەمشىدىن يىنىپ-يىنىپلا كۆز ئالدىغا كەلمەكتە. ئۇ بىردە قەۋرىدىكى جەڭچىلەرنى، بىردە يۇرتى بىلەن مارىيانىڭ قۇچىغىدىكى قىزىنى ئەسلىمەكتە.

بىر چاغدا ئاسماندىن چۇۋۇلىشىپ قاقىرىلار ئۇچۇپ ئۆتتى. بۇ تەرەپلەرگە كىلىپ شۇنچە يىل ئاسمانغا تەلمۈرۈپ قارىسىمۇ بىرەر قىتىم قاقىرىلارنىڭ ئۇچقىنىنى كۆرمىگەن شىرىپ ئۇلاردىن ئەمدى ئۇمۇدىنى ئۈزگەن. تۇيۇقسىز چۇۋۇلىشىپ ئۇچۇپ كىلىۋاتقان قاقىرىلار ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچۈشكە باشلىغان ئويىنى يىڭىۋاشتىن ئويغىتىپ، يۇرىگىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قاتلاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان ئىسسىق سىزىمنى قوزغىماقتا. ئۇ پىچىرلاپ "ئىگىز ئۇچقان قاقىرىلار، زۆھراغا سالام دەڭلار" دىدى. "ئۇلار نەلەردىن ئۇچۇپ كىلىۋاتىدىكىن، بەلكى زۆھرامۇ بىر چاغلاردا ئاشۇلاردىن سالام يوللىغان بولغىدى". ئۇنىڭ قەلبى ئىسسىپ، تاتلىق ھىس-تۇيغۇ ئويغانماقتا. شىرىپ ئۇن توققۇز جەڭچىنىڭ كۇندىن-كۇنگە پاكالاۋاتقاندەك سىزىلىدىغان قەۋرىگە قارىغاندا، بايىقى سىزىم خۇددى قاتتىق شامالدىن كىيىن پارچىلانغان بۇلۇتلارغا ئوخشاش ئىپسىدىن كۆتىرىلىپ، تىنىگە تىترەك ئولاشتى. "مەن ئەمدى بۇ قەۋرىستاندىن يىراق كىتەلمەيمەن. يۇرتتىكىلەر ئاللىقاچان بىزنى ئۆلگەنلەر قاتارىغا قوشۇۋاتقاندۇ. زۆھرامۇ مىنىڭدىن ئۈمىت ئۈزۈپ، باشقىسىغا تۇرمۇشقا چىقىپ كەتتىمىكىن. ئۇلارنىڭ يىڭىدىن تىچلانغان كۆڭلىنى سەكپارىچىلىقتا

سىلىپ نىمە قىلاي" دىدى. بىر كۈنى مارىيا:

— ئەڭ بولمىغاندا يۇرتقا خەت يېزىپ، ئۆزەڭنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىڭنى خەۋەرلەپ قويساڭچۇ، — دىگەن ئىدى. لېكىن شېرىپ خەت يېزىشقا تەمشەلگىنى بىلەن جۈرئەت قىلالمىدى. ئۆتكەن ئىشنى قوزغاپ، ئادەملەرگە قايغۇ ـ دەرت تېپىپ بەرمەي دەيدىغان.

ئۈرۈش توختاپ، چېرىكمۇخا يېزىسىدىكى كولخوزمۇ ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈلگەندە بۇ ئەتراپنىڭ ئېتىزلىقلىرىدا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش شامالدا چايقىلىپ بۇغداي ئۆسۈپ، ئاپتاپپەرەس ساپ سېرىق رەڭدە چېچەكلەشكە باشلىدى: يېزىدا شېرىپقا ئوخشاش يوچۇن ئەركەكلەر پەيدا بولۇپ، ئەتراپتا قەۋرىلەر كۆپەيگەن. ئارىدا يەنە ئىككى يىل ئۆتمەيلا، مارىيانىڭ ئىككىنچى قىزى ھاياتقا كەلدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئانا ئۇچۇن ئۆلۈپ كەتكەنلەر يىگىۋاشتىن تىرىلگەندەك بولدى. ھەر كۈنى ئون توققۇز جەڭچى قەۋرىنى بىر يوقلاپ قايتمىسا، كۆڭلى ئىمىن تاپمايدىغان شېرىپ، زەرەتكارلىقتا يادىكارلىق ئورنىتىپ، ئون توققۇز ئاق قېيىن كۆچىتىنى تىكىپ، ئۆستۈرگەن بۇ يىراقتىن ئادەمنى ئۆزىگە بىردىن جەلىپ قىلغۇدەك جايغا ئايلانغان.

*　　　*　　　*

تومۇرلىرىنى كەڭ يايغان قېرى سىدە مەغرۇر قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. كۆز كېلىپ، بىرىنچى ئۇششۇك ماڭغاندىلا بۇ ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك يوپۇرماقلىرى ياپ ـ يېشىل. شېرىپ ئالقىنى بىلەن قېرى سىدىنىڭ يېرىك قوۋزىقىنى سىلىدى. ھۆررەكلىشىپ، قاتقان يوغان سۆگەتنىڭ زەخمىلەنگەن يېرىدىن چېپىلداپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. "بىچارە سىدە يىغلاۋاتسا كېرەك" دىگەن ئوي كەلدى شېرىپنىڭ بېشىغا. مۇشۇ پەيتتە ئۇمۇ

تالاي قېتىم زەخمىلىنىپ، ئۆمۈرنىڭ نە بىر قىيىن پەيتلىرىدىن ئۆتىسمۇ، ئاشۇ قېرى سىدىگە ئوخشاش ھەممىگە بەرداشلىق بېرىپ، مەغرۇر تۇراتتى. بولمىسا يىللار بويلۇق، قاتاڭغۇر ئادەمنىڭ جېنىنى قانچە قېتىم قىيناپ، ھاياتنىڭ قايسى قايىنىمىغا تاشلىمىدى؟!

ھاياتنا ئادەم ئويلىغاندەك بولىۋەرمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۆز كىتاۋى بار ئوخشايدۇ. شېرىپ يېزىسىغا كەلگەندە يۇرتداشلىرى: "ئۇرۇش تامام بولغاندا نىمشقا قايتمىدىڭ؟" دەپ كۆپ سورىدى.

تولىمۇ ئېغىر سوئال. ئۇ يۇرتداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا نىمە ھەققىدە سورىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ سوئالنى بەرمىسىدى دەپ تىلەيدىغان، ئەمدى ئۇ مۇنداق سوئال بەرگەنلەرگە نىمە دەرىنى بىلمەي قىسىلىدۇ. قانچە قىلغان بىلەن ئېيتىپ يەتكۈزەلمەيسەنكەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى پەقەت، ئۆزى كۆرۈپ، باشتىن كۆچۈرگەن ئادەملا سېزىدىغان ئوخشايدۇ. ئېيتقان بىلەنمۇ، ئۇنى ئەمدى كىم چۈشەنەر-مۇن. "يېزىنىڭ تېنىدە جېنى بار ھەممە ئادىمى قايتقاندا، سەن نىمشقا قايتالمىدىڭ؟" دەپ بىرلا سوئال بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق سوئالدىن كۆپىنچە "قىزلىرىمنى قىيالمىدىم" دەپ قۇتۇلىدىغان.

بۈگۈنمۇ يىراق چېرېمۇخا يېزىسىدا قوش گېزەكتەك ئۆسۈۋاتقان قىزلىرى ئېسىگە چۈشكەندە كۆڭلى بىرئاز كۆتىرىلگەندەك بولدى. ھەقىقەتەنمۇ قىزلىرىنى سېغىنىپ قالغان ئىكەن. ھەي، قىزلار... يۇرتىنكىلەر بىلەن دىدار كۆرۈشتۈرگەنمۇ ئاشۇ قىزلار.

* * *

ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى تامام بولغىنىغا يىگىرمە يىل تولغان مەز-گىل ئىدى. بىر كۈنى شېرىپنىڭ كىچىك قىزى چېرېمۇخا يېزىسىدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ.

ــ بىزگە يېزىمىزدىكى ئون توققۇز جەڭچى قەۋرىسى ھەققىدە ئېيتىپ بەرسىڭىز، ــ دەپ ئىلتىماس قىلدى شېرىپتىن ئوقۇغۇچىلار.

باشتا شېرىپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، ئۇرۇشنىڭ بېشىدىن بېسىلىشقا باشلىغان غەم-قايغۇسىنى يەنە قوزغىماي دەپ ئوقۇغۇچىلارغا ھەممىنى تەپسىلى ئېيتقۇسى كەلمىگەن، لېكىن قەۋرىگە بېرىپ، بۇ يەردىكى جەڭچىلەرنىڭ قىياپىتىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندە، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىغىنى يوشۇرۇشقا كۆڭلى چىدىمىدى.

ــ باللار، بۇ يەرگە سىلەرنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك ھاياتىڭلار ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغان ئون توققۇز جەڭچى كۆمۈلگەن. سىلەرنىڭ مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇماي، ئەسكە ئالغىنىڭلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. ــ شېرىپ كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ سۆزلەپ ئۆگەنمىگەن ئۈچۈنمۇ، ۋەقەنى قىسقىلا ئېيتتى. ئاندىن ئۇ قېرىنداشلار قەۋرىستانلىغىدا دەپنە قىلىنغان جەڭچىلەرنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

ــ شېرىپ تاغا، بىز بۇنىڭدىن كېيىن قەۋرىستاننى ئۆز غەمخورلۇغىمىزغا ئالىمىز، ــ دەپ ئوقۇغۇچىلار كۆپ ۋەدە بەردى.

ئارىدا ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەن بىر كۈنى مەكتەپتىن ئەتىگەنلا قايتقان قىزى:

ــ دادا، سېنى مەكتەپ دىركتورى چاقىرىۋاتىدۇ، ــ دىدى.

ــ نىمە قىلدىڭكەن. يە ناچار ئوقۇپ يۈرەمسەن؟ ــ دىدى شېرىپ.

ــ ياق، شەھەردىن قانداقتۇر يوچۇن ئادەملەر كەلسە كېرەك.

ــ يوچۇن ئادەملەر؟!

ئۇرۇش تۈگەپ، ئارىدا شۇنچە يىل ۋاقىت ئۆتكىچە شېرىپنى ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىگەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلار كىم بولدىكىن. ئۇ بىرئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە كۆپ نەرسە ھەققىدە ئويلىدى. شېرىپ دېركتورنىڭ كابىنىتىغا كىرسە يېشى توختىغان ئايال بىلەن يىگىت ئولتۇرۇپتۇ.

— بۇلار يىراق شەرقتىن كەپتۇ. بۇ ئايالنىڭ يولدىشى سىز بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان ئىكەن. يېقىندا بىزنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى يېزىمىزدىكى قېرىنداشلار قەۋرىگە دەپنە قىلىنغان ئون توققۇز جەڭچىنىڭ ياشىغان جايلىرىنى سىزدىن سوراپ، ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھەممىسىگە خەت يېزىۋەتكەن ئىدى. شۇلارنىڭ دەسلەپكىسى — لېيتېنانت كوزلوۋنىڭ ئايىلى بالىسى بىلەن كەپتۇ. مەرھەمەت، تونۇشۇپ قويۇڭلار.

شېرىپ مۇنداق ئۇچرىشىش ھەققىدە ئويلىسا چۈشىگە كىرمىگەن. ئۇ تۇيۇقسىز ئاڭلىغان خەۋەردىن كېيىن بىرئاز ۋاقىتچە جىمجىت تۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىغا كۆلتۈك قاردا قىزىل قانغا مىلىنىپ جەڭ قىلغان لېيتېنانت كەلمەكتە.

— سىنىڭ داداڭ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، بالام. — دېدى شېرىپ كوزلوۋنىڭ ئوغلىغا.

قەۋرىگە بارغاندا، روتا كوماندىرىنىڭ ئايىلى كۆز يېشى قىلىپ، ئۇزاق يىغلىدى، ئوغلى بولسا دادىسىنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدە كەينى-كەينىدىن سورايتتى.

لېيتېنانتنىڭ ئوغلىنى كۆرگەندە ئۇ ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا ئانىسى بىلەن قالغان شەمشىدىننى ئەسلىدى. "دادام قانداق قەھرىمانلىق

www.uyghurkitap.com

قىلدىكىن، دەپ بىلگۈسى كېلىدىغاندۇ. ھەجەپ شۇ ئۇغلىمنى ئاتا مېھرىگە قاندۇرماي، يېتىم قىلدىمغۇ" دىدى.

ئۇلار كېتىپ، كۆپ كېچىكمەيلا شېرىپىنىڭ قىزى مەكتەپىكە يېنە ئىككى جەۋچىنىڭ باللىرىدىن خەت كەلگەنلىكىنى خەۋەرلىدى. ئىنسان دىگەن يەر بېسىپ يۈرسىلا، ئۇچراشماي قالمايدىغان ئوخشاي- دىغۇ؟! مۇشۇ ئوي ئۇنىڭ ئېسىگە يىراق ئەلى ۋادىسىدىكى بالا- چاقىسىنى سالدى. قانچە ئويلىمايمەن دىگەن بىلەن كۆڭۈلنى باغلاپ قويغىنى بولمايدىكەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتنى يوشۇرۇش مۇمكىنمۇ؟

— قازاقىستاننىڭ ئەلى ۋادىسىدا سىلەرنىڭ ئاكاڭلار بار، — دىدى بىر كۈنى ئۇ قىزلىرىغا. بۇنى ئېيتماسقا ئۇنىڭ ئىنسانى ۋىجدانىمۇ چىدىمىدى. "قانچە قىلغان بىلەن قېنى بىر ئەمەسمۇ. ئوغلۇم ساق- سالامەت ئەر يەتكەن بولسا بىزدىن كېيىن تونۇشۇپ، ئارىلىشىپ يۈرەر" دىدى ئايلى مارىياغا.

بىر كۈنى شېرىپ قەۋرىستاندىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا پوچتالىيون قىز تۇيۇقسىزلا:

— شېرىپ چوكدا، سىزگە خەت كەلدى، — دەپ ئۇنىڭ قولىغا تۆت بۇرجەكلىك كۆك كونۋېرتنى تۇتقۇزدى.

شېرىپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ، نىمە دەپ نىمە قىلارىنى بىلمەي، خەتنى تۇتقان پېتى تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سودىيىپ ئۆرە تۇرماقتا. ئۇ ئۇرۇش توختىغان يىگىرمە يىلدىن بېرى بىرسىگە خەت يېزىپ، خەت كۈتكەن بەندە ئەمەس. "خەت كەلدى" دىگەن سۆز ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىنىگە قاي زامان؟ ئەمدى بۈگۈن شۇ سۆز قۇلاق تۈۋىدە يېڭىۋاشتىن ئاڭلانغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى تولىشىپ

كەتتى.

ئۇ ئولتۇرۇشۇپ قالغان كۆزلىرىنى قاتتىق يۇمۇپ، يەنە ئاچتى. ياق، شېرىپنىڭ كۆزلىرى توغرا كۆرگەن ئىكەن. ئەجەپ؟ ئىلگىرى يىلڭ پوچتالىيونى ئېلىپ كېلىدىغان خەتتىكى. زۆھرا يازىدىغان ئادرېس! رايونى، يېزىسىمۇ شۇ. ياكى، بۇ خەت شۇ چاغلاردا يېزىلىپ، تېخىچە مېنى تاپالماي يۈرەمدىكىن؟" دىگەن ئويغىمۇ كەلدى شېرىپ. ئەمما خەت يېڭىدىن يېزىلىپتۇ. ئۇرۇش يىللىرى يېزىسىدىن كېلىدىغان خەت يېڭىدىن خەت ئۈچ بۇرجەكلىك ئىدى. شېرىپ كونۋېرتتىكى ئادرېسقا كۆز يۈگەرتىپ "شېرىپوۋ شەمشىدىن" دىگەن سۆزلەرنى ئوقۇغاندا يۈرىگى تېخىمۇ قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى.

— شەمشىدىن، مېنىڭ ئوغلۇم! — ئۇ ئۈنلۈك سۆزلەپ خەتنى مەيدىسىگە چىڭ باستى. كۆزلىرىدىن ئاققان ئىسسىق ياشنىڭ كونۋېرتقا تامغىنىنىمۇ سەزمىدى. — مەن ئۆلۈپ كەتتىم دىسەم، ئۇلار مېنى قارا يەرگە كۆمۈشكە قىيماپتۇ... بۇ خەت قانداقلارچە كەلگەندۇ؟

شېرىپنىڭ ئوق تېگىپ، زەخملەنگەن سۆيەكلىرى يەنە شىقىراپ ئاغرىماقتا. ئۇ ئۆيىگە قايتماي، ئاغرىۋاتقان پۇتىنى ئاۋايلاپ بېسىپ، قېرىنداشلار قەۋرىستانىغا كەلدى. ئۆزى ياسىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدىن بىللە ئۆتكەنلەرنىڭ قەۋرىدىن كۆز ئالماي ئۇزاق قارىماقتا.

— ئاغىنىلەر، بىزنى ئەل - يۇرت ئۇنتۇماپتۇ. بىز ئۆلۈپ كەتسەكمۇ، تىرىكلەر قەلبىدە هايات ئىكەنمىز، — دەپ خېلىلا قاتتىق سۆزلىگەندەك قىلىۋىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنى ئارانلا چىقتى.

ئۇ كونۋېرتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇماقتا. ئوغلى يازغان خەتتىكى "دادا" دىگەن سۆزلەرنى يېنىپ - يېنىپ

www.uyghurkitap.com

تەكرارلىغاندا ئۆگە ـ ئۆگىسى بوشاپ، قەلبىدە يىراق يىزىسىدىكى ئوغلىغا بولغان چەكسىز مېھرى ئويغىناتتى.

ــ دادا، سەن بۇ يەردە ئىكەنسەنغۇ. مەن سېنى ئىزدەپ پۈتكۈل يېزىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقتىم، كەچ كىرگەندە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ يۈرە، ئۆيگە كەتتۇق.

شېرىپنىڭ ئوينى قىزىنىڭ سۆزى بۆلۈۋەتتى. ئۇ پەقەت ئەمدىلا كۆمۈچ رەڭلىك كۆنىنىڭ قويۇق جاڭگال كەينىگە مۆكۈپ، قاراڭغۇ چۈشكىنىنى بايقىدۇ.

ــ ئاكاڭدىن خەت كەپتۇ، قىزىم! بىلەمسەن، مەن سىلەرگە قازاقىستاندا ئاكاڭلار بار دەپ ئېيتىۋىدىمغۇ، ئاشۇ ئاكاڭ مېنىڭ تۇرىدىغان جايىمنى ئىزدەپ تېپىپ، خەت يېزىپتۇ. ئۇنىڭ بالا ـ چاقىسى بار ئىكەن... مەن تېخى ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن چېغى دەپتىمەن...

ــ دادا، سەن ئەۋۇ كۆنى ئاكىمىز ھەققىدە سۆلەپ بەرگەندىن كېيىن مەن بىزنىڭ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن شۇ غەيرەت يېزىسىغا خەت يېزىۋەتكەن ئىدىم.

ــ شۇنداقمۇ؟! ــ شېرىپ قىزىغا خۇددى دەسلەپكى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قارىماقتا. قىز بالا دىگەن ئاتا ـ ئانىغا بۆلەكچە كۆيۈمچان بولامدۇ، ياكى پەقەت شېرىپنىڭ قىزلىرىلا شۇنداقمىكىن. ئۇلارنىڭ دادىسىغا مېھرى ئالايىتەنلا كۈچلۈككۇ. مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭغا كىچىك قىزى ھەممىدىن ئەزىز سېزىلەتتى.

ــ سىنىپىڭلاردىكى ئوقۇغۇچىلارغا مېنىڭ رەھمىتىمنى ئېيتىپ بار. ــ ئۇ قىزىنىڭ ئىسسىق ماڭلىيىدىن سۆيدى. ــ يۈرە، چاپسانراق ئۆيگە بارايلى. بۇ خۇشخەۋەرنى ئاناڭ بىلەن ھەدەڭمۇ ئاڭلاپ

قالسۇن.

شېرىپ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بەك رازى. ئۇلارنىڭ يېزىنىڭ ئۆپ-چۆرىسىدىكى قەۋرىلەردە دەپنە قىلىنغان جەڭچىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئېنىقلاپ، يۇرتىغا خەت يېزىپ، قەھرىمانلىقلىرىنى خەۋەرلەندۈرگىنىگە تولىمۇ خوشال.

*　　　*　　　*

شېرىپ غەيرەت يېزىسىدىن ئالغان خەتكە جاۋاپ قايتۇرۇپ، كۆپ كېچىكمەيلا چېرېمۇخا يېزىسىغا ئاسمانىدىن چۈشكەنىدەك، بالىسى شەمشىدىن كەلدى.

چوڭ قىزى ئۆيگە باشلاپ كىرگەن، چىرايى كۈنىدە كۆيۈپ كەتكەن ئىنچىكە، ئېگىز بويلۇق يىگىتنى كۆرگەندە شېرىپنىڭ يۈرىگى بۆلەكچە ئىتتىك سوقتى. ئۇ قىز يوچۇن يىگىتنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، تونۇشتۇرماستىنلا بۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى سەزگەن. ئەمما ئۇ سەۋىر-تاقەت قىلىپ، ئۆزىنى تۇتتى، ئىچىدە غەيرى تەبىئى كۈچ داۋالغۇپ ئاشۇ ناتونۇش يىگىتكە ئىنتىرىۋاتسىمۇ، نىمىشقىدۇ قىزى ئۇنى ھويلىغا باشلاپ كىرىپ، تونۇشتۇرغىچە بەندىگىدە قوزغالماي ئولتۇردى.

— دادا، بۇ ئەۋۇ كۈنى خەت يازغان ئاكىمىز، قازاقىستانىدىن بىزنى ئىزلەپ كەپتۇ.

شېرىپ ئۆزىنى قانچە چىڭ تۇتۇشقا تىرىشقان بىلەن چىدالىسۇنمۇ؟! ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش ئاقماقتا.

— شەمشىدىنمۇ سەن! — شېرىپ باشقا سۆز قىلىپ ئۈلگەرمىدى. ئۇ ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ بىر-ئىككى قەدەم ئىلگىرى ماڭا-ماڭماستىنلا پۇتلىرى تىترەپ، ماغدىرىدىن كەتكەنىدەك سەزدى ئۆزىنى. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

گىرە سىلىشىپ، قۇچاقلىشىپ كەتتى.

شېرىپنىڭ بىر-ئىككى كۈندىن بېرى ئۇستىرا تەگمىگەن يىرىك مەكزىگە ئوغلىنىڭ يۇمشاق يۈزى تەككەندە قەلبىنىڭ تۆرىدە ساقلىنىپ قالغان، پەقەت ئۆزى تاپقان باللارغا تالىق بۆلەكچە بىر ئىسسىق مېھرى ئويغانماقتا. ئاتا گەپ-سۆز قىلماي ئوغلىنى قۇچاقلىغان پېتىچە ئۇزاق تۇردى. ئۇنىڭ دىمىغىغا ئىلگىرى قىزلىرىنى قۇچاقلاپ سۆيگىنىدە پۇرىمىغان ئالاھىدە پۇراق ئۇرماقتا. بۇ پۇراق ئاتىغا كەڭ دالادا ئۆسىدىغان شىۋاق بىلەن گىيانى ئەسلەيتتى. شېرىپقا ئوغلى بىلەن يىراقتىكى چارەك ئەسىردىن بېرى كۆرمىگەن يۇرتىنىڭ پۇرىغى بىللە كەلگەندەك سېزىلمەكتە.

— سەنلا قۇچاقلامسەن، بىزگىمۇ قويۇپ بەرسەڭ، — دەپ ماريا شەمشىدىنگە يېقىنلاشقاندىلا شېرىپ كۆزىنىڭ يېشىنى ئېيتىپ، ئوغلىنىڭ قېشىدىن كەتتى. ئاندىن شەمشىدىننى ماريا بىلەن كىچىك قىزى سۆيدى.

— قېنى، ئاكاڭنى ئۆيگە باشلاڭلار. يول مېڭىپ ھېرىپ كەتكەندۇ. — ھەممىسى ئۆيگە كىرىشتى.

— شەمشىدىن ئاكام دادامغا قويۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكەن، — دېدى چوڭ قىزى.

ئۆيدە كۆپىنچە شەمشىدىن بىلەن ماريا پاراڭ قىلىشتى. ماريا قازاقىستاننىڭ تەبىئىتى، يېمەك-ئىچمەك ۋە شەمشىدىننىڭ بالا-چاقىسى ھەققىدە سورايتتى. شېرىپ بولسا خۇددى خىيال چاقىقان ئادەمگە ئوخشاش تاماكىسىنى كەينى-كەينىدىن شوراپ، جىم ئولتۇرماقتا.

— ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟ — دەپ سورىدى بىر

چاغدا ئۈ.

— ياخشى.

شېرىپ يەنە جىم بولدى. ئۇلارنىڭ پارىڭى باغلاشماي، چاپسان-چاپسانلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى.

— دادامنىڭ ئانا تىلىدا سۆزلىگىنىنى دەسلەپ ئاڭلاۋاتىمەن. مېنىمۇ ئۆگىتىپ قويغىنا، دادا. مەن ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى خالايمەن، — دەپ كىچىك قىزى شېرىپنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— ئاكاڭغا قوشۇپ قويايلى. ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن ئويناپ، داداڭنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ كەل.

دەسلەپكى قېتىم ئۇلار بىر بىرىگە ئانچىلا ئىچەكىشىپ كېتەلمىدى. شېرىپمۇ ئوغلىغا قىسقا-قىسقىلا سوئال بېرىپ، بىر نەرسەلەرنى سوراپ قوياتتى، شەمشىدىنمۇ لايىغىدىلا جاۋاپ قايتۇرغىنى بولمىسا ئوشۇق سۆز قىلمايدۇ.

— ئۇرۇش تۈگىگەندە نىمىشقا يۇرتقا قايتمىدىڭ؟ — دىدى شەمشىدىن ئەتىسى دادىسى بىلەن خالى قالغاندا.

— قىزلىرىمنى قىيمىدىم. — شېرىپ قۇربان بولغان جەڭچىلەر ۋە ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان مارىيا ھەققىدە ئېيتاي دىدى-دە، يەنە ئۆزىنى تۇتتى. قانچە قىلغان بىلەن بالىغۇ، مېنىڭ قەلبىمنى نەدىن چۈشەنسۇن دىگەن ئويىمۇ كەلدى. شەمشىدىنمۇ دادىسىدىن بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتكىنى يوق.

ئەتىسى شېرىپ ئوغلىنى قېرىنداشلار قەۋرىگە ئاپىرىپ كۆرسەتتى.

— دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، بىر روتىدىن يىگىرمىمىز قالغان

www.uyghurkitap.com

ئىدۇق. ئەمما چىرىمۇخا يېزىسى ئۇچۇن بولغان جەڭدە مېنىڭدىن باشقىسى مۇشۇ يەردە قۇربان بولدى. يالغۇز قالغان ئېغىر ئىكەن... — بۇ قېتىممۇ ئوغلىغا ھەممىنى تەپسىلى ئېيتاي دەپ تەمشەلسىمۇ، جۇرئەت قىلالمىدى. مۇنۇ قەۋرىلەر ئوغلىغا قانداق تەسىر قىلغىنىنى شېرىپ سەزمىگەن ئىدى، ئەمما ئۆزى ئىككى تال پاپىروسنى چېكىۋەتكىچە بىر ئېغىز پاراڭ قىلماي، قەۋرىلەرگە قاراپ جىم ئولتۇردى.

— سېنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، دادا، — دېدى بىر ۋاقىتتا شەمشىدىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ئېلىپ كەتسەڭ، كېتىمەن!

شەمشىدىن مۇشۇ سۆزىنى كەچقۇرۇنلۇغى ھەممىسى تاماققا ئولتۇرغاندىمۇ قايتىلىدى.

— بىز نىمە دەيمىز. ئۆزى بىلسۇن. ئۇرۇش تۈگىگەن يىلى مەنمۇ سېنىڭ ئەل-يۇرتىڭ، بالا-چاقاڭ بار، كەت دېگەن ئىدىم. ھىلى بولسىمۇ كەچ ئەمەس، ياشلىقتا ھەر نىمە دېگەن بىلەن قېرىغانسېرى تۇغۇلغان يۇرتقا تارتىدىغىنىمۇ تەبىئى. قىزلارمۇ چوڭ بولۇپ كەتتى. مانا كەنجىمىز بۇ يىل ئونىنچى سىنىپنى تاماملايدۇ. ئامانچىلىك بولسا، ئىككى ئارىلىقتا بېرىپ-كېلىپ يۈرەر. سېنىڭمۇ باللىقتا ياراپ، داداڭنى ئىزلەپ كەلگىنىڭگە رەھمەت. — مارىيانىڭ سۆزى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بىرەرسى بىلەن ئىچىلىپ-يېيىلىپ مۇڭدىشالماي يۈرگەن شەمشىدىنگە بەك ياقتى.

— سىزنىمۇ تاشلىمايمىز، مارىيا ھەدە، چاپسان-چاپسان كېلىپ، يوقلاپ ھالىڭىزدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمىز. بىزنىڭ يېزىغىمۇ كېلىڭ.

شەمشىدىن يېشى ئەللىكتىن ئېشىپ قالغان ئاق-سېرىق ئايالنىڭ

قاپىغى ئېچىلماي يۈرسە، ئاچچىغى يامانمىكىن دەپ تەشۋىشلەنگەن ئىدى. ئەمما دادىسىنىڭ ئايىلى ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەس ئىكەن، ئاق كۆڭۈل ئاتىنىڭ مۇئامىلىسى. سىڭىللىرىنىڭ ئاكىسىنى كۆرگەندە ئاغزى قۇلىغىغا يەتكۈدەك خوشال بولۇشى ئۇنى ھاياجانلىقا بۆلىمەكتە. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇلارنىڭ ئالدىدا دادىسىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم دېگىنىگىمۇ خىجالەت بولاتتى. پەقەت شەمشىدىن دادىسى بىلەن ئېچىلىپ، مۇڭداشمىغىنىغىلا قىسلاتتى.

مارىيامۇ شەمشىدىنگە داداڭنى ئېلىپ كېتىمەن دېسەڭ ئۆز مەيلىڭ، دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كەتسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنى ئەۋەتىشكە قىيمايتتى. مارىيا بۇ سۆزنى ئېيتقاندا ئۆزىنى بىرى يۈرىكىگە يىڭنە سانچىۋالغاندەك سەزدى. شۇنچە يىل ئۆي-ئوتاق بولغان يولدىشىنى قانداقمۇ قىيسۇن! ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە دېگىنىنى پەقەت كېيىن ئۇققاندەك، خېلى ۋاقىتقىچە سۆز قىلالماي، چىشىنى چىشىغا بېسىپ تۇرۇپ قالدى.

شېرىپ ئۇرۇش تامام بولغان يىلى قايتسا، مارىيا بۇگۈنكىدەك ھەسرەت چەكمەس ئىدى، بەلكى. ئەمما چارەك ئەسىر بىر ئائىلىدە تۇرغان يولدىشىغا مۇشۇ سۆزنى ئېيتقىنىغا ئەمدى ئۆزى پۇشايمان قىلىپ، ئۇ كۇنى كېچىچە ئۇخلالمىدى. ئۇلار ئەتىگەن ياتسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسى بۇ گەپنى تېشىشكە بىر-بىرىدىن ئەتىيەت قىلغاندەك، ئۇلۇغ تىنىپ، ئىچىدىن بۇرۇقتۇم بولاتتى.

شەمشىدىن. چېرىمۇخا يېزىسىدا يۈرگەندە مارىيا بىلەن شېرىپ بىر قارىغان ئادەمگە بۆلەكچە كۆڭۈللۈك كۆرگەن بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بېشىغا بۆلەكچە بىر غەم-قايغۇ چۈشكەن ئىدى.

شەمشىدىن دادىسىنى ئېلىپ ماڭغاندىلا، ئۇلارنى كوچىغا ئۇزىتىپ چىققان مارىيا شۇنچە كۈندىن بېرى ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ چىدىغان بولسىمۇ ئەمدى تاقىتى تۈگەپ، يىغلاۋەتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز دەرۋازىغا يۆلىنىپ كۆزىنىڭ يېشىنى ئېتىۋاتقىنىنى كۆرگەندە شىرىپنى ئۇزىتىپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ، نېمىشقا يىغلايسەن، دادام بۇ كەتكەن پېتىچە قايتىپ كەلمەيدىغۇ دەمسەن، كېلىدۇ، بىزمۇ سېغىنغاندا بارىمىز، — دېدى مارىيانى قولتۇغىدىن يۆلەپ تۇتقان چوڭ قىزى.

— ياق يىغلىمايمەن. پەقەت ئۆتكەن كۈنلىرىم ئېسىمگە چۈشۈپ كەتتى، — دەپ مارىيا دەرھال كۆز يېشىنى ئېتىپ، ئۆزىنى زورغا تۇتتى، لېكىن مەيۈسلەندى.

— مەن كەتكەندىن كېيىن سەن قايغۇرۇپ، ئۆزەڭگە ئاغرىق تېپىۋالما، پات-پات كېلىپ تۇرىمەن، — دېدى ئايىلىنى بەزلىگەن شىرىپ. ئەمما ئۆزىنى ئاچلاش يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان ئادەمدەك ھېس قىلغان شىرىپمۇ بۇ قېتىم قەلبىدىكى سۆزىنى ئېيتالمىدى.

— مېڭىۋەر، يولۇڭ بولسۇن، — دېدى مارىيا يولدىشىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ.

شىرىپمۇ بىرى قولىدىن يېتىلەپ كېتىپ بارغاندەك ماڭايمۇ، ماڭمايمۇ دەپ ھويلىدىن ئارانلا چىقتى.

ئاتا بىلەن بالا بىللە قايتقاندىمۇ بىر بىرى بىلەن ئىچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلىشىپ كېتەلمىدى. يۇرتىدىن خەت ئالغاندا ئوغلى ھەققىدە ئويلاپ، ئۇنى بىر كۆرۈشكە تەشنا بولغان شىرىپ، ئەمدى شەمشىدىنگە كۆپىنچە يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى، نېمىشقىدۇ، ئۇ

ئوغلىنىڭ مۇشۇ تۇرقىدىن كۆرە ئىككى ياشلىق چاغلىرىنى كۆپرەك ئەسكە ئالماقتا. ئوغلىنى كىچىكىدىن ئۆز قولىدا بېقىپ ئۆستۈرمىگەن ئۈچۈنمۇ، ئەمدى چوڭ بولۇپ قالغاندا ئۇچراتقاندا، ئانچىلا ئىچە-كىشىپ كېتەلمەيتتى. «ئەسلىدە، بالا دىگەن كىچىك چاغدىلا تاتلىق ئوخشايدىغۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى ھاياتقا كەل-گەندە ئاتىلىرىنى ئۇنتۇپ قالامدۇ نىمە؟! بالىلار بىلەن بىر قازاندا تاماق ئىچىپ، بىر ئۆيدە ئۆسمىسىمۇ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. قىزلىرىم خەۋەر قىلمىسىمۇ بولغان. يېپىق قازان يېپىق بويىچە قالىۋەرسە ياخشىدۇ، بەلكى» دىگەن ئويغىمۇ كېلەتتى ئۇ.

شېرىپ بىلەن شەمشىدىنىنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆڭلىدىكى ئوي-لىرىنى بىر بىرسىگە ئېچىپ ئېيتالماي قىينىلاتتى. شۇڭلاشقا شېرىپ ئۇزاق يولنى كۆپىنچە تىك-تاق قىلىپ بىر خىل ماڭغان ۋاگون دەرى-زىسىدىن دالاغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كەينى-كەينىدىن تاماكا چېكىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى.

* * *

شېرىپ يانچۇقىدىن تاماكىسىنى ئېلىپ، تۇتاشتۇرۇپ بولۇق-بو-لۇق شوراپ چەكمەكتە. كۆز ئالدىغا بايا ئۆيىدىن چىققاندا ئىنتىگى تولىمۇ كەڭ تىكىلگەن كۆينەك كىيىپ، قوچۇغىغا نەۋرىسىنى ئېلىپ، سۇپىدا زۆھرا كەلدى.

«نىمانچە قېرىپ كەتكەنىدۇ؟ ھەقىقەتەن، بىز ياشايدىغىنىمىزنى ياشاپ، كۆرىدىغىنىمىزنى كۆرۈپ بولساق كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ.

زۆھرا ھەققىدە ئويلىغاندا، ئېسىگە ئوغلى يۇرتىغا ئېلىپ كەلگەن كۈن چۈشتى.

ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋاتقاندا زۆھرا ھەققىدە بالىسىدىن سوراي دەپ تەمشەلدى، لېكىن ئەتىيەت قىلىپ، تىلى بارسۇنمۇ؟! ماشىنا توپ-توغرا زۆھرانىڭ ھويلىسىغا توختىشى بىلەن شېرىپ ۋاڭ-چۇڭدا ھېچكىمنى تونۇمىدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئۆلگەرمەستىنلا بەزىلىرى بوينىدىن قۇچاقلاپ، بەزىلىرى قولىدىن تۇتماقتا. لېكىن ئۇ ئۆزىنى قورشىغانلارنىڭ ھېچقايسىغا پەرۋا قىلماي، كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن زۆھرانى ئىزلىمەكتە، شېرىپ پەقەت غورۇ ئاتلاپ ھويلىغا كىرگەندە ئادەملەر:

— زۆھرا ئىچىدە، خۇش خەۋەر، شېرىپكام كەلدى، — دەپ چۇقىرىشىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان مومايىنىڭ ئالدىغا يۈگرەشكەندىلا شېرىپ "زۆھرا ئاشۇ بولمىغىدى" دەپ ئويلىدى. ئەمما نىمىشقىدۇ، ئۇ بوسۇغىدا ئۆرە تۇرغان مومايىنى زۆھراغا ئوخشاتقۇسى كەلمىگەندەك، ئۇنى بىر چەتتە توپلىشىپ تۇرغان ياش ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن ئىزلىمەكتە.

شېرىپ يېقىنلىشىشى بىلەن بوسۇغىدىكى يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ، مۈكچەيگەن موماي بېشىغا تاڭغان ياغلىغىنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە تۇتۇپ يىغلاۋەتتى. پەقەت شۇ چاغدىلا شېرىپ ھەققەتەن، زۆھرا مۇشۇ ئىكەنلىكىگە چۈشىنىپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، بېشىنى سىلىدى.

— نىمىشقا يىغلايسەن؟ مەن تىرىكقۇ. ئۆزەڭنى باس، — باشقا دەيدىغان سۆزى يوقتەك ئۇ بىر ئېيتقىنىنى قايتىلىماقتا.

— قېنى، ئۆيگە يۈرۈڭلار، — دىگەن شەمشىدىنىڭ تەكلىۋى ئاڭلانغاندىلا ھەممە ئىچكىرىگە كىرىشتى.

شېرىپ تۆرگە ئۆتتى. زۆھرا بولسا نەۋرىسىنى قۇچىغىغا ئېلىپ

بوسۇغىغا يېقىن ئولتۇرغان. ئۇ تېخىچىلا ياغلىغىنىڭ ئۇچىنى كۆزدىن ئالماي يىغلىماقتا. ئەمما شېرىپ زۆھرانىڭ ئۇرۇش تۇگەپ، ئاردا ئوتتۇز يىلدەك ۋاقىت ئۆتسىمۇ، يولدىشىم تېچ-ئامان كەلدى، دەپ خوشاللىقتىن يىغلاۋاتقىنىنى، ياكى شۇنچە يىلدىن ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تەشنا بولۇپ كۈتكەندە كەلمەي، ئەمدى يۈرەك ئوتى ئۆچۈپ، قېرىلىق يەتكەندە كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سازايى قىلىپ، نومۇسىنى تۆكۈۋاتىدۇ، دەپ خاپىلىقتىن يىغلاۋاتقىنىنى بىلەلمەي ئىككى ئويدا خىجالەت ئىدى.

— قويۇڭ، زۆھراخان، كۆپ يىغلىغان يامان، — دەپ قېرىلار چۈشمۇ-چۈشتىن بەزلىمەكتە. تۆردە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان شېرىپ گەپكە كۆپ ئارىلاشمايتتى. يۇرت قېرىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۇرۇش تامام بولغاندىن بېرى نەدە يۈرۈپ، نىمە قىلغىنى ھەققىدە تېگى-تەكتىنى چوقۇشتۇرۇپ سوراپ كەتمىدى. شېرىپ ئۆيگە يىغىلغانلارغا يەر ئاستىدىن كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قوياتتى. كىگىزدە يۆكۈنۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىسى ناتونۇش ئادەملەر. كونا تونۇشلاردىن ئاساسەن ئاياللار قاپتۇ.

— ئۇرۇش يىللىرى زۆھراخان بىلەن تارتمىغان جاپالىرىمىز قالمىدىغۇ. ئېتىز-ئېرىقتا قونۇپ، ئەتىياز كۈنلىرى يالاڭغىداق سۇ تۇتۇپ، سالامەتلىكتىنمۇ ئايرىلدۇق، — دەپ ئاياللار خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ھېچ بىر ئايرىمىسى يوق دەردى-مۇڭىنى قايتىلاتتى.

— بىر كۈنى بىزنىڭ بالىلارنىڭ دادىسىمۇ سىزگە ئوخشاش گەپ-سۆز يوقلا كىرىپ كېلەمدىكىن تاڭ...زۆھراخانىنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى تۆككەن كۆز يېشى بىكار كەتمىدى، — دەپ قوياتتى بەزى ئاياللار.

ئۇلار بۇ كۈنى تولىمۇ كەچ ياتتى. كېلىنى شېرىپ بىلەن زۆھراغا سارايغا ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرى دالانغا چىقىپ كەتتى.

— يۈرە، بىز بىلەن ئۇخلا، — دەپ كېلىنى بۇ كۈنى دائىم مومىسىنى قۇچاقلاپ ياتىدىغان ئۈچ ياشلىق قىزىنى باشلاپ چىققان. ئەمما مومىسىنى قۇچاقلاپ يېتىپ، ئۆگىنىپ قالغان قىز ئايرىلسۇنمۇ؟!

— مەن مومام بىلەن ياتىمەن، — دەپ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

— ھاي، بالىنى قىيناپ نېمە قىلىسىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ياتۋەرسۇن. — زۆھرانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان نەۋرىسى سارايغا قايتىپ كىردى.

بۇ كۈنى كېچىسى زۆھرا ئۈچ ياشلىق نەۋرىسىنى قۇچاقلاپ ياتتى. يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن شېرىپ بىلەن زۆھرا بىر ئۆيدە يالغۇز قالغاندا پېتىنىپ پاراڭ قىلالىسىغۇ-يە. ھەر ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئېيتىدىغان سۆزلىرى كۆڭلىدە سايراپ تۇرغىنى بىلەن، شۇنچە يىل كۆرۈشمەي، يات ئادەملەردەك بولۇپ كەتكەن ئىككىسى ئۇ سۆزلەرنى ئەتىيەت قىلىپ سىرتقا چىقىرىشقا قۇدرىتى يەتمەيتتى. ئۇلار قانداقتۇر بىر نەرسىدىن قىسىلغاندەك بولدى.

— ئىچىڭگە قۇرۇت كىرىۋالمىغاندىن كېيىن تېپىرلىماي تىنچ ياتساڭچۇ، — دەپ زۆھرا ئۈچ ياشلىق نەۋرىسىنى نوقۇشتۇرۇپ قويىدۇ. نېمىشقىدۇ، شۇنچە يىلدىن بېرى كۆرمىگەن يولدىشى بىلەن بىر تەھىيدە باش قويۇپ يېتىشقا پەقەت مۇشۇ نەۋرىسى كاشىلا بولغان-

دەك، سىزىلەتتى ئۇنىڭغا. ئەمما، ياش يىتىپ كۆپ يىل كۆرۈش-مىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىمۇ، شىرىپقا توغرىدىن-توغرا مۇراجىئەت قىلىپ، سۆز ئېيتىشقا ئۇيىلىدۇ. كۆڭلىگە پۈككەن كۆپ نەرسىنى پەقەت نەۋرىسى ئارقىلىق يولدىشىغا دارىتىپ دىمەكتە. قانچە قىلغان بىلەنمۇ قىرىغاندا كۆڭۈلنى ياش چاغلاردىكىدەك قويۇپ بىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

— ئەتىگەندىن دىمىم سىقىپ تاۋىم يوق. ئۈچ-تۆت يىلدىن بىرى سۆيەك-سۆيىگىم شىقىراپ ئاغرىپ، تاڭ ئاتقىچە ئۇخلالماي چىقىدىغان بولدىم.

— تولىمۇ قىرىپ كېتىپسەنغۇ، زۆھرا، — دىدى بىر چاغدا خې-لىگە سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ شىرىپ.

— ھىلىمۇ قىرىمايمەنكەن. ئۇرۇش يىللىرى بىز تارتقان جاپا-لارنى سىلەر تارتقان بولساڭلار، قىرىماق تۈگۈل، قارا يەردە ئۇس-تىخىنىڭلارمۇ قالماس ئىدى...

شىرىپ يۆتىلىپ كەتتى. زۆھرا يەنە نەۋرىسىنى، تېچ ياتمايسەن، دەپ كايىماقتا.

ئۇلار قانچە كەچ ياتسىمۇ ئەتىسى تاڭ سەھەردە ئوخىنىپ كې-تىشتى. ھەممىدىن ئىلگىرى تاڭ ئاتقىچە تولاپ چىققان زۆھرا ئور-نىدىن تۇردى. ئاندىن كېيىن ھويلىدا شەمشىدىنىنىڭ بۇ ئۆيىنىڭ ھەقىقى خوجايىنىدەك بۇيرۇق بىرىپ، "نىمىشقا كالىنى ساغمايسىلەر. چاينى چاپسان تەييارلاڭلار" دىگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى. شىرىپ شەمشىدىنىنىڭ ئۇنىگە قولاق سىلىپ، خېلى ۋاقىتقىچە ئورنىدىن تۇر-ماي ياتتى. ئىلگىرى ھىچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايدىغان شىرىپ، ئەمدى بىر ئېغىز ئوشۇق سۆز ئاڭلىسا، كۆڭلىگە بەك ئېغىر تىگەتتى. شۇڭ-

لاشقىمۇ ئوغلىنىڭ سۆزى ئۇنىڭ يۈرىگىنى چىمداپ ئالغاندەك بولدى. "مەنمۇ ياش چېغىمدا زۆھراغا شۇنداق سۆزلەتتىممىكىن؟" دەپ ئويلىدى ئاتا. ئۇ بالىسىنىڭ ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتمىگىنىگە ئىچىتىن خىجالەت بولۇپ يۈرگەندە، بۇ سۆز يۈرىگىگە ئالايىنەنلا قاتتىق تەسىر قىلدى. "بەلكى شەمشىدىن دادام بىزنى ياش چاغىدا ئېسىگە ئالماي، ئەمدى قېرىپ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە تاپتى" دەمدىكىن دىگەن ئويغا كېلىپ، خۇدۇكسىنىدۇ ئاتا. بىر تەرەپتىن ئوغلىنىڭ ئۆيىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ھەممىنى باشقۇرۇپ يۈرگىنىگە ئىچىتىن زوقى كېلىدۇ. ئۆيىنىڭ چىرىغىنى ئۆچەرمەي كېلىۋاتقان ئوغلىدىن مىننەتدار. ئەمما ئۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرۇپ سۆزلىگەندە قىسىلىپ، ئۆزىنى خىجالەتچىلىكتە قالغاندەك ھىس قىلاتتى. "بۇ ئۆيدە مەن بولمىغاندىن كېيىن شۇنداق ئۆگىنىپ قالغاندۇ" دەپمۇ ئويلىدى ئىچىدە. كېچە زۆھرا بىلەن ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭ سالمىغانلىقتىن كۆڭلى يېرىم شېرىپقا بۇنىڭ ھەممىسى بۆلەكچە تەسىر قىلغان.

* * *

ئادەم قېرىغانسېرى ئىسسىغى ئازىيىپ كېتەمدۇ نىمە؟! ئۇ پەلتۇسىنى قانچە چىڭ ئوراپ كىيىسىمۇ مۇزلىغان تېنىنى ئىسسىق باسمايدۇ. چۈشتىن كېيىن تاغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان كۈزنىڭ سوغ شامىلى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. شېرىپ سىيدىنىڭ قېشىدىن يىرا تەرەپكە قايتتى.

شېرىپ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىنىڭ كوچىسىنى بويلاپ، ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقاندا يۇرتداشلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ قېشىغا كىرىپ، بىرئاز مۇڭدىشىپ ئولتۇرماقچى بولدى. ئەمما تار كوچىنىڭ ئىككى

تەرىپىدىكى قاتار سېلىنغان ئۆيلەرنى بىر-بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرگەندە ھويلىسىغا كىرگۈدەك بىرەر ئۆي چىقمىدى. يېزىدىكى ئۆزى دىمەتلىك ئەرلەرنىڭ كۆپىسى جەڭدىن قايتماپتۇ. بەزىلەر خوشنا يېزىلار بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەن ئىكەن. قالغانلار باشقا ياقتىن كۆچۈپ كەلگەن يوچۇن ئادەملەر. شېرىپ فۇرونتقا كەتكەندىن كېيىن ئۆسۈپ، يېتىلگەن ياشلار ئۇنىڭ قەلبىنى نەدىن چۈشەنسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۆرگەن ئادەمگە ئىچ سىرىڭنى ئېيتىپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ مۇڭدىشىش نەدىن.

ئۇ كەڭ كوچىدا كېلىۋېتىپ، يېزا كۇلۇپىنىڭ ئالدىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغان يۇرتداش جەڭچىلەرگە ئورنىتىلغان يادىكارلىققا كۆزى چۈشتى. يېزىغا كەلگەن بىر ئايدىن بېرى يادىكارلىق قېشىدىن كۆپ ئۆتكەن ئىدى. ئەمما ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەپتىكەن. بۈگۈن يادىكارلىق ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بۆلەكچە سەپسېلىپ قارىماقتا. تاشتىكى قەلەيگە ئويۇپ يېزىلغان جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇپ، ئۇلارنى ئەسلەشكە باشلىدى. شېرىپ قاتار يېزىلغان ئىسىملارنى ئوقۇۋېتىپ توختاپ قالدى...

ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەيۋاتقاندەك يېزىققا تېخىمۇ چەكچىيىپ قارىماقتا...ياق، ئۇ خاتالاشمىغان ئىكەن. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلارنىڭ قاتارىدا شېرىپنىڭمۇ ئىسمى يېزىلىپتۇ.

"يۇرتداشلار مېنى ئاللىقاچان ئۆلگەنلەر ئارىسىغا قوشۇۋەتسە كېرەك. ۋەقەلەر ئەمەس، ھەتتا ئادەملەر ئۇنتۇلۇپ كەتكۈدەك يىللار ئۆتۈپتۇ. ئەسلىدە، يۇرتتىكىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىسەم بولغان. كۆرمىسە كۆڭۈلمۇ بۇزۇلماس ئىدى" دەپ ئويلىدى شېرىپ. بۇ يېزىدا ئىلگىرى

ئۆتكۈزگەن كۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتنىڭ سېغىنىپ ئەسكە ئالىدىغان بىر پەيتلىرىدەك سېزىلدى، خالاس.

شېرىپ ئۆزىنى يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆلگەنلەرگە قوشۇۋەتكىنى ئورۇنلۇق بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى. پەقەت ئەمدى ئۇرۇش يىللىرى تارتقان جاپالارنى ئۇنتۇپ، شۇنچە يىل يولدىشىنى بىر كۆرۈشكە زار بولغان كۆڭۈل ئوتى يېڭىدىن بېسىلىپ، بارلىق مېھرىنى قۇچىغىدىكى نەۋرىسىگە بېغىشلىغان ئايىلى زۆھراغا قايغۇ-دەرت ئېلىپ كەلگىنىگە ئېچىناتتى. ئۇ ئوغلى شەمشىدىنىنىمۇ ئەسلىدى. نېمىشقىدۇ بالىسىنىڭ ئاتىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىمۇ باشقىچە. ئۇ بالىسىنى ئۆز قولىدا چوڭ قىلىپ، ئەل قاتارىدىغا قوشمىغىنىغا قىسىلاتتى. بىراق ئامال قانچە. ئۆتۈپ كەتكەن ئىش بېشىڭنى تاشقا ئۇرۇپ، مىڭبىر پۇشايمەن قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدىكەن.

مۇشۇ قېتىم شېرىپ ئۇرۇش تامام بولغان يىلى يۇرتقا قايتمىغىنى ھەققىدە ئويلىغاندا يەنە چېرېمۇخا يېزىسى ئېسىگە چۈشتى... ئۆزىمۇ شۇ يېزىدىكى قىزلىرىنى بەك سېغىنىپ قالسا كېرەك، ئۇلارنى كىنەپ ئەسكە ئالماقتا. ئاتا قىزلىرىنى تۇغۇلغاندىن بېرى باغرىغا بېسىپ چوڭ قىلغان ئۈچۈنمۇ، ئۇلارغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتى باشقىچە. مۇشۇ پەيتتە چاپسانراق قايتىپ، قىزلىرىنى كۆرۈش ئويى كەلدى بېشىغا...

ئۇ كۆپ-كۆك ئاسمانغا كۆز يۈگەرتىپ، غەرپتىن ئۆزى بۇنىڭدىن بىرەر ئاي ئىلگىرى كەلگەن چېرېمۇخا يېزىسىنى ئىزلىگەندەك قارىماقتا. ئاسمان ئىلگىرىكىدەكلا بىر خىل. ئەتىگەن تاغ ياقىلاپ شىمالغا ماڭغان ئاق پاختا بۇلۇتلار ئەمدى جەنۇپقا ئۆزۈپ كېتىپ بارماقتا. شېرىپ كۆك ئاسمانغا قارىغاندا، نېمىشقىدۇ، ئۆزىنى بايىقى

بىر توپ قاقىرلارغا ئىلىشەلمەي كېتىپ بارغان يالغۇز قاقىرغا ئوخشاش ھىس قىلاتتى.

سلاۋيان يېزىغىدىن كۆچۈرگۈچى: **لۇجىچاۋ.**

## ئۈچ ئانىنىڭ سۆھبىتى

ئۈچ ئانا ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرى توغرىسىدا پاراڭغا چۈشۈپتۇ.

بىرىنچىسى: مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئوغلۇم كەلگۈسىدە جەزمەن يارامىلىق ئىنژېنېر بولىدۇ، چۈنكى بىز ئۇنىڭغا قانداق ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئۇنى ھامان چۇۋۇپ پارە-پارە قىلىپ تاشلايدۇ، — دەپتۇ.

ئىككىنچىسى: مەن ئوغلۇم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن، ئۇ كەلگۈسىدە جەزمەن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئادۋوكات بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھازىر باشقىلار بىلەن جېدەل-ماجىرا قىلىشقا ئامراق، — دەپتۇ.

ئۈچىنچىسى: مېنىڭ ئوغلۇم كەلگۈسىدە دوختۇر بولۇپ چىقىدۇ، بۇنىڭدا قىلچە گۇمان يوق، چۈنكى ھازىر بالامنىڭ تېنى ئاجىز، كېسەلمەن. كونىلاردا "كۆپ كېسەل بولساڭ دوختۇر بولۇپ قالىسەن" دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# يۈرەك ـ باغرىم مۇجۇلدى

"پىشلاق ماشىنىسى" تىرىپستىننىڭ باش بوغالتىرى لىئوند كۇزمىچ دۇنيادا باشلىقتىن ئەڭ قورقىدىغان ئادەم. شۇڭا ئۇ باشلىققا خوشامەت قىلىپ ياخشىچاق بولۇش پۇرسەتلىرىنى زادى قولدىن بەرمەيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ خوشامەتچىلىككە ئۆگىنىپ كەتكەن ئۆزگىچە مىجەزىگە تايىنىپ، ئۆز باشلىقى ــ پىد. سېمىيونوۋىچنىڭ كۆڭلىنى بىلىۋالاتتى.

ناۋادا باشلىقىنىڭ تەلەتى تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولسا، لىئوند كۇزمىچمۇ ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ، تەلەتىنى ئۆزگەرتىپ، قاپىقىنى تۈرۈۋالاتتى. ناۋادا باشلىقىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇمۇ ھىجىيىپ، ئاغزىنى قۇلىقىغا يەتكۈزەتتى. ناۋادا باشلىقىنىڭ كەيپى ئۇچۇپ قالىدىغان بولسا، بىزنىڭ لىئوند. كۇزمىچىمىز كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

دەرۋەقە، پىد. سېمىيونوۋىچنىڭ مىڭبىر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مىجەزىگە يېتىشىپ تۇرۇشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. سىزىقتىن چىقىپ كېتىدىغان چاغلارمۇ بار ئىدى. ئالايلۇق، كۇزمىچنىڭ كەيپى ياخشى بولمىغان چاغلاردا، قىرىشقاندەك پىد. سېمىيونوۋىچنىڭ گۈل ـ قەقەسى

ئېچىلىپ كېتەتتى؛ ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، كۈزىمچىنىڭ قاھ-قاقلاپ كۈلگەن چاغلىرى پىد. سېمىيونوۋىچنىڭ تەلەتتى تۈرۈلگەن ۋاقىتلىرى بولۇپ قالاتتى.

ئەمما، لېئوند. كۈزمچمۇ ئۆزىنى بۇنىڭغا زېرىكمەستىن كۆندۈرۈپ، خېلى پىشىۋالغان ئىدى. ئۇ رەھبەرلىكنىڭ باستقان ئىزىدىن بىر قەدەممۇ نېرى دەسسىمەسلىككە تىرىشاتتى. لېكىن مۇھىمى شۇ ئىدىكى، ئۇ ھەرگىز بۇنىڭلىق بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايتتى: ئۇ رەھبەرلىكنىڭ روھى-ھالىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپلا قالماي، بەلكى تېخى رەھبەرلىكنىڭ ئۆرپى-ئادىتى ۋە ھەۋىسى ئۈستىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزەتتى.

مەسىلەن، پىد. سېمىيونوۋىچ دائىم دەرىزىدىن سىرتقا كۆز يۈگۈرتۈپ يىراققا تىكىلىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا كۈزمچمۇ ئۇنى دوراپ، پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن دەرىزىدىن سىرتقا تىكىلىپ ھاڭۋېقىپ قالاتتى؛ پىد. سېمىيونوۋىچ ناگان-ناگاندا تىت-تىت بولۇپ ئۇھ تارتقاندا، كۈزمچمۇ چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلەن ئۇھ تارتىپ قوياتتى. پىد. سېمىيونوۋىچ بەزىدە تېخى بىرەر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتسا، كۈزمچمۇ غىڭشىپ ئېيتاتتى، ئەلۋەتتە.

غىڭشىپ ئېيتقان شۇ ناخشىلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، كۈزمچ ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىشقا چۈشۈشتىن ئاۋال بىرەر قېتىم مەشق قىلاتتى.

— گارموننى ماڭا سۇنۇۋەتكىنە. — ھاجەتخانىدىن باشلىغىنىڭ ئاۋازى چىقتى.

— ئەمدى تېخىمۇ ئوبدان ئاڭلايدىغان بولدۇم-دە! — ياندىكى مونچا ئۆيدىن كۈزمچنىڭ جاۋابى ئاڭلاندى.

www.uyghurkitap.com

مانا بۇ خوشامەتچىلىك تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسى كۈزمىچ بىلەن ئۇنىڭ باشلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىۋەتتى. قىسقىسى، باش بوغالتىر بىلەن ئۇنىڭ باشلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئاپاق-چاپاق قىلىۋەتتى. بىراق، ئۇشتۇمتۇت جىددىي يۆتكىلىش بۇيرۇقى چۈشۈپ قالدى، پىد. سېمىيونوۋىچ يۆتكىلىپ كەتتى. باش بىيۇ-رودىن كۈزمىچنىڭ قېشىغا يېڭى باشلىق — گېئورگ. ساخاروۋىچ ئەۋەتىلدى.

باش بوغالتىر تولۇق ئىككى كۈنلۈك ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، بۇ يېڭى رەھبىرىنى كۈزىتىپ، ئاخىرى خۇلاسە چىقاردى: ئەجەپلىنىشكە بولمايدىكەن — گېئورگ. ساخاروۋىچ قاپىيىسى ھايۋانلارنىڭ ئىتى بىلەن چۈشىدىغان سۆز ئويۇنىنى ياخشى كۆرىدىكەن. قانداقلا بىر ئىش ئۈستىدە توختالمىسۇن، ھەممىشە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بىر ھايۋان-نىڭ ئىتىنى قىستۇرۇپ قوياتتى.

— ‹ياپىر، بورسۇق-ئۆمچۈك،

ياكى:

— قاراڭلار بۇنىڭ ھۆسنىگە، بەئەينى قوش بالىسى، قوڭغۇز بالىسى.

ۋە ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش:

"بىلىپ قوي، ماۋۇ بەئەينى يولۋاس-قۇندۇزغا ئوخشايدۇ" دەپ قوياتتى. لېئونىد. كۈزمىچمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن، دەرھال قاپىيىگە چۈشۈرۈپ گەپ قىلىشقا ئاتلاندى. ناۋادا ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئىتىدىن باشقا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىتىنىمۇ بىلگەن بولسا، ئۇنداقتا قاپىيىگە سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار ئىتى بىلەن ئۆسۈملۈكلەر ئىتى تاغىرى بىلەن تولۇپ ياتاتتى. بىراق، ئۇ بەزى

جانۋارلارنىڭلا ئېتىنى بىلەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھايۋاناتلار ئىلمى ھەققىدىكى دەسمايىسى غالتەككە چىقىپ قالدى. كۆزمىچنىڭ بېشى قېتىشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، قاپپىيسگە چۈشىدىغان تۈرلۈك سۆز ئويۇنىنىڭ لايىھىسىنى قۇراشتۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى چەكسىز قىزغىنلىقى بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ ئېتىنى توپلاشقا كىرىشتى، ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ خىزمىتىگە ئاكتىپ ياردەملەشتى.

— ‹بۆرە بىلەن قوي› — دېدى خوتۇنى — قاپپىيە بولامدۇ؟

— ئاغزىڭغا كەلگىنىنى دەۋېرىدىكەنسەن! — دېدى ئېرى ئاچچىغلىنىپ، — ئۇچۇ، ئۇ زاۋال تاپقۇر سەت دەيۇز ھايۋانلارنىڭ ئېتىنى قاپپىيگە كەلتۈرۈشكە ئامراق. سېنىڭ دېگىنىڭدەك توقۇيدىغان بولساق، قاپپىيسى نەدە بولسۇن.

— ‹ئۆشكە-سۆۋە› — دېدى كىچىك گېلىيا بىلەن كىچىك لېنىنا شوخلۇق بىلەن دادىسىغا ئەقىل كۆرسىتىپ.

— بۇنىڭغۇ بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ — دېدى كۆزمىچ ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلىپ، — بىراق، قاراپ بېقىڭلار، بۇ ئۆشكە دېگەن سۆز... خىزمەتتە ھېچقانداق نىمىگە دارىتقىلى بولمايدۇ...

— ئۇنداق بولسا، ‹بۆرگە بىلەن پىت› چۇ! — دېدى ئىككى شا كىچىك يەنە ئەقىل كۆرسىتىپ.

— ‹مۈشۈك بىلەن چاشقان›مۇ بولىدۇ-غۇ — دېدى خوتۇنى يەنە بىر ئېغىز تولۇقلاپ، — ئۆزەڭ تاللىۋالغىن!

— ھىم، كونا جەمىيەتتىكى رىۋايەتتە دېيىلىدىغان ھايۋانلار قاملاشامدۇ؟ — دەپ ئارىلاشتى مومايمۇ بۇ ئىشقا. — ئالايلۇق، دىنوزاۋۇرىم — ‹لەھەڭ بىلەن ئەژدەرھايىم› دېگەن سۆزلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېغىزدىن چىقىشى نىمە دىگەن توغرا ـ ھە؟!

قاراڭلار، بىزنىڭ كۈزمىچىمىز مانا مۇشۇنداق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ. ياق، تارتىدىغان جاپاسىنى تازا تارتتى دىيىش كېرەك. لېكىن جاپاسى ئۇزۇنغا بارمىدى. — گېئورگ. ساخارووىچ يۆتكىلىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئورنىغا پاۋىل. مىخايلوۋىچ كەلدى، باش بوغالتىر ئەمدى يەنە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشقا باشلىدى — راسلا قۇرۇپ كەتسۇن! ھىچنىمىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقالمىدى! پاۋىل مىخايلوۋىچنىڭ ھىچقانداق ھەۋىسى يوق ئىدى.

بىراق، بىر كۈنى پاۋىل مىخايلوۋىچ خىيال دەرياسىغا چۆكۈپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇرنىنى بارمىغى بىلەن كوچۇلاپ ئولتۇراتتى.

— ئەتىمالىم، بۇ ئۇنىڭ خومارى بولسا كېرەك؟ — دەپ ئويلايتتى كۈزمىچ بۆلەكچىلا قىزىقىش بىلەن.

بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن پاۋىل. مىخايلوۋىچنىڭ مۇنداق چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان پەيتى زادى چېلىقمىدى.

كۈزمىچ ھىچبىر ئامال تاپالماي يۈرگەن چاغدا بىيۇرودىن بىر باشلىق كېلىپ پاۋىل. مىخايلوۋىچقا قاتتىق ئاچچىقلاندى، شۇنىڭ بىلەن پاۋىل. مىخايلوۋىچ تۇيۇقسىزلا تۆتتۆتلەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

بۇ جاناپ دەسلەپتە "ز" ھەرپىنى ئوقۇغاندىلا گاچىلىشىپ قالاتتى.

"ز" ز، ز دارىستىۋىچ (يا، يا، ياخشىمۇ سىزلەر)! — دەيتتى رەھبەر قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە — بۇگۈن ھاۋا 'ز' ز، ز دو رو ۋو (نى، نى، نىمىدىگەن سوغاق)! ز، ز، زىيما (ق. ق، قىش) كەلدى."

لىئوند. كۈزمىچقا شۇ ھامانلا جان كىرىپ قالدى، كۆڭلى كۆتىرى-

لىپ قالدى. ئۇمۇ ئۆزىدىن تۇنجى قېتىم ئاۋانس سوراپ كەلگەن كىشىگە كەسكىن تۇردە مۇنداق دىدى:

”ئاۋانس ئالىدىغان بولساق، ’ز‘ ز، زىكاتسىيە قىلما (تۆ-تۆتلىمەي دىگىن!)“

ئەمما، كەچ كىرىشى بىلەنلا، پاۋىل. مىخايلوۋىچ تېخىمۇ گاچىلىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ئەمدى وز، ھەرپىنى ئەمەس، ’ئۇ‘ ھەرپىنى ئېنىق چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

”ئۇ، ئۇ، ئۇ — ئۇ بۇ سوزۇق تاۋۇشنى ئەسلىدە قىستۇرۇش ئۇچۇن قوللىناتتى. بىراق، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر گەپىنىڭ ئاخىرىسىغا سەۋىرچانلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ كۆرۈپ مەنىسىنى تېپىۋالاتتى؛ — ’ئۇكلان‘ (چاتاق)؟ ’ئۇران‘ (زىيان)؟ ’ئۇرا‘، (ياشا)؟ ئېھتىمال ئۇ بىر كىمگە قاراپ ۋاقىرماقچى بولسا كېرەك؟“

’ئۇ، ئۇ، ئۇۋولت موي-يا‘ (مەن خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاندىم) — پاۋىل. مىخايلوۋىچ خېلى ۋاقىت كېكەشلەپ ئاران ئۆزىنىڭ مەقسىدىنى ئۇقتۇردى-دە، كۆزى قېيمىغان ھالدا ھەممەيلەن بىلەن خوشلاشتى.

بۇ ئىشتا لىۋاند. كۇزمىچ ھەممىدىن كۆپ ئەلەم چەكتى: ئۇ تا بۇگۈنگىچە كېكەشلىگىنى تۈزەتمەكچى بولۇپ يۈرىدۇ.

— خىزمەتنى دەپ يۈرەك-باغرىم مۇجۇلدى، — دەپ ئىزاھلايتتى بۇ بايقۇش ئادەم دوختۇرغا.

(«روسسىيە - سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژورنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن رەھىم.**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: غۇلام غوپۇرى.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئېسىدىن كەتمەس ھامان

**ر.يېرمولېۋا**

1943 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ قايغۇلۇق بىر كۈن بولغان ئىدى.

پوچتا ساندۇغىدىن نېپىز كۆلىرەڭ ئىش كونۋېرتىنى ئالدىم، ئۇنىڭدىن ياخشى خەۋەر چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى.

كونۋېرتتا باغاق شەكىلدىكى ئۇزۇنچاق بىر قەغەز سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرنەچچە قۇرلا خەت بار ئىدى. بالايى ـ ئاپەتلىك ئاشۇ يىللاردا بۇنداق بىر پارچە قەغەز كىشىلەرگە نىمە دىگەن كۆپ دەرت ـ ئەلەم، قايغۇ ـ ھەسرەت كەلتۈرگەن ـ ھە!... "قۇربان بولدى" دىگەن سۆز دەرھال كۆزۈمگە چۈشتى.

"قۇربان بولدى!...قۇربان بولدى!" مېنىڭ چېكە تومۇرلىرىم

كۆپۈشكە باشلىدى، كۆكرەك قەپەزىمدىن ”ئاھ — “ دېگەن قاتتىق ئاۋاز ئېتىلىپ چىقتى.

بۇ قاتتىق ئاۋاز چاقماق چاقىقاندەك ئاسمان بوشلۇغىنى يېرىپ كىرىپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى — ئانامنىڭ گەپ-سۆزلىرى، يىغا-زارىسى — قۇلۇغۇمغا يىراق-يىراقلاردىن كەلگەندەك ئاڭلىناتتى.

ئانام بىلەن ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ قانچىلىك ۋاقىت يىغلاشقانلىغىمىز ئېسىمدىن كۆتىرىلىپ قاپتۇ. ئانام باشقا ئاياللار بۇنداق چاغدا زار قاخشاپ يىغلىغاندەك يىغلىمىدى، پەقەت پەس ئاۋازى بىلەن ماڭا تەسەللى بېرىپ:

— قىزىم، يىغلىماڭ، بولدى قىلىڭ! — دېدى. لېكىن كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ يۈزىدە ئېرىق ھاسىل قىلىپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمىدى. مەن ئانامنىڭ پەلتۇسىنى تارشىدەك مۇرەمگە يېپىنچاقلىدىمدە-يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتىم.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. مەن ئاق قار بىلەن قاپلانغان قازاقىستان يايلىغىدىكى چەت بىر كىچىك شەھەردە گاڭگىرىغان ھالدا كېتىۋاتىمەن، نىمە قىلىشىمنىمۇ، نەگە بېرىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. كىچىك شەھەر گويا ھاياتلىق يوقتەك كۆرۈنەتتى. كوچىدا بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئۆيلەرنىڭ دەرىزىلىرىنىڭ قاپقاقلىرى ئېتىۋېتىلگەن، دەرىزە قاپقاقلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىنلا سۇس قارا چىراقنىڭ نۇرى ئۇ يەر-بۇ يەرگە شولا چېچىپ تۇراتتى. كوچىدا مەن بىلەن ھۇۋۇلداپ چىقىۋاتقان شىۋىرغانلا بار ئىدۇق.

مەن مېڭىپ-مېڭىپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاپتىمەن. يۈتۈمدا ئۆتۈكلا بار ئىدى، تىزىمغىچە قارغا كىرىپ كەتتىم.

”ئادەم قارنىڭ تېگىدە قالسا قانچە توڭىدىغاندۇ ـ ھە !“ ــ كال ـ لامغا بىردىنلا شۇنداق بىر خىيال كىرىپ قالـدى. مەن ئاق ئورۇس چوڭ ئورمانلىغىدا ئاپپاق قارغا چۈمكەلگەن زېمىننى ھەم جىمجىتلىق باسقان پۈلىلىپپوۋكا كەنتىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئاپپاق قار جەڭدە شېيىت بولغان جەڭچىلەرنى كۆمۈپ تاشلىغان، قارا قاغىلار ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىدە ئەگىپ يۈرىشەتتى بۇ جەڭچىلەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ داداممۇ بار....

ــ ئاھ! ياق ــ دەپ ۋاقىراپ سالدىم.

مەن مېڭىپ بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەنـدە، ئېسىمگە بىر نەرسە كەلگەندەك بولدى ـ دە، قەدىمىمنى توختىتىپ، ”تاك ـ تاك“ قىلىپ ئىشىكنى چەكتىم. ئىشىك ئېچىلدى، قىرو باغلاپ كەتكەن كىرپىك ـ لىرىم ئارىسىدىن ئۇنۇتۇلمىغان سۇسانا ... لىرىم ئارىسىدىن ئۇنۇئىرىستىنىڭ دوستۇم سۇسانىنى چالا ـ بۇلا كۆرەلىدىم.

سۇسانا ئېگىز بويلۇق، زىلۋا قىز بولۇپ، ئۇنىڭ ياغاق يۈزىدە گۆش يوق ئىدى، قاپقارا چېچىنى ئارقىسىغا تۇپ ـ تۈز قىلىپ تارى ـ ۋالغان ئىدى، ئۇ كۆكۈش يوغان كۆزلىرى بىلەن ھاڭ ـ تاڭ قالغان ھالدا ماڭا سەپسىلىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

سۇسانا ئورۇق ئۇزۇن قوللىرىنى ماڭا سوزۇپ بىرقەدەم ئالدىغا ماڭدى. مەن ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ كىرگەن سوغاق ھاۋا بىلەن قوشۇلۇپلا ئۇنىڭغا ئېتىلدىم، ئۇنىڭ ئاجىز بەدىنىگە ئۆزەمنى مەھكەم چاپلاپ تۇرۇپ، ئاران تەسلىكتە بىر ئېغىز گەپ قىلالىدىم:

ــ ئۆلگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش......كەپتۇ!

بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىمۇ

مۇشۇنداق ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغان ئىكەن.

سۇسانىنا بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بېشىڭدىكى ياغلىق قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ۋاي تاك، بىلمىدىم، - دەپ جاۋاپ بەردىم - دە، چۈۋۈلۈپ كەتكەن ھۆل چاچلىرىمنى سىلىدىم، — ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايمەن.

— ئاناڭ قانداقراق؟

— ئاناممۇ؟ — ئۇنىڭدىن ياندۇرۇپ سورىدىم.

— ئاناڭ خەۋەر تاپتىمۇ؟ — سۇسانىنا يەنە سورىدى.

— خەۋەر تاپتى، ئۇقۇپلا باشقىچە بولۇپ قالدى: يىغىسى توختاپ قالدى.

— سەن ئاناڭنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چىقتىڭ؟ چاپسان بول، ئىككىمىز دەرھال ئاناڭنىڭ قېشىغا بارايلى، ساراڭدەك ئىش قىپسەن.

سۇسانىنا مەندىن بىرنەچچە ياش چوڭ بولغاچقا، بەزى ئىشلارنى مەندىن ئوبدانراق بىلەتتى.

— بۇنداق چاغدا ئاناڭنى قانداقمۇ يالغۇز تاشلاپ قويغىلى بولىدۇ! — ئۇ ئۆيگە كېتىۋېتىپ يول بويى مېنى ئەيىپلەپ ماڭدى.

كەچ كىرىپ، ھەممە يەرنى تۇن پەردىسى قاپلاپ كەتتى، ئۆتكۈنچى كىشىلەر يېنىمىزدىن غۇۋا كۆرۈنۈپلا تېز - تېز ئۆتۈپ تۇراتتى. زەھەردەك ئاچچىق سوغاق كىشىلەرنى تېز - تېز مېڭىشقا ھەيدەيتتى. ئۇلار يالاڭ كىيىملەرگە چىڭ ئورۇلۇۋېلىپ تېز ماڭاتتىيۇ، بىزگە سەپسېلىپمۇ كېتىشمەيتتى.

بىز ئولتۇرۇشلۇق بىناغا يېتىپ كەلدۇق: ئۇرۇش بىزنى بۇ يەرگە

هەيدەپ كەلگەن ئىدى. بۇ بىنا بىر بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان كىشىلەر بىلەن پەۋەس تولغان ئىدى، ئۇلار ۋولگا دەرياسىنىڭ ئۇ يېقىدىكى شەھەرلەردىن تارقاقلاشتۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى.

سۇسانىنا ئىشكىنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى، ئۆيىمىزدىكى كىچىك تۆمۈر مەشتىن تۈتەكلەپ چىقىۋاتقان تېزەكنىڭ پۇرىغى بىلەن ئۆيدىكى قورۇلغان پىيازنىڭ پۇرىغى كىشىنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇراتتى. سىم كارۋاتتا تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان ئەدىيالغا ئېھتىيات بىلەن ئورالغان نەرسە تۇراتتى، بۇ ئەدىيال ئۆيىمىزدىكى يۇرتىمىزنى ئەسلىتىدىغان بىردىن-بىر نەرسە ئىدى.

ئانام سىرتقا چىقىشقا تەمشىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇ بىر دوختۇرخانىدا سانىتاركا بولۇپ ئىشلەيتتى، بۈگۈن ئۇ نۆۋەتچى ئىكەن. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئانام يەسلىدە تەربىيىچى ئىدى. دوختۇرلۇق مەكتىۋىدىمۇ ئوقۇمىغان، ئەمما ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزلۈكىدىن ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا بېرىپ دوختۇرخانىدا ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

بەلكىم ئانام دادام بىلەن بىللە جەڭ قىلغان يولداشلارغا يېقىنلىشىشنى خالىدىمىكىن، ياكى دوختۇرخانىدا دادام بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئۈمىت قىلدىمىكىن، نەچچە قېتىم دوختۇرخانىدىن ئۇنىڭغا يۆتكەپ قويۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئانام رەت قىلغان ئىدى.

ئانام بىزنى كۆرۈپ بەك خوش بولۇپ كەتتى.

— مەن ئۇنى چوقۇم سىنىڭ قېشىڭغا بارىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم. رەھمەت ساڭا سۇسانىنا، قىزىمنى ئۆيگە ئېپكېلىپ قويغىنىڭغا رەھمەت.

ئانام يۇڭ ئەدىيالنى ئېچىپ، چوڭ بىر كاستىرۇلكىنى ئالدى.

— ئولتۇرۇڭلار، قىزلىرىم، جوزىغا كېلىڭلار. مەن سىلىگە كىچىككىنە سوۋغاتلارنى ئېلىپ قويغان ئىدىم، — دېدى ئانام، گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك. ئانامنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىدىكى لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى.

سوسانىنا بىلەن ئىككىمىز گەپ سۆز قىلماستىن جوزىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. جوزىغا كۆك رەڭلىك كونا چاقماق يالتىراق داستىخان سېلىنغان ئىدى. ئانام ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا لىق بىر چىنىدىن سوۋغاش، بىر پارچىدىن نېپىز كېسىلگەن قارا بولكا قويدى.

بىز قوشۇقنى ئېلىپ قاچىغا سېلىپلا خۇددى بىرسى كاماندا بەرگەندەك تەڭلا يىغلاپ تاشلىدۇق. ئانام بىزنى چىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا تاڭدى.

ئەمدى ئۈچىلىمىز يىغلاشقا باشلىدۇق. ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان بولساقمۇ، يۈرەك-باغرىمىز ئېزىلىپ، ئازاپتىن پۈتۈن بەدىنىمىز تىترەۋاتاتتى.

ئاخىر ئانام يىغىسىنى توختىتىپ، قەتئىيلىك بىلەن:

— بولدى قىلىڭلا، باللىرىم. سەۋرى قىلىڭلار! سوسانىنا، سەن خالىساڭ مۇشۇ يەردە قونۇپ قالغىن، مەن كەچلىك نۆۋەتچىلىككە بارىمەن، — دېدى.

— سىزنىڭ ئورنىڭىزغا مەن بارايمۇ يا بولمىسا؟ — دېدى سوسانىنا.

— ياق، قىزىم، كېرەك يوق! دوختۇرخانىغا بارسام ئوڭشىلىپ قالارمەن.

ئانام سوغاقسۇدا يۈزىنى يۇدى، بىزنىمۇ يۈزلىرىمىزنى يۇيۇڭلا دەپ قويۇپ، پۇتىغا قېلىن يۇڭ پايپىقىنى كىيىپ، كونا پىمىسىنى

ساپتى، دوختۇرخانىدىن بەرگەن ھەربىچە پاختىلىق جىلتىكىسىنى كىيدى ـ دە، دوختۇرخانىغا ماڭدى.

...شۇنىڭدىن كېيىن، تالاي ـ تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، كېيىن شۇ كۈننى ئانام زادىلا ئاغزىغا ئېلىپ باقمىدى. ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئانامنىڭ دىلى ناھايىتى نازۇك ئىدى، ھېچنىمىدىن ـ ھېچنىمە يوقلا كۆز يېشى قىلاتتى. گويا باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك، شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا كۆز يېشى قىلىپ باقمىدى، پەقەت ھەر يىلى دادام ۋاپات بولغان خاتىرە كۈنىدە ئانام ھەمىشە كوچىغا چىقاتتى، ھەربىلەرنى كۆرسىلا ئۇلارغا "كازبىك" تاماكىسىنى تۇتاتتى. ئۇ بۇنى دادامنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قىلاتتى. چۈنكى ھايات ۋاقتىدا دادامنىڭ تاماكا خۇمارى بەك قاتتىق ئىدى ھەمدە پەقەت "كازبىك" تاماكىسىنىلا چېكەتتى.

ئۇرۇشتىن كېيىن، بىز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتەلمىدۇق، ئانام خەت يېزىپ ئىلگىرىكى خوشنىلىرىمىز بىلەنمۇ ئىزدەشمىدى، ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەشنىڭ يوللىرىنىمۇ قىلىپ باقمىدى. ئانام دادامنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنمەيدىغاندەك قىلاتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى بىرسىگىمۇ دېمەيتتى. شۇنداقتىمۇ مەن بۇنى بىرنەچچە قېتىم سېزىپ قالغان ئىدىم، چۈنكى ئانام بەزىدە مەندىن يوشۇرۇن ھالدا رەمچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ رەم سالدۇراتتى، ئۇ چاغدا نۇرغۇن ئاياللار شۇنداق قىلدۇرۇپ باقاتتى.

ئانام بىلەن ئىككىمىز ئايرىلماي بىر بىرىمىزگە باشپانا بولۇپ ياشايتتۇق. كېيىن مەن توي قىلدىم. ئائىلىمىزدە جان سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئانام ئەتىدىن كەچكىچە نەۋرىلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئىدى.

ۋاقىت گويا ئاتقان ئوقتەك، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە نەچچە 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى...ھەممىمىز قېرىپ قالدۇق. دادام ھايات بولغان بولسا، دادام بىلەن ئانامنىڭ ئالتۇن تويىنى تەبرىكلىگەن بولاتتۇق-دە! مېنىڭ بالىلىرىممۇ چوڭ بولۇپ قالدى، مەنمۇ نەۋرە كۆردۈم، ئانام چەۋرە كۆردى.

بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەممىمىز ئادەتتىكى كۈندىكىدەك ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بىلەن بولدۇق. تېلېۋىزوردا دوخۇي ئوركېستىر قەدىمقى مارش بىلەن ۋالسقا چېلىۋاتاتتى. ئانام سافادا ئولتۇرۇپ، مۇزىكىنىڭ رىتىمى بويىچە ئىككى تەرەپكە يېنىك تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى.

ئانام بىلەن دادام بىللە ياشىغان يىللاردا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى دوخۇي ئوركېستىر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. مەيلى تۆەندە بولسۇن، ياكى لۈ، جۇندە بولسۇن، ھېچقانداق ئىش چوڭ دوخۇي ئوركېستىرسىز بولمايتتى.

بىرقانچە يىلنىڭ بۇياغى ئانام بەكلا ياداپ، مۈكچىيىپلا كەتتى. ئۇرۇش، كېسەللىك ۋە يىللار رەھىمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئانامدا يەنىلا ھاياتلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

چىلتەك توقۇيدىغان كىچىككىنە ئىلغا ئانامنىڭ قولىدا توختىماي ھەركەتلىنەتتى. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئانام نۇرغۇن ئۇششاق دۈگىلەكلەرنى توقۇپ بولدى، كېيىن بۇ دۈگىلەكلەر چېتىلىپ چوڭ داستان قىلىناتتى. ئانام قىلالايدىغان بىردىن-بىر ئىش مۇشۇ بولسا كېرەك.

تېلېۋىزوردىكى نومۇرلار تۈگىدى. مەن ئۈنئالغۇنى ئاچتىم، ئۆيدە كىشىنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىدىغان ناخشا ساداسى ياڭرىدى:

ھەممە ئۆتمۈش بوپ كەتتى دىسەم، ئىشەنمىگىن بۇ گەپلەرگە سەن.
ئىللىق بەخش ئېتسەن ماڭا، مىنىڭ بارار ماكانىم سەن سەن.

بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ بولۇپلا ئانام قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، ھاسىسىنى تايىنىپ ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان ئۆيىگە ماڭدى. مەن پەقەت ئۇنىڭ ئۆزى ئۆزىگە: ئايال كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى دەپ تارتىدىغان دەردى ئەر كىشىنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ” دىگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

مەن بۇ گەپتىن ئانامنىڭ ھاياجانلانغىنىنى سەزدىم. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ كۈي يەنىلا ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىنى قوزغىغان ئىدى...

گەپ-سۆزلەر ئانامنىڭ خاتىرىلىرىنى قوزغاپلا قالماي، مۇزىكا، ناخشا ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ يىپىقلىق كۆڭۈل پەردىسىنى ئاچقان ئىدى.

ئانامنىڭ كەم سۆز بولۇپ كەتكىنىنى چۈشەنمىگەنلىكىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەمىشە دادامنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدۇ دەپ ئانامنى ئەيىپلىگەنلىكىم ئۇچۇن، مەن ئىختىيارسىز، ئۆزەمنى ئەيىپلەپ كەتتىم.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ 40 ياشتىلا تۇل قېلىش ئاسان ئىش ئەمەستە... بىر ئادەم 75 ياشقا كىرەي دەپ قالغاندا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشنى خالىمايدۇ ئەلۋەتتە، ئۇنى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ ئېيتمايدۇ. دۇرۇس، كۆڭۈلدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرگە دەپ يۈرۈش ھاجەتمۇ؟ ھەر بىر كىشىنىڭ كۆڭۈل قېتىغا قانچىلىك مېھىر-مۇھەببەت، ئۆتكەن ئىشلارغا بولغان قانچىلىك ئەسلىمىلەر يوشۇرۇنغان-ھە، بۇلار كېيىنچە تەنىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ، ئەبەدىل-ئەبەت كىشىلەرگە نامەلۇم بولۇپ

قىلىۋېرىدۇ.

ئانام ئۆزىگە تەۋە بولغان ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئۆز خاتىرىسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە قەدىرلەپ ساقلاپ، ئۆزىنىڭ قالغان يېشىنى ياشىدى.

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ
1985 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھۆرنىسا ماموت.**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**

## سىزنى چۈشىنىمەن

— سىدى، سىزنىڭ مەن بىلەن تونۇشقىنىڭىزغا 10 يىل بولدىغۇ دەيمەن!

— شۇنداق دوستۇم، 10 يىل بولدى.

— سىز مېنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىسىزغۇ دەيمەن!

— شۇنداق، ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن.

— ئۇنداق بولسا ماڭا 100 روبلى قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز قانداق؟

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— مەن سىزنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن ـ دە!

www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى مۈشتەك

ئىلىيا ئېرېنبورگ

مېنىڭ ھەممە مۈشتەكلىرىم ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
مۈشتىكىم ئون ئۈچىنچى مۈشتەك ئىدى، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى
كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا قىلىدىغان بىر خىل تۇس ئالغان بولۇپ، كىشىلەر-
نىڭ مەسخىرىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئامال
قانچە، ئۆزەممۇ نازۇك دىل ئادەممەن، يەنە كېلىپ بۇنى ئار-نومۇس
كۆرمەيمەن. مەن قايغۇ بىلەن خۇشاللىقنى، ئايرىلىش بىلەن قوشۇ-
لۇشنى ياخشى كۆرىمەن، كىنو ئېلانلىرىنىڭ تاختىسىغا سىزىلغان ئىسسىق
قاننى ۋە ئۆمۈرگىيانى ياخشى كۆرىمەن. مەن مۇھەببەتنىڭ رىۋايەتلەردە
ئېيتىلغان ئەۋلىيالارنىڭ بىر جۈپ كۆز قارىچۇغى ئىچىدىلا ئەمەس،
بەلكى يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇر-تېپەكلىرىگە
ئۇچرايدىغان قېرى ئىتنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆز چانىقىدىمۇ
بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

1909-يىلى مەن پارىژنىڭ تىمتاس كوچىلىرىدىن بولغان ئالې-
كىيا كوچىسىدا ئولتۇراقلىق ئىدىم، چوڭ چارۋىچىلىق سودا-سانا-
ئەتچىسى — ۋىۋار ئەپەندى مېنىڭ خوشنام بولۇپ، ئۇنىڭ ماركو
خانىم دەيدىغان ياش خوتۇنى بار ئىدى. ۋىۋار ئەپەندى ئۆز
ئىشىغا بېرىلەتتى، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋېرۇيىرال كوچىسىنىڭ يېنى-

دىكى قوشخانىغا باراتتى. ئۇ ئاشۇ يەردە قاسساپلارنىڭ ماللارنى قانداق سويىدىغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى، رەسمىي قىزىقىش بىلەن كۆرەتتى ۋە ھە دەپ يۈك-تېرە ۋە گۆشنىڭ سۈپىتىنى ماي بىلەن قاننىڭ باھاسىنى باھالاپ چىقاتتى. بولۇپمۇ چوشقا بوغۇزلىغاننى كۆرۈشكە قىزىقاتتى، چوشقا بىر پىچاق بىلەنلا ئۆلمەيدۇ، ئۇنىڭ كۆكرىگىدىكى قان پۈتۈنلەي چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاستا-ئاستا جان ئۈزىدۇ. ۋىۋار ئەپەندى ئىسسىق ۋە قويۇق قان ئېقىمىغا قارايتتى، بۇ خۇددى ئۇنىڭ قويۇقلۇق مىقدارى بىلەن سۈپەت ئۆلچىمىنى ئۆلچەپ، ئۇچىيىگە قانچىلىك قان قۇيغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇچەي سودىگەرلىرىنىڭ ھەر بىر سوغا قان ئۇچۇن ئۆزىگە قانچىلىك ھەق تۆلەيدىغانلىقىنى ھىساپلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بەزى چاغلاردا ۋىۋار ئەپەندى ئۆزىنىڭ ھاۋارەڭ يېڭىنىڭ ئۇچىغا چوشقا قېنى ياكى كالا قېنىنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقتىن، بۇ قان ئىزلىرى تېگىش بىلەن قۇرۇشۇپ، تال-تال قارا داغلارغا ئايلىنىپ قالاتتى. ۋىۋار ئەپەندى ئېسىۋېتىلگەن تىزىق-تىزىق كالا گۆشلىرى ۋە چوشقا گۆشلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، پۇلىنى يىغىشتۇرۇپ ئالاتتىدە، ۋېرۇيرال كوچىسىدىكى بىر مېھمانخانىغا كىرىپ، ئاشۇ يەردە بىر ۋاقلىق تويغىچە سېمىز گۆش يەيتتى. مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى ۋىۋار ئەپەندىنىڭ نىمىنى كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا، ئۇنىڭغا دەرھال يوغان بىر تەخسە مايلىق بىر نەرسە ئېپچىقىپ بېرەتتى. ئۇ چىشلەپ-تارتىپ، خېلى بىر ۋاقىتقىچە يەيتتى. ئاندىن كۈچلۈك نومان ھارىغى بىلەن ئاغزىنى چايقاپ، ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قايتاتتى. مارگو ھەر كۈنى ئۆيدە ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ۋىۋار ئەپەندى بولسا، كىچىك باللارغا ئوخشاش،

قاراڭغۇ چۈشمەستىنلا يوتقىنىغا كىرىپ ئۇخلايتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن چوشقا قېنى بىلەن كالا مېيىنىڭ پۇرىقى پۇرقۇپ تۇراتتى. گوياكى لوق-لوق كالا گۆشلىرىنى ياكى چوشقا گۆشلىرىنى باھالاۋاتقاندەك، ماركونى يېنىغا تارتىپ سۆيەتتى ھەم ئەركىلىتەتتى، ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى سىقىپ قوياتتى. يەنە ھە دەپ يوتىلىرىغا شاپاشلايتتى، ئۇ ياتقان ھامان خورەك تارتىشقا باشلايتتى-دە، پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كېتەتتى.

ئۇ تاڭ ئېتىشىغا ئاز قالغاندىمۇ، جۆيلۈپ چىشلىرىنى كاراسلاتقىنىچە ئۇخلاپ يېتىۋېرەتتى.

ماركو زىلۋا بويلۇق، مىجەزى جىمغۇر ئايال ئىدى. ۋىۋار ئەپەندىنىڭ ئەركىلىتىش ئۇسۇلى ئۇنى چۆچۈتۈپ قويىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قاننىڭ پۇرىقى ئۇنى يىرگەندۈرىدىغان بولدى. ئۇ ئېرى بىلەن شامالىجانىكا ماگىزىنىغا كۆرگەزمىگە قويۇلغان ئەتىيازلىق كىيىم-كېچەك نۇسخىلىرى ھەققىدىمۇ سۆزلەشمەيتتى، شۇنداقلا ئۆي ئىگىسى بولغۇچى خانىمنىڭ ئىشقى-مۇھەببەت ۋە نازاكەتلىك ئىشلىرى توغرىسىدىمۇ پاراڭلاشمايتتى، ھەتتا ھاۋانىڭ ياخشى-يامان بولغانلىقى ھەققىدە سۆزلەشكەندىمۇ گېپى بىر يەردىن چىقمايتتى. ۋىۋار يۇقۇرىدەك ئىشلارغا ساپلا كەسپچىلىك نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. مەسىلەن، چىرايلىق جىبەك تۇتۇپ ئىشلەنگەن كىيىم نەچچە جىڭ گۆشكە توختايدۇ، دىگەنگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ھېساپلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنىۋى پىكىر ئالماشتۇرۇش دىگەن نەرسە يوق، جىسمانى يېقىنلىشىش بىلەن تەلۋىنى قاندۇرىدۇ دىگەندىن كۆرە، ئۇنى قورقۇنچىغا سالىدۇ دىگەن تۈزۈك ئىدى. ماركو توي قىلىپ ئۈچىنچى يىلىغا ئۆتكەندە، يۈرىگىگە كۆيەك

چۇشۇپ، ئاشنا تۇتۇش كويىغا كىردى. ھەممە ئاياللارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىزدىمەكچى بولغىنى نازاكەتلىك ۋە كۆڭۈلنى ئېرىتىدىغان مۇھەببەت ئىدى. بۇنداق مۇھەببەت خۇددى قىزلار ھوجرىسىدىكى گاھ خىرە، گاھ يورۇق يېنىپ تۇرىدىغان، خىرىلىگىدىن يىگىتلەرنى ئىش قىلدۇرمايدىغان، يورۇقلۇغىدىن يىگىتلەرنى ئۇخلاتمايدىغان چىراققا ئوخشاش مۇھەببەت ئىدى.

دەل مۇشۇنداق پەيتتە، ئىككى ئەر دوست مارگو خانىم بىلەن تونۇشتى. بۇ ئىككىيلەن ئۇنىڭ يۇرتداشى بولۇپ، يېقىندىلا لىئوندىن كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ بىرسى شائىر كوررى ئالىيوتېت، يەنە بىرسى سولبانوۋ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ژ. رىمەي ئىدى. شائىر خوتۇن-قىزلارنىڭ خەت-چەكلىرىنى، تاتلىق ئۈزۈم ھارىغىنى ۋە قېلىن ژورناللاردىكى ئوبروزلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئوقۇغۇچىنىڭ باشقا بىر ھەۋىسى بار ئىدى: ئۇ يۇمشاق غەرب شاملىنى، تىپ-تىنچ خالى جاينى، كەچقۇرۇنلىرى شەھەر ياقىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتا ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۆزىنىڭ چوڭ قەدەملىرى بىلەن كوچىلارنىڭ ئۇزۇنلۇغىنى ئۆلچەيتتى. كوررى بىلەن رىمەينىڭ ھەۋەسلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق مارگونى كۆرگەندىن كېيىن ئۇژمە كۆڭۈللۈك قىلىشتىن خالى بولالمىدى. شائىر كەچقۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ژورنال كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئوقۇغۇچىمۇ ئۆزىنىڭ جىمجىت، تەنھا ئۆتۈشى كېرەكلىگىنى ئۇنتۇپ قالدى. كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت قانۇنىيىتى بويىچە قانات يېيىشقا باشلىدى. ئىككى پاكقۇش شادا پاچاق يىپتىن-يىڭنىسىغىچە ھىساپلاپ بىر تال پۇلنىمۇ ئوشۇق بەرمەيدىغان بىر ۋىجدانلىك ئايال ئۈچۈن ئاشۇنداق ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىشقا باشلى-

www.uyghurkitap.com

دى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋىۋار ئەپەندى ھاۋارەڭ كۆيىنىگە چوشقا قېنىنى يۇقتۇرۇۋالىدىغان چاغدا، كوررى بىلەن رىسمەي، خۇددى ئىككى ئىتقا ئوخشاش، مارگوغا ئەگىشىپ، شاماللىجانكا ماگىزىنىنى ياكى مۇنسۇرى باغچىسىنى ئايلىنىدىغان بولدى، ئىككىلىسى تۆت كۆزىنى ھىلىقى ئايالدىن بىر مىنۇتمۇ ئۈزمەي، ئۇنىڭ ھەر بىر ئۇششاق ھەركىتىگە سەپسېلىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان ئەۋلىيانىڭ بىر جۈپ سوغاق كۆز قارىچۇغىدا پارقىراپ تۇرىدىغان ئېغىر مۇھەببەت نۇرى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئىتائەتچان ئىت كۆزىدە چاقنىدى.

ۋىۋار ئەپەندى بىر قېتىم توساتتىنلا بۇ ئىككى ياشقا يولۇقۇپ قالدى، ئۇ ئۇلارغا سەپسېلىپ بىر ئىككى قېتىم قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككى بىرنىمە جىڭغا ئولتۇرمايدىغان بىر پاخلان ئىدى. ئۇ، بۇ ئىككىلىسى قوشۇلۇپ، ماغدۇرۇم ئۈزۈلگەندە كەلسىمۇ، بۇلارغا يالغۇز ئۆزەم تېتىمەنغۇ، دەپ ئويلىدى، شۇڭا، ئۇ قىلچە كۆندەشلىك قىلمىدى، ئەكسىچە، بۇ ئىككى ياش (بۇلارنىڭ بىرى گېزىتتە بىر نەرسە ئېلان قىلغان، يەنە بىرى دۆۋى شەھىرىنىڭ باشلىغىنىڭ جىيەن ئوغلى ئىدى)نىڭ يوقلاپ بېرىشى ۋىۋار ئەپەندىنىڭ ماختانچاقلىغىغا ئانچە-مۇنچە مەدەت بولدى.

كوررى ئانىسىدىن تاپشۇرۇۋالغان پۇللارنى مارگوغا ئاتاپ گۈل سېتىۋېلىش، تاتلىق ئۈزۈم ھارىغى ئىچىش ۋە باغرى قاتتىق تەنقىتچىلەر ئۈچۈن خەجلەپ تۈگەتتى، شۇڭا ئۇ تاماق يەيدىغان مېھمانخانىنىڭ دىرېكتورى بىلەن ئۆزى ياتقان ياتاقتا قارايدىغان ئىشلىك باققۇچى خوتۇن ئۇنى پۇل ئۇستىدە قىينايدىغان بولدى. ئۇ ۋىۋار ئەپەندىنىڭ قولى ئوچۇق ئىكەنلىگىنى بىلەتتى. شۇڭا، پۇلغا

قىسىلغاندا، بۇ چارۋىچىلىق سودا-سانائەتچىسىدىن مىڭ فرانك ئۆتنە ئالدى ۋە كېيىنكىسىگە بىر پارچە تىل خەت يېزىپ بەردى.

كوررى گېزىتتىن بىر قېتىم شائىر ۋىليامنىڭ مۇشتەكتە تاماكا چېكىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىر خەۋەرنى ئوقۇدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بۇ خىل مودىنى ئۆگىنىۋېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ دېڭىز تېشىدىن ياسالغان، كەھرىۋا باشلىق بىر كىچىك مۇشتەكنى سېتىۋالدى ۋە مۇشتەكنىڭ كۆمۈش دەستىسىگە ئۆزىنىڭ ئىسىم پەمىلىسىنىڭ قىسقارتىپ يېزىلغان ھەرپلىرىنى ئويۇۋالدى. بۇ خىل مۇشتەكتە چەككەن تاماكا ئۇنىڭ ئاغزىغا تېتىمىدى، كېيىن بىر بەڭگىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە، مۇشتەك بىر مەزگىل تاماكا چېكىپ قاپ-قارا ئىسلاشقاندىن كېيىن ئاندىن تەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدى، كوررىدا نەدىمۇ ئۇنچىلىك سەۋىرچانلىق بولسۇن، ئۇنىڭ مۇشتەكنى ھازىرلا قاپ-قارا قىلىۋەتكۈسى كېپكەتتى. ئۇ قارىداپ كەتكەن مۇشتەكنىڭ دۇكاندىكى ئەينەك پوكەينىڭ ئىچىگە تىزىپ قويۇلغان مۇشتەكتىن كۆپ پەرقلىنىدىغانلىقىنى، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارنىڭ خام-خىيالغا مەپتۇن بولغان ياشلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. ئۇ ئۆزىنى شائىر ۋىليامنىڭ سىرتقى تۇرقىغا ئوخشىتىش ئۈچۈن، بۇ خىل يېقىمسىز پۇراققا ۋاقتىنچە چىدىدى. بۇ چاغدا تەقدىر ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېچىشنىڭ باشقا بىر خىل ئۇسۇلىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ۋىۋار ئەپەندى ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن ھىلىقى ئىككى چوقۇنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن خىرامان يۈرسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئىشلاردا كۆرسىمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سېلىپ يۈرۈشتىن خالىي بولالمىدى. مارگونىڭ يۈرىگىگە كۈيەك ئوتى

چۈشۈپ، ئاشنا ئېپىشقا گىرىشتى (يۇقۇرىدا ئېيتقانغا ئوخشاش)، ھېلىقى ئىككى ياش يۈرتدىشى بولسا، ھەم تەجرىبىسىز، ھەم بەك گۆدەك ئىدى. ئۇلار ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ پۈرىغىنى تېتىغان بولسىمۇ، بىراق بۇنداق مۇھەببەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيتتى، دەل مۇشۇنداق چاغدا، ئەتىياز پەسلى كەلدى. پارىژلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ پەسىلدە يامغۇرلار شارىلداپ، قۇياش نۇرلىرى چاقناپ، ئاشىق-مەشۇقلار ئېپىشىدىغان راسا ياخشى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

بىر قېتىم رىمەي غەمكىن ھالدا، مۇنسۇرى باغچىسىنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى، ئۇ تۇيۇقسىز قاتمۇ-قات يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماركو بىلەن كوررىنى كۆرۈپ قالدى. شائىرنىڭ راسا غەيرەتكە كېلىپ ماركونىڭ مەڭزىگە سۆيگەنلىكىنى كۆردى. ماركو قول كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى، ئاندىن كېيىن قول سومكىسىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ، مۇغەمبىرلىك بىلەن جىلمىيىپ، ئۇنى كوررىگە بەردى. رىمەي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. رىمەي بىرمۇنچە يازغۇچىلارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ئىشلارنى تەسۋىرلىگىنىدە ھۆكۈم قىلىپ ئېيتىدىغىنىغا ئوخشاش، ماركو بىلەن كوررىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنمىدى. ئۇ چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ، مۇنسۇرى باغچىسىنىڭ بۇ گۈللۈك يولىنىڭ ئۇزۇنلۇغىنى ئۆلچەش ھەركىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىچىدە ماركو بىلەن كوررىنىڭ بۇ ئىشى ياخشى بوپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۇزارغانسېرى شەھەر ياقىسىدىكى كەڭ كوچىلارغا، دېڭىزدىن كەلگەن شامالغا ئوخشاش ئۆتۈشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە لىسونغا بارىدىغان پويىزنىڭ ھەر كۈنى

www.uyghurkitap.com

كەچ سائەت سەككىز يېرىمدا ۋوگزالدىن چىقىدىغانلىقىنى، ئەتە كەچتە ئۆزىنىڭ مۇشۇ قېتىملىق پويىزغا ئولتۇرۇپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشى لازىملىقىنى ئويلىدى.

رىمەي دەل مۇشۇنداق ئويلىدى، چۈنكى ئۇ ياش، گۆدەك ئىدى، ئۇ مارگونىڭ ھازىر ئاشنا تاپماقچى بولغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەگەر ئۇ مۇنسۇرى باغچىسىدا يوپۇرماقلار ئارىسىدا ئۇنى سۆيۈۋالغان بولسا، ئۇمۇ ئۇنىڭغا ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ بەرگەن بولاتتى. ئۇ خوتۇن-قىزلارنىڭ نازاكەتلىك، كۆڭۈلنى ئېرىتىدىغان مۇھەببەتكە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بۇ مۇھەببەت خۇددى قىزلارنىڭ ھوجرىسىدىكى گاھ خىرە يورۇق يېنىپ تۇرىدىغان، خىرەلىكىدىن يىگىتلەرنى ئىش قىلدۇرمايدىغان، يورۇقلۇقىدىن يىگىتلەرنى ئۇخلاتمايدىغان چىراققا ئوخشاش مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچتە رىمەي كوررىنى ئۇچراتتى. شائىر ئەسلىدە بەزى كىتاپلاردا تەسۋىرلەنگەن چۈشكۈنلىشىپ مۇھەببەت تورىغا چىرمالغان ئادەملەرگە ئوخشاش، ھەم ناخشا ئېيتىشى، ھەم كۈلۈشى، ھەم ئايناقلاپ ئويىنىشى كېرەك. بىراق، كوررى — قاپىقىنى سېلىپ، چىرايىنى ئاچماي، تىت-تىت بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى سەۋەپسىز ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ دەردىنى رىمەيگە سۆزلەپ بەردى. ئەسلىدە ۋىۋار ئەپەندى مارگونىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەرنى سېزىۋالغان بولۇپ، كوررىدىن ھىلىقى قەرەلى ئالىبۇرۇن توشقان ئۆتنە پۇلنى ئالماقچى بولدى، ئەگەر ئۇ پۇلنى دەرھال قايتۇرمايدىكەن، بۇ ئىشنى خەلقى-ئالەمگە ئاشكارىلايمەن، دەپ تەھدىت سالدى. بۇنداق ماجرا رىمەينىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ بۇنى مۇنسۇرى باغچىسىدىكى يوپۇرماقلار ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

بەختلىك ئۇچرىششقا بولغان هۆرمەتسىزلىك دەپ تونۇدى. رىمەي شائىرغا بىتاقەت بولماسلىقنى نەسىھەت قىلدى، ئۆزىنىڭ دەرھال يولغا چىقىپ لىئونغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا مىلىڭ فرانىڭ تەييارلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خوشلاشتى.

بۇ ئىش 4-ئاينىڭ 21-كۈنى، شەنبە كۈنى كەچ سائەت يەتتىدە يۈز بەردى. يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن تۆت ئەتراپىدا، رىمەي ئالبكيا كوچىسىغا بېرىپ، ماركو بىلەن خوشلاشماقچى بولىدى، ئۇ ماركونىڭ تۈنۈگۈن كەچتە يەنى شەنبە كۈنى كەچتە ئاللىقاچان يولغا چىقىپ مەيدۇنغا كەتكەنلىكىنى، كىچىك ئاپىسىنىڭ ئاشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرماقچى بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىشىك باققۇچى ئايالىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، رىمەي ۋېرلېن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئون مىنۇت ئۆتمەيلا رەڭگى-روھى تاتىرىپ، ئۆيدىن قايتىپ چىققان ئىمىش.

ۋېرلېن خانىم دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە پارىژغا قايتىپ كەلدى، شۇ كۈنلۈك «ۋەتەن گېزىتى» (ئۇ ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە نەشىر قىلىنىدۇ)گە "ئالبكيا كوچىسىدا يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق قاتىللىق ئەنزىسى"نىڭ تەپسىلى ئەھۋالى پۈتۈنلەي دىگۇدەك بېسىلغان ئىدى. چارۋىچىلىق سودا-سانائەتچىسى ۋېرلېننى كارۋىتىدا ياتقاندا بىراۋ كىرىپ قىلغىراق بىلەن بوغۇزلىۋەتكەن. بۇ ئەنزىنى تەكشۈرگەن مۇخبىر: "ئۆلتۈرۈشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۆلگۈچىنىڭ قېنى كۆپ ئېقىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، جەسەتنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك قانغا بويۇلۇپ كەتكەن" دەپ بايان قىلغان. كەچقۇرۇن بىرسى ماركوغا گۈلچەمبىرەك سۇنۇپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئاق ئەتىر گۈللەر قادالغان بولۇپ، ئۈستىدىكى قىزىل تاۋار باقىدا: "شەھەرلىك

قۇشخانىدىكى كۆپچىلىكتىن ماتەم تۇتىمىز.“ دىگەن خەت يېزىلغان.

ماركو ۋىۋار ئەپەندىنىڭ كېلەڭسىز تېنىنىڭ بۇ قېتىم چوشقا قېنى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا، كورىرى ئۈچۈن قاتتىق بىر تەرلىدى. ئۇ ئاشۇ قېتىمقى مۇنسۇرى باغچىسىدىكى يوپۇرماقلار ئارىسىدا بولغان ئىشنى ئەسلەشكە باشلىدى، ئۇ چاغدا كورىرى ماركونىڭ بىلىگىنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە كۆك ئىزنىڭ بارلىقىنى (بۇ، مۇشۇ چارۋىچىلىق سودا ـ سانائەتچىسىنىڭ ئەر ـ خوتۇن بىر يەردە ياتقان چېغىدا قېپقالغان نەرسە ئىدى) كۆرۈپ: ”ئەگەر ئۇ، سىزگە يەنە قول تەككۈزىدىغان بولسا، مەن ئۇنى چوشقىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋېتىمەن...“ دىگەن سۆزنى قىلغان ئىدى.

ئۇ كورىرىنىڭ قاتتىق كۈندەشلىك قىياپىتىنى، كېچىدىكى ئاددى قىسقا سۆھبەتنى ئېنىق تەسەۋۇر قىلالىدى، ئاشۇ پىچاقنى ۋە ئۇنىڭ قاتىللىق قىلغاندىن كېيىنكى كۆڭلىنىڭ بىر ئىشتىن زېرىككەن قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇنىڭ بۇ ئوينىشى دار ئاستىغا چىقىدىغان بولدى. ئاجىز، ئورۇق كەلگەن ماركوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ زەربە راستتىن ئېغىر بولدى. شۇڭلاشقا ئاق ئەتىر گۈللۈك گۈلچەمبىرەكنى سۇنۇپ كەلگەن ئادەملەر ئۇنىڭ يىغلىغىنىدىن ئىككى كۆزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قىلچە ئەجەبلەنمىدى.

تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىش ئىدارىسى ”بۆرى بۆرۈن“ دەپ نام ئالغان پارىژدىكى ئەڭ ئۇستا پايلاقچىنىڭ بىرى كاستىن. فىللىپ ئەپەندىنى ئالېكىيا كوچىسىغا كېلىپ ئەنزە ئىشلەشكە ئەۋەتتى. بۆرى بۆرۈن ھەممە ئۆيلەرنى ئىنچىكىلەپ كۆزدىن كەچۈردى، ساقچىلارنىڭ ۋە ماركونىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىكى نەرسىلەرگە تېگىشكە رۇخسەت

قىلمىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇستىدە قاتىلنىڭ بارماق ئىزى قېپقالارمىش. ئۇ ئەرەنچە شىمنىڭ بىر دانە تۈگمىسى بىلەن بىرنەچچە پارچە ئەپلىسۇن شۆپىگىنى تېرىۋالدى، ئاندىن كېيىن ئا كونان دويلىنىڭ رازۋېتكا رومانىدا يېزىلغىنىغا ئوخشاش، ئەمكىن چىرايى بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ ئىككى ئالقىنىنى بىر يەرگە يىغسا، ھەقىقەتەن ھىلىقى ھەر خىل ئاۋاز چىقىرىدىغان ھولمىسقا ئوخشاپ قالاتتى.

بۆرى بۇرۇن ئۆلگۈچىنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدى-كەينى زىددىيەتلىك بولغان چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ، كوررىنى دەرھال تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى، چۈنكى، ئۇرغۇن كىشىلەر بۇ ئادەمنى مارگونىڭ ئاشنىسى، دەيتتى. شائىرنىڭ سوراق قىلىنىۋاتقان ۋاقتىدىكى پوزىتسىيىسى ئىنتايىن تەمكىن بولدى. ئۇنىڭ مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىشتىكى راستچىللىغى ۋە ئەستايىدىللىقلىغى ھەممە پايلاقچىلارغا ياخشى تەسىرات قالدۇردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋىۋار خانىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ساپ، نورمال بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا چۈشەندۈردى، لېكىن بىر سوئالغا جاۋاپ بەرگەن چاغدا دۇدۇقلاپ قالدى ھەمدە يۈزى ۋە قۇلاقلىرى قىزىرىپ، دەرھال ئىنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى. بۇ: شەنبە كۈنى كېچىسىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۇ قەيەردە ئۆتكۈزدىڭىز؟ دېگەن سوئال ئىدى. ئەڭ ئاخىرى بۆرى بۇرۇن مۇنداق ئېغىزچە ئىقرارنى سوراق قىلىپ چىقاردى: كوررى. ئالىيوتېت شەنبە كۈنى كەچتە گاج تىياتىرخانىسىنىڭ ئايال ناخشىچىسى ليوبىس. مېلدۇنىڭ قېشىغا بارغان ھەمدە ئۇنىڭ قېشىدا تاكى ئىككىنچى كۈنى چۈشكىچە بولغان، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سالجى مېھماند-

www.uyghurkitap.com

خانىسغا بېرىپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلغان. لىۋسىس. مېلدۇ چاقىرىپ سوراق قىلىنىپ، كوررىنىڭ ئىقرارىنىڭ راست ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. مۇشۇنداق قىلىپ، بىرىنچى خىل تەسەۋۋۇر، يەنى ۋىۋار خانىمنىڭ ئۆينىشى ــ قاتىل، دېگەن تەسەۋۋۇر يوققا چىقتى. دۈشەنبە كۈنى كەچ سائەت ئالتە ئەتىراپىدا، كوررى. ئالىيۇتىپ قويۇپ بېرىلدى.

ئىشىك باققۇچى ئايال رىمەيىنىڭ شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە ۋىۋارنىڭ تۇرار-جايىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى، بىر-ئاز ئۆتكەندىن كېيىن يەنە رەڭگى-رويى ئالاقزادە بولۇپ قايتىپ چىققانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. بۆرى بۇرۇن ئىشىك باققۇچى ئايال ئېيتىپ بەرگەن ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىككىنچى گۇمان قىلىنغۇچىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. رىمەيىنىڭ جاۋابى كوررىنىڭكىدەك توغرا بولۇپ چىقمىدى، ئىككى-ئۈچ ئېغىز گەپ قىلىپلا چاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئاشكارىلىدى. ئوقۇغۇچى شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ۋىۋارنىڭ تۇرار جايىغا كىرگەندە، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سەزگەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن نىمە ئۈچۈن دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلمىغانلىقى، يەنە كېلىپ نىمە ئۈچۈن مۇشۇ قېتىملىق بالا-قازانى ھېچقانداق ئادەمگە سۆزلىمىگەنلىكى سورالغان ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىشكە گەپ تاپالمىدى. ئۇنىڭ شەنبە كۈنى كېچىسىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى قەيەردە ئۆتكۈزگەنلىكى سورالغانلىقىغا كەلسەك، ئۇنىڭ جاۋابىنى ئادەمنىڭ چۈشىنىشى تېخىمۇ تەس بولدى:

ــ مەن بازاردا ئايلىنىپ يۈردۈم...، ــ دېدى.

www.uyghurkitap.com

ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇنى قولغا ئالغان ساقچى رىمەينىڭ تۇرار جايىغا بارغاندا رىمەينىڭ چامدىنىنى كۆتىرىپ، دەل پويىز بىلەن لىئونغا بېرىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ يەنە بىر جىنايەت دەلىلى ئىدى. چۈنكى، ئوقۇغۇچى بۇ قېتىم پارىژدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقۇسى كەلمەيتتى.

بۆرى بۇرۇن رىمەينىڭ ھەممە يېرىنى ئاقتۇرۇشنى بۇيرۇدى، ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ يانچۇقىدا گۇمان قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى: ئاچقۇ، قاپچۇق، مۇشتەك، سەرەڭگە. بىراق مۇشتەك قاچىلانغان يانچۇغىنىڭ ئىچى قانغا بويۇلۇپ داغ بولۇپ قالغان ئىدى. بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تەكشۈرۈش نەتىجىسى يەنى ئۆلگۈچىنىڭ قېنىنىڭ ئىزى دېگەن نەتىجە يەتكۈزۈلدى. رىمەينى ساجىجى تۇرمىسىگە ھەيدەپ ئېلىپ كېتىشتى.

كىشىلەر جىنايەتچىنىڭ ئەخمەقلىقى ۋە تەجرىبىسىنىڭ كەملىكى ئۈستىدە سۆز-چۆچەك قىلىشقان بولسىمۇ، بىراق، بۆرى بۇرۇن ئەكەببۇرلۇق بىلەن كىيىمنى تۈزەشتۈرۈپ، ياقىسىنى توغرىلاپ، ئەينى ھولمېسنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئەنزىنى ئاجايىپ تېزلىك بىلەن بۇغىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىچە كۆرەڭلەپ كەتتى.

ئەتىسى ۋەۋار ئەپەندىنىڭ دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلىشىپلا، ماركو كورى. ئالىيوتېتىنىڭ تۇرار جايىغا باردى. ئۇ ئۆيىگە كىرىپلا يىغلىدى، زاقىرىدى ھەم جېدەل قىلدى. كورى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال ئاڭقىرالماي، ئىككى قولى بىلەن ھە دەپ بايىقى ماھايىتى ياخشى ئوبزور ماقالىلىرى بېسىلغان قىلىن ژورنالنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى. ئەڭ ئاخىرى، ماركو ئىشنى ئېنىق ئېيتتى: ئۇنىڭ

كۆكۆل ئاغرىغىغا كوررىنىڭ ئاينىپ كەتكەنلىكى سەۋەپ بولغان —
ئاشۇ كۆنى چۈشتىن بۇرۇن مۇنسۇرى باغچىسىنىڭ يوپۇرماقلىرى
ئارىسىدا خالىدا ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۇ قاراپ تۇرۇپ بىر سىپىق
ناخشىچى ئايال بىلەن ئىغىز يالىشىپ يۈرگەن.

كوررى ماركوغا، بۇنىڭ ئاساسەن ھىلىقى كۆنى ماركونىڭ مەيدۇن-
دىكى كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەنلىكى سەۋەپ بولغانلىغىنى،
بۇنداق ئىشنىڭ زادى بولۇپ باقمىغانلىغىنى، ئەمدى ئىككىيلەنىنىڭ
پۈتۈن كۆن بىر يەردە بولىدىغانلىغىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنداق سىپىق
ئايالارنىڭ ئارقىسىدا يۈرمەيدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى. ماركو
ئاڭلاپ يىغىسىنى توختاتتى، ئۇ دەرھال ئۇپا-ئەڭلىكلىرىنى سۈرتۈپ،
يەنە خوشاللىنىشقا باشلىدى. بىر پەس مېھرىۋانلىق قىلىشقاندىن
كېيىن، ئۆزئارا قەسەم ئىچىشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئايال
دوستى بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئايالى بولىدىغانلىغى، ئۆمۈر بويى
بىللە ئۆتۈپ، مەڭگۈ ئاينىپ كەتمەيدىغانلىغىنى ئېيتتى. شۇنداق
ئەلۋەتتە، مۇھەببەت ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خۇددى قىزلار
ھوجرىسىدىكى گاھ خىرە، گاھ يورۇق تۇرىدىغان، خىرەلىكىدىن
يىگىتلەرنى ئىش قىلدۇرمايدىغان، يورۇقلۇغىدىن يىگىتلەرنى ئۇخلات-
مايدىغان چىراققا ئوخشاش مۇھەببەت ئىدى.

ماركو كوررى بىلەن خوشلاشقان چاغدا ئۇنىڭدىن تۇيۇقسىز
سوراپ قالدى:

— سىزنىڭ ھىلىقى مۇشتىڭىزچۇ؟...

كوررى ئايالارنىڭ ھەممە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا قىزىقى-
دىغان مىجەزىنى ئەسلىدە نورمال ئىش دەپ تونۇيتتى، بىراق بۇ
قېتىم زادى تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، ئۇ غۇدۇڭشۇپ:

— دوختۇر مېنى مۇشتەكتە تاماكا چېكىشنى چەكلىدى، پاپىروس چېكىشكە ئۆزگەرتتىم، — دەپ جاۋاپ بەردى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ بىر جۈپ بەختلىك ئاشىق-مەشۇق رىمەي توغرىسىدا پاراڭ قىلىشتى.

— بۇ ئەبلەخ ئەزەلدىنلا بىر جىنايەتچىگە ئوخشايتتى، ئۇ ھەرگىز مېنىڭ دوستۇم ئەمەس، — دېدى — كورري.

— سىزنىڭ ھامان توغرا، مېنىڭ مەغرۇر ئارسلانىم، — دېدى مارگو ئېرىنچەكلىك بىلەن پىچىرلاپ، — بۇ ئەبلەخ ماڭا خوشامەتچىلىك قىلاتتى، بىراق، مەن ئالىسبۇرۇنلا ئۇنىڭ بۇزۇق يولدا يۈرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

"ئالېكىيا كوچىسىدىكى قورقۇنچلۇق قاتىللىق ئەنزىسى"گە تېخىچىلا قىزىقىپ تۇرۇۋاتقان گېزىتلەر ۋەۋار خانىم بىلەن كورري ئالىيۇتېت ئەپەندىنى زىيارەت قىلغاندا بولغان سۆھبەت خاتىرىسىنى، بۇ ئىككىيلەننىڭ قاتىل ئۇستىدىكى تەسىراتلىرىنى يەنى ئۇلار ئىككىيلەننىڭ قاتىل ئۇستىدىكى تەسىراتلىرىنى يەنى ئىككىسىنىڭ خۇپىيانە دېيىشكەن گەپلىرىدىكى كۆزقاراشلىرىنى ئېلان قىلدى.

بۇ سۆھبەت خاتىرىسى بېسىلغان گېزىتنىڭ بىر ۋارىقى بىر تەسادىپى پۇرسەتتە ساچە تۇرمىسىگە كىرىپ قېلىنىپ، رىمەينىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغان، توۋا، مەن يەنىلا ئۇنىڭ مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ يەردىكى تەسىراتىنى بايان قىلىپ ئولتۇرمايمەن، بەزى تەسىراتلارنى يەنىلا سۆزلىمىگىنىم ياخشى، خۇددى قەدىمقى زاماندىكى يەھۇدى مۇرتلىرىنىڭ خۇدانى ئېغىزغا ئالماسلىقى، ئىسپانىيىدىكى خوراپاتلىقتا ئىشىنىدىغان كاسكىرىيالىقلارنىڭ ئىلانىنى ئېغىزغا ئالماسلىقى بىلەن ئوخشاش.

سوراق باشلىنىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى، گېزىتلەر بۇ ئەنزىنى "رومانتىك" تۈس ئالغان دەپ ئاتىغانلىقى سەۋەبىدىن، سىرتتىن تىڭشىغۇچى كىشىلەر ناھايىتى كۆپ بولدى، يەنە كېلىپ كۆپىنچىلىرى ئاياللار ئىدى. سوتتا رىمەيىنىڭ پوزىتسىيىسى ئۆتكەندە سوراق قىلىنغان ۋاقىتتىكىسى بىلەن ئوخشاش بولدى: قاتىللىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگىنىنى ئىقرار قىلدى، بىراق ئۆزىنىمۇ ئاقلىمىدى، پەقەت قىلچە ئەھمىيىتى بولمىغان مۇنداق ئىككى ئېغىز سۆزنى تەكرارلىدى:

— ياق، بىلمەيمەن... دىمەيمەن...

ئاڭلىغۇچى سۆزگە چىققاندا بىر ۋەقە يۈز بېرىپ، سىرتتىن ئاڭلىغۇچى ئاياللارنى بىردەم پاتىپاراق قىلىۋەتتى. ياش ئادۋوكات دەسلەۋىدە ۋىۋارنى ئۆلتۈرگەنلەر بىر تۈركۈم نامەلۇم باندىتلار ئىكەن، دەپ قارىغان ئىدى، بىراق، بۇ پەرەزنىڭ ئاساسى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى سېزىپ، يەنە باشقا بىر پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدى، يەنى رىمەي قاتىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرگىنى ئۆزى سۆيگەن بىر ئايالنىڭ ئېرى ئىكەن، شۇڭا، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك، دىگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئادۋوكاتنىڭ سۆزى تۈگەر-تۈگىمەيلا، سەكرەپ چىقىپ ۋاقىرىدى:

— ماقۇل، مەن ۋىۋارنى ئۆلتۈرگەن بولاي، بىراق، مېنىڭ كۆزلىگىنىم پۇل-دە. بۇ ئىشقا ۋىۋار خانىمنى چاتماڭلار!

بۇ سۆز پەقەت بۇ رومانتىك قاتىلنى كۆرۈشكە كەلگەن ئاغىچا-خىنىملارنى ئۈمىتسىزلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئادۋوكاتنىڭ سۆزى بىلەن يۇمشاپ قالغان سۇدىيەلەرنىڭمۇ ئاچچىغىنى كەلتۈردى. ئەمما بەختكە يارىشا، بۇ ياش گېپى ئېقىپ قالدى بولغاي، سوت مەھكىمىسى رىمەيىنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلدى، يەنى ئۇنى

ئۆمۈر بويى ئېغىر ئەمگەككە ھۆكۈم قىلدى.

رىمەينىڭ ماتېماتىكا پاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسىلىق ھاياتى ئاياقلاشتى، باشقا بىر ھايات يەنى نەنتا ئېغىر ئەمگەك تۈرمىسىدىكى ”348“ نومۇرلۇق جىنايەتچىلىك ھاياتى باشلاندى. ”348“ نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئەسلەش كۈچىدىن مەھرۇم قىلىنمىغاندىن باشقا (ئۇ چاغدا كىشىلەر تېخى ئەسلەش كۈچىدىن مەھرۇم قىلالايدىغان ھەر خىل تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى بىلمەيتتى)، ئۆزىنىڭ ئاختۇرۇلغان نەرسە-كېرەكلىرى ئىچىدىن دېڭىز تېشىدىن ياسالغان بايىقى كىچىك مۇشتىگىنى ئوغۇرلۇقچە ئېپقالغان ئىدى.

”348“ نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ كىيگىنى يوللۇق-يوللۇق، غەلتە-غارايىپ ئۇزۇن كىيىم ئىدى. بۇ كىيىمنىڭ ئۈستىدە ئون سەككىز قارايول بىلەن ئون يەتتە ئاق يول بار ئىدى. ”348“ نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ قىلىدىغان ئىشى يىكەندىن قاپ توقۇش ئىدى، ئۇ ئون قاپنى توقۇپ بولغان چاغدا، ئۇنىڭ يەنە مۇشۇ قاپلارنى بۇزۇۋېتىشىگە توغرا كېلەتتى، ئاندىن كېيىن قايتا توقۇيتتى — گۈندىپاي مۇشۇنداق بۇيرۇغان ئىدى. ئۇ بىر دۆۋە يىكەن بىلەن مىڭلىغان قاپنى توقۇپ، يەنە مىڭلىغان قاپنى بۇزدى. ”348“ نومۇرلۇق جىنايەتچى بەزى چاغلاردا تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان، دەرىزە-پەنجىرىسىز تۈرمە ھويلىسى ئىچىدە شامالدايتتى. ئۇ ھويلىدا ئالدى-كەينىگە مېڭىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئالدى-كەينىدە يەنە باشقا نومۇرلۇق جىنايەتچىلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى، بىراق، ”348“ نومۇرلۇق جىنايەتچى ئۇلارنى تونۇمايتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئالدى بىلەن ئوڭدىن سولغا قاراپ ئون سەككىز قېتىم ئايلىناتتى، ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپ سولدىن ئوڭغا قاراپ ئون سەككىز قېتىم ئايلىناتتى. بىر يىلدا ئۈچيۈز ئاتمىش



www.uyghurkitap.com

بەش كېچە ـ كۈندۈز بولۇپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە يىگىرمە تۆت سائەت بولىدۇ. "348" نومۇرلۇق جىنايەتچى نەنتا ئېغىر ئەمگەك تۈرمىسىدە 11 يىل 4 ئاينى ئۆتكۈزدى.

تۈرمە جىسەكچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا "348" نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ تۈرمە قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىش ئىپادىسى ياخشى بولدى، دېيىشتى. لېكىن ئۇلار "348" نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ تېخى ناھايىتى بەختلىك ئىكەنلىكىنى، بۇنداق بەخت ھىسسىياتى بولغان ئادەمنى ئېغىر ئەمگەك تۈرمىسىدە كۆرمەك تەس بولۇپلا قالماي، ھەتتا تەلەي-لىك باللار شەھىرى پارىژدىمۇ كۆپ ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى. "348" نومۇرلۇق جىنايەتچى تۈرمىدىمۇ ئاۋالقىدەكلا ھىلىقى جىمجىت، تەنها تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم دېڭىز شامىلى يۈزىنى سىيلاپ ئۆتسە خوش بولىدىغان ئادىتىنى يوقاتمىغان ئىدى. "348" نومۇرلۇق جىنا-يەتچى ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇغى ۋە كۈچىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە باشقا بىر ئىشنى ــ ئۆتۈپ كەتكەن يىللاردىكى خوشاللىقلىرىنى: مارگونىڭ مۇنسۇرى باغچىسىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى جىلمىشلىرىنى، باشقا كىشىنىڭ مۇھەببىتىنى بىلەتتى. بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن، تۈرمىنىڭ بۇ يۇمۇلاق ھويلىسىنى توختىماستىن ئايلىنىپ ئۆلچەپ چىقاتتى، ئۇ بۇ مۇھەببەت ئۈچۈن، بايىقى تۈگۈمەس يىكەن قاپلىرىنى توقۇيتتى. رىمەي ("348" نومۇرلۇق جىنايەتچى مۇشۇ ئېتى بىلەنمۇ چاقىرىلغان ئىدى) مارگوغا كۆيگەن ئىدى. مارگو كوررىنى ياخشى كۆرەتتى. رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان ھىلىقى كۆز قارىچۇغى مۇزدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئەۋلىيانىڭ كۆزىدىكى دەھشەتلىك نۇرلار بىلەن كوررىنى چېقىپ ئۆلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. ۋاھالەنكى، "348" نومۇرلۇق جىنايەتچى مارگونى جان دىلىدىن سۆيەتتى، ئۇ ئىنتىقا ئوخشاش

ئۆزىنىڭ يىرىك تىلى بىلەن ئۆز قولىنى يالىغان ئىدى، ئۇ كۆيگەن، شۇڭا ئۆزىنى بەختلىك ھىس قىلدى، بۇنداق بەختنى باشقىلار ھىس قىلالمايدۇ.

كىشىلەر ۋاقىتنى رەھىمسىز دېيىشىدۇ، بىراق ۋاقىت ئادەمدىن رەھىمدىل بولىدۇ. ئىيۇننىڭ ياخشى كېچىلىرى بىر بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئاشىق ـ مەشۇقلارنى تاشلاپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇنداق بولسا، كىشىلەر "ئۆمۈرلۈك ئېغىر ئەمگەك" دەپ ئاتىغان ئاي ـ كۈنلەرمۇ ئاياقلىشىدۇ. ئون بىر يىل تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا، "348"نومۇرلۇق جىنايەتچى كېسەل بىلەن يېتىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇ تۆشەكتە يېتىپ، قولىدا مۈشتەكنى تۇتۇپ تۇراتتى، لېكىن، ئۇ تاماكا چېكەلمەيتتى، ئۆزىنىڭ تېز ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ھىس قىلدى. مۈشتەك نەپىس، كۆركەم ئىدى، بىراق تاماكا چەككەندە يېقىمسىز تۈيۈلىدىغان مۈشتەك ئەمدى قاپ ـ قارا بولۇپ كېتىپ، تاماكا چەككەندە يېقىملىق تۈيۈلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. "348" نومۇرلۇق جىنايەتچى مۈشتەككە قارىغىنىچە، ئۆزىنىڭ ئۇنى قەيەردىن تېپىۋالغانلىقىنى ئەسلەپ، خوشاللىقىدىن قىپ ـ قىزىل ياتماي كۈلدى. ئۇ جەسەكچىدىن ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن بۇ مۈشتەكنى پارىژدىكى كوررى ئالىيوتېت ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۆزلەپ بولۇپلا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ قايتا ھوشىغا كەلگەن چاغدا، نىمە ئۈچۈن ئۇنچە ھاياجانلىنىپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى، ئۇ مۈشتەكنى قايتا قولغا ئېلىپ، قېتىپ قالغان بارمىقى بىلەن مۈشتەكنىڭ دەستىسىنى تولغىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تاماكا مېيى بىلەن تاماكا كۈلىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن داغلىرى ئاستىدىن "كوررى. ئا" دىگەن ئىككى خەت چىقىپ قالدى. ئۇ جىمجىت بولۇپ قالدى، مارگو دەپ ئىڭراپ

غاندەك قىلدى-دە، ئارقىدىنلا جان ئۈزدى.

ئالىيوتىپت ئەر-خوتۇن ئىككىلىسى تىنىچ ۋە شات-خورام كۈن كەچۈرمەكتە. كورري ئەمدى شېئىر يازمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ قېلىن ژورنالىغا ئوبروز ماقالىلىرى يېزىشقا باشلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھازىر دائىم نۇرغۇن ياش شائىرلارنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. مارگو سەمرىپ كەتتى، دەرۋەقە زىلۋالىغى ئەينى يىللاردىكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار پەرزەنت كۆرمىگەن ئىدى، دەسلەپتە، بالا ياتى-دىغان ئۆي بولمىغانلىغىدىن بولغان ئىدى، كېيىنچە بولسا دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يۈز بەرگەنلىگى سەۋەپ بولدى. كوررىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى ئىتقا ئوخشاش ئىتائەتچانلىق كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ھازىر ھامان خوشاللىغىدىن جېنى يايراپ، كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ بەئەينى قوسىغىغا ناھايىتى ئوبدان يىگەن بىر ئەركەك مۈشۈككە ئوخشاپ قالىدۇ. كوررىنىڭ باشقا ئاشنىسى بار. لېكىن بۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن يەنىلا بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ، ئۇلار خۇددى قىز ھوجرىسى ئىچىدىكى خىرە يېنىپ تۇرغان ئاشۇ چىراققا ئوخشاي-دۇ. ئۇلار "ئالېكىيا كوچىسىدىكى قورقۇنچلۇق قاتىللىق ئەنزىسى" يۈز بەرگەن چاغدىكى قورقۇنچلۇق كۈنلەرنى ئاللىبۇرۇنلا ئۇنتۇپ قالدى. نەتتا تۈرمىسىدىن ئەۋەتىلگەن بىر ئەسكى مۈشتەكنى تاپشۇ-رۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇ ھېچقانداق نەرسىنىمۇ ئەسلىمىدى. توغرا، قارىداپ كەتكەن بۇ مۈشتەكنى ئۆزىنىڭ ئۆتكەندە شائىر ۋىلىيامنىڭ سالاپىتىنى دوراپ تاماكا چەكمەكچى بولغان ھىلىقى مۈشتىگى بىلەن قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن. "348" نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ كەچۈرگەن نۇرغۇن يىللىق جاپالىق تۇرمۇشى بىلەن مۈشۈرى باغچى-سىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىكى تاتلىق سۆيۈشۈشلەرنى قانداقمۇ

تەڭ ئۇرۇنغا قويغىلى بولسۇن. كوررى مۇشتەكنى بىر كۆرۈپلا، ھېچقانداق نەرسىنىمۇ ئەسلىمىدى، ئۇ بىزار بولغان ھالدا قاش-قاپىغىنى تۈرۈپ، مۇشتەكنى بىر چەتكە تاشلىۋەتتى.

"ۋاي ۋۇي، نىمدىگەن پاسكىنا نەرسە بۇ!" دەۋەتتى زىبرەك مارگو ۋە بۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوخشاش قاراشنى بىلدۈردى.

ئەدىبىيات ئوبروزچىسى كوررى. ئالىيوتېت ھەر جۈمە كۈنى كەلگەندە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزەتتى، مەنمۇ بەزىدە بېرىپ قاتنىشىمەن. بىر قېتىم مۇشۇنداق زىياپەتتە، كوررى. ئالىيوتېت ماڭا قېلىن ژورنالدا ئېلان قىلىنغان ئوبروز ماقالىسىنى تەقدىم قىلماستىن، ئەكسىچە "348"نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ قالغان نەرسىسىنى مەندەك بىر مۇشتەك يىغقۇچىنى ياخشى كۆرىدىغان غەلىتە ئادەمگە بەردى. ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەن بۇ مۇشتەكنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئوقۇغۇچى رىمەيىنىڭ ئۆينى قايسى جايدىن تېپىۋالغانلىقىنى بىلىمەن، "348" نومۇرلۇق جىنايەتچىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن نىمە ئۈچۈن كۈچى بىلەن ھىلىقى قارىداپ كېتىپ ماي پارقىراپ تۇرغان دەستىسىنى تولغىۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن. ئۇ ئەۋلىيا ئەمەس، ئادەمدۇر، ئەۋلىيانىڭ بىر جۈپ كۆز قارىچۇغى سوغاق بولىدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ كۆزىدە سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئىتتا ئىپادىلەنگەن ساداقەتمەنلىك چىقىپ تۇراتتى. مەن ھازىر دائىم دىگۈدەك مۇشۇ مۇشتەك بىلەن تاماكا چېكىمەن، باشتىن-ئاياق تەۋرەنمەيدىغان مۇھەببەت بىلەن سۆيۈشنى ئۆگىنىۋالماقچىمەن. بۇنداق سۆيۈش پەقەت تاشلىۋېتىلگەن ئانىلار، يېشىل شەپكە كىيگەن ئىتائەتچان ئەرلەر ۋە كوچىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئىتلاردىلا بولىدۇ. بىچارە "348" نومۇرلۇق

ئېغىر ئەمگەك جىنايەتچىسى، ئۇ بۇنداق مۇھەببەت بىلەن ئاشۇ نۇرغۇن ئەرلەر بىلەن بىللە ياتقان، قىمىر قىلسىمۇ-قىلمىسىمۇ يىغلايدىغان، يىغلاپ بولۇپ دەرھال بۇرنىغا ئۇپا سۈرتىدىغان ماركو ئىسىملىك ئايالنى ياخشى كۆرىدىكەن-دە.

1922 - يىل 6 - ئاي.

(«چەتئەل ھىكايىلىرى» دىگەن خەنزۇچە ژۇرنالىنىڭ 1984 - يىللىق 6 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھەبىبۇللا خوجا.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**

## تاققا چىقىش

تاققا چىقىش مەشقىدە، ئىككى تەنھەرىكەتچىنىڭ بىرسى بىخەستەلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يەنە بىر تەنھەرىكەتچى تۆۋەنگە قاراپ:

— دوستۇم، بىرەر يېرىڭ يارىدار بولمىغاندۇ، — دەپ توۋلاپتۇ.

— ئۇقمايمەن، ھازىر تېخى يېرىم يولدا چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن، يەرگە چۈشكەندە بىر گەپ بولارمىكى، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان تەنھەرىكەتچى.

## تۇرگېنېۋنىڭ نەسرىي شېئىرلىرىدىن

### رەقىپ

مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم ــ ماڭا رەقىپ بولغان ئىدى؛ ئۇ مېنىڭ خىزمەتتىكى، كەسىپىي جەھەتتىكى ياكى مۇھەببەت جەھەتتىكى رەقىبىم ئەمەس ئىدى. شۇغىنىسى، قانداقلىكى ئىش بولمىسۇن، چۈشەنچىمىز ئوخشاش چىقمايتتى، شۇڭا ھەر قېتىم يۈز كۆرۈشكەندە، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايىغى ئۈزۈلمەس بەس ـ مۇنازىرە بولۇپ كېتەتتى.

بىزنىڭ بەس ـ مۇنازىرىمىز ھەممە ئىش ئۈستىدە: سەنئەت، دىن، ئىلىم ـ پەن، ھازىرقى زاماندىكى ۋە كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش، بولۇپمۇ كېلىچەكتىكى تۇرمۇش ئۈستىدە بولاتتى.

ئۇ ئېتىقاتقا ئىگە، قىزغىنلىقى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ماڭا:

ــ سەن ھەممە نەرسىنى مەسخىرە قىلىسەن؛ ئالمادىس مەن سەندىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇ دۇنيادىن سېنى ئىزلەپ كېلىمەن... ئۇ چاغدا، سەن يەنە كۈلەلەمسەن قېنى، بىر كۆرۈپ باقاي! دېدى.

راست دېگەندەك، كېيىنلىكتە، ئۇ مەندىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتتى، ئۇ چاغدا ئۇ خېلىلا ياش ئىدى؛ ئەمما تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى،

ئۇنىڭ ئالدىن ئېيتقان ھېلىقى ۋەھىمىسىنى ئۇنتۇپمۇ قالدىم.

بىر كۈنى ئاخشىمى تۆشەكتە يېتىپ ئۇخلىيالماي قالدىم، ئۇخلىغۇممۇ يوق ئىدى.

ئۆينىڭ ئىچى يورۇقمۇ ئەمەس، قاراڭغۇمۇ ئەمەس ئىدى. مەن ئورنۇمدىن سەل كۆتىرىلىپ، سۇس كۆلىرەڭ غۇۋا كۆرۈنگەن جايغا قاراپ باقتىم.

شۇنىڭ بىلەن، ماڭا تۇيۇقسىزلا ھېلىقى رەقىبىم ئىككى دەرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندەك — ئۈن-تىنسىز، ئېچىنىشلىق ھالدا بېشىنى ئاستا ئىڭاڭلىتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

مەن پەرۋا قىلمىدىم — ھەتتا ھەيرانمۇ قالمىدىم...شۇڭىمىسى، سەل كۆتىرىلىپ، جەينىكىم بىلەن تىرەجەپ تۇردۇم-دە، كۆز ئالدىمدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان ئەرۋاھقا دىققىتىمنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ قارىدىم.

ھېلىقى ئەرۋاھ يەنە ھە دەپ بېشىنى ئىڭاڭلىتىپ تۇراتتى.

— نىمە قىلماقچىسەن؟ — دېدىم مەن ئاخىر بوش ئاۋازدا، — سەن تاماشا كۆرۈپ زاڭلىق قىلىۋاتامسەن ياكى ئەپسۇسلىنىۋاتامسەن؟ نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ — ئاگاھلاندۇرۇۋاتقىنىڭمۇ ياكى ئەيىپلەۋاتقىنىڭمۇ؟... ياكى ئىلگىرى سېنىڭ توغرا قىلمىغانلىقىڭنى چۈشىنىپ قېلىشىمنى ئۈمىت قىلىۋاتامسەن؟ ياكى ھەر ئىككىمىز خاتا قىلغانمىدۇق؟ نىملەرنى ھېس قىلىۋاتىسەن؟ جەھەننەمنىڭ ئازاپلىرىنىمۇ؟ جەننەتنىڭ خوشاللىقىنىمۇ؟ بىرەر ئېغىز گېپىڭ بولسىمۇ دىمەمسەن؟

ئەمما، رەقىبىم ئاۋازىنىمۇ چىقارمىدى — يەنىلا ئىلگىرىكىدەكلا قايغۇلۇق لېكىن يۇۋاشلىق بىلەن بېشىنى ئىڭاڭلىتىپ تۇراتتى، ئاستا-ئاستا ئىڭاڭلىتىپ تۇراتتى.

مەن كۆلۈپ كەتتىم،...ئۇ غايىپ بولدى.

1878 ـ يىل فېۋرال.

## قۇرۇق گەپ

مەن قۇرۇق گەپتىن قورقىمەن، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيمەن؛ لېكىن قۇرۇق گەپتىن قورقۇشمۇ بىر خىل تەكەببۇرلۇق ھېساپلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مۇرەككەپ ھاياتىمىز چەتتىن كەلگەن* مۇشۇ ئىككى سۆز ئوتتۇرىسىدا يەنى تەكەببۇرلۇق ۋە قۇرۇق گەپ ئوتتۇرىسىدا شۇ قەدەر تېزلىمەكتە ۋە تەۋرىمەكتە.

1881 ـ يىل ئىيۇن.

## ياشاش قانۇنى

ــ ئەگەر سەن ئۆز رەقىبىڭنىڭ زىتىغا قاتتىق تېگەي، ھەتتا ئۇنىڭغا ئەلەم قىلاي دىسەڭ، ــ دەيدۇ بىر قېرى مەككار ئەبلەخ ماڭا، ــ ئۆزىڭىزدە بار دەپ ھېساپلىغان كەمچىلىك ۋە يامان ئىللەتلەرنى ئاتاپ ئۇنى ئەيىپلەڭ. ئۆزىڭىزنى دەھشەت غەزەپلەنگەن قىلىپ كۆرسىتىڭ...تازا قاتتىق ئەيىپلەڭ!

بىرىنچىدىن، بۇنداق قىلسىڭىز، باشقىلارنى سىزدە بۇنداق يامان ئىللەتلەر يوق ئىكەن دىگەننى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىسىز.

ئىككىنچىدىن، سىزنىڭ غەزەپلىنىشىڭىزمۇ ـ ھەقىقى بولۇپ قېلىشىمۇ

---

* بۇ يەردە "تەكەببۇرلۇق" فرانسۇزچىدىن؛ قۇرۇق "گەپ" گىرىكچە-دىن كەلگەن دىمەكچى.

مۇمكىن...سىز ئۆزىڭىزنىڭ ۋىجدانى جەھەتتىكى ئەيىپلەشلىرىڭىزدىن پايدىلىنالايسىز.

مەسىلەن، سىز خائىن بولسىڭىز ـــ رەقىبىڭىزنى قىلچە ئىپتىقادى يوق دەپ ئەيىپلەڭ!

مەسىلەن، سىز ماھىيەتتە قۇل بولغان بولسىڭىز، ـــ سىز ئۇنى ئەيىپلەش غەرىزىدە: سەن دىگەن قۇل،... سەن دىگەن مەدىنىي قۇل، ياۋروپاچە قۇل، سوتسىيالىستىك قۇل، دەپ ئېيتىڭ!

ـــ ھەتتا: قۇللىغى يوق قۇل، دىيىشكىمۇ بولىدۇ، ـــ دىدىم مەن.

ـــ شۇنداق دىيىشكىمۇ بولىدۇ، ـــ دىدى مەككار ئۇلاپلا.

1878 ـ يىل فېۋرال.

## دۈشمەن ۋە دوست

مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر مەھبۇس تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ، پۈتى ـ پۈتىغا تەگمىگەن ھالدا جان ـ جەھلى بىلەن يۈگرەپ بارماقتا ئىدى، ...تۇتقۇچىلار ئۇنى ئىز قوغلىشىپلا كېلىشتى.

ئۇ بار كۈچى بىلەن قاچماقتا...ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەنلەر ئارقىدا قالغىلى تۇردى.

لېكىن، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىنى قىرغاقلىرى ئىگىز ھاڭ يار ـ دەك، ھەم تار، ھەم چوڭقۇر بىر دەريا توغرىسىغا تاپ تومتى،... ئۇ سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتى!

چىرىپ كەتكەن نېپىز بىر تاختاي دەريانىڭ ئىككى قېشىنى تۇتاشـ تۇرۇپ تۇراتتى. قاچقۇننىڭ بىر پۇتى تاختايغا ئېلىنىپ بولغان

www.uyghurkitap.com

ئىدى... ئەمما ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بىلەن ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەريا بويىدا پەيدا بولۇپ قالدى!

دۈشمىنى لام-جىم دىمەي قول قوشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇردى؛ دوستى بولسا جىنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىغىنىچە تۇردى:

— ۋاي خۇدايىمەي! نىمە قىلماقچىسەن؟ توختا. ھەي ساراڭ! تاختايىڭ چىرىپ تۆگىشىپ بولغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ دەسسەيدىغانلا بولساڭ، تاختاي سۇنۇپ كېتىدۇ — بىكار ئۆلىسەن!

— لېكىن، ماڭارغا باشقا يول بولمىسا، ...ئۇلار قوغلاپ كېلىۋاتىسا، ئاڭلاۋاتامسەن؟ — دىدى شورپىشانە قاچقۇن ئۈمىتسىزلىك بىلەن يالۋۇرغاندەك قىلىپ، زارلانغاچ تاختايغا چىقتى.

— ئۇنداق قىلىشىڭغا رۇخسەت قىلمايمەن!... ياق، سېنىڭ بۇنداق ئۆلۈپ كېتىشىڭگە يول قويمايمەن. — ئاق نىيەتلىك دوستى ئاشۇنداق ۋاقىرىدى-دە، مەھبۇسنىڭ ئايىغىدىن تاختايىنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى قاچقۇن شىددەتلىك دولقۇنغا موللاقلاپلا چۈشۈپ كېتىپ چۆكۈپ ئۆلدى.

دۈشمىنى قانائەتلەنگەندەك كۈلۈپ قويدى-دە كېتىپ قالدى؛ دوستى بولسا دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ قالدى — ئۆزىنىڭ بىچارە... بەكمۇ بىچارە ئاشۇ دوستىغا قايغۇلۇق ھازا تۇتۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

لېكىن ئۇ دوستىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئۆزىنىڭ سەۋەپچى بولغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىدى...زادى ئويلاپ باقمىدى!

— ئۇ مېنىڭ گېپىمگە كىرمىدى! گەپكە كىرمىدى! — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ مەيۈسلەنگەن قىياپەتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ.

— ئەمماكى، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، — دىدى ئۇ ئاخىردا

يەنە، — ئۇ ئەسلىدە قورقۇنچلۇق تۇرمىدە ئۆمۈرۋايەت ئازاپلىنىپ ئۆتەتتى! مانا ئەمدى ئەقەللىسى ئازاپ كۆرمەيدىغان بولدى! ئەمدى ئۇ يېنىكلەشتى! تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنداق بولۇشنى پىشانىسىگە پۈتكەن ئىكەن ـ دە!

— شۇنىڭغا، ئادەمدە بولغان ھېسسىيات جەھەتتىن ئالغاندا كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى!

شۇنداق قىلىپ، ئاق نىيەتلىك بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بەختسىز دوستىغا ھازا تۇتۇپ يىغا ـ زارە قىلىپ قالدى!

1878 ـ يىل 12 ـ ئاي.

## سېنىڭ يىغاڭ...

سېنىڭ يىغاڭ مېنىڭ ھەسرىتىمدۇر؛ مېنىڭ يىغام بولسا سېنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتقىنىڭ ۋە خەيرىخاھلىق قىلغانلىقىڭدىن.

ئەمما شۇنى بىلگىنكى، سەنمۇ ئۆز ھەسرىتىڭگە يىغلايسەن؛ چۈنكى، پەقەت سەنلا مەن ئارقىلىق ئۆز ھەسرىتىڭنى كۆرۈۋالدىڭ!

1881 ـ يىل ئىيۇن.

## ئەتە، ئەتە!

ئۆتۈپ كەتكەن ھەر بىر كۈن ئاساسەن شۇنداق مەنىسىز، زېرىكەرلىك ۋە ئەرزىمەس! ئۇنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزنالىرى شۇ قەدەر ئاز! سائەتلەپ ـ سائەتلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقىتلار نەقەدەر بىمەنە، نەقەدەر بىمەنە ـ ھە!

ۋاھالەنكى، ئىنسان ياشايدۇ، ئۇ ھاياتنى قەدىرلەيدۇ، ئۇ ئۇمىتنى ھاياتنى بېغىشلايدۇ، ئۆزىگە، كەلگۈسىگە بېغىشلايدۇ... ئۇ كەلگۈسىدە قانداقراق بەختكە ئېرىشىشنى ئارمان قىلىدىغاندۇ؟

لېكىن، ئۇ نىمە ئۈچۈن ئەمدىكى كۈنلەرنى بايىلا ئۆتۈپ كەتكەن كۈن بىلەن ئوخشمايدۇ دەپ قارايدىغاندۇ؟

شۇنى دىمەمدىغان، ئۇ تېخى شۇنىمۇ ئويلاپ يەتمەپتۇ-دە! ئۇنىڭ چورتلا ئويلىغۇسى يوق — ئۇ بۇنى ئوبدان قىپتۇ تېخى!

"ئاھ، ئەتە، ئەتە!" — دەپ تەسەللى بېرىدۇ ئۇ ئۆزىگە، مۇشۇ "ئەتە" ئۇنى قەۋرىگە ئېلىپ بارغانغا قەدەر — سەن ئويلايدىغانغا ھىچنەرسىمۇ قالمىدى ئەمدى!

1879 - يىل ماي.

## ئىچىم ئاغرىيدۇ...

ئۆزەمگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، باشقىلارغا، جىمى كىشىگە، ياۋايى ھايۋانلارغا، ئۇچار قۇشلارغا... جىمىكى ھاياتلىقلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

باللارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، چوڭلارغا، بەختسىزلەرگە ۋە بەختلىكلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، بەختلىكلەرگە ئىچ ئاغرىتىشىم بەختسىزلەرگە ئىچ ئاغرىتىشىمدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

يېڭىلمەس، غالىبانە باشچىلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئۇلۇغۋار سەنئەتكارلارغا، مۇتەپەككۇرلەرگە، شائىرلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

قاتىللارغا ۋە ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، سەتلەرگە ۋە گۈزەللەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، زىيانكەشلىك قىلىنغۇچىلارغا ۋە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ.

مەن قانداق قىلىپ مۇشۇ ئىچ ئاغرىتىش ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقارمەن! ئۇ مېنى ياشىغىلى قويمىدى... ئۇ بولسىمۇ تىت-تىت بولۇشتۇر.

ئاھ! بىئاراملىق، بىئاراملىق، غايىپ بولغان بارلىق بىئاراملىق! ئىنسان زادى مۇشۇ ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ئىچىگە چۆشۈپ قالماسلىقى كېرەك ئىدى!

دۇرۇس، ئەڭ ياخشىسى ھەۋەس قىلغىنىم تۇزۇك ئىكەن! راست، شۇنداق قىلىپ بىر تالاي قەۋرە تېشىغا ھەۋەس قىلىپ قالدىم!

1878 - يىل فېۋرال.

## قوشكېزەك

مەن قوشكېزەك ئىككى بالىنىڭ سوقۇشقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇلار گويا ئىككى تامچە سۇغا ئوخشاشلا بولۇپ، بىر بىرىگە ئاجايىپ ئوخشاپ كېتىدىكەنكى، يۈزىدىكى ئالامەتلەر، چىراي ئىپادىلىرى، چاچلىرىنىڭ رەڭگى، بەدەن-قۇرۇلۇشلىرى ۋە تەققى-تۇرقىنىڭ كېلىشكەنلىكىدىن تارتىپ كارامەت ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، ئەمما ئۇلار بىر بىرىنى كېلىشتۈرگۈسىز دەرىجىدە ئۆچ كۆرۈشىدىكەن.

ئۇلار غەزەپلەنگەندىمۇ ئوخشاشلا ھومىيىشىدىكەن. ئاجايىپ بەك ئوخشاش يارىتىلغان غەلىتە يۈزلىرىمۇ ئوخشاشلا قىزىرىپ كېتىپتۇ؛ ئوخشىشىپ كېتىدىغان كۆزلىرىدىن ئوخشاش نۇر چاقناپ تۇرىدۇ-دە، بىر بىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارىشىدۇ. ھەتتا ھومىيىشقان ئاغزىلىرىدىن ئوخشاش ئاھاڭدا ئوخشاشلا سەت-يامان گەپلەر چىقماقتا.

چىداپ تۇرۇشقا تاقىتىم تاق بولدى-دە، ئۇلارنىڭ بىرسىنى

چەتكە تارتىپ ئەينەكنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ:

— ئەڭ ياخشىسى سەن مۇشۇ يەردە تۇرغىن — دە، مۇشۇ ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ قاغاۋەرگىن،... بۇنداق قىلغىنىڭ سەن ئۈچۈن ھېچقانداق پەرقسىز بولار،... ئەمما مەن ئۈچۈنچۇ، بۇنچىۋالا بىئارامچىلىق بولماس! — دېدىم.

1878 – يىل فېۋرال.

## ياشاش قانۇنى

سەن خاتىرجەم ياشايدىغان ئادەم بولاي دەمسەن؟ ئۇنداقتا، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا، ئەگەر ياشىشىڭلا خالىساڭ ھەر قانداق ئىشقا قول قوشتۇرۇپ يۈرۈۋەرگىن، ھېچقانداق ئىشقا ئىچىڭنى ئاغرىتمىغىن، ئۆزەڭلا تەنھا ياشىغىن!

بەختلىك ئادەم بولاي دەمسەن؟ ئالدى بىلەن جاپاغا چىداملىق بولغىن!

1878 – يىل ئاپرېل.

(«تۇرگېنېۋنىڭ نەسرىي شېئىرلىرى»دىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ياسىن ھاۋازى.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **سەمەت دۇگايلى.**



# ئالدىنقى ئايال

**كراۋشېنكو**

ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۆيدىن كېلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر باشقىلار-نىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

ئۇ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى-دە، قولىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— دېمەك، بۇ مېنىڭ ئايالىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، — دەيتتى.

بىز گەپ-سۆز قىلمايتتۇق، دوختۇرخانىنىڭ بەرگەن يىمەكلىرىنى يەۋېرىپ، ھەممىلەن ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆيدە ئەتكەن مېزىلىك قىيمىلىق نانلىرى بىلەن بىزنى مېھمان قىلاتتى. ئۇ بىزگە خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشىنىڭ جەريانىنى كۆپ قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، ئالدىنقى ئايالى ئۇنى قىلچە چۈشەنمەستىن، ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىشقا ئامراق ئىكەن.

— ئەمما، — ئۇ قىسقا سېمىز خۇددى چۆمۈچكە ئوخشاپ كېتىدىغان قولىنى كۆتىرىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنىڭدا مەلۇم بىر خىل ئىنسانپەرۋەرلىك خىسلەت بار، ئۇ نەپەقە ھەققى ئېلىشنى رەت قىلدى.

ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ ھەممىلەن بىزار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ بىزنى مېھمان قىلغان نەرسىلەرنى بىز يەنىلا

يەۋېرەتتۇق.

— بىر ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا باشقا بىر ئايال بىلەن تونۇشۇۋالدىم، ئۇنىڭ ئىسمى فىگولىكا ئىدى. خۇدايىمغا ئامانەت! تېخى پەتتە ئالماي تۇرۇپلا بىر ئورۇندا بولۇۋەردۇق. گەپنى باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، پەتتە ئېلىش دىگەن بىر خىل شەكىلدىن ئىبارەت، ئومۇمەن قىلغاندا، مەن بۇنداق شەكىلۋازلىقنى يوق قىلىشنى ياقلىغۇچىلاردىن، ئەگەر چوقۇم پەتتە ئالىدىغان ئىش بولسا، ياپونىنىڭ ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. بىر ئاي بولامدۇ، ئۈچ ئاي بولامدۇ، ئۇنى ئۆزەڭ بەلگىلەيسەن ـ دە. ئىككى تەرەپ لايىقكەن دەپ قاراشسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر بىرىگە ھەمرا بولۇپ ئۆتىدىغان گەپ.

— بۇنداق قىلىدىغان ئىش يوق، — دىدى بىرسى گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىدە، — بۇنداق ھاپىلا ـ شاپىلا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، تۇرمۇش دىگەن تۇرمۇش ـ دە!

— مەن سىنى ئالداپ نىمە قىلاتتىم؟ مەن ئوقۇغان كىتاپلىرىمنىڭ قايسى بىرسىدە كۆرگەن ئىدىم، قايسى كىتاپ ئىكەنلىگىنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەنغۇ.

— سەن بىزگە يېڭى ئالغان ئاياللىڭنىڭ ئەھۋالىدىن ئازراق سۆزلەپ بەرگىنە، ئاڭلاپ باقايلى، — دىدىم مەن. — سىنىڭ ياخشى بىر ھۆر پەرىشتەڭ بار ئىكەن.

— ھە، ھۆر ـ پەرىشتە دىگۈچىلىگى يوق، ئەمما ئايال خەق دىگەن شۇنداق بولۇش كېرەك.

— ساڭا باغاقچىلىك قەغەزنىڭ پۇچىغىنىمۇ كىرگۈزمەپتىغۇ ئەمدىسە؟ ئاددى بىرقانچە ئېغىز بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ساڭا كۆڭۈل بۆلگەن-

لىگىنى ئىپادە قىلىشى كېرەكقۇ؟

بىز بىر بىرىمىزگە قارىشىپلا قالدۇق، بۇنىسىمۇ راست، يېقىنقى يېرىم ئاي مابەينىدە، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر پارچە قەغەزنىڭ پۇچىقىنىمۇ ئەۋەتمىدى. ئۇ بەك ئوڭايسىزلانغان نەزىرى بىلەن كۆپچىلىككە قاراپ قويۇپ، ئۆرۈلۈپلا قوراغا كىرىپ كەتتى.

ھەر كۈنى چۈشلىكى سائەت 12 دىن باشلاپ بالنىسنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن سوغا-سالاملارنى قوبۇل قىلىپ تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت ئىدى. بۈگۈن ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئۆيدىن كەلگەن سوغاتلارنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بىزگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن سېستىراغا يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا!!

— قىزچاق، خاپا بولماي ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويسىڭىز، بىرقانچە ئېغىز بولسىمۇ بىرلىك خەت يېزىپ كىرگۈزسە، نېمە يازسىمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ خەتلا بولۇۋېرىدۇ. يەنە ئېيتىپ قويسىڭىز، مەن ئۇنى تولىمۇ سېغىنىپ كەتتىم، — دېدى.

— خوپ.

— قېنى، توختاپ تۇرايلى! — دېدى ئۇ، — خەت دېگەن ھازىرلا كىرىدۇ-دە.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سېستىرا قايتىپ كىرىپ:

— ئۇ، خەت يازغۇدەك ھېچقانداق ئىشمۇ يوق، پەقەت، ئۇنىڭ تەن سالامەتلىكىنىڭ بۇرۇنراق ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمەن، دەيدۇ، — دېدى.

كىمدۇ بىرى كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزى دەرھاللا قىزىرىپ كەتتى.

— سىزنىڭ ئۇ كىشىڭىز ھەقىقەتەنمۇ ياخشىكەن، — دېدى

سېستىرا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن ھالدا، — ھەر كۈنى دېگۈدەكلا بىر نەرسىلەرنى



ئېپكېلىپ بېرىپ تۇرىۋاتە-
دۇ، سىزنىڭچە ئۇنىڭ قىلغان-
لىرى تېخى يەتمەمدۇ؟
سىلەر ئەر خەق دېگەندىنغۇ
ئىنساپ بولمايدۇ زادى!
شۇنداق ئىسسىق كۈندە
شۇنچىۋالا ئۇزۇن يەردىن
كېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن
ئوڭايمۇ، يەنە كېلىپ ئۇ
شۇنچە سېمىز تۇرسا...
— شۇنچە سەمرىپ
كەتكەن كىمكىن؟ — سورى-
دى ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ، —
خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشاي-
سىز، قىزچاق!
— سېستىرا قىز كۈلۈپ
كەتتى-دە.
— دەرىزىگە كېلىپ
قاراپ بېقىڭ، ئاشۇ كىشى
شۇدۇ، — دېدى.
ئۇ دەرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى، بىزمۇ ئارقىسىدىن كەلدۇق.
بوي-تۇرقى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئۆزى قاۋئەت سەمرىپ



www.uyghurkitap.com

كەتكەن بىر ئايال بالىنىڭ ئېلىش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى قوراغا بېرىپ بولغان ئىكەن. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا سالماق قەدەم تاشلاپ، بىر تور سومكىنى كۆتىرىپ كېتىپ باراتتى.

— نىمە دىگەن قاملاشقان ئەۋرىشىم بوي - ھە! — دىدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇ لام - جىم دىمىدى. پۇتىنى شارت - شارت سۆرىگەنچە كارۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ، دىمى سىقىلغان ھالدا:

— بۇ مېنىڭ ئالدىنقى ئايالىم. — دىدى.

(«روسسىيە - سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژورنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 2 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **خۇدابەردى خېلىل.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ياسىن ھاۋازى.**



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# يېگىرمە ئالتە ۋە بىر

## ئا. م. گوركى

بىز يېگىرمە ئالتە كىشى ئىدۇق. شۇ يېگىرمە ئالتە جانلىق ماشىنا زەي گەمىدە ئەتىدىن كەچكىچە خېمىر يۇغۇرۇپ نان ۋە توغاچ پىشۇرەتتۇق. گەمىمىزنىڭ دەرىزىلىرى يانلىرى خىشتىن قوپۇرۇلغان، نەملىشىپ كەتكەن خەندەككە قارايتتى. دەرىزىلەرنىڭ راملىرىغا سىرتتىن قېلىن تۆمۈر رىشاتكىلار مىخلانغان بولۇپ، ئۇن توزاڭلىرى قونغان ئەينەكلەردىن كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. خوجايىنىمىز ئۆتكۈنچى تىلەمچىلەر بىلەن ئىشسىز ئاغىنىلىرىمىزگە بىرەر پارچە نان سۇنۇپ قويىشىمىزدىن قورقۇپ، دەرىزىلەرگە ئەنە شۇنداق تۆمۈر رىشاتكىلار مىخلاتقان ئىدى. خوجايىنىمىز بىزنى مۇتتەھەم دەپ تىللايتتى. بىرىدىغان تامىقىغا گۆش ئورنىغا سېسىغان ئۈچەي-قېرىن ئىشلىتەتتى...

ئىس ۋە ئۆمۈچۈك تورلىرى باسقان ئېغىرشىپلىق، تار ۋە پەس تاش قوتان ئىچىدە نەپسىمىز بوغۇلاتتى. ئۇستىنى نەم پوپەك باسقان، قېلىن، ئىپلاس تاش تام ئىچىدە ئېغىر كۈن كۆرەتتۇق... بىز ئەتىگەن سائەت بەشتە ئۇيقۇلۇق ھالدا ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق. ئاردىن بىرەر سائەت ئۆتە-ئۆتمەي، خامۇش ۋە بىزارلىق بىلەن شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىز ئۇخلاۋاتقان چېغىمىزدا ئاغىنىلىرىمىز يۇغۇرۇپ تەييارلاپ قويغان خېمىرلاردىن توغاچ پىشۇرۇشقە تۇتۇناتتۇق؛ ئەتىگەندىن تا كەچ سائەت ئونغىچە شىرە يېنىدىن قىمىر-

لىماي، بەدىنىمىز ئۇيۇشۇپ قالمىسۇن دەپ تەۋرىنىپ، قاتتىق خېمىر بىلەن ھەپىلىشەتتۇق. بەزىلىرىمىز بۇ چاغدا يەنە خېمىر يۇغۇرۇش بىلەن بەنت بولاتتۇق. قازاندىكى قايناقسۇ كۆك بويى تىنىمسىز شىگىلدايتتى. ناۋاينىڭ كۆرىگى پېچ تېگىگە تېز ۋە زەردە بىلەن سوركۈلۈپ، پىشقان ۋە سارغايغان نانلارنى ئىسسىق خىش ئۈستىگە ئېلىپ تاشلايتتى. پېچىنىڭ بىر تەرىپىدە ئەتىدىن كەچكىچە ئوت يېنىپ تۇراتتى. قىزىل يالقۇن شولىلىرى گويا بىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندەك ئىشخانا تاملىرىدا ئەكس تاشلاپ ئوينايتتى. ھەيۋەتلىك پېچ ئاللىقانداق بىر ئەپسانىۋى مەخلۇقنىڭ كۆرۈمسىز بېشىغا ئوخشايتتى. ئۇ خۇددى پول تېگىدىن چىقىپ، ئوتلۇق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، بىزگە ئۇچقۇن پۈركۈۋاتقاندەك، پىشايىنىسىدىكى ئىككى قاپ-قارا تۆشۈكى ئارقىلىق بىزنىڭ تۈگىمەس ئىشىمىزغا قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بۇ ئىككى قاپ-قارا تۆشۈك-مۇدھىش مەخلۇقنىڭ شەپقەتسىز ۋە سوغاق كۆزلىرى ئىدى. بۇ كۆزلەر گويا بىز قوللارغا قاراشتىن زېرىكىپ، بىزدىن ئادىمگەرچىلىك كۈتمەي، دانا بىپەرۋالىق بىلەن مەڭسىتمەي تۇرغاندەك سېزىلەتتى.

ئۇن توزاڭى بىلەن ئاياقلىرىمىزغا يېپىشىپ كىرگەن لايلاردا بولغانغان ئىشخانىدا، ئېغىر ۋە كۆڭۈلگە تېگىدىغان ھاۋادا خېمىر ئۈستىگە تەر تۆكۈپ، توغاچ ياسايتتۇق؛ بۇ ئىشنى ئۆلگۈدەك ياملىن كۆرەتتۇق، ئۆز قولىمىز بىلەن پىشۇرغان توغاچلارغا قاراپمۇ قويمايتتۇق، چۈنكى ئۇنىڭدىن بىزگە ئاددى قارا نان ئەۋزەل ئىدى. ئۇن سەككىز كىشى ئۇزۇن شىرە ئەتراپىدا ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرۇپ، قوللىرىمىز ۋە بارماقلىرىمىزنىڭ ئىختىيارسىز قىمىرلىتاتتۇق. قول ۋە بارماقلىرىمىز ئىشقا شۇنچىلىك كۆنىكىپ كەتكەن ئىدىكى، بىز ئۇلارغا ھەتتا

قاردىمايتتۇق. بىز بىر بىرىمىزگە ھەر دائىم قارىشىپ ئولتۇرغانلىغىمىزدىن، يولداشلىرىمىزنىڭ يۈزىدىكى ھەر بىر قورۇققىچە بىلىشەتتۇق. قىلىشىدىغان گېپىمىز يوق ئىدى. بىز بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن ئىدۇق. شۇڭا دائىم جىم ئولتۇراتتۇق. پەقەت بەزى چاغلاردىلا بىر بىرىمىزنى سۆكۈشۈۋالاتتۇق. نىمە سەۋەپتىنكىن ئادەمنى، بولۇپمۇ ئۆز دوستىنى سۆكۈشكە ھەرقاچان سەۋەپ تېپىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن بىز بىر-بىرىمىزنى كەمدىن-كەم سۆكىشەتتۇق، نىمجان بولۇپ قالغان، پۈتۈن خىسلەتلىرى ئېغىر مېھنەتتىن مىجىلغان ئادەمدە نىمە گۇنا بولىشى مۇمكىن؟ ئەمما، گېپىنى ئېيتىپ بولغان ئادەملەر ئۈچۈن جىملىق-دەھشەتلىكتۇر، ئۆز گېپىنى تېخى ئېيتمىغان كىشىلەرگە بولسا جىملىق يەڭگىل سېزىلىدۇ... بەزەن ناخشىمۇ ئېيتاتتۇق. ناخشىلىرىمىز مۇنداق باشلىناتتى: بىرەر كىشى ئىش ئارىسىدا ھارغان ئاتقا ئوخشاش ئېغىر نەپەس ئالاتتىدە، غەمكىن ۋە مەيۈس ناخشىلاردىن بىرىنى سوزۇپ غىڭشىشقا باشلايتتى، مۇنداق ناخشىلارنىڭ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ئاھەڭى ئېيتقۇچىنىڭ يۈرىگىنى بوشىتىدۇ. ئەۋۋەل بىر كىشى ئېيتىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ. كۈزنىڭ نەم كېچىلىرى قوغۇشۇن رەڭلىك ئاسمان يەرنى پۈركەپ تۇرغاندا، چۆلدە يېنىۋاتقان گۈلخاننىڭ ئاستا-ئاستا ئۆچكىنىدەك، يالغۇز كىشىلىك بۇ ناخشىمۇ گەمىنىڭ ئېغىر پىشى ئاستىدا سۇنىدۇ. كېيىن ناخشىچىغا يەنە بىر كىشى جۆر بولدى، ئەمدى بىزنىڭ تار ۋە دىمىق ئورىمىز ئىچىدە ئىككى كىشىنىڭ ئاۋازى غەمكىن سۆز باشلايدۇ. بىردىن-بىرنەچچە ئاۋاز ناخشىنى كۆتىرۈۋېتىدۇ، ناخشا دولقۇندەك مەۋج ئۇرىدۇ، تاش تۇرمىمىزنىڭ نەم ۋە قېلىن تاملىرىنى سۈرۈپ كېڭەيمەكچى بولىۋاتقاندەك زورىيىدۇ، ئەۋجىگە چىقىدۇ...

يىگىرمە ئاللە كىشىنىڭ ھەممىسى ناخشا ئېيتىدۇ؛ بىر بىرىگە ماسلاشقان يۇقىرى ئاۋازلار ئىشخانىمىزنى تولدۇرىدۇ، ئىشخانا ناخشىغا تارلىق قىلىپ قالىدۇ: ناخشا ئۆزىنى تاش تامغا بېرىپ ئۇرىدۇ، ئىڭرايدۇ، پەريات چېكىدۇ، يۈرەكلەرنى ئېزىدۇ، ئۇنىڭدىكى كونا يارا، كونا ئەلەملەرنى قوزغىتىدۇ... ناخشىچىلار چوڭقۇر ۋە ئېغىر نەپەس ئالىدۇ، ئۇلاردىن بىرى بىردىن ناخشا ئېيتىشتىن توختاپ، دوستلىرىنىڭ ناخشىسىغا ئۇزاققىچە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرىدۇ. كېيىن يەنە ئومۇمى دولقۇنغا ئاۋاز قوشىدۇ. كىمدۇ بىرى مەيۈس بىر ئاھاڭدا "ئۇھ!" دەيدۇ-دە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، يەنە ناخشا ئېيتىشقا چۈشىدۇ. بۇ گۈكىرىگەن ئاۋازلار دولقۇنى ئۇنىڭغا بەلكى قۇياش يورۇتقان يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ بارىدىغان كەڭ يول بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتكەندۇ، ئۆزىنى بەلكى شۇ يولدا كېتىۋاتقاندەك سەزگەندۇر....

پېچىنكى ئوت ھامان شىلدىرلاپ يانىدۇ، ناۋايىنىڭ گۈرجىگى خىشقا تىنىمسىز سۈركىلىدۇ، قازاندىكى سۇ پورۇقلاپ قاينايدۇ، تامغا چۈشكەن يالقۇن شولىسى ھامان بىزنى مەسخىرە قىلىپ ئوينايدۇ... بىز بولساق، ھەسرىتىمىزنى، كۈن نۇرىدىن مەھرۇم قىلىنغان تىرىك كىشىلەرنىڭ غېمىنى، قۇللار جاپاسىنى ئۆزگىلەرنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئىزھار قىلىمىز... چوڭ تاش ئۆينىڭ پودۋالىدا يىگىرمە ئاللە كىشى ئەنە شۇ ھالدا كۈن كۆرەتتۇق. شۇ ئۆچ قەۋەتلىك ئۆينى گويا بىز يەلكىمىزدىمىز بىلەن كۆتىرىپ تۇراتتۇق...

* * *

لېكىن ناخشىدىن باشقا ئاپتاپ نۇرىنى باسىدىغان يەنە بىر ياخشى، سۆيۈملۈك نەرسىمىزمۇ بار ئىدى. بىز ئىشلەيدىغان بىنانىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى قەۋەتتىكە زەرلىك كەشتە ئىشخانىسى جايلاشقان ئىدى. بۇ ئىشخانىدا باشقا كۆپلىگەن چېۋەر قىزلار قاتارىدا ئون ئالتە ياشلىق تانىيە دېگەن خادىمە قىزمۇ بار ئىدى. دالان بىلەن ئاشخانىمىز ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان دەرىزە ئەينىكىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەن كۆك ۋە شوخ كۆزلۈك قىزنىڭ كىچىككىنە، قىپ-قىزىل چېھرىسى كۆرۈنەتتىدە، قوڭغۇراقتەك يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىناتتى:

— مەھبۇسلار، قېنى، توغاچتىن ئۈزۈتۈڭلار!

ھەممىمىز بۇ تىنىق ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قىزنىڭ تەبەسسۇملۇك پاك چېھرىسىگە كۈلۈپ ۋە سۆيۈنۈپ قارايتتۇق. ئەينەككە تېگىپ پەسەيگەن بۇرنى، كۈلۈپ تۇرغان قىپ-قىزىل لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈۋاتقان سەدەپتەك ئىنچىكە چىشلىرىغا قاراپ زوقلىناتتۇق. بىز، بىر-بىرىمىزنى ئىتتىرىپ، تۇرتىشىپ ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بېرىشكە ئالدىرىشاتتۇق. خۇشچاخچاق ۋە يېقىملىق بۇ قىز ئىشخانىمىزغا كىرىپ، بېشىنى بىر ياقىقا سەل ئېگىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئىتىگىنى تۇتۇپ تۇراتتى. بىر ئورام قىلىپ ئورالغان ئاچ دالچىن رەڭلىك چېچى يەلكىسىدىن كۆكرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. بىز ئىپلاس، جاھىل، خۇنۇك كىشىلەر پەستىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارايتتۇق، (ئىشخانىنىڭ پولى ئىشىكتىن تۆت پەلەمپەي تۆۋەن ئىدى) باشلىرىمىزنى كۆتىرىپ، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتۇق، ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى تېپىپ ئېيتاتتۇق، سالام بېرەتتۇق. مۇنداق سۆزلەر پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا تېپىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ئاۋازلىرىمىزمۇ مۇلايىملىشاتتى. ھەممىمىز يەڭگىللىشىپ قالغاندەك بولاتتۇق. ئۇ ئېغىز ئاچسىلا، بىزدە ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. ناۋاي پېچتىن ئەڭ ياخشى، قىزىرىپ پىشقان، غۇژۇلداپ تۇرىدىغان توغاچلارنى ئېلىپ، تانىيە-

نىڭ ئىتىگە تاشلايتتى.

— ئېھتىيات قىل، خوجايىنىڭ قولىغا چۈشمە! — دەپ ئاگاھلاندۇراتتۇق ئۇنى بىز. ئۇ مۇغەمبىرلەرچە كۈلۈپ، سۆيۈنۈپ:

— ياخشى قىلىڭلار، مەھبۇسلار، — دەپ توۋلايتتى ـ دە، خۇددى چاشقان لىپ قىلغاندەك، دەرھال غايىپ بولاتتى. شۇنداق بولاتتى... ئەمما ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىز ئۇ توغرىسىدا بىر ـ بىرىمىز بىلەن يېقىملىق سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق، گەپلىرىمىز تۈنۈگۈن ئېيتىلغان گەپلەر بولاتتى. چۈنكى ئۇمۇ، بىزمۇ، ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسىلەرمۇ تۈنۈگۈنكىدەكلا، ھازىرقىدەكلا ئىدى... ئادەم ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسا، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر ۋە مۈشكۈل بولىدۇ. بۇ نەرسە ئۇنىڭ روھىنى ئېزىدۇ، مۇھىتنىڭ ئۆزگەرمەي تۇرۇشى ئۇنى تېخىمۇ بەتتەر قىينايدۇ. ...بىز ئاياللار توغرىسىدا شۇنداق گەپلەرنى قىلىشاتتۇقكى، ھەتتا بەزىدە ئۆزىمىزنىڭ قوپال ۋە ئۇياتسىز سۆزلىرىمىزدىن ئۇيۇلۇپ كېتەتتۇق. بۇ تەبىئىي ئىدى، چۈنكى بىز بىلىدىغان ۋە تونۇيدىغان ئاياللار بۇنىڭدىن باشقا سۆزلەرگە ئەرزىمەيتتى. ئەمما تانىيە ھەققىدە بىز زادىلا يامان گەپ قىلمايتتۇق؛ بىرەرىمىز ئۇنىڭغا قول تەككۈزۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قوپال چاقچاقمۇ قىلمايتتۇق. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكى تانىيەنىڭ بىز بىلەن كۆپ بىرگە بولمايدىغانلىقىدۇر؛ ئۇ، خۇددى ئاسماندىكى ئۇچار يۇلتۇزغا ئوخشاش بىر كۆرۈنەتتى ـ دە، دەرھال كۆزدىن غايىپ بولاتتى؛ ياكى بولمىسا، ئۇنىڭ تېخى ياش ۋە بەكمۇ چىرايلىق ئىكەنلىكىدىندۇر، چۈنكى ھەرقانداق چىرايلىق نەرسە، ھەتتا، قوپال ئادەملەردىمۇ ئۆزىگە ھۆرمەت ئويغىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن گەرچە ئېغىر مېھنەت بىزنى پارا-

سەتسىز ھايۋان قىلىپ قويغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئىنسان ئىدۇق ۋە باشقا ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش بىرەر نەرسىگە چوقۇنماي ياشىيالمايتتۇق. ئەتراپىمىزدا تانىيەدىن باشقا ھېچقانداق ياخشى نەرسە يوق ئىدى؛ بۇ ھويلىدا ئونلاپ ئادەملەر تۇرسىمۇ، گەمىدە ياشاۋاتقان بىزلەرنى تانىيەدىن باشقا ھېچكىم قىزىقتۇرمايتتى. نىھايەت، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەپ شۇ ئىدىكى، بىز ئۇنى پەقەت ئۆزىمىزگىلا قاراشلىق قىز بولۇپ، بىزنىڭ توغاچلىرىمىز بىلەنلا كۈن كۆچۈرىدۇ دەپ ئويلايتتۇق؛ بىز ئۇنىڭغا ئىسسىق توغاچ بېرىپ تۇرۇشنى ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىمىز دەپ بىلەتتۇق. بۇ — بىزنىڭ ئۆز ئىلاھىمىزغا ئاتىغان ھەر كۈنلۈك قۇربانلىغىمىز ئىدى. بۇ بىزگە بىر مۇقەددەس ئادەت بولۇپ قالغان بولۇپ، بىزنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىق باغلايتتى. توغاچتىن باشقا تانىيەگە بىز، ئىسسىقراق كىيىنىپ يۈر، پەلەمپەيدىن ئېھتىيات بىلەن چۈش، كۆپ ئوتۇن توشۇمىغىن دېگەندەك نەسىھەتلەرنىمۇ قىلاتتۇق. ئۇ بىزنىڭ نەسىھەتلىرىمىزنى كۈلۈپ تىڭشايتتى، ئەمما ئېيتقانلىرىمىزنى زادى قىلمايتتى. بىراق بىز ئۇنىڭدىن زادى خاپا بولمايتتۇق. چۈنكى بىز، پەقەت ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىغىمىزنى كۆرسىتىشىمىزلا كېرەك ئىدى، خالاس.

ئۇ بىزدىن كۆپ نەرسىلەرنى، ئالايلۇق: گەمىمىزنىڭ ئېغىر ئىشىگىنى ئېچىپ بېرىشنى، ئوتۇننى يېرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلاتتى. بۇ ئىلتىماسلارنى بىز جان دەپ، ھەتتا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ بىجا كەلتۈرەتتۇق.

ئەمما ئارىمىزدىن بىرەرسى، بىردىن-بىر كۆينىكىنى ياماپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇ يىرگىنىپ تۇرۇپ:

— نىمىشقا ئىمىش! قىلمىغان ئىشىم ئەمدى شۇ قالغانمىدى؟ — دەيتتى، بىز گول دوستىمىزنى تازا مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتۇق، شۇنىڭ بىلەن ھىچقايسىمىز قىزدىن ھىچنەرسە تەلەپ قىلماي قوياتتۇق. بىز ئۇنى سۆيەتتۇق خالاس. ئادەم گەرچە بەزەن ئۆز مۇھەببىتى بىلەن ئۆز يىقىننى ئەزسىمۇ، ئۇنى بۇلغاپ ھاياتىنى زەھەرلىسىمۇ، شۇ مۇھەببىتىنى يەنىلا بىرەر كىشىگە بەرمەكچى بولىدۇ. چۈنكى سۆيۈپ تۇرۇپ سۆيگەن كىشىنى ھۆرمەت قىلمايدۇ. بىزنىڭ تانىيەنى سۆيىشىمىز كىرەك ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا سۆيىدىغان كىشىمىز يوق ئىدى.

بەزىدە ئىچىمىزدىن بىرەرسى بىردىن مۇلاھىزە باشلاپ قالاتتى:

— قىزنى نىمە ئانچە باشقا كۆتىرىمىز؟ نىمىسكە شۇنچە ئاۋارە بولىمىز، قېنى، ئېيتىڭلارچۇ؟

مۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلغان ئادەمنىڭ دەررۇ ئاغزىغا ئۇراتتۇق. چۈنكى بىزنىڭ بىرەر نەرسىنى سۆيىشىمىز كىرەك ئىدى، بىز سۆيۈش مۇمكىن بولغان نەرسىنى تاپقان ۋە ئۇنى سۆيگەن ئىدۇق. يىگىرمە ئالتە كىشىنىڭ سۆيگەن نەرسىسى ھەممىمىز ئۈچۈن بۇزۇلماس، مۇقەددەس قانۇن بولۇشى كىرەك، بۇ ئىشتا بىزگە قارشىلىق كۆرسەتكۈچى شەخس بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھىسابلىناتتى. بىزنىڭ سۆيگىنىمىز بەلكى سۆيۈشكە ئەرزىمەيدىغان نەرسىدۇ، ئەمما بىز يىگىرمە ئالتە كىشىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە قىممەتلىك كۆرۈنگەن نەرسىنى باشقىلارغا مۇقەددەس قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىمىز.

بىزنىڭ سۆيگىمىزمۇ غەزۋىمىزگە ئوخشاشلا ئېغىر ئىدى...شۇنىڭ

ئۇچۇن بەلكى بەزى غۇرۇرلۇق كىشلەر بىزنىڭ غەزنۇىمىزنى سۆيگىمىزدىن ياخشىراق دەپ بىلسە كېرەك...ئەگەر شۇنداق بولسا ئۇلار نىمىشقا بىزدىن قاچمايدۇ؟

*  *  *

خوجايىنىمىزنىڭ توغاچ پىشۇرىدىغان ئىشخانىسىدىن باشقا يەنە بولكاخانىسىمۇ بار ئىدى؛ ئۇمۇ مۇشۇ بىنادا بولۇپ، بىز ئىشلەيدىغان ئورا تامىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئىدى. بولكىچىلار (ئۇلار تۆت كىشى ئىدى) ئۆز ئىشلىرىنى بىزنىڭكىدىن پاكىزە دەپ، ئۆزلىرىنى بىزدىن يۇقۇرى تۇتۇپ، بىزگە قوشۇلمايتتى، ئىشخانىمىزغىمۇ كىرمەيتتى؛ هويلىدا ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولساق، بىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىشەتتى. بىزمۇ ئۇلارنىڭكىگە كىرمەيتتۇق. خوجايىن بولكا ئوغۇرلىشىمىزدىن قورقۇپ بىزنى ئۇ يەرگە كىرگۈزمەيتتى. بىز بولكىچىلارنى يامان كۆرەتتۇق. چۈنكى ئۇلارغا بىزنىڭ ئىچ تارلىغىمىز كېلەتتى: ئۇلارنىڭ ئىشى بىزنىڭكىدىن يەڭگىل ئىدى، مائاشىمۇ بىزدىن كۆپ ئالاتتى؛ ئۆزلىرىمۇ پاكىزە، ساغلام ئىدى، ئومۇمەن بىز ئۇلارنى يامان كۆرەتتۇق. بىزنىڭ ئەپتى ـ بەشرىمىز بولسا ساپ ـ سېرىق، كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، شىرىكلىرىمىزدىن ئۈچ كىشى سىبلىس كېسىلىگە يولۇققان، كۆپلىرىمىز قوتۇر، بىرىمىزنى رېۋماتىزىم پۈكۈپ قويغان ئىدى. هېيت كۈنلىرى ۋە ئىشتىن سىرت ۋاقىتلاردا بولكىچىلار پىدژەك ۋە غاچچىلىما ئۆتۈك كىيىپ يۈرىشەتتى؛ ئىككىسىنىڭ گارمۇنىمۇ بار ئىدى، هەممىسى ياسىنىشىپ، شەهەر بېغىدا سەيلە قىلىپ يۈرىشەتتى. بىز بولساق ئۆستىمىزدىكى جۇلدۇر چاپان، ئايىغىمىزدىكى يىرتىق كەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ يۈرۈۋېرەتتۇق. ساقچىلار



www.uyghurkitap.com

بىزنى شەھەر بېغىغا كىرگۈزمەيتتى. ئۇنداق بولغاندىكىن بىز بۇ نىمىلەرنى نىمىشقا يامان كۆرمەيمىز؟

بىر كۈنى، ئۇلارنىڭ ئۈستىسىنىڭ قوسىغى ئۆلگۈدەك ئىچىپ، ئىشقا چىقالماي قالغانلىغىنى، خوجايىنىنىڭ ئۇنى بوشۇتۇپ، ئورنىغا باشقا ئادەم ئالغانلىغىنى، بۇ ئادەمنىڭ سولداتلاردىن بولۇپ، تاۋار جىلىتكە كىيىپ، تىللا زەنجىرلىك سائەت تاقاپ يۈرۈيدىغانلىغىنى ئاڭلاپ قالدۇق. بىز بۇ ئالپتە كىشىنى كۆرۈشكە بەكمۇ قىزىقاتتۇق؛ ئۇنى ئۇچرىتىش مەقسىتىدە كەينى-كەينىدىن ھويلىغا يۈگرەپ چىقىشاتتۇق. بىراق ئىشخانىمىزغا ئۇنىڭ ئۆزى كىرىپ كەلدى. ئىشىكنى ئايىغى بىلەن تېپىپ ئاچتى-دە، ئىشىكنى داغدام ئوچۇق قالدۇرۇپ، پەلەمپەيگە كېلىپ توختىدى، ۋە:

— ھارماڭلار! سالام، يىگىتلەر! — دېدى.

مۇزدەك سوغاق ھاۋا ئىشىكتىن تۈتۈندەك باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئاياقلىرى ئەتراپىدا ئوينايتتى. ئۇ بولسا ئىگىز پەلەمپەيدىن بىزگە قاراپ تۇراتتى؛ ھەيۋەت قىلىپ بۇرالغان مەللە بۇرۇتى ئاستىدىن يىرىك ۋە سېرىق چىشلىرى يالتىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇستىدىكى جىلىتكىسى ھەقىقەتەن ئالامەت بولۇپ، كۆك دۇردۇنلۇق گۈللىرى يالت-يۇلت قىلاتتى. تۈگمىلىرى بولسا قىزىل تاشتىن قىرىلغان ئىدى. كۆكرىگىدە تىللا زەنجىرىمۇ تۇراتتى...

سولدات چىرايلىق ئادەم ئىدى، قۇۋۋەتلىك، گەۋدىسى تىك، يۈزلىرى قىپ-قىزىل، يوغان كۆك كۆزلىرى مۇلايىم ۋە يېقىملىق قارايتتى. بېشىغا قاتۇرۇلغان ئاق قالپاق كىيگەن بولۇپ، پاكىزە ۋە رەتلىك پەرتۇغىنىڭ ئىتىكى ئاستىدا مايلانغان ئۆتۈكىنىڭ يالتىراق تۇمشۇغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ ناۋاي ئېھتىرام بىلەن ئۇنىڭدىن ئىشىكنى يېپىشىنى سورىدى؛ سولدات بۇنى ئالدىرماستىن بېجىردى، كېيىن خوجايىنىمىزدىن گەپ ئاچتى. بىز، بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەي، خوجايىنىمىزنىڭ پىخسىق، مۇتىھەم، زالىملىغىنى، بۇ يەردە يېزىش مۇمكىن بولمىغان، لېكىن ئېيتىش مۇمكىن بولغان ھەممە نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەردۇق. سولدات بۇرۇتلىرىنى قىمىرلىتىپ، بىزگە مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن قاراپ تىڭشىدى.

ــ سىزلەردە قىزلار كۆپ ئىكەن... ــ دېدى ئۇ بىردىن.

بەزىلىرىمىز ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ ئۇياتچانلىق بىلەن كۈلۈپ قويدۇق. بەزىلەر چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈردى، كىمدۇ بىرى توقـقۇزلا قىز بار دەپ سولداتقا چۈشەندۈردى.

ــ پايدىسى تېگىپ تۇرىدىغاندۇ؟ ــ دەپ سورىدى سولدات، كۆزىنى قىسىپ.

بىز خىجىللىقتىن قاتتىق كۈلدۇق...كۆپلىرىمىز ئۆزىمىزنى سولداتقا ئوخشاش تەپتارتماس يىگىت قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان بولساقمۇ، لېكىن ھېچقايسىمىز مۇنداق قىلالمىدۇق. كىمدۇ بىرسى:

ــ بىزگە نەدە تۇرۇپتۇ... ــ دەپ ئىقرارمۇ بولدى.

ــ ھە، بۇ ئىش سىزلەرگە تەس بولسا كېرەك، ــ دېدى سولدات بىزگە بىر باشتىن قاراپ چىقىپ، ــ پەيزىڭلار يوق كۆرىنىدۇ... كۆرىنىشىڭلارمۇ ئۇنچە ئەمەس! ئايال زاتى ئەرنىڭ تاشقى كۆرىنىشىنى ياخشى كۆرىدۇ! ئۇنىڭغا قامەت بولسا...ھەممە يېرى كېلىشكەن بولسا! ئۇنىڭدىن كېيىن، بىلەكتە كۈچمۇ بولسۇن...قول دېگەن مانا مۇنداق بولۇشى كېرەك!

سولدات بىلىگىگىچە يېڭى تۈرۈلگەن ئوڭ قولىنى يانچۇغىدىن

چىقىرىپ كۆرسەتتى...ئۇستىنى زەر رەڭلىك يۇڭ باسقان ئاپپاق قولى كۇچلۇك ئىدى.

— ئاياقتا، كۆكرەكتە، ھەممە يەردە كۇچ بولسۇن...ئۇنىڭدىن باشقا ئەر دىگەن ئالىپتە كىيىنىشى كېرەك...مېنى ھەممە خوتۇنلار ياخشى كۆرىدۇ. مەن ئۇلارنى چاقىرمايمەن، ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلمايمەن. ئۆزلىرى كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلىۋېلىشىدۇ.

ئۇ، ئۇن قاچىلانغان تاغارنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇۋېلىپ، خوتۇنلارنىڭ ئۆزىنى قانداق ياخشى كۆرىشىنى، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، كېيىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك غىچىرلاپ يېپىلغاندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ھكايىلىرى ھەققىدە ئويلاپ، خىلىغىچە جىم ئولتۇرۇشتۇق. كېيىن ھەممىمىز بىردىن تىلغا كىرىپ كەتتۇق، سولداتنىڭ بىزگە يېقىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاددىغىنە ئادەم كېلىپ، ئازراقلا ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىپ كەتتى. بىزنى ھىچكىم ئىزدىمەيتتى، بىز بىلەن ھىچكىم دوستانە گەپلەشمەيتتى... ئۇ ھەقتە، ئۇنىڭ كەشتىچى قىزلار ئارىسىدا بولىدىغان كەلگۇسى مۇۋەپپىقىيەتلىرى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىشىپ ئولتۇردۇق. كەشتىچى قىزلار بىلەن ھويلىدا ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىمىزدا ئۇلار لەۋلىرىنى پۇرۇپ ئۆتۇپ كېتىشەتتى، يا بىزنى پىسەنت قىلماي، توغرى ئۇستىمىزگە باستۇرۇپ كېلىۋېرەتتى. بىز بولساق ھويلىدا ئۇچراتقان چېغىمىزدىمۇ، دەرىزىمىز يېنىدىن ئۆتكەندىمۇ ئۇلارغا ھاڭۋىقىپ قاراپ قالاتتۇق. ئۇلار قىشتا ئالامەت شاپۇشكىلار، مويلۇق جۇۋىلار، يازدا بولسا گۇللۇك شىلەپىلەر كىيىپ، رەڭمۇ-رەڭ كۇنلۇكلەر تۇتىشىپ يۇرىشەتتى. ئەمما بىز ئۇلارنى ئۆزئارا شۇنداق سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيتۇقكى، ئەگەر ئۇلار ئاڭ-

لاپ قالدىغان بولسا، ئۇيات ۋە نومۇستىن ئۆلگەن بولاتتى.

— بىراق، ئۇ تانىيەنىمۇ...بۇزمىغىدى! — دىدى بىردىن ئاۋاي خاۋاتىرلىنىپ.

بۇ سۆزدىن تەئەججۈپلىنىپ، ھەممىمىز جىم بولۇپ قالدۇق. بىز تانىيەنى ئۇنۇتقان ئىدۇق، سولدات ئۆزىنىڭ كىلىشكەن قامىتى بىلەن گويا ئۇنى بىزدىن توسۇۋالغان ئىدى. كېيىن قىزىشىپ بەسلىشىپ كەتتۇق: بەزىلەر تانىيە بۇنىڭغا يول قويمايدۇ دىيىشەتتى، بەزىلەر بۇ قىز سولداتقا تەڭ كېلەلمەيدۇ دەيتتى؛ يەنە باشقىلار بولسا، ئەگەر سولدات تانىيەگە تېگىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇش كېرەك دەپ ئېيتاتتى. ئاخىرى، سولدات بىلەن تانىيەگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرۈش، قىزغا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ يۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەت بىرىش كېرەك دىگەن قارارغا كېلىندى، شۇنىڭ بىلەن تالاش ـ تارتىش تۈگىدى.

ئارىدىن بىر ئايچە ئۆتتى. سولدات بولكا پىشۇراتتى، كەشتىچى قىزلار بىلەن يۈرەتتى، ئىشخانىمىزغا پات ـ پات كىرىپ تۇراتتى.

تانىيە بۇرۇنقىدەك ھەر كۈنى ئەتتىگەن پەيدا بولاتتى. بىزگە ئادەتتىكىدەك خۇشچاقچاق، يېقىملىق، مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى. بىز ئۇنىڭغا سولدات ھەققىدە گەپ ئېچىپ كۆرۈۋىدۇق، تانىيە ئۇنى "پالكۆز بۇزۇق" دەپ تىللاپ ۋە بىرمۇنچە كۈلكىلىك لەقەملەر بىلەن ئاتاپ چىقىپ كەتتى، بىز خاتىرجەم بولدۇق. بىز كەشتىچى قىزلارنىڭ سولداتقا يېپىشىپ ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، قىزىمىزدىن پەخىرلىنەتتۇق. تانىيەنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋىتى بىزنىڭ روھىمىزنى كۆتىرەتتى. بىز ئۇنىڭدىن كۈچ ئېلىپ سولداتنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدۇق. تانىيەنى بولسا بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك ياخشى كۆرۈپ



www.uyghurkitap.com

قالدۇق، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئۇنى تېخىمۇ زور سۆيۈنۈش ۋە خوشاللىق ئىچىدە قارشى ئالاتتۇق.

بىر كۈنى سولدات بىزنىڭ ئىشخانىغا كەيپى خوش ھالدا كىرىپ كەلدى-دە، ئولتۇرۇۋېلىپ كۈلۈشكە باشلىدى: بىز ئۇنىڭدىن "نىمىگە كۈلىۋاتىسەن" دەپ سورىغان ئىدۇق، ئۇ:

— ئىككىسى مېنى دەپ چاچلىشىپ كېتىپتۇ...لىدىكا بىلەن گىرۇشكا... — دەپ جاۋاپ بەردى. — تازا ئېلىشىپ ھەممە يېرىنى زىدە قىلىشىپتۇ! ھا-ھا-ھا! بىرى بىرىنىڭ چېچىدىن تارتىپ ھويلىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئۈستىگە مىنىۋېلىپ تازا قويۇپتۇ-دە! ھا-ھا! يۈزلىرى قان، بەدىنى پەخشە...كىيىم-كېچەكلىرى يىرتىلغان...مانا ئۇرۇشۇش دېگەن! ئىمىشقا خوتۇنلار تۈزۈك ئۇرۇشالمايدۇ-ھە، ھەيرانمەن! ئىمىشقا بىر بىرىنى خورلىشىدۇ؟

ساغلام، ئۈستى-بېشى تازا، كەيپى خوش سولدات سىكامىكادا ئولتۇرۇپ ھوزۇر قىلىپ كۈلەتتى. بىز جىم ئولتۇراتتۇق. بۇ قېتىم ئۇ بىزگە ئىمىشقىدۇ ياقمىدى.

— خوتۇنلاردىكى ئامىتىمنى دەيمە-نا! ئەجەپ ئىش، كۆزۈمنى بىر قىسىپ قويساڭلا بولدى، ئۆزى يۈگرۈپ كېلىدۇ! قىزىق-ھە؟

ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭلىك يۇڭ باسقان قوللىرى كۆتىرىلىپ يەنە تىزىغا چۈشتى. ئۇ، ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتتە ئامەتلىك ئىكەنلىگىگە ئۆزىمۇ ھەيران بولىۋاتقاندەك، بىزگە ئەجەپلىنىپ قارىدى. ئۇنىڭ سېمىز، ماختانچاق بەشىرىسى يالتىرايتتى. لەۋلىرىنى تىنىمسىز يالاپ ئولتۇراتتى.

ناۋايىمىز كۇرىگىنى پېچقا ئاچچىق بىلەن بىر ئۇردى-دە مەس-

خىرە بىلەن دىدى:

— ئارچىغىغۇ كۆچۈك يېتىپتۇ، قېنى چىنارنى يىقىتالامسەن؟

— ماڭا دەۋاتامسەن؟ — دىدى سولدات.

— ساڭا بولماي كىمگە بولاتتى.

— نىمە دىدىڭ؟

— ھېچنىمە...ئۆزى بىرلا ئىدى!

— ياق، ئالدىرىما، نىمە دىدىڭ؟ قانداق چىنار ئۇ؟ ناۋايىمىز ھېچنەرسە دىمەستىن ئىشنى داۋام ئەتتۈرۈشكە باشلىدى. سۇدا قايناپ پىشقان توغاچ خېمىرلىرىنى كۈرەك بىلەن پېچقا تاشلاپ، قىزارغانلىرىنى چىقىرىپ، يىپقا تىزىدىغان بالىلارنىڭ ئالدىغا ئىرغىتتى. ئۇ، گويا سولداتنىمۇ، ئۇنىڭغا ئېيتقان گەپلىرىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك ئىدى. بىراق، سولدات بىردىن بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن كۈرەكنىڭ سىپىغىمۇ پەرۋا قىلماي، پېچ يېنىغا باردى.

— ياق، ئېيتقىنا، ئۇ كىم زادى؟ سەن مېنى خاپا قىلدىڭ...مېنىڭدىن ـ ھە؟مېنىڭدىن بىرەرسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! سەن تېخى مېنى مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن خاپا قىلىۋاتىسەن...

ئۇ، راستىنمۇ رەنجىگەندەك ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇن ـ قىزلارنى يولدىن چىقىرىپ، بۇزۇۋشتىن باشقا پەزىلىتى بولمىسا كېرەك؛ بەلكى شۇ قابىلىيەتتىن باشقا ھېچنەرسىسى بولماي، پەقەت شۇ قابىلىيەت بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ يۈرسە كېرەك.

دۇنيادا روھى ياكى جىسمانى زەئىپلىكنى ھاياتتا ئەڭ قىممەت ۋە ئەڭ ياخشى نەرسە دەپ يۈرىدىغان كىشىلەر بارغۇ، ئاخىر. ئۇلار ئۆمۈر بويى قىينالسىمۇ شۇ زەئىپلىكنى يەنىلا قەدىرلىشىدۇ، ئۆز-

لىرىنى شۇنىڭ بىلەن بىقىشىدۇ، ھەممىگە زارلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھىچنەرسىسى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ زەئىپلىگىنى يوقىتىش ۋە ئۇلارنى تۈزىتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرۈكچۇ، ئۇلاردىن بەختسىز ئادەم بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ بىردىن-بىر ۋاستىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، بوش ۋە قۇرۇق نەرسە بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئادەمنىڭ ھاياتى شۇقەدەر قاششاق بولىدىكى، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز نۇقسانلىرىنى قەدىرلەشكە ۋە شۇنىڭ بىلەن كۈن كۆرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

رەنجىگەن سولدات بىزنىڭ ناۋايغا يىپپىشىپ ئالدى:

— قېنى، ئېيتقىنا، ئۇ، كىم ئۆزى؟

— ئېيتايمۇ؟ — دىدى ناۋاي بىردىن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ.

— ئېيت!

— تانىيەنى بىلەمسەن؟

— خوش؟

— بىلسەڭ بوپتۇ! قېنى، ئۇرۇنۇپ كۆرچۇ...

— مەنمۇ؟

— ھە، سەن!

— ئاشۇنىمۇ؟ بىر دەملىك ئىش!

— كۆرىمىز!

— كۆرىسەن! ھا-ھا!

— ئۇ، سېنى...

— بىر ئاي مۆھلەت بېرىسەن!

— كۆپ ماختانما سولدات!

www.uyghurkitap.com

— ئىككى ھەپتە! كۆرستىمەن! كىم ئۇ؟ تانىكامۇ؛ تۇففى!

— يوقال كۆزۈمدىن، ھالاقىت بەرمە!

— ئىككى ھەپتە-ۋەسسالام! سېنى قارا-ھە...

— يوقال دەيمەن!

ناۋاينىڭ بىردىن ئاچچىغى كېلىپ كۇرىگىنى ئېلىپ سولداتقا تاشلاندى. سولدات ئەجەپلىنىپ كەينىگە چېكىندى-دە ھەممىمىزگە ئىندىمەي قاراپ تۇردى، كېيىن ئاستاغىنا "ئالدىرىماڭلار!"دىدى-دە چىقىپ كەتتى.

تالاش-تارتىش ۋاقتىدا ھەممىمىز قىزىقىپ، جىم تۇرۇشقان ئىدۇق. بىراق، سولدات چىقىپ كېتىشى بىلەن ئارىمىزدىن شاۋقۇن-سۈرەن كۆتىرىلدى: كىمدۇ بىرى ناۋايغا قاراپ:

— بىكار قىلدىڭ، پاۋىل! — دەپ ۋاقىرىدى.

— ئىشىڭدىن قالما! — دەپ ۋاقىراپ جاۋاپ بەردى ناۋاي.

بىز سولداتقا ئەلەم بولغانلىغىنى ۋە تانىيەنىڭ تەھلىكە ئاستىدا قالغانلىغىنى سېزەتتۇق. بىز بۇنى ياخشى سېزەتتىقۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە "قېنى، نىمە بولاركىن" دىگەن نەرسىگىمۇ قىزىقاتتۇق.

بىز تانىيە سولداتقا بوش كەلمەيدۇ دەپ ئويلايتتۇق.

— تانىكامۇ؟ بوش كەلمەيدۇ! ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسان ئەمەس! — دېيىشەتتۇق.

بىز، ئۆز ئىلاھىمىزنىڭ مۇستەھكەملىگىنى سىناپ كۆرۈشنى خالايتتۇق. ئىلاھىمىزنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىگىنى ۋە بۇ توقۇنۇشتىن غالىپ چىقىدىغانلىغىنى كۈچىمىزنىڭ بېرىچە ئىسپات قىلاتتۇق. ئاخىرى بىز سولداتنى ئاز-تولا گىژ-گىژغا سالدۇق دىگەن پىكىرگە كەلدۇق، سولدات تالاش-تارتىشنى ئۇتتۇپ قالدى، شۇڭا ئۇنىڭ

ئىززەت ـ نەپسگە تېخىمۇ قاتتىقراق تېگىشىمىز كېرەك دەپ ئويلاشتۇق. شۇ كۈندىن باشلاپ بىز، نىمە بولارىكىن دىگەن ئەسەبى بىر كەيپىيات بىلەن ياشاشقا باشلىدۇق. ھىچقاچان مۇنداق بولمىغان ئىدۇق. ئەتىدىن كەچكىچە بىر بىرىمىز بىلەن بەسلىشەتتۇق. ھەممىمىزگە ئېقىل كىرىپ، تىللىرىمىز راۋانلىشىپ، سۆزلىرىمىزمۇ تۇزۇك بولۇپ قالدى. بىز ئۆزىمىزنى گويا بىر شەيتان بىلەن قىمار ئوينىغاندەك ۋە بۇ ئويۇندا تانىيەنى دو تىككەندەك سېزەتتۇق. بىر كۈنى بولكىچىلاردىن سولداتنىڭ "تانىكامىزغا باغلىنىپ" قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كەيپىمىز كۆتىرىلىپ كەتتى. ئويۇنغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كېتىپتىمىزكى، ھەتتا خوجايىن بىزنىڭ غەيرەتكە كەلگىنىمىزدىن پايدىلىنىپ، كۈنىگە ئون تۆت پۇت ئۇن قوشۇپ قويغانلىقىنىمۇ بىلمەي قاپتىمىز. بىز چارچاشنىڭ نىملىگىنىمۇ سەزمەي قالغان ئىدۇق. تانىيە كۈن بويى ئاغزىمىزدىن چۈشمەيتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن بىز ئۇنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتۇق. بەزىدە مانا ھازىر تانىيە كىرىدۇ، لېكىن ئىلگىرىكى تانىيە ئەمەس، ئۆزگىرىپ كەتكەن باشقا تانىيە كىرىدۇ، دەپ ئويلايتتۇق.

ئەمما ئارىمىزدا بولۇۋاتقان گەپ توغرىسىدا ئۇنىڭغا ھىچنەرسە ئېيتمايتتۇق. ئۇنىڭدىنمۇ ھىچنەرسە سورىماي، بۇرۇنقىدەكلا سۆيۈپ، ياخشى مۇئامىلە قىلاتتۇق. ئەمما، شۇ مۇئامىلىگە، تانىيەگە بولغان ئالاقىمىزغا قانداقتۇر يېڭى بىر يات نەرسە ئارىلىشىپ قالغان ئىدى، — بۇ ـ قۇيۇچ پىچاققا ئوخشاش ئۆتكۈر ۋە سوغاق قىزىقىش ئىدى...

بىر كۈنى ئەتىگەن ناۋاي ئىش باشلاۋېتىپ:

— ئاغىنىلەر! بۈگۈن مۆھلەت توشتى! — دىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ دېمىسمۇ بۇنى ئۆزىمىز ياخشى بىلەتتۇق، شۇنداق بولسىمۇ بىزنى بىر خىل سەسكىنىش كېلىپ باستى.

— ياخشىراق قاراڭلار، ھازىر كېلىپ قالدۇ، — دېدى ناۋاي كىمدۇر ئەپسۇسلىنىپ:

— بىر قاراشتا بىلىپ بولمايدۇ-دە! — دېدى. ئارىمىزدا يەنە قىزغىن تالاش-تارتىش باشلىنىپ كەتتى. بار-يوقىمىزنى، پۈتۈن ياخشى بىساتلىرىمىزنى سېلىپ يۈرگەن مۇقەددەس قاچىنىڭ نەقەدەر پاكىزىلىگىنى ۋە ئۇنىڭ بۇلغانماسلىقىنى. نىھايەت بۈگۈن بىلىمىز. شۇ كۈنى ئەتتىگەن ھەممىمىز بىردىنلا ھەققەتەن چوڭ قىمار ئويناۋاتقانلىقىمىزنى، ئىلاھىمىزنىڭ پاكلىقىنى سىناپ كۆرۈش-نىڭ بىزنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سەزدۇق. شۇ كۈنلەردە سولداتنىڭ تانىيەنى قاتتىق تۇرۇپ، تىنماي تەقىپ ئېتىشنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئەمما قىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇنا-سىۋىتىنى نىمە ئۈچۈندۇر تانىيەدىن سورىماپتىمىز. تانىيە ھەر كۈنى ئەتتىگەن توغاچ ئالغىلى كېلىپ تۇراتتى ۋە ئاۋالقىدەكلا شوخ ۋە خۇشچاخچاق ئىدى.

بۈگۈن ئەتتىگەنمۇ ئۇنىڭ ئاۋۇشى ئاڭلاندى:

— مەھبۇسلار! مەن كەلدىم...

بىز ئالدىراپ-تېنەپ ئىشكنى ئاچتۇق. ئۇ كىرگەندىن كېيىن ھەممىمىز ئادەتتىن تاشقىرى جىملىق بىلەن كۈتۈۋالدۇق. بىز ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ، نىمە دېيىشىمىزنى، نىمە سورىشىمىزنى بىلمەي داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئالدىدا گويا گاچا بولۇپ قالغان ئىدۇق. مۇنداق قاراشلىرىمىزدىن ھەيران بولغان بولسا كېرەك، بىردىن رەڭگى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى. ئالدىراپ قالدى. تۇرغان

جايىدا تىپىرلاپ، بوغۇق بىر تاۋۇش بىلەن:
— نىمىشقا مۇنداق سىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— سەنچۇ؟ — دىدى قاپىغى سىيلىنغان ناۋاي قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي.
— ماڭا نىمە بوپتۇ؟
— ھىچنىمە...
— قېنى، توغۇچىڭلارنى تېزراق بېرىڭلار.
بۇرۇنقى چاغلاردا قىز بىزنى زادى ئالدىراتمايتتى.
— ئالدىرما! — دىدى ناۋاي جايىدىن قوزغالماي ۋە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي.
قىز بىردىن بۇرۇلۇپ، ئىشكتىن يۈگرۈپ چىقىپ كەتتى. ناۋاي كۇرىگىنى ئېلىپ پېچ تەرەپكە ئۆرۈلدى-دە ئىختىيارسىز ھالدا:
— دىمەك ئىش تامام بوپتۇ!... سولدات قۇرغۇر...ئەبلەخ! — دىدى. بىز پادىدىكى قويدەك، بىر بىرىمىزنى ئىتتىرىشىپ شىرە يېنىغا كېلىپ، جاي-جايىمىزغا ئولتۇردۇق. بوشاشقان ۋە سولاشقان بىر ھالدا ئىشقا كىرىشتۇق. بىرئازدىن كېيىن كىمدۇ بىرى:
— بەلكى، تېخى... — دىدى.
— ئىشىڭدىن قالما! — دىدى ناۋاي غەلىتى ئاۋازدا.
ناۋاينىڭ ھەممىمىزدىن ئەقىللىق ئىكەنلىگىنى بىلەتتۇق. ئۇنىڭ گېپىنى سولداتنىڭ غەلىبە قىلغانلىغىنىڭ دەلىلى دەپ چۈشەندۇق... كۆڭلىمىز خىرە ۋە غەش ئىدى...
سائەت ئون ئىككىدە، چۈش پەيتىدە سولدات كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەر ۋاقىتتىكىدەك تازا ۋە ئالىپتە كىيگەن بولۇپ كۆزىمىزگە

www.uyghurkitap.com

توغرا قارايتتى. بىز بولساق ئۇنىڭغا قارىيالمايتتۇق.

— خوش، تەقسىرلەر، ھازىر سىزلەرگە سولداتنىڭ كىملىكىنى كۆرسىتەيمۇ؟ — دېدى ئۇ كىبىر بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — ھويلىغا چىقىپ يوچۇقتىن قاراپ تۇرۇڭلار... چۈشەندىڭلارمۇ؟

ھويلىغا چىقتۇق. بىر بىرىمىزگە چاپلىشىپ تام يوچۇقىدىن قاراشقا باشلىدۇق. كۆپ كۈتمىدۇق. ھويلىدىن توختام سۇ ۋە لاي-پاتقاقلاردىن سەكرىگىنىچە چېھرىسىدە خاۋاتىرلىق ئەكس ئەتكەن تانىيە ئۆتۈپ قالدى. قىز ئالدىرىغىنىچە پودۋال ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئالدىرىماي، ئىسقىرتقىنىچە سولداتمۇ كىرىپ كەتتى. قوللىرى يانچۇغىدا، بۇرۇتلىرى قىمىرلايتتى...

يامغۇر ياغاتتى. ئۇنىڭ زەربىسىدىن يىغىلىپ قالغان سۇلار چاچرايتتى. نەم، بۇلۇتلۇق، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان بىر كۈن ئىدى. تاملاردىكى قار تېخى ئېرىمىگەن، يەر بولسا قاپ-قارا پاتقاققا ئايلانغان چاغ ئىدى. تاملاردىكى قارلارنىمۇ تۇتۇن قارايتىۋەتكەن ئىدى. يامغۇر شارىلداپ يېغىپ كۆككۈلنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈرەتتى. سوغاقتىن توڭلاپ، كۈتۈشتىن تاقەتسىز تاق بولدى.

ئۆيدىن ئاۋۋال سولدات چىقىپ كەلدى؛ ئۇ، ئادەتتىكىدەك بۇرۇتىنى قىمىرلىتىپ، قوللىرىنى يانچۇقلىرىغا سالغىنىچە ئالدىرىماي ھويلىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

كېيىن تانىيە چىقتى. كۆزلىرى... كۆزلىرى بەخت ۋە سۆيۈنۈشكە تولغان ئىدى، لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينايتتى، ئۇ خۇددى ئۇيقىسىرىغان ئادەمدەك ئەلەڭ-سەلەڭ دەسسەيتتى.

بىز بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىدۇق. ھەممىمىز بىردىن قوزغىلىپ ئېتىلىپ چىقتۇق-دە ئۇنىڭغا قاراپ ۋەھشىيانە چىقىراشقا باشلىدۇق،

ئىسقىرتتۇق، ۋاقىرىدۇق.

بىزنى كۆرۈشى بىلەن، ئۇ بىر سەسكىنىپ توختىدى. تۇرغان ئورنىدا تاشتەك قېتىپ قالدى. بىز ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، عەزەپ ئىچىدە ئەڭ يامان، ئەڭ خۇنۇك سۆزلەر بىلەن سۆكۈشكە باشلىدۇق، ئۇياتسىز، نومۇسسىز دېدۇق.

ئۇنىڭ بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىغىنى، قولىمىزغا چۈشكەنلىگىنى ۋە خالىغىنىمىزچە قېينىشىمىز مۇمكىنلىگىنى بىلىپ ئالدىرىماي، بىمالال ھەركەت قىلاتتۇق.

بىلمىدىم، نېمىشقىدۇ ئۇنى ئۇرمىدۇق. ئۇ ئارىمىزدا تۇرۇپ، بىزنىڭ ھاقارەتلىرىمىزنى ئاڭلاپ، بوينىنى گاھ ئۇ ياققا، گاھ بۇ ياققا بۇرايتتى. بىز بولساق ئۇنى توختىماي ھاقارەت قىلىپ سۆزىمىزنىڭ ئىپلاس زەھىرى بىلەن تېخىمۇ بەتتەر بۇلغايتتۇق.

قىزنىڭ يۈزى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى. بۇنىڭدىن بىر ئازلا بۇرۇن بەخت بىلەن پارلاپ تۇرغان كۆزلىرى پارقىراپ، نەپىسى ئېغىرلىشىپ، لەۋلىرى تىترەشكە باشلىدى.

بىز ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىغىمىزنى چىقىراتتۇق. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ بار-يوقىمىزنى ئوغۇرلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ-بىزنىڭكى ئىدى، قەلبىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك ھېسلىرىمىزنى ئۇنىڭغا سەرپىلىگەن ئىدۇق. گەرچە بىزنىڭ كۆڭۈل بىساتىمىز گادايلار بىساتى بولسىمۇ، بىز يىگىرمە ئالتە كىشى ئىدۇق. ئۇ يالغۇز ئۆزى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن قانچىلىك جازا بەرسەكمۇ ئازلىق قىلاتتى! راسا ھاقارەت قىلدۇق!...ئۇ بولسا ئۈندىمەي، بىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىترەپ تۇراتتى.

بىز كۆلەتتۇق، مەسخىرە قىلاتتۇق، ۋاقىراپ ـ جاقىرايتتۇق...
بىزگە قاياقتىندۇ يەنە ئادەملەر كېلىپ قوشۇلدى...ئارىمىزدىن كىمدۇ بىرى تانىيەنىڭ يېڭىدىن تارتتى...

قىزنىڭ كۆزلىرى بىردىن چاقناپ كەتتى؛ قوللىرىنى ئاستا كۆتەردى ـ دە چاچلىرىنى تۈزىتىپ، ئەپتىمىزگە خاتىرجەم هالدا قاراپ تۇرۇپ يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن:

ــ ۋاي شورى قۇرغۇر مەهبۇسلارەي! ــ دېدى.

شۇنى دېدى ـ دە گويا ئالدىدا بىز يوقتەك، ئۇنىڭ يولىنى توساپ تۇرمىغاندەك بىزگە قاراپ باستۇرۇپ كېلىۋەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن هېچكىم ئۇنىڭ يولىنى توسىمىدى.

ئۇ قورشاۋدىن چىقىپ، بىزگە قارىماي، يەنە بايىقى يۇقۇرى ئاۋاز ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن پەرۋاسىز هالدا دېدى:

ــ ئەبلەخلەر...گېزەندىلەر... ــ ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە قەددىنى ئېگىز كۆتىرىپ، گۈزەللىك ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى...

بىز بولساق هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاتقاقتا، قۇياشسىز ئاسمان ۋە يامغۇر تېگىدە قېلىۋەردۇق...

كېيىن بىز ئۆزىمىزنىڭ زەيلىك تاش ئورىمىزغا چۈشۈپ كەتتۇق. ئۇنىڭ دەرىزىسىدىن هېچقاچان ئاپتاپ چۈشمەيتتى. تانىيەمۇ ئەمدى بىزگە كەلمەيدىغان بولدى!...

1899 ـ يىل

ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **مۇهەممەت پولات.**

# كۆڭۈل كۆڭۈلنىڭ قاياشى

## ن. كىرپىنكوۋا

ئۇلىيا بىلەن تولىيانىڭ توي قىلىشقاندىن كېيىنكى 3 يىللىق تۇرمۇشى قالتىس بەختلىك ئۆتتى؛ ئۇلار بىر بىرىنىڭ نىيىتىنى ئويلا-ۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدىغانلىقىنى، يالغۇز بىرەر ئىش ئۈستىدىلا ئەمەس، ھەتتا ئېيتماقچى بولغان ئوي ۋە گېپىنىڭمۇ بىر يەردىن چىقىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىردىنلا سېزىپ قالدى. مەسىلەن، ئىككىسى كەچكى تاماقنى يەۋېتىپ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا جىم ئولتۇرۇپ بىر ئېغىزدىنلا: "سۈتنى..." دەۋەتتى-دە، گېپىنىڭ ئايىغى تۈگىمەيلا، بىر بىرىگە لاپپىدە قارىشىپ كۈلۈشەتتى. دەرۋەقە، ئىككىسىنىڭ تەڭلا ئويلىغىنى "سۈت سېتىۋېلىش" ئىدى، ئەجەبا بۇ كىشىنى كۈلدۈرمەيدىغان ۋە ھەيران قالدۇرمايدىغان ئىشمۇ؟

مۇنداقمۇ ئۇدۇل چىقىپ قالغان بارمۇ؟ ئەمما، بۇنداق ئۇدۇل چىقىپ قالىدىغان ئىش ھەمىشە دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، يەر ئاستى پويىزىغا ئولتۇرغاندا ياكى مېھماندارچىلىققا بارغاندا، ئىككىسى خۇددى ئالدىن دېيىشىپ قويغاندەك: ھەي، بۇ بەئەينى تەييارلاپ قويۇلغان بىر پەردە سېرىك ئويۇنىغا ئوخشاش ئىش، دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى تەڭلا باشلايتتى.

— راستىنلا تەكتىگە يېتىپ بولمايدۇ! — دەيتتى ئۇليا قاتتىق خوشاللىغى بىلەن. توليا بولسا سەگەكرەك ھەم سالماقراق ئىدى. ئۇ چۈشەندۈرۈپ:

— بۇنىڭ قىلچە ئەجەپلەنگۈچىلىگى يوق. ئوبېكتىپ قانۇنىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئىككىمىز ھەممە جەھەتتە ماسلاشساق، ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى...بولىدۇ، — دەيتتى.

— ياق! — دىدى ئۇليا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — فراكانچىك ئەر-خوتۇن ئىككىسىمۇ تازا ماسلىشىۋاتىدۇ غۇ، بىراق، ئۇلاردا بۇنداق ئەھۋال يوققۇ. ياق، مىنى قايىل قىلىمەن دىمە. بۇ يەردە جەزمەن بىز تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بىر خىل سىر بار...، — دىدى.

ئۇليا خەقلەردىن ئۆزگىچە ئىدى، ئۇنىڭ قۇلىغى "ئۇزۇن" ئىدى، لېكىن، ئاڭلىغانلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئىشەنچ قىلىپ بولمايتتى؛ ئۇ بۇنىڭ بىلەن باغلىنىپ قالمايتتى، ئەكسىچە، ئاڭلىغانلىرىغا ئۆز قىياسى بويىچە شاخلاندۇرۇپ، بىرنى ئون قىلاتتى.

ھۆسنە دوختۇرخانىسى ئەينەك، سىمونت ۋە سۇلياۋلاردىن قۇرۇلغان. قارىماققا پۇختا ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۆيلىرىنىڭ ئىچىگە چىرايلىق ئايلانما پەلەمپەيلەر سېلىنغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ پۇختىلىغىدا گەپ يوق ئىدى، رەت-رەت زاللىرى ئايرودۇرۇمنىڭ ئايرۇپىلان كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان چوڭ زاللىرىغا تولىمۇ ئوخشايتتى. كىشىلەر مانا مۇشۇ يەردە سەۋرى-تاقەت بىلەن ئولتۇرۇپ، ھۆسنە ئوپېراتسىيىسىنى كۈتەتتى، شۇ ئارقىلىق قاملاشمىغان بۇرۇنلىرىنى ئىلىپتەك، سالپاڭ قۇلاقلىرىنى چۇچۇرىدەك، كەمىيەك ئىڭەكلىرىنى سوزۇنچاقراق قىلىۋىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھۆسنە-جامال ئۈچۈن، ئۇلار جېنىنى تىكىپ قويغان ئىدى، — مانا مۇشۇ يەر دەل ئۇليانىڭ

خىزمەت ئۇرنى: ئۇ يا ئەتتىسىگەن سائەت 8دىن چۈشتىن كېيىن سائەت 3گىچە، يا چۈشتىن كېيىن سائەت 3تىن كەچ سائەت 8 گىچە ئىشلەيتتى.

ئۇلىيانىڭ خىزمەت شىرەسى ئازادە كارىدورنىڭ تۇتاشمىسىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ كىچىك بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ئەپچىل ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، كەلگەنلەرنى تىزىملايتتى، تېلېفوننى باشقۇ-راتتى. ئىشتاتتا تۆۋەن دەرىجىلىك ئىلىم-پەن خادىمى دىگەن نام بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇنۋانى "يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلىم-پەن خادىمى" دىگەن ئۇنۋان ئىدى.

ئۇلىيانىڭ ئىش شىرەسى سىلىق، يالتىراق ئۆلچەملىك ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، شىرەنىڭ ئاستىنقى ئىككى بېشىدا ئىككى كىچىك ئىشكاۋى بار ئىدى، ئوتتۇرىسى ئەگىمەچ كىمىر بولۇپ، ئۇ گويا ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ ئىشلەنگەن قۇرۇلمىغا ئوخشايتتى. ئۇلىيانىڭ ئىنتايىن كېلىشكەن ئىككى پاچىغى مانا مۇشۇ ئەگىمەچ قۇرۇلمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەركىمنىڭ كۆزىنى يۇگۇرتۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ پاچاقلىرى ئۇنىڭ قەستەن قاپىغىنى تۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇۋالىدىغان كەسكىن چىرايىغا سېلىشتۇرما بولۇپ كۆرۈنەتتى (ئۇلىيا خىزمەتكە چۈشكەن ۋاقتىدا ھەمىشە مۇشۇنداق چىرايىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇشقا تىرىشاتتى).

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىغا باشقىلاتىن يەنە كۈلكە يۈگۈرەتتى.

ئۆيىگە يېنىشتا (بەزىدە كەچقۇرۇنلۇغى، بەزىدە چۈشلۈگى، بۇ ئاساسەن ئۇنىڭ قايسى ئىسمىندا ئىشلەيدىغانلىغىغا باغلىق ئىدى)، ئۇليا گويا بىر كىم ئۇنىڭغا ئىككى كۆزىنى تىكىپ يېقىنچىلىق

www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كېلەتتى ـ دە، دىلى يايراپ، خۇددى قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمگەندەك بولۇپ قالاتتى. بۇنداق تىكىلىپ قاراشلاردىن ئۆزىنىڭ ھۇسنە دوختۇرخانىسىدا ئولتۇرغان ۋاقتىدىكى ئىچ پۇشۇقلىرىنى يانىدۇرۇۋالغاندەك بولاتتى. بۇ ھۆسنە دوختۇرخانىسىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئاياللار ئىدى، دوختۇرخانىغا كەلگەنلەرنىڭمۇ كۆپىنچىسى ئايال ئىدى. بۇ يەردىكى ھەۋەس ئاياللارنىڭ ھەۋىسى ئىدى، يولۇقىدىغان مەسىلىمۇ ئاياللارنىڭ مەسىلىسى ئىدى، ھەل قىلىدىغان مەسىلىمۇ ئاياللارنىڭ مەسىلىسى ئىدى. بىراق، بازاردىكى مىغ ـ سىغ قايناپ يۈرگەن ئادەملەردىن دۇنيادا ئەركەك بەندىلەرنىڭ تېخى تۈگەپ كەتمىگەنلىگى بايقىلاتتى.

ئۆيدە ئولىيانى كۈتۈپ تۇرغان كىشى دۇنيادا ھەممىدىن ئىشەنچىلىك، ھەممىدىن ياخشى بىر ئەر كىشى ئىدى، بۇنى ئويلىغان ھامانىلا ئۇنىڭ ئىشەنچى تولۇپ تاشاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ بىر خىل كۆرەڭلىك ئالامىتى كۆرۈلەتتى، ــ ئۇ مانا مۇشۇنداق خاتىرجەم ئورۇندا تۇرغانلىغىنى ھىس قىلىپ، باشقىلارنىڭ گىدىيىۋېلىپ خەقلەرنى كۆزگە ئىلمىغىنىنى دوراپ، ئۇدۇلىدىن كېلىۋاتقان ئەرلەرگە زاڭلىق قىلغاندەك قىياپەتتە قارايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قېشىدا بۇنداق ياخشى ئەر بولغانلىقتىن، ھەرقانداق قاش ئېتىشلارمۇ ئۇنى ئۆزىگە قارىتالمايتتى.

شۇنداقكەن، ئۇ نىمىدىن قورقاتتى، ئۇ قانداق ئېزىقتۇرۇشقا ئۇچرايتتى. چۈنكى ئۇ ھەر مىنۇتتا دىگۈدەك كىمنىڭ ئۆزىگە يۆلەك بولۇۋاتقانلىغىنى، كىمنىڭ ئۆزىنى ئاسراپ ـ قوغداۋاتقانلىغىنى بىلەتتى. گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ تولىياغا تۇش بولدى، ئىككىسى بىرىكتى، بۇ نىمە دىگەن تەلەي، ــ ئۇ بۇنى توساتتىن ئۇدۇل كېلىپ

قالغانلىق ئەمەس، بەلكى بىر خىل بەختنىڭ ئالامىتى دەپ قارايتتى.

ئۇ ئىچىدە كۆڭۈل ئالماشتۇرۇش ھۈنىرى دەپ ئاتايدىغان مۇشۇنداق بىر بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئويلاپ تېپىش ماھارىتى دەل مۇشۇنى ئىسپاتلىمامدۇ؟!

ئولىيا يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرۇپ، ئاندىن ئىككى قېتىم تىرالليبۇس ئالماشتۇرىدىغان ئۆيگە قايتىش يولىدا مانا مۇشۇنداق خىياللارنى سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. دەرۋەقە، شۇنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان، ئۇچىسىغا كالتە جۇگا كىيگەن، قارا چاشلىق ئەر كىشى كۆزىنى ئۈزمەستىن ئۇنىڭغا قارايتتى، ئولىيا بىكەتتە چۈشۈپ قالغاندىمۇ مەجنۇندەك قاراپ كۆزى بىلەن ئۇزۇتۇۋاتاتتى.

"قارىۋالسۇن، قاراپ تويۇۋالسۇن،" دەپ ئولىيا ئىچىدە زەردىسى بىلەن ئاچچىققىنا كۈلۈپ، ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك قىلدى. ئەتەي نازلانغاندەك قىلىپ، رومىلىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، ئەمما ئۇ ئىچىدە مۇشۇ ھەركىتىم بىلەن بولسىمۇ تولىيانىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىشىم كېرەك دەيتتى: "ئۇنىڭ خوتۇنى مۇشۇنداق نوچى خوتۇن. خەقلەرنىڭ ئىچى كۆيۈپ كەتسۇن."

ئولىيا تولىيا ئۈچۈن پەخىرلىنەتتى، ئۇنىڭ مەغرۇرلىقىمۇ تولىيا-نىڭكىگە ئوخشاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاياللارچە قىزىقتۇرۇش كۈچىدىن باشقا، قانداقتۇر تولىيانىڭكىدىن قېلىشمايدىغان ئەقىل-پاراسەت، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە باتۇرلۇقنى تاپقىلى بولامتى؟ مانا مۇشۇلار دەل ئولىيانى تولىيا ئۈچۈن پەخىرلەندۈرىدىغان تەرەپلەر ئىدى. ئولىيا ھەرقانچە ساپ مۇھەببەت بولسىمۇ، ئۇنى خەقلەر مۇقىملاش-تۇرۇشى، باھالىشى، دەرۋەقە. ماختاپ باھالىشى، گويا سىنىڭ

تاللىغىنىڭنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كەينى ـ كەينىدىن تولۇق ئىسپات ـ لاۋاتقاندەك باھالىشى كېرەك دەپ ئويلايتتى.

مەسىلەن، ھەر نۆۋەت تولىيا ھۆسنە دوختۇرخانىسىغا كېلىپ ئولىيانى ئىزدىگەندە، ئولىيا ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ: "سىزنىڭ يولدىشىڭىز ئۇ يەردە سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ" دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئولىيا خۇددى بىرەر يىل يۈز كۆرۈشمىگەندەك، چېپىپ چىقىپ كېتەتتى، تولىيانى يىراقتىن كۆرۈپلا، ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا ئىچە ـ كىشلىك بىلەن قاراپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ماختانغۇچىلىقى بار ئىدى: ھۆسنە دوختۇرخانىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئورغۇنىنىڭ ئېرى يوق ئىدى، يەنە كېلىپ ئولىيانىڭ ئېرىگە ئوخشايدىغان ئەر ھېچكىمدە يوق ئىدى! ئولىيانى تېخىمۇ خوشاللاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى تولىياغا پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىدىنلا باھا بېرەتتى، لېكىن، تولىيانىڭ ھەممىدىن مۇھىم تەرىپى شۇ ئىدىكى، ئۇ ئولىياغا بەكمۇ ئامراق ئىدى، چەكسىز كۆيۈنەتتى ۋە يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى (گەرچە باشقىلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ) ۋاھاكازا، مانا بۇ تۇرمۇشنى ئۇلارنىڭ كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس، ھەم قىلچە ئۇقمايدۇ.

ئەگەر ئۇلار بىلىدىغان بولسا... ئۇلار ئېرىڭ قانچە تەڭگە ئالىدۇ دەپ سورىمىغان بولاتتى. بۇنداق سوئالغا دۇچ كەلگەندە، ئولىيا ھەم خاپا بولۇپ، ھەم يوشۇرۇپ، ئاغزىنى ئاچماي تۇرۇۋالاتتى. چۈنكى، ئۇ ھەر جەھەتتە تولىيا ئۈچۈن مەغرۇرلانسىمۇ، بىراق، بۇنداق بىلىملىك ئادەم نېمە ئۈچۈن ئاران 170 رۇبلىلىق كىرىم قىلىدۇ؟ بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ دەپ ئويلايتتى،

ئۇنىڭ بەزى ئايال دوستلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ بەختلىكلىكى گۇمانلىق ئىدى، بىراق، ئولىيا بۇنداق ئادەمنى چۈشۈرىدىغان ھاقارەت خاراكتېرىدىكى گۇمانغا زادى چىدىيالمايتتى.

شۇڭا، ئۇ يالغان ئېيتىپ ئۆتتۈۋەردى، ئۇ بۇنداق قىلىش تولىيانى ئاسىرىغانلىق دەپ بىلەتتى. ئۇ كاسسىسىغا بىر ئۇرۇپلا ئېرىم دائىم دىگۈدەك چەتئەلگە تەتىلگە چىقىدۇ دەيتتى. مەسىلەن، ئۇ پۇرسەت بولسىلا يېڭى نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ كۆز-كۆز قىلاتتى، ئاندىن كېيىن يەنە ئايال دوستلىرىنىڭ ئىچىدە پەرۋا قىلماستىنلا بۇنى ئېرىم ۋىرسالدىن ئېلىپ كەلگەن دەيتتى. يەنە مەسىلەن، يازدا ئۇ ئېرى بىلەن ئەسلىدە "ئۆز پۇلى" بىلەن سوچىدا دەم ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىنىستىرلىككە قاراشلىق دەم ئېلىش ئورنىدا ئولتۇرىمىز دەيتتى.

ئۇنداق بولسا يەنە قانداق بوپتۇ؟ ئۇ ئانچە-مۇنچە يالغان ئېيتسا بىر كىمگە زىيىنى بارمۇ؟ تەبىئىكى، تولىيانىڭ بۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى سوراشتۇرۇشقا چولىسى يوق ئىدى. ئۇلار "ئۆز يېنىدىن پۇل چىقارغان" بولسىمۇ، تازا ئوبدان دەم ئالغان ئىدى. ئولىيانىڭ ئويلىغىنى تازا ئەمەلىي بولدى. دەم ئېلىش ئورنىدا ھەممەيلەن ئۆزىنى كاتتا كۆرسىتىپ گىدىيىشىپ يۈرەتتى. بۇنداق جاي ئولىياغا تولىمۇ مەنىسىز بىلىنەتتى. شۇڭا، ئولىيا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ناھايىتى قانائەت ھاسىل قىلاتتى. دەرھەقىقەت. ئۇ ئۆزىنىڭ تولىياسىنىڭ تولىمۇ ئىستىقباللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. تولىيا شۇنچە كۆپ كىتاپىنى "يۇتقان"، شۇنچە كۆپ ئىشلارغا قىزىققان تۇرسا، ئاخىر بۇنىڭ ئەسقاتمىدىغان يېرى ۋە نەتىجىسى چىقىپ قالار؟

تولىيا مەخسۇس ئىلمى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىدىغان نەشرىياتتا ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ بىلىمى جىق ئىدى، ئەڭ مۇرەككەپ بولغان قىسما ـ قىسما مەسىلىلەرنى بىلەتتى، ئەقەللىسى ناھايىتى سالاھىيەتلىك ئاپتورلارمۇ كېلىپ ئۇنى ئىزلەيتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئولىيا تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ ئىدارىسىغا كېلىپ ئۇنى ئىزلىگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قىستىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئىش شىرەلىرىنىڭ ئەسكىرەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن بىرئاز ئىچى ئاغرىغان ئىدى. يەنە كېلىپ تولىيانىڭ بىرەر ئورۇندىغىمۇ يوق ئىدى (شۇمۇ ئىدارە بولدىمۇ!)، ئۇ بىردەم ئۇ يەردە، بىر دەم بۇ يەردە ئولتۇراتتى، قولىغا قېلىن ئارگىنالىنى ئېلىپ قوغلىنىپ يۈرەتتى، بىراق ئۇ بىرئازمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەستىن، ئىككىنچى بىر جاينى تېپىپ ئولتۇراتتى، گويا بۇنداق بولۇشى ھەقلىقتەك. ئولىيا بولسا بۇنداق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، بۇنداق قاتىلاڭغۇلۇقتا نىمە دىسىمۇ ئىشلىمىگەن بولاتتى! ئولىيالارنىڭ دوختۇرخانىسى بولسا تەرتىپلىك، پاكىزە بولۇپ، كۆكۈلدىكىدەك ئىدى، ھەممە يېرىگە ئېچىلىپ تۇرغان گۈل دەستىلەر قويۇلغان ئىدى.

ئەقلىغە سىغمايدۇ، ئادالەتسىزلىك. ئالى بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرگەن تۇرسا ـ قانچىلىغان دەرستىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ ـ ھە، روھىي جەھەتتە قانچە جىددىلىك بولىدۇ ـ ھە! شۇنچە ئوقۇپ، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ئالغان ئىش ھەققىنىڭ تۆۋەنلىكىگە قاراڭ. دەرۋەقە، بەرىبىر ئىستىقبالى بار...

مانا بۇلارنى ئاشۇ ئەجەپلىنىپ كېتىدىغان، ئاق ـ قارىنى ئايرىماستىن ئوتتۇرىدا توشۇپ يۈرىدىغان ئايال خىزمەتداشلىرىغا ئېيتقىلى



www.uyghurkitap.com

بولامدۇ؟ كونىلار توغرا دېگەن، ئۇلارنىڭ ئولسيا بىلەن تولسيانىڭ قەدىرلەشكە تېگىشلىك نەرسىسىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى ئىچكى سىرىنى خەققە ئېيتماسلىق كېرەك. بولمىسا ئۇلار زاڭلىق قىلىپ ھېجىيىشىدۇ، ياسالمىلىق بىلەن ھېسداشلىق قىلىپ: "ھەي، جان دوستۇم، ياخشى ئەرنىڭغۇ تېپىپسەن! بىراق ئۇنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونۇپ قالغاندا، يەنە قاچانغىچە ئۇنى كۈتۈپ يۈرەرسەنكىن-تاڭ. كەلگۈسى ئۇنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونسۇنمۇ دەيلى، ئۇ چاغدا سەن يەنە مۇشۇ ئىسكەتىڭدە تۇرۇۋەرمەيسەن. ياش دېگەن ئۆتۈۋېرىدۇ، پۇشايمانىنى ئېلىشقا قاچا تېپىلمايدۇ. ئۇغۇ ئىلمى ئۇنۋان-پۇنۋان ئالار، سەنچۇ دوستۇم، ئۇ چاغدا سەن قېرى كەمپىر دېگەن نام ئالىسەن" دېيىشىدۇ.

ئاياللار ئارىسىدا بەزىدە قاملاشمىغان گەپلەر بولىدۇ، ئەرلەر ئاڭلىسىمۇ ئۇيۇلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەمىشە مۇشۇنداق ھى-ھى، ھا-ھا بىلەن ئېرەڭ قىلماستىن تۇرمۇش ئۈستىدە غولغۇلا قىلىدۇ. دەرۋەقە، ھەممە ئاياللار ئۇنداق ئەمەس، پەقەت بەزى ئاياللارلا شۇنداق. بىراق نىمە ئۈچۈندۇ ئۇلارنىڭ كانىيى باشقىچە جاراڭلىق. ئەجەپ، خەقلەر يەنە ئالاھىدە ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدۇ.

ئەتىمالىم، ئولسيانىڭ خىزمەت شارائىتى بۇنداق سۆھبەتكە قولايلىق بولسا كېرەك. ئاياللار مانا مۇشۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ھۆسنە-جامالىنى قەدىرلەپ كېتىشىدۇ ۋە ئاسراپ كېتىشىدۇ. بىراق كىم ئۈچۈن؟ ناھايىتى ئېنىقكى، ئەرلەر ئۈچۈن، ئۇلار مەڭگۈ ياش تۇرسام ئىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ئەسلىدە ياشلىق باھارى ھەممە نىمىدىن قىممەتلىك ئىكەن. سەن ھازىر تېخى ياش بولساڭمۇ، لېكىن سەل غەم-ئەندىشەڭ بار: سەنمۇ قېرىشتىن قېچىپ قۇتۇلالا-

مايسەن. ئۇ چاغدا سەئىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇسەن. ئىمىنى قولدىن بېرىپ قويۇسەن، جاۋاپ تاپىمىغىڭ ناھايىتى تەس، لېكىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلغانلىغىڭنى ھىس قىلىشقا باشلايسەن.

ھۆسنە دوختۇرخانىسىنىڭ ئاساسىي خىرىدارلىرى قىسما-قىسما ئىدى، چىرايىمۇ بىر بىرىگە ئوخشمايتتى. بۇ يەردە ھەممە نىمە ئەكسىچە بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى: ھېچقانداق ئىجتىمائى ئورنى بولمىغان شىتىلە بىرنىمىلەر بەئەينى دۆلەتمەنلەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ گىدىيىشىۋالاتتى، ئايال ئىلىمدار دوكتۇرلار ياكى مەشھۇر ئەرتىسلەر بولسا ئادەتتىكىدەك سۆرىلىپ كېلىپ، تاقىتى تاق بولۇشاتتى، ھەم ھالسىرايتتى؛ ئۇلارنى كۆرگەندە: سىلەرمۇ قىزىقمايدىغان جاي يوق ئىكەن، دىگەن ئوي كېلەتتى.

ئولىيا بۇنداق ئاياللارنى ھۆرمەتلەيتتى، لېكىن نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىك؟ نىمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلىغىغا ئۇيۇلۇشقا تېگىشلىك ئادەملەر مۇنداق تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ، ھەقىقى ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدىغان ئادەملەر ئۇنىڭ ئەكسىچە ئارىسالدى بولۇپ، ھېرىپ-چارچاپ، كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ، يۈزلىرى قورۇلۇپ، چىرايى ئىششىپ، سالپىيىپ يۈرىدۇ؟

ئولىيانىڭ خىزمىتى قارىماققا ئاددىراش ئەمەس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر كۈنلۈك ئىشىنىدا كۆپىنى كۆرۈپ، كۆپىنى ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەچكە، ھېچقانداق لەززەت ھىس قىلمايتتى، ئىچى سىقىلىپ كېتەتتى. ئەكسىچە ھۆسنە دوختۇرلىرىنىڭ ئىشى يېنىك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۆزىنىڭ قول ھۈنىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەيدىغىنى ئۇلاشتۇرۇپ ئىشلەيدىغان ئىش ئىدى: ئاساسىي خىرىدار كەينى-كەينىدىن كېلىپ تۇراتتى، جىسمانى جەھەتتە

ھېرىپ ـ چارچىغاندا كەلسە ـ كەلمەس خىياللارنى قىلىشقا چولىسى يوق ئىدى. لېكىن ئولىيا بولسا ئوخشىمايتتى. ئۇ پەقەت چەتتە قاراپ تۇرغۇچى ئىدى. ئۇ خۇددى ئىشىك باقىدىغان ياساۋۇلدەك ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئولتۇراتتى، ئۇ ھەم ئەڭ مۇھىمدەك، ھەم ئەڭ مۇھىم ئەمەستەك تۇراتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كاللىسىدىن خىلمۇ ـ خىل خىياللار كېچىشكە باشلىدى.

ياخشى، ساپ خىياللارمۇ بولدى، ئۇ بولسىمۇ تولىيا توغرىسىدىكى خىيال.

ئۇ تولىيا بىلەن 5 قەۋەتلىك تاختايلىق بىر بىنانىڭ بىر يۇرۇش ئايرىم ھۇجرىسىدا يېتىپ ـ قوپاتتى. ئولىيا ئەزەلدىن بىر ئايال خىزمەتدىشىنىمۇ ئۆيىگە مېھمانلىققا چاقىرىپ باقمىغان ئىدى. نىمە ئۈچۈن؟ ئۇلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋا تۇغدۇرىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن زاكىلىق قىلىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ ياق! ئۇ خەقلەرنىڭ خالىغىنىچە ھۇجۇم قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئولىيا ئۆزىنىڭ تولىيا بىلەن بىللە تۇتقان بۇ ئۆيىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئەپچىل، ئازادە، دەرۋەقە، بۇنىڭغا قانداق نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراش مەسلىسى بار. ناۋادا، زامانىۋى ھۇجرىغا بىر يۇرۇش يۇگوسلاۋىيىنىڭ ئۆي جاھازلىرى قويۇلغان بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، پەقەت ھەشەمەتلىك ئاسما چىراق بولسىلا ئاندىن ئۆي سۇتتەك يورۇيدۇ دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ بىر ئىش. لېكىن مېھمان ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئولىيا بىلەن تولىيا ناھايىتى قانائەتلەنمەي مۇمكىن ئەمەس.

ئىنتايىن قانائەتلىنىش بىلەن... ئولىيا ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئاچماقچى بولدى. ناۋادا سىز مەسلىگە دەرھال ئىككى تەرەپتىن

قارىماقچى بولسىڭىزچۇ؟ ئەمىلىيەتتە ئۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ، ھازىر مانا شۇنداق. ئىشىكتىن كىرگەندە پۇرلىشىپ كەتكەن كىچىك گىلەمنى تۈزەشتۈرىدۇ، ئادەت بويىچە ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتىدۇ؛ توساتتىن مېھمان سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن شۇبھىلىك بېشىنى چايقاپ، يوشۇرۇن قاراپ تۇرغاندەك، ئۇيۇلۇپ قالىسىز...

ئولىيا نەدىن ئۇقتىكى ياكى نەدىن ئاڭلىدىكىن، ئاياللارنىڭ ھەقىقى گۈزەللىكى بىلەن مەپتۇن قىلىدىغان يېرى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى قىلچە سەزمەسلىكىدە ئىمىش. كېيىن ئولىيا بۇ مەسىلىنى كۆپ قېتىم ئويلىغان: راس شۇنداقمىدۇ؟ ئۇ ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆسنىگە ئىنچىكە سەپسېلىپ باقتى. بەك ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گويا ئۆچلىكى كەلگەندەك بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ تېخى ياش ئىكەنلىكىگە كۈندەشلىكى تۇتقاندەك بولدى، شۇنداقلا يەنە ئۆزىنىڭ قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى.

ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى ئاڭقىرالماسمۇ؟ گۈزەللىكتىن قىلچە ئەسەر قالمىغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭقىرىش كېرەكمۇ؟ ئۇ چاققا يەتكەندە ھەسرەت-نادامەت چېكىپ، باشقىلارنىڭ ياشلىقىدىن زوقلىنىپ يۈرۈش كېرەكمۇ؟

ئولىيا قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا ئەينەكتىكى ئۆز تۇرقىغا قارىدى. ھۆسنە دوختۇرخانىسىنىڭ ھەممە يېرى ئەينەك بىلەن قاپلانغان: يۇمۇلاق، چاسا؛ بەزى جايلىرىنىڭ پۈتۈن تېمى ئەينەك. نەگىلا بارساڭ ئىسكەتىڭنى كۆرەلەيسەن. قەدەمدە بىر دىگۇدەك تەققى-تۇرقۇڭ ئەينەكتە. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نەگىلا بارساڭ ئۆزەڭ، ھەممىلا جايدا سەن بار! سېنىڭ ئۆزەڭنىڭ،

كۆلەڭگۈسى خۇددى يوشۇرۇن ھالدا سېنى قوغداپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سېنىڭ زوقۇڭنى كەلتۈرۈپ، سېنى جەلىپ قىلىپ تۇرغاندەك قىلىدۇ...

ئەگەر ئۆزەڭنىڭ گۈل چېھرىسىنى ئۆزەڭنىڭ بىلىشى ھاجەتسىز بولسا، ئۇنداقتا باشقىلار باھا بېرىپ باقسۇن. ئۇچۇق ئېتىراپ قىلغىن. ئاشكارە كۆرسەتكىن. ساڭا چۈشكەن ھىلىقى ھەقىقى قورقۇنچاق، ئاجىز كۆزلەرگە گويا سەن دۇكاننىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان بىر تال قىزىل ئالمىدەك كۆرۈنىسەن، بىراق، دۇكان چۈشتە تاقىلىپ قالىدۇ.

ھەر كۈنى، ھەر نۆۋەت ھۆسنە دوختۇرخانىسىدىن چىقىپ، چوڭ كوچىنى بويلاپ يەر ئاستى تۆمۈريولىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، گويا ئەزىز مېھماندارچىلىققا كېتىۋاتقاندەك، خەقلەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ، ۋاي ئۇنداق پەيزى ئىكەن، ۋاي مۇنداق نوچى ئىكەن دېگەنگە ئوخشاش باھالارغا ئۇچرايدۇ...

ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا، ئاياللارنىڭ ئەرگە تەككەندىن كېيىن ئەتىۋارلىنىشىمۇ تايىنلىق، ئۇلار توي ئىبىغىرچىلىقلىرىنىمۇ كۆپ تارتىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەتىگەن سائەت 9 دىن كەچ سائەت 6 گىچە ئۆزىنىڭ تۆت تېمى ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپى ئىشلىرى بولىدۇ، ئۆزىنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى بولىدۇ. كەمپىرلەرنىڭ يېرىمى پۈتۈنلەي باشقا بىر يول بىلەن ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ يولى مەسىلەن، ئۇلار كەچلىك چاي ۋاقتىدا ئۇچراشقاندا، ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر بىرىگە ياتلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىشىدۇ. ئېھتىمال، ياتلىشىپ قېلىش ھەر ھالدا ئۆچلىشىپ قالغاندىن ياخشىراق. مەيلى قانداق ئەھۋال بولمىسۇن، بىر ئورتاق

خۇسۇسىيەت، ئورتاق ئالامەت بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ سوغاق مۇئامىلە.

ئۇ تولىياغا چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى ئىرىنەتتى، چۈشەندۈرگەندىمۇ ئادەتتىكى ئىشلارنى چۈشەندۈرەتتى، ھەر كۈنى ئوخشاش ھەركەت، ئىشارەت ۋە گەپلەر تەكرارلىناتتى. قانداق قىلغاندا بۇ نەرسىلەرگە خۇددى بايرام كۈنلىرىدىكىدەك رەڭگا ـ رەڭ، جانلىق، يېڭى تۈس كىرگۈزگىلى بولىدۇ؟

ئولىيا شىرە ئۈستىدىكى قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇۋەتتى. تولىيا تېلېۋىزوردىكى يېڭى خەۋەرلەرنى داۋاملىق كۆرۈپ تۈگەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇزلاتقۇنى ئاچماقچى بولدى. ئولىيا ئېغىز ئاچتى:

— قىمىزنى قويۇپ تەييارلاپ قويدۇم، ئاۋۇ تومپۇشكىنىڭ ئۈستىدە، بارغىن.

— يارايسەن! — دېدى تولىيا خۇشال بولغانلىقىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھېلى ئويلاپ تۇرۇۋېدىم، كۆكۆلنىڭ قاياشى دېگەن شۇدە.

— شۇنداق ـ تە، كۆكۆلنىڭ قاياشى ئەلۋەتتە، — دەپ ئارقىدىنلا تەكرارلىدى ئولىيا مازۇزلىنىپ.

ئولىيا ھۆسنە دوختۇرخانىسىنىڭ كىچىك ئۆيىدە كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، تار كىچىك ئىشكاپتىن چىرايلىق توپلىيىنى ئېلىپ، ئۈستى بېشىغا ئەتىر چېچىپ، قاشلىغىنى ئەتكەندە، سائەت ئەمدىلا 3 تىن ئۆتكەن ئىدى. ئۇ كۈندۈزلۈك ئىسمىنىسىنى تۈگەتىسىلا، ئۇنىڭ خىزمىتىدىن ھېچكىم قۇسۇر چىقىرالمايتتى. قوساق ئېچى ھەممە ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويغۇزىدۇ دېيىشكە بولىدۇ: ئەتتىگەن سائەت 7 دە قىلغان ناشتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر يىمەكلىك ئېلىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن، قوساق ئېچىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغان! ئۇ

ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق دېدى: بوپتۇ، چۈشلۈك تاماقتا بارارمەن. ئەجەپلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ چۈشلۈك تاماق يېگۈزمەمتى! ھەر ھالدا ئۇقۇمۇشلۇق ئادەمغۇ.

ئۇنىڭ تازا بىر نەرسە يېگۈسى كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رېستوراندا يېگۈسى كەلدى، چۈنكى رېستوراندا ئۆزەم تاماق ئېتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇش يوق، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇ قاچان تولىيا بىلەن بىللە رېستوراندا تاماق يېگەن-ھە؟ ئۇ تولىياغا ئۆزىنى ئەگەشتۈرگۈزۈپ، ئۇ يەردە ئۆز ئائىلىسىنىڭ پۇلىنى قۇرۇتۇشنى قىيمايتتى، قانائەت ھاسىل قىلماي مۇمكىنمۇ!

مۇشۇنداق يالغۇز بېرىپ يېسە بۇ بىر ئىش. بىرگە ئولتۇرۇپ، بىر بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئىككىسى بىللە يېسە، ئولىيانىڭ كۈلۈشنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ بېرىشتىنغۇ گەپ يوق. كۆز قىيمايدىغان نېمىسى بار؟

گەرچە ئولىيا بەربىر ئالدىراشراق بولسىمۇ، سەل ئويالسىمۇ، لېكىن ئۆزى بۇ ئىشلارغا پەسەنت قىلىپ كەتمىدى، ئارىسالدى بولۇپمۇ قالمىدى: بۇنچىلىك ئىشلارغا نېمە ئانچىلا باش قاتۇرۇپ كەتكۈلۈك.

مۇزېينىڭ ئالدىدا كۆرۈشمەكچى بولۇشتى، ئېيتىشقا ئويۇلىدۇ، ئولىيا بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان. ئۇنى تېخىمۇ مۇشكۈللۈككە سالىدىغان يەنە بىر ئىش بولسا كېرەك، ئەتىمالىم: ئۇ مۇزېينىڭ ئۇدۇل ئىشىگى نەدە ئىكەنلىكىنى، خىزمەتچىلەر كىرىپ چىقىدىغان ئىشىكنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى؛ ئولىيا تولىياغا ئۆزىنىڭ مۇزېيغا كېلىپ باقمىغانلىقىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، تولىيادىن تەپسىلى سورىۋالمىغان ئىدى.

ئەمدى، بۇ يەردە قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى قىينىماقتا ـ ئەگەر بۇ يەر بولمىسىچۇ؟ ئۇ تۆت ئەتراپقا قاراپ تىت ـ تىت بولماقتا، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئەخمەق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، خالاس. ئاخىرى خەقلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ چوڭ يولدىن كېسىپ ئۆتۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تىنىۋالدى ـ دە، تەبەسسۇم بىلەن ئالدىغا باردى، ئۇ زادى ھېچنېمىنى ئويلاشمىغان، ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش قىلىشنى، بۇنداق مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدىكى مىزانلارنى ئۇنتۇپ قالغان، بىراق راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇ جەھەتتە زادى پىشمىغان.

ئۇلىيا تولىيانىڭ قاراشلىرىدىن بىر خىل يېڭى ۋە ئاجايىپ رازىلىقنى ھېس قىلدى. بۇ باھا بېرەلەيدىغان كىشىنىڭ قارىشى، ماختاشنى بىلدۈرىدىغان قاراش. ناھايىتى جايىدا قاراش، ئۇلىيانىڭ كۈلكىسىنىمۇ كەلتۈرمەيدىغان ھەم ئۇنى ھاياجانلىققا چۆمدۈرىدىغان قاراش.

ئۇلىيا ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن بەختلىكلىكنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۇنى قولتۇقلىدى ـــ ياندىشىپ، قوشماقلىشىپ مېڭىشتى. تولىيا بىلەكتىن ئېلىپ مۈرىسىنى تەككۈزۈپ ماڭدى، بۇ ھالەت زادى تەبىئىي ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلىيا بۇنى ئۇنىڭدىن كۆرمىدى، ئۆزىدىن كۆردى، ئۆزىنىڭ ھېچنېمە قىلىشنى بىلمەيدىغان ئوڭايتچاند ـ لىغىدىن كۆردى.

ئۇلىيا ئۆزىنىڭ ئانچە ئېچىلىپ ـ يايراپ تۇرمايدىغانلىقىدىن ئۆكسۈندى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. نېمىشقا قىزارغۇلۇق؟ ئۇ ئۇنىڭدىن قەيەردە تاماق يەيمىز دېگەندە، نېمە ئۈچۈن تەتۈر

قاراپ تۇرغۇلۇق؟ ئۇلىيا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— سىز نەنى دىسىڭىز شۇ يەردە... — دىدى.

تازا چوڭ ئەخمەق ئىكەن. ئۇغۇ ھېچنېمىدىن تارتىنمايتتى، بىراق ئۇلىيا تارتىنىپ، ئۇيۇلۇپ، ئېنىق ئىپادىسىنى بىلدۈرمەي، ئەزمىلىك قىلىۋاتاتتى.

دۇرۇس، ئۇلىيا يۈرەكسىز ئىدى. ئۇ ھەتتا بايا تازا بىر نەرسە يىگۈسى كەلگەنلىگىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئاچلىق تۇيغۇسى ئۇنىڭ تىلتۇمارى، مەدەتۇلھاياتى بولغان بولسىمۇ، مانا ئەمدى ئۇ نىمە قىلىشنى بىلمەي قالدى.

ئەگەر ھازىر ھېچنېمە دىمەستىن ئۇنى تاشلاپ، تىراللىبوسقا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە تاماق يىيىشكە كەتسە — ماڭغاچ يىسىمۇ، قورۇق پىچىنە يىسىمۇ — ھەممە ئىش تاماملانغان بولاتتى. بىراق بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلگەن؟ ئۇنداق بولسا ھېچنېمىمۇ كېرەك ئەمەس.

توليا يولنىڭ ياقىسىغا كېلىپ، قولىنى كۆتىرىپ، بىر تاكسىنى توستى. تاكسى غاچچىدە توختىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنى شاق-شۇق، تەبىئى ھالدا ئورۇنلىۋەتتى! ھەقىقەتەن ”قولىدىن ئىش كېلىدىكەن“. ئۇلىيا ئاپىرىن ئوقۇغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا لاپپىدە بىر قاراپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىرئاز خاۋاتىرسىزلەنگەندەك بولدى.

ئىككىسى ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردى. ماشىنا ئىچىدە توليا بىلەن ئۇلىيا ئولتۇرغان ئورۇننىڭ ئارىلىغىدا مەلۇم ئارىلىق بار ئىدى؛ توليا قەددى-قامەتلىك بولۇپ، بۇ ھال ئۇنىڭ يۇۋاش-مۆمىنلىگىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۆزىگە بولغان تولۇق ئىشەنچىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئۇ تەمكىن تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ

www.uyghurkitap.com

ياخشىسى ئۇليا شۇبھىلىنىپ قالمىسىكىن دىگەن ئويى بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇليامۇ ھەقىقەتەن ھوشيارلىغىمنى يوقىتىپ قويمىسامىكەن دەپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى پوسنى تەكشۇرگەندەك، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشۋاتاتتى: مەن دىگەن ياش، ئۇ بولسا ياش ئەمەس؛ مەن ئۇچۇن ئىپتىقاندا ئۇنىڭ كارى چاغلىق، بىراق مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىپتىقاندا ئۇنداق ئەمەس؛ ئۇ كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق مەن ئەمدىلا تۇرمۇشقا قەدەم قويدۇم، شۇنداق. ئالدى بىلەن ئۇ ئويۇننى كۆرسەتسۇن، مەن دىققىتىمنى مەركەزلەشتۇرۇپ كۆزىتىپ باقاي...

گەرچە ئۇليا ئىچىدە مۇشۇنداق بوينى قاتتىقلىق قىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلسىمۇ، لېكىن ئەملىيەتتە گويا ئورمانلىقتا بۆرىگە ئۇچراپ قالغان توشقان بالىسىدەك تۇراتتى. ئۇ گويا بۆرىنىڭ ئۆزىنى دەرھاللا ھاپ ئەتمىگىنىگە رەھمەت ئىپتىقاندەك، گەپ قىلغۇسى بولسىمۇ گەپ قىلماي دۇدۇقلايتتى. توليا ئۇنىڭغا رىستوراننىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ بېرىپ، ئۇچىسىدىكى پەلتۇنى قولىغا ئېلىپ، سالاپەتلىك ھەم تەنتەنىلىك بىلەن ئۇنى رىستوراننىڭ ئىچىگە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇليا يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ:

— رەھمەت، رەھمەت سىزگە! — دەپ كەتتى.

گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتمىدى. ئۇ: ھەجەپ بىر ئىش بولدىغۇ! دەپ ئويلىدى. ئادەتتىكى ئىشتىھاسى بويىچە بىر كورا ياگيۇنىمۇ يەۋەتەتتى. تولىيامۇ شۇنىڭغا ھەيران بولدىكى: ئۇنىڭ نازۇك تېنىگە بۇنچىلىك نەرسە سىغاتتىغۇ. نىمە ئۇچۇن ھازىر بىزەمۇ يىگۇسى كەلمەيدۇ، ھەممىنى ئۇنىڭ دىگىنى، ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە قىلىنى-

ۋىدىغۇ، بۇنچىۋالا ئىسىل تائامنى ئويلىغانىدا، ئادەمنىڭ ئاغزىدىن سېرىق سۇ كېلىدۇ.

بىراق، خىلمۇ-خىل زاكۇسكا ۋە تاماقلارنىڭ تىزىملىكى تولغان چىرايلىق تاماق تىزىملىكى ئولىيانىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. "بۆرە" سەۋرىچانلىق ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، تولىيا قوي تېرىسىگە ئۆرىلىۋالغاندەك كۆرۈندى، ئۇ زادى بۆرى ئەمەس ئىدى.

راستىنى دېگەندە، ئولىيا تولىياغا تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتى. تولىيانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، تولىيانىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئولىياغا قىلچە مەلۇم ئەمەس ئىدى، ئولىيا تولىيا نېمە دېسىمۇ ئۇنى بەك ئاڭلىغۇسى كېلەتتى.

چېچەنلىكى تولىيانىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىككى ياڭغى سەل ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى كۆزى كەسكىن، مېھرىۋان ۋە سەل غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن، ئۇچىسىغا كىيگەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىسىل مال ئىدى؛ شۇڭا ئولىيا بۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كەلگەن ئىدى، چۈنكى، ئۇ تەبىئى ھالدا: قاتىرىمىسا، خەجلەشكە كۆزى قىيمىسا ئىسىل مالنى نەدىن ئالىدۇ. ئۇ ئىسىل ماللاردىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان ئىكەن، دېمەك، بۇ ئۇنىڭ مۇشۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ دەپ قارىدى. ئۇ مۇشۇ مەسىلىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسا ياخشى بولاتتى.

ئەمما، ئولىيا ئىچىدە شۇنى بىلەتتىكى، مۇنداقچە ئېيتقاندا تولىيانىڭ ئولىيانىڭ تۇرمۇش-ھاياتىغا قىزىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئولىيا ئۇنىڭ بۇنداق قارىشىغا قوشۇلۇش ئالدىدا تۇرغاندەك قىلاتتى:

www.uyghurkitap.com

ئەمىلىيەتتە ئۇلىيانىڭ تۇرمۇش ـ ھاياتىنى ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ھايات دەپ قاراشقا بولاتتى. ئەمما بۇ بەرىبىر كىشىگە بىر خىل ئاھانەتنى ھىس قىلدۇرىدۇ، ئۇلىيامۇ قارشى تۇرىدۇ. شۇنى بىلىش لازىمكى، تولىيا ئۇنىڭكىگە قىزىقمايدىكەن، ئۇنداقتا بۇ بىر خىل ئاھانەت بولماي نىمە ـ ھە؟

دەرۋەقە، بۇنداق ئويلارنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە ئوي. ئۇلىيا ئۇنىڭدىن نىمىنى تەلەپ قىلاتتى؟ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر مۇھىم مۇناسىۋەت بار دىگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇلىيالا ئەزەلدىن ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا بىرىكىپ قېلىشنى "ئىما ـ ئىشارە" قىلىدىغان ئىمكانىيەت كۆرۈلسىلا، ئۇ ھالدا ھەممە چارە ئەقىلغە مۇۋاپىق، ھەممە ئىشقا يول قويۇشقا بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئەقەللىسى، ئۇلىيانىڭ ھىلقى تازا جاسارەتلىك ئايال دوستلىرىمۇ گەرچە ئۆزلىرىنىڭ سالتاڭ تۇرمۇشىنى ماختاشسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئەرگە تېگىشنى ئويلىشاتتى، ياكى بولمىسا ياخشىراق كويوغۇل تېپىشنى ئويلايتتى. قارىماققا چاخچاق قىلىشىۋاتقاندەك تۇرغىنى بىلەن، ئەمىلىيەتتە قىزغىن كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ، ئەرلەرنى ئۆزىگە تارتىشىۋاتاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا بارلىق كوچىنى سىلىشىۋاتاتتى. ئەجەبا بىر ئايال كىشى ھىچبىر مەقسەتسىز ئالدىغا كەلگەن شارابنى ئىچىپ، تەپىتارتماستىن قاقـ قاقلاپ كۈلۈپ تۇرامدۇ، تاماكىنى چېكىپ چىرايىنى بۇزامدۇ؟ مانا بۇ ئاياللارنىڭ سىپاگەرچىلىكى...

ــ كالا قوۋۇرغىسىنى قورۇپ ئېيىچقۇنمۇ ياكى توخۇ گۆشىنى قورۇپ ئېيىچقۇنمۇ ۋە ياكى بولمىسا بېلىق؟ ــ دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن "بۆرە".

ــ قايسى بولسا بولسۇن، ــ دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ خۇددى

بارلىق ئاياللارنى قوغداشقا بەل باغلىغانلىغىدەك ۋە بارلىق ھاقارەتلەنگەن ئاياللار ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاچچىغىنى چىقىرىدىغانلىغىدەك ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن.

ئۇ خۇددى ئۇنىڭ بۇنداق ئۇشتۇمتۇت تېگىشىنى ئەپۇ قىلغانلىغىدەك ۋە ئۇنى كۆڭلىگە ئالمىغانلىغىدەك مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدى.

ئولىيا داۋاملىق ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئويلاۋاتاتتى: ئۇنىڭدىن رازى بولمايدىغان نىمە بار؟ ئۇ مەن بىلەن ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ نىمە قىلىدۇ؟ شۇنداق ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، سالاپەتلىك ئادەم مەن بىلەن قۇرۇق گەپ قىلىپ، زېھنىنى ئىسراپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ياشلىق ۋاقتىدا قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەتنى ئەمدى تولۇقلىماقچىمۇ؟

ئولىيا "بۆرىنىڭ" ناھايىتى بىچارە ئىكەنلىگىنى ھېس قىلدى. تولىيانىڭ ھاياتىدا ئىش ئوڭغا تارتمىغان بىرەر ئىش بولۇپ، ئەمدى قىممەتلىك ۋاقتىنى بېرىپ، ئائالىسىنىڭ بارىچە ماڭا ياخشىچاق بولماقچىمۇ؟

بىراق، شۇ تاپتا ئۇ پۈتۈنلەي ئويرۇنسىز بىر پەيتتە ئولىيانىڭ ئۆزىگە بولغان ھېسداشلىق مۇھەببىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى: ئۇنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇپ، لەۋلىرىنى ئۇنىڭ لەۋلىرىگە چىڭ ياقتى. ئولىيا ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرماي، نائىلاج تۇرۇپ بەردى. كۆپىنچە مۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇ: كىشىلەر ئۆزئارا سۆزلەشمىسىمۇ، لېكىن بىر بىرىنىڭ نىمە دىمەكچى ئىكەنلىگىنى چۈشىنىشمەيدۇ، گەپنىڭ ئاۋازى قۇلاقنى پاك قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپنىڭ شاۋقۇنى ئادەمنى ھەممە ھېسسىياتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بىرى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ گەپ قىلمىسا، يەنە بىرىمۇ لام-جىم دىمەي جىم تۇرىدۇ، ھەركىم ئۆز

www.uyghurkitap.com

كۆگۈلندىكىنى ئويلايدۇ. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن گەپ قىلسا، خۇددى قارغۇ تامغا ئۇسكەندەك بولىدۇ. مەزمۇنسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئولىيانىڭ مۇنداق بىر خۇسۇسىيىتى بار ئىدى: ھەر نۆۋەت ئۇ ئۆزى ئامالسىز قېلىپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي قالغاندا، تەقدىردىن مەدەت تىلەيتتى. مەسىلەن، ئۇ تىرالليبۇستا ئولتۇرغاندا مۇنداق پال ئاچاتتى: ئەگەر يېشىل چىراق يانسا مۇنداق قىلىمەن، ئەگەر قىزىل چىراق يانسا مۇنداق قىلىمەن... يەنە مەسىلەن، ھۆسنە دوختۇرخانىسىدا ئىسمىنىغا چۈشكەندە، ئەگەر تۇنجى خېرىدار ياش ئايال بولسا مۇنداق قىلىمەن، ئەگەر چوكان بولسا مۇنداق قىلىمەن دەپ ئويلايتتى. قىسقىسى، شۇنى دېيىش كېرەككى، بۇنداق تولۇق پىكىر يۈرگۈزمەستىن، قىسما-قىسما تۇرمۇش پىشكەللىكلىرىگە دۇچكېلىپ قالغان ئەھۋالدىمۇ، ئۇ ھېچقانداق بالا-قازاغا ئۇچراپ قالمايتتى. بۇ ئېھتىمال تېخى مۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، دېمەك، مەلۇم بىر مۇھىم ئىشنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش-بولماسلىقى ھەقىقەتتە ئولىيانىڭ تاللىۋېلىشىغا باغلىق.

ھازىر مانا شۇنداق: ئولىيا مىلەنزىگە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرماقتا، پەتنۇس كۆتەرگەن مۇلازىمەتچى شۇ ياقتىن كىرىپ كەلدى. ئولىيا تەتۈرلۈك قىلىپ ئولتۇرماقتا، ئۇنىڭ قولىنى "بۆرە" سىلاپ-سىپاپ ئولتۇرىدۇ. ئولىيا ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى: مەن بىردىن ئونغىچە ساناپ سانايمەن، ناۋادا مۇلازىمەتچى شىرەنىڭ يېنىغا كەلسە كەلگىنى، كەلمىسە... دەپ گەپ قىلىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆزىگە سەممىيەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، سېكۇنت ستىدرېلكىسىنىڭ رېتىمى بىلەن تەڭ، ئالدىرىماستىن-تەمتىرىمەستىن

1دىن 10غىچە ساناق سانىماقچى ــ قانداق بولسا بولسۇن دەۋاتاتتى ئولىيا ئىچىدە.

ئىپتىقاندەكلا، مۇلازىمەتچى پەيدا بولدى. ئولىيا خۇددى تەقدىر ئىگىسىگە قارىغاندەك ھولۇققان ھەم غەمگە چۆككەن ھالدا مۇلازىمەتچىگە قارىدى. مۇلازىمەتچى ئەتەي ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ، چاققانلىق بىلەن شاراپ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئىچىپ، رومكا ۋە تەخسىلەرنى قويدى. "بۆرى" ئولىيانىڭ قولىنى قويۇپ بەردى، مانا شۇندىلا ئولىيا بىر تىنىۋالغان بولدى.

ئەمدى گەپنى "بۆرە"گە يۆتكەيلى، ئەجىبا ئۇنىڭ بىرەر ئىزدىن، چىقىپ كەتكەن يېرى بارمۇ؟ ئۇ مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن سەتەڭ قىزلارنىڭ ئارىسىدىن ئولىيانى تاللىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن رېستورانغا بىللە كىرىپ، ھازىرقىدەك ئولتۇرۇشقان. ئېھتىمال ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرى بولۇشى مۇمكىن! ئەسلىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نىمىنى ئەيىپلەشكە بولمايدىغان، ئەلا دەرىجىلىك سەۋدىيىگە يەتكۈزۈشتىن ئىلگىرى قانچىلىغان ھىلە ـ مىكىرلەرنى يېگىشكە قانچىلىغان توسقۇنلۇقلارنى ۋە قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈشكە توغرا كېلەتتى ـ ھە. "بۆرە"نىڭ بوينىغا باغلىۋالغان قىپاش يوللۇق گالستۇكىدىن بىزەمۇ ئىللەت تاپقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ سۇر كاستۇم ـ بۇرۇلكىسىمۇ ئىسىل ئىدى، خۇرۇم ئايىغىمۇ ئىسىل ئىدى؛ ئۇنداق بولسا ئۇ نىمە ئۈچۈن ئۆزىگە لايىق ئايال تېپىپ رېستورانغا كىرمەيدۇ؟ دەرۋەقە بۇنداق ھوقۇقى بار! ئولىيا ئوستىر بىلىگىنى يىگەچ، موسەللەس ئىچىۋېتىپ، بىردىنلا يەنە بىر خىيالنى كەچۈردى: "قانداق؟ مەن قالتىسمىكەنمەن!"

ئولىيا زادى يول قويغانلىقىنى ھىس قىلمايتتى. قىلچە ھىس

قلمايتتى. ئولىيا بۇ ئۆزەمنىڭ ئەقلى دەپ خوشال بولاتتى. بۇنداق قىلسا گويا ھەممە نىمىنى بىردىنلا چۈشەندۈرۈپ، ئەقلىدىن ئۆتكۈزگىلى بولىدىغاندەك. دەسلەپتە ئۇ بۇ يەردە ئولتۇرغاندا ئىچىلالماي، ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىغىدىن ئازاپلىنىۋاتاتتى، ئەسلىدە بۇنىڭ ھەممىسى ئاسانلا بىر ئىش ئىكەنغۇ. ھازىر "بۆرە" بىلەن بىللە رېستوراندا ئولتۇرغان ئولىيانىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى زاپچاسلىرى پۇختا لايەھىدىن ئۆتكەن پۈتۈنلەي ئەلا سورتلۇق بىرىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلاتتەك سېزىلمەكتە.

"بۆرە" رۇمكىنى قولىغا ئېلىپ، سۆز باشلىدى، گەپلىرى چىرايلىق، ھەركەتلىرى خۇشخۇي-قىزغىن. ئولىيا ئۇنىڭ كېيىمگە قۇلاق سېلىپ، ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە بۇ سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىغا چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزمىدى، ئۇنىڭ ئارتۇقچە قىزغىن، شېرىن سۆزلىرىنىڭ كۆڭۈلنى ئىلەشتۈرۈۋېتىشىدىن ئىمكان قەدەر ساقلاندى. زامانىغا باقىدىغان پوزىتسىيىدە بولدى، بۇنداق ئويۇننىڭ ھەقىقى مەنىسىگە يەتكەندەك بولدى. شۇڭا بۇ سۆزلەر، جۈملىدىن ئولىيانىڭ ھېچقانداق تەپتارتماسلىقلىرى، ئىككى تاسقامدەك بولۇشچە كۆلۈشلىرى ئېھتىمال تازىمۇ لازىم بولسا كېرەك — ئۇ كۈلەتتى، ھەم ئۆزىنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلىماسلىققا تىرىشاتتى...

— ياق، — دىدى ئولىيا، — مېنى ئۇزىتىشىنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ئۆزەم كېتەلەيمەن. ئۇزاتماڭ دىدىمغۇ!"

ئۇ ناھايىتى خاپا بولدى، بۇ ئىشنى ھەرگىز ياپمايدۇ. ئۇ ھېچقەنمىنى يوشۇرمايدۇ، يېپىشقا زادى ھاجەت ئەمەس. شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى كۆڭلى يېرىم بولغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم.

"بۆرە" ئۇنى يەر ئاستى تۆمۈريولىغىچە ئۇزىتىپ قويىدى. ئولىيا

www.uyghurkitap.com

ئەينەكلىك ئىشكنى تۈرتۈپ ئېچىپ، ئارقىسىغىمۇ قاراپ قويماستىن كېتىپ قالدى.

تولىمۇ كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. تىقما-تىقماق، ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى، ۋاگون ئىچى قورۇغدىلىپ قالغان ئىدى، لېفىتمۇ قىستاڭ ئەمەس ئىدى. ئولىيا ئۇدۇل قاراپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپىدىكى ھېچنىمىگە كۆڭۈل بۆلمىگەندەك قىلاتتى، بىراق ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، يوشۇرۇنلۇقچە، تاقەتسىزلىك بىلەن كىشىلەرنىڭ چىرايىنى سەزگۈسى كېلەتتى. ئاشىق-مەشۇقلەرنىڭ چىرايى.

ئۇ بىر جۈپ، بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقلەرنىڭ ئاز ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايقىدى! ئۇلار خۇددى ئورمان ئىچىدە ياكى دالىدا تۇرغاندەك، پەقەت ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك، ھېچكىممۇ ئۇلارنى كۆرمىگەندەك، ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك بىر بىرىگە سۆيۈنۈپ، تاتلىق پىچىرلىشىۋاتاتتى.... شەپكىلىك بىر يىگىت يېنىدا ئۆرە تۇرغان قىزنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بەخت تەبەسسۇمى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئايال دوستى بىر سۇر قۇچقاچقا ئوخشايتتى، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ سىلايتتى. ئولىيانىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى.

بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقلەرنىڭ ياش قورامى ئولىيانىڭكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى، لېكىن ئۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ئاللىقاچان قېرى خوتۇن بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارغا مەسلىگى كېلىپ، ھەسرەت بىلەن ۋاقىرىۋەتكۈسى كەلدى. چۈنكى، ئولىيانىڭ تۇرمۇش — ھاياتىدىكى يارقىن گۈزەللىكنىڭ سايىسىمۇ قالمىغان ئىدى. خۇشاللىقىدىن جېنى يايراپ كۈلۈمسىرەشلەر، چىن

قەلبىدىن خوشال بولۇپ كۈلۈشلەر، لىفىتتا تەپىتارتماستىن سۆيۈ-
شۈشلەر ــ مانا بۇ ھەركەتلەر مەڭگۈ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان
بولدى. ئۇ قىبرىماي تۇرۇپلا تۆگەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
قۇرامىدىكىلەر يەنە مەڭگۈ ياش تۇرغۇسى.

لېكىن، بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ "ھېچقانداق ئىش يۈز بەرگىنى يوق،" ئولىيا تەرسالىق بىلەن ۋە غەزەپ بىلەن ئۆزىگە ئۆزى مۇنداق دىدى، "يارايسەن...دە!" ئۇ مۇشتۇم قىلىپ تۈگۈۋالغان قولىنى، يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سىلىپ، قەتئى نىيەت بىلەن كەڭ قەدەم تاشلاپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئىشىكنىڭ كونۇپكىسىنى باستى، خېلى ئۇززۇنغىچە قولىنى بوشاتمىدى. ئۆيىگە كىرگەندە تولىياغىمۇ قاراپ قويمىدى؛ بىراق تولىيا ئىشىكنى ئەئشكەندە، ئولىيا مەڭزىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ بەردى. ئولىيا ئاشخانىغا كىرىپ قاچا-قۇچىلارنى تاراڭلاتتى. ئۇ بىرەر ئىش قىلغۇسى، تاراڭ-تۇرۇڭ قىلغۇسى، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن سۆزلىگۈسى كەلدى، شۇنداق قىلغاندىلا، شاۋقۇننى ئانچە-مۇنچە باسقىلى بولاتتى... ئۇ سۇ تۇرۇبىسىنىڭ جۈمىكىنى بوراپ قويدى، ئاندىن يەنە تېلىۋىزور-نى ئېچىپ قويۇپ، ئاڭلاتقۇچىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشىدىغان يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن تولىياغا قاراپ:

ــ تاماق يىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئەلۋەتتە يىمىدىم! ــ تولىيا ئاشخانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئەجەپلىنەرلىك ھالدا جاۋاپ بەردى، ــ سەن قايتىپ كەلمىسەڭ مەن قانداق تاماق يەيمەن؟

ــ ھە... ئۇنداق بولسا بولىدى، ــ دىدى ئولىيا ئاۋازى بوغۇ-لۇپ ۋە ئاۋالقىدەكلا تولىياغا قارىماي تۇرۇپ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ

ھېلىقى ھۆرپەيگەنلىكلىرىنى قىياس قىلالايتتى. ئەمدى بۇنداق قىياپەت خۇددى مۇزدەك، ئىچ-قېرىنىدىن تېشىپ ئۆتىدىغان ساۋۇت- قالپەكتەك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مەھكەم ئوراپ ئالدى.

تولىيا شىرەنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، شىرە لىڭ- شىپ تۇراتتى، كىلىيونكا داستىخان ئالا-بۇلىماچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. "ئۆيىمىزدىكى نەرسىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا رەزگى بولۇپ كەتتى." ئولىيا بىردىنلا بايقاپ قالدى، "ئاشخانا تارلىشىپ قالغان، جاھازلارنىڭ جۇلغى چىقىپ كەتكەن، تېلېۋىزورىيىنىڭ زاپچاسلىرىمۇ تۆكۈلۈشكە باشلىغان" ئۆزى بىر دەمنىڭ ئارىلىقىدا قېرىغان. ئەت- راپىدىكى نەرسىلەرمۇ سىرى تۆكۈلۈپ قارىيىش ئالدىدا تۇرغان. ئۇ دەرھال ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، كۆڭلۈمنى ئارام تاپقۇزاي، خوش- لۇق كۆرەي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆيدە بولمىغان چېغىدىلا ھەممە نەرسىلىرى ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇراتتى. بۇ ھال ھەقىقەتەن ئۇنى ئۈمىتسىزلەندۈرمەي مۇمكىن ئەمەس.

— شىرەنى دەرىزىنىڭ ئالدىغا يۆتكىۋېتەيلى — دېدى ئولىيا كىرىسىن چىرىغىغا ئوخشاش شىرە چىرىغىنى ئالغاچ — ھازىرلا يۆتكى- ۋېتەيلى، يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن تاماق يەيلى.

— ھازىر؟ — تولىيا سوئال قويۇپ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، خۇددى روھىي كېسەللەردەك توختىماستىن ھەم ئەجەبلەنگەندەك.

— نېمە بولدى؟ ساڭا نېمە بولدى؟ سەن زادى نېمە بول- دۇڭ!؟ — ئولىيا چۆچۈگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى، ئۆزى ھازىرلا تەڭپۇڭلۇغىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن چىداپ تۇرالمىدى، چىداشقىمۇ مادارى قالمىدى:

www.uyghurkitap.com

"سەن زادى نىمە بولدۇڭ؟" سۆزنىڭ يېرىمى تۈگىمەيلا بوغۇلۇپ قالدى. تاماقلىرى قۇرۇپ كەتتى، ئاۋازلىرىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى.

— ۋاي ئاللا، كۆلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دەۋاتىدۇ! — دىدى تولىيا بىر ياقتىن كۆلۈپ، بىر ياقتىن زورۇقۇپ، — بەئەينى مۆجىزە! ھەقىقەتەن مۆجىزە! — ئۇ بىر تىنىۋېلىپ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچىۋېلىپ مۇنداق دىدى:

— سەن بىلەمسەن، دەل سەن كېلىشتىن ئىلگىرى شىرەنى يۆتكىسەك قانداق بولاركىن؟ دەپ ئويلىۋىدىم. ئىشەنمەمسەن؟ بۇ راس گەپ، مەن ساڭا قەسەم بېرىمەنكى، سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى ھەقىقەتەن بىر!

— ھە!... شۇنداقمۇ — دىدى ئولىيا ئۇنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ. ئولىيا بەرداشلىق بېرەلمىدى، پۈتۈن ئۇستىخانلىرى بوشىشىپ كەتتى ھەم تىترەپ تۇراتتى.

— سەن مۈشۈنى دىمەكچىمۇ؟ راس، كۆكۆل كۆكۆلىنىڭ قاياشى ئىكەن. — دىدى ئۇ پىچىرلاپ.

كۆكۆل كۆكۆلىنىڭ قاياشى...... ئولىيا بېشىنى كۆتەردى، ئۇ تولىياغا تىكىلىپ قارايتتى، تولىيادىن كۆزىنى ئۈزمەي كۆزىتەتتى، ھىچقانداق غەم-ئەندىشىسىمۇ قالمىدى. ئۇ بۇنىڭدىن، بۇ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ھەممە ئىش ئەسلىدە مۇشۇنداق ئاددى بولىدىكەن.

— كۆكۆل كۆكۆلىنىڭ قاياشى ئىكەن، — دەپ تەكرارلىرى ئولىيا، — راس، شۇنداق، كۆكۆل كۆكۆلنىڭ قاياشى ئىكەن.

# ئاپتور ھەققىدە

ناژرىد ۋاژمۇفنا كرىپىنكوۋا 1949 ـ يىلى موسكۋادا تۇغۇلغان، گوركى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، 1968 ـ يىلدىن باشلاپ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان، 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى پەيدىن ـ پەي كۆزگە كۆرۈنگەن، سوۋېت ئوبزورچىلىرىنىڭ ئېتىۋار بېرىشىگە ئېرىشكەن.

ئاساسلىق ئەسەرلىرى: ئوچېركلار توپلىمى «ئائىلە ۋە ئادەم» (1979) «ئادەم، دەريا، كۆۋرۈك» ھېكايىلەر «خوشنا» (1976)، «نەغمە» (1978)؛ پوۋېستلار «ئايال ئادۋوكات» (1981) «توزاق» (1982) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

«كۆكۈل كۆكۈلنىڭ قاياشى» دېگەن ھېكايە ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەسىرلىك ئەسىرىدۇر. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىنچىكە، كۈچلۈك قەلىمى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيىتىدىكى ھازىرقى شەھەر مىشچانلىرىنىڭ ئوبرازى — ئۇلىيانى سۈرەتلەپ بېرىدۇ، شۆھرەتپەرەس، قۇرۇق نامغا بېرىلىدىغان، ماددى ھالاۋەت قوغلىشىدىغان بىر ياش ئايالنىڭ رەزىل روھىي دۇنياسى ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا ھەققەتەن تەل ـ تۆكۈس ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ن. كرىپىنكوۋا ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

(«روسىيە ـ سوۋېت ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن رەھىم.**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **غۇلام غوپۇرى.**



www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ياسىن ھاۋازى
مەسئۇل كوررېكتور: مەريەم ئىسمائىل

# گۈلىستان (7)

(ئەدەبىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى)

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1986 ــ يىل 2 ــ ئايدا 1 ــ قېتىم نەشر قىلىندى
1986 ــ يىل 2 ــ ئايدا بېيجىڭدا 1 ــ قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 1.25 يۈەن

**花 坛**

**(7)**

**(文学译丛)**

(维吾尔文)

民族出版社编辑出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米 1/32印张：11 1/2

1986年 2 月第1版

1986年 2 月北京第1次印刷

印数：0001—8,000册 定价：1.25元

书号：M 10049 (4) 201

www.uyghurkitap.com

书号 M 10049(4) 201

定价 1.25 元